هازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ داڭلىق رومانلىرى

مۇھەممەت ئوسمان ئەمرى

# ناتونۇش يىگىت


قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى


新疆文库

ISBN 978-7-5373-1838-9

9 787537 318389 >

定价:28.00 元





مۇھەممەت ئوسمان ئەمرى

# ئاتوزۇش يىگىت

( تارىخىي رومان )

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

陌生的小伙子：维吾尔文/穆汗默德·奥斯曼著．—2版．—喀什：喀什维吾尔文出版社，2009.8
ISBN 978—7—5373—1838—9

Ⅰ.陌… Ⅱ.穆… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 132363 号

编辑：图尔迪·库尔班·亚米古尔
责任编辑：热孜万古丽·阿布力米提
责任校对：阿尔祖姑丽·斯迪克

陌生的小伙子

作者：穆汗默德·奥斯曼

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路14号　邮编：844000)
各地新华书店经销
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米　1/32开本　10.625印张 3插页
2003年11月第1版
2009年8月第2版 2009年8月第1次印刷
印数：1——3000　定价：28.00元

如有质量问题，请与我社联系调换　电话：0998—2653927

# « شنجاڭ كىتاب خەزىنىسى »
# تەھرىر ھەيئىتى

مۇدىر : نۇر بەكرى

مۇئاۋىن مۇدىرلار : لى يى، تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت

ھەيئەتلەر : جۇ چيەن، ۋەن خەيچۇەن، شى يۈڭچياڭ، مىجىت قادىر، ليۇ چاڭمىڭ، جاڭ شىنتەي، ۋاڭ ياۋپىڭ، گۈلشەن تۇراخۇن، ليۇ شۇشىن، لى ۋېيچىڭ، ئابدۇراخمان ئەبەي، رېن چېڭ، دەي ياۋخوڭ، چېن گۇڭچىڭ، ئادىل مۇھەممەت، ماۋ جيەنشىن، دىلشاد قېيىيۇم، نۇرتاي قىياسبېك، جۇ لوڭچىن، ياسىن ئوبۇلقاسىم، شۇ جياڭ، ئابلىز قېيىيۇم، تاھىر ناسىر، يۇ فۇئېن، پەتتار ماخمۇت، يۇ ۋېنشېڭ، گو چۈەن، رەپقەتجان خېلىل، دىلشاد ئەلى

باش پىلانلىغۇچىلار : ليۇ چاڭمىڭ، مىجىت قادىر

باش تەھرىرلەر : شى يۈڭچياڭ، مىجىت قادىر، ليۇ چاڭمىڭ

مۇئاۋىن باش
تەھرىرلەر : جاڭ شىنتەي، ۋاڭ ياۋپىڭ، گۈلشەن تۇراخۇن، ليۇ شۇشىن

ئىجرائىيە مۇئاۋىن
باش تەھرىر : گۈلشەن تۇراخۇن

# «شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى»گە
# كىرىش سۆز

## نۇر بەكرى

مەدەنىيەت ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى . مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى خەلق ئاممىسىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىپلا قالماي ، مىللىي روھنى مۇستەھكەملەپ ، مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرىدۇ .

نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان شىنجاڭدىن ئىبارەت «يىپەك يولى» كېسىپ ئۆتكەن ، شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتى ئۇچراشقان بۇ زېمىندا ھەر مىللەت خەلقى ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ۋە جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ ، ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈپ ، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى ئورتاق ئېچىپ ، قۇرۇپ ۋە قوغداپ ، شانلىق ماددىي مەدەنىيەت ۋە رەڭگارەڭ كۆپ مەنبەلىك شانلىق مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىپ ، تارىخ بېتىگە پۈتۈلگەن ئۆلمەس نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى . بولۇپمۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ھەمنەپەس ، تەقدىرداش ، قەلبداش بولۇپ ، بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ ، ئورتاق گۈللىنىپ ، «نامرات ھەم قالاق» ھالەتتىن باي ، مەدەنىيەتلىك ۋە تەرەققىي قىلغان جەمئىيەتكە قەدەم قويدى . ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا

ئەگەرشۇنداق بولمىغاندا ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىمۇ جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىشتەك يېڭى باھارنى كۈتۈۋالدى ، مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت - سەنئەت ئەسەرلىرى ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلدى ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ئۈنۈملۈك قوغدىلىپ ۋە ۋارىسلىق قىلىنىپ ، تۈرلۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ، سەنئەت ئەڭگۈشتەرلىرى چولپان يۇلتۇزدەك چاقناپ ، سەلتەنەتلىك ۋە ئۆزىگە خاس بەدىئىي جەلپكارلىقىنى نامايان قىلىپ ، جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى .

پۈتۈن جەمئىيەتتە ئورتاق غايىنى بەرپا قىلىش جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ نېگىزى . ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى باشتىن - ئاخىر جۇڭگو ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە ئەمەل قىلىپ ، «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان مىللىي روھ ۋە ئىسلاھات ، يېڭىلىق يارىتىشنى يادرو قىلغان دەۋر روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى كېرەك . بولۇپمۇ ھەر مىللەت خەلقى «بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش ، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش »تىن ئىبارەت باش تېمىنى چىڭ تۇتقا قىلىپ ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز گۈللەندۇرۇپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، مەدەنىيەت - سەنئەتنىڭ جەمئىيەتكە باشلامچىلىق قىلىش ، خەلقنى تەربىيىلەش ، ئىلمىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ، جەمئىيەت ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقىنى سىلجىتىشتىن ئىبارەت مۇھىم رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت

قۇرۇش ۋە ئەۋزەل مەدەنىيەت مۇھىتى بەرپا قىلىشى كېرەك .

بۇ گۈللەنگەن دەۋردە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچايلى . بۇ يىل يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق نەشر تۈرگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەھرىر ھەيئىتى تەشكىللەپ ، «شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى» نەشر خىزمىتىنى قانات يايدۇردى . بۇ بىر تۈرلۈك شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سىستېمىلىق رەتلەيدىغان ، شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ئېتنوگرافىيىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىدىغان ، شىنجاڭ مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان زور مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى . «شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى»نى نەشر قىلىش شىنجاڭنىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى قېزىش ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە مۇجەسسەملەش ، جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە تايىنىپ ، يىپەك يولى مەدەنىيىتى ، غەربىي رايون مەدەنىيىتى ۋە شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ داڭلىق ماركىلىرىنى يارىتىش ، نەشر بۇيۇملىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنى جۇغلاش ، بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش ، مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە ئاكتىپ ، رېئال ۋە ئۇزاق تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ، شۇنداقلا ئۇ بۈگۈنكى دەۋرگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ، كەلگۈسىگە تۆھپە قوشىدىغان زور ياخشى ئىش .

«شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى»نىڭ ئىجادىيەت ، تەھرىرلىك ، نەشر قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان بارلىق مۇتەخەسسىس ، ئالىملار ۋە يولداشلارنىڭ ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەلىپىنى توغرا ئىگىلەپ ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنىۋى

مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا بولغان يېڭى ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى توغرا تونۇپ، يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى نەشر قىلىشنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىللە شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە ئورتاق ئىلگىرىلىشىنى سىلجىتىپ، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق دەۋر نۇرىنى ۋە ئەقىل ـ پاراسەت نۇرىنى تېخىمۇ چاقنىتىشىنى، شۇ ئارقىلىق مەملىكەتكە، دۇنياغا يۈزلىنىپ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ زور گۈللىنىشى ۋە زور تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

# قايتا نەشرى ھەققىدە

مەزكۇر رومان 2003- يىلى 11- ئايدا «قانلىق ئېدىر» نامىدا نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن تۇنجى نەشر قىلىنغانىدى . نەشر قىلىنغاندىن كېيىن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى ۋە بازارنىڭ تەلىپى بىلەن بىر قېتىم قايتا بېسىلدى . يېقىندا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالاپ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مەزكۇر رومان ئاپتونوم رايونىمىز يولغا قويغان «شىنجاڭ ئىجتىمائىي تېمىدىكى ئەسەرلەر خەزىنىسى» قۇرۇلۇشىغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن ، نەشرىياتىمىز ئەسەرگە قارىتا ئەسلىسىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا تەھرىرلىك ، كوررېكتورلۇق سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە قايتا پىششىقلاش ئېلىپ باردى ھەمدە پۈتكۈل تېمىنى تېخىمۇ دەل جايىدا يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ، مەزكۇر روماننىڭ نامى «قانلىق ئېدىر»دىن «ناتونۇش يىگىت»كە ئۆزگەرتىلدى . ئوقۇرمەنلەردە ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن بۇ ھەقتە ئىزاھات بېرىشنى لايىق تاپتۇق .

نەشرىياتتىن
2009-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ناتونۇش يىگىت ........................ 1

ئىككىنچى باب يوپيۇقسىز تاۋۇت ........................ 14

ئۈچىنچى باب تۆھمەت ........................ 40

تۆتىنچى باب قاراڭغۇ كۈنلەر ........................ 54

بەشىنچى باب سىرلىق شاپائەت ........................ 67

ئالتىنچى باب لەھەت ئىچىدىكى ھايات ........................ 79

يەتتىنچى باب خەيرلىك بىر كۈن ........................ 89

سەككىزىنچى باب يۇرتىغا سەپەر ........................ 109

توققۇزىنچى باب ئۆلۈم چاڭگىلىدىن قۇتۇلغانلار ........................ 126

ئونىنچى باب ئاغۇدىكى مەخپىي سۆز ........................ 143

ئون بىرىنچى باب يېڭى يېتەكچى ........................ 160

ئون ئىككىنچى باب ئاخىرقى قارار ........................ 174

ئون ئۈچىنچى باب كۈتۈش ........................ 184

ئون تۆتىنچى باب شەۋۋالنىڭ 15 ـ كۈنى ........................ 195

ئون بەشىنچى باب دەسلەپكى چېكىنىش ........................ 206

ئون ئالتىنچى باب ئادەتتىكىدىن قىسقا بىر كۈن ........................ 220

ئون يەتتىنچى باب ئۆز مۇشتىدا يېرىلغان باش ........................ 233

ئون سەككىزىنچى باب تاقالغان شەھەر ........................ 241

ئون توققۇزىنچى باب ئوت ئىچىدىن كەلگەن كۈلكە ........................ 250

يىگىرمىنچى باب بوھراندىكى نالە ـ زار ........................ 266

يىگىرمە بىرىنچى باب ئوتلۇق قەسەم ........................ 275
يىگىرمە ئىككىنچى باب قان ئىزدىگۈچىلەر ................... 288
يىگىرمە ئۈچىنچى باب ئالماشقان باش ........................ 296
يىگىرمە تۆتىنچى باب تۇيۇقسىز زەربە ........................ 304
يىگىرمە بەشىنچى باب قانلىق ئىدىر ........................ 315

## بىرىنچى باب

# ناتونۇش يىگىت

كۆز ئاخىرلىشىپ قىش يىتىپ كېلىشىگىلا ھاۋانىڭ چىرايى ئۆزگەردى ، قارا بۇلۇتلار يەكەن ئاسمىنىنى قاپلاپ ، قۇياش نۇرىنى توسۇۋالغانىدى . سوغۇق يىلـلاردىـكىـدىن بۇرۇنـراق چۈشۈپ ، كۈندىن - كۈنگە كۈچەيگەن شىۋىرغان يېتىم- يېسىر ،غېرىب- غۇرۋالارنى غەمگە چۆمدۈردى .كىشىلەر قىشنى قانداق چىقىرىش ئۈستىدە قايغۇرۇشاتتى .كۆنلۈك ئىشلەپ تاپقىنىنى ئۈدۈللۈق يەپ ،كېچىنى لەمپە ئاستىدا تۈنەپ ئۆتكۈزگەنلەر بولسا ،نەدە پاناھ- لانغۇدەك جاي باركىن دېگەندەك ،دالدىلارغا كۆز يۈگۈرتۈشەتتى .

يوقسۇللارنىڭ تارتىۋاتقان جاپاسى ئازلىق قىلغاندەك ، ئۈچ كۈندىن بۇيان چۈشۈۋاتقان قار تېخىچە توختىمايۋاتاتتى . «قار خۇدا- نىڭ قەھرى ، يامغۇر خۇدانىڭ رەھمىتى» دېگەن گەپنى كىم ئېيت- قان بولغىيدى ، شىۋىرغانلىق قار ئۆز قەھرىنى ئۆي - ماكانسىز بىچارىلەرگە سانجىيتتى .

كەڭ ئېتىزلار ، باغ - ئورمانلار ، ئىمارەت - ئۆگزىلەر ، ھەتتا پۈتۈن كائىنات كافۇردەك ئاپئاق قارغا پۈركىنىپ ، گويا قاچاندۇر بىر كۈنى يۈز بېرىدىغان ئېچىنىشلىق تراگېدىيە ئۈچۈن ئالدىنئالا تەزىيە بىلدۈرۈۋاتقان ماتەمداردەك تۈيغۇ بېرەتتى .

جىمجىت ، قاراڭغۇ كېچىنى پەقەت ئاپئاق قار غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى . تەننى شۈركۈندۈرىدىغان مۇشۇنداق سۈرلۈك كېچىدە تې- خى تاڭ شەپىسى بولمىغاي تۇرۇپلا ، سوغۇق تەسىرىدىنمۇ ياكى ھايات

قايغۇلىرىنىڭ ئەندىشىسىدىنمۇ ، ئەيتاۋۇر ، توخۇلار جىملىقنى بۇ-
زۇپ ئارقا- ئارقىدىن چىللاشقا باشلىدى . توخۇلار هامان تاڭ
ئاتىدىغانلىقىدىن بەلگە بېرىپ خېلىدىن كېيىن ئەزان ئاۋازى ئاڭ-
لاندى — يەكەن شەهىرىدىكى 114 مەسچىتنىڭ مەزىنلىرى خۇددى
كېلىشىۋالغاندەكلا تۇن جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ ، كىشىلەرنى
غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى . ئۆي - ئۆيلەردە چىراغ ياندى ،
قارا چىراغلارنىڭ پىلىلدىغان نۇرلىرى ئىشىك يوچۇقلىرىدىن
ئاران - ئاران كۆرۈنەتتى . ئىشىكلەر غىچىلداپ ئېچىلىپ ، ئادەم-
لەرنىڭ قېقىلىپ يۆتىلىشلىرى ، بوۋاقلارنىڭ يىغىسى ، ئانىلارنىڭ
پەپىلىگەن ئاۋازى كەلدى . دېمەك ، ئەل يېڭى بىر كۈننى كۈتۈۋې-
لىش هەلەكچىلىكىدە مورىلاردىن چىقارغان ئاچچىق تۈتۈنلەر قار
ئۇچقۇنلىرىغا ئارىلىشىپ ئاستا - ئاستا غايىب بولۇۋاتاتتى .
ئۇزاق ئۆتمەي كىشىلەرنىڭ كوچىلاردىكى قېلىن قارنى غار-
سىلدىتىپ دەسسەپ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىۋاتقان ئاياغ تىۋىشلىرى
كۆپىيىشكە باشلىدى . بۇلار كوچا - كوچىلاردىن چىقىپ بامدات
نامىزىنى ئۆتەش ئۈچۈن مەسچىتكە كېتىۋاتقانلار ئىدى .
شۇنداق قىلىپ ، تاڭ ئاتتى ، كوچىلاردا ئادەملەر كۆپەيدى .
خوتۇن - قىزلار ئىشىك ئالدىلىرىدىكى قارلارنى سۈپۈرگىلى تۇر-
دى . يەكەن شەهىرىدە قەدىمدىن تارتىپ كۈندۈزلىرى مازاردا ،
كېچىلىرى بازاردا خوجايىنلىق قىلىشقا ئۆگىنىپ كەتكەن ، تورپاق-
تەك يوغان ، قاۋاشقا ئانچە مەيلى يوق ، ئادەملەردىن تەپ تارتىپمۇ
كەتمەيدىغان لالما ئىتلار كۆپ بولۇپ ، شۇ تاپتا خۇددى ئەلنى
كۆزگە ئىلمايدىغان سىپاهلاردەك ناۋايخانا ، ئاشپۇزۇل ، قاسساپ
بازىرى قاتارلىق جايلارنى تىنتىپ يۈرۈشەتتى . يېنىدىن ئۆتكەنلەر-
گە مەنسىتمىگەن نەزەردە قاراپلا قوياتتى .
تاڭ شەپىقى تارقاش بىلەن بامدات نامىزى تاماملاندى ، جاما-
ئەت نامازدىن يانغاندا مەسچىت هويلىسىدىكى قارىياغاچ دەرىخىگە
چەمبەرچاس باغلانغان يالاڭۋاشتاق ، ئوتتۇرا بوي ، كىيىملىرى
جۇل- جۇل ، پۇتىغا كالا تېرىسىدىن تىكىلگەن چورۇق كىيىۋال-

غان ، مۇسكۇلىدىن بىر خىل كۈچ تېمىپ تۇرغان گەۋدىلىك بىر يىگىت يۈز - كۆزلىرى پەرق ئەتكۈسىز دەرىجىدە قىپقىزىل قانغا بويىلىپ ، بېشى ئۆلۈك چۈجىنىڭكىدەك ساڭگىلىغان هالدا تۇراتتى . ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە بېشىغا ئۈچلۈق موزا ، ئۈچىسىغا ئوخشاش فورما كىيىۋالغان ئىككى چېرىك بىلەن ئېگىز بوي ، ئاقپىشماق ، سېرىق ساقال ، كۆك كۆز ، 40 ياشلاردىكى رەۋزەشەب بېگى[1] هېكىم ئۆياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى .

جامائەت تەقى - تۇرقى يەكەنلىككە ئوخشايدىغان يىگىتنىڭ پاجىئەلىك هالىنى كۆرۈپ هاڭ - تاڭ قالدى . جامائەتتە ئەنسىزلىك پەيدا بولۇشقا باشلىدى : «يەنە كىمنى تۇتار ، نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيدى ؟ ئۇزايىدىن هېچ ئوغرىغا ئوخشىمايدۇ ، ئوغرى بولسا بۇنچە يېلىڭ - يوپۇق قالارمىدى ؟چاكاردەك قىلىدۇ ،باينىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن ،ئەتىگەندە ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ شېرىكىنى تاپىمىز دېيىشكەن ئوخشايدۇ ،قىيناقتا چىدىماي بىرەرسىمىزنى چىشلەپ تارتىپ قالسا نەس باسقىنى شۇ ! خۇدايىم ساقلا ، ئىسمىمىزنىمۇ بىلمەيدىغان تۇرسا . ئەگەر ئۇنداق نامەردلەردىن بولغىنىدا بۇنچە ئازاب تارتقۇچە باشقىلارغا دۆڭگەپلا قۇتۇلغان بولاتتى··· » چىرايىنى ئەندىشە قاپلىغان كىشىلەرنىڭ خىيالىدىن ئاشۇنداق ساراسىمىلىك ئويلار ئۆتمەكتە ئىدى . هودۇقۇپ كەتكەن جامائەت بۇگۈن كۈنچىقىشقا قاراپ دۇئا قىلىدىغان ئادىتىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى . شۇ چاغدا بىردىنلا رەۋزەشەب بېگى هېكىم :

— جامائەت ! بۇ ئادەمنى تونۇمسىلەر ! ؟— دېدى باغلاقلىق يىگىتنى كۆرسىتىپ .

— ...

— سىلەردىن سوراۋاتىمەن ، بۇ ئادەمنى تونۇمسىلەر ؟— رەۋزەشەب بېگى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن يىگىتنىڭ ئېڭەك ئاستىدىن يۇقىرى ئىتتىرىپ كۆتۈردى .

① رەۋزەشەب بېگى — كۈن - تۈن ئامبىلى .

ئاڭغۇچە يىگىتمۇ سەل ھوشىغا كەلگەندى . ئۇ بېشىنى كۆتۈ-رۈپ ، نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى . ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى سىرقىراپ قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى ، قامچا زەربە-دىن يېرىلغان چېكىسىدىكى جاراھەتتىن تۇز قۇيغانىدەك ئېچىشاتتى ، ئىككى بىلىكى مۇرىسىدىن كېسىپ تاشلانغانىدەك سېزىمىنى يوقاتقا-ندى . ئارغامچا پېتىپ بوغۇم - بوغۇم بولۇپ كەتكەن قوللىرى جۇۋىنىڭ يېڭىنى ئەسلىتەتتى . بىچارىنىڭ بىردىنلا چىرايى كۆكى-رىپ ، بېشى ساڭگىلىدى ، پۇتلىرى يېرىم تىزلانغان ھالدا ئارغام-چىنىڭ كۈچى بىلەنلا قارىياغاچ غولىغا ئېسىلىپ قالدى . چې-رىكلەردىن بىرى رەۋزەشەب بېگكە مەلۇمات تەرىقىسىدە ئېيتتى :

— ئۆلدى !

يەنە بىر چېرىك تۇتقۇنىنىڭ بۇرنىغا بىگىز بارمىقىنى تەگكۈ-زۈپ تەستىقلىدى .

جامائەت دەۋرەپ بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ يېقىنلە-شىۋاتاتتى .

— ئارقىڭلارغا يېنىڭلار !— رەۋزەشەب ھېكىمبەگ گېلىنى كېرىپ ،جامائەتنى توستى ،ئاندىن چېرىكلەرگە بۇيرۇق چۈشۈردى ، — تېز يېشىڭلار !

باغلاقتىن بوشىتىلغان يىگىتنىڭ تىرىك ياكى ئۆلۈكلۈكىنى بىلگىلى بولمايتتى . يۈزلىرى قانغا بويالغانىدى ،قاپقارا قاش-كىرپىكلىرى بىلەن خەت تارتقان بۇرۇتلىرى تېخى ئەمدىلا 20 ياشتىن ئاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى . ياشلىقىنىڭ قىرانلىق پەس-لىگە قەدەم قويغان ناتونۇش يىگىتنىڭ خەۋپلىك ئەھۋالى جامائەتنى ئەندىشىگە سالماقتا ئىدى .

— ئېلىپ كېتىڭلار !— رەۋزەشەب ھېكىمبەگ چېرىكلەرگە قول شىلتىپ بۇيرۇق بەردى .

چېرىكلەر قانداق كۆتۈرۈپ مېڭىشنى بىلمەي تۇرغاندا ، ئىمام ئاخۇنۇم يول كۆرسەتتى :

— ئاۋۇ تاۋۇتنىڭ ئۈستىنى ئېلىۋېتىپ، شوتىسىغا سېلىڭلار! قېنى ساۋۇر، ئابدۇرەھمان تاۋۇتنى ئېلىپ كېلىڭلار! بىكار تۇرغۇچە بىكار ئىشلە دەپتىكەن، چىرىكلەرگە ياردەملىشىپ ئاپىرىشىپ بېرىڭلار!

تۇتقۇن يىگىتنى تاۋۇتقا ياتقۇزغاندا، ئۇ گويا راستىنىلا مۇردىغا ئوخشاپ قالدى. جامائەت ئىچىدىن 80 ياشلار ئەتراپىدىكى پاكىز قىرىنغان بىر بوۋاي چىقىپ سالماق قەدەم بىلەن تاۋۇتنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— رازى بول، ئوغلۇم! «كىمنىڭ ئەزىزى كىمگە خار بولماپتۇ»، سېنىڭمۇ ئاتاڭ، ئاناڭ بار بولغىيدى، بۇ ھالىڭنى بىلسە ئۆزلىرىنى قويارغا يەر تاپالماي، يۈرەكلىرى پارە - پارە بولۇپ كېتەر، خەير، ئاللا پاناھىدا ساقلىغاي! — دەپ، ئۈچىسىدىكى جۇۋىسىنى سېلىپ ئاۋايلاپ يېپىپ قويدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ سىرغىپ، ساقاللىرىدىن مەرۋايىتتەك تۆكۈلمەكتە ئىدى. بۇ ھالدىن جامائەتنىڭ دىللىرى ئېرىپ، بىچارە يىگىتنىڭ پاجىئەسى ئۈچۈن ئۇھسىنىپ ھەسرەت چېكىشتى. جامائەت ئارىسىدىكى ياشلاردىن بىرنەچچىسى ئۆزلۈكىدىن پىدائىي بولۇپ تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئەمما، ئۇلار ئوردا مەھكىمىسىگە بېرىشىنىمۇ، زاراتگاھلىققا بېرىشىنىمۇ بىلمەيتتى. ئەسلىدە زاراتگاھلىققا ئاپىرىلىشتىن بۇرۇن مېيىتنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى، لېكىن بۇ يىگىتنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلمىگەنلىكى ئۇلارنى گاڭگىرىتىپ، رەۋزەشەب بېگىنىڭ كۆزىگە قاراشقا مەجبۇر قىلدى.

ئۇ چېرىكلىرىگە:

— ئېلىپ مېڭىشمامسەن! — دەپ كاركىرىدى. چېرىكلەرنىڭ بىرسى تاۋۇتنىڭ ئالدىنى، بىرسى كەينىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ كەتتى.

— دىققەت! — رەۋزەشەب بەگ كۆپچىلىككە تەرتىپ ساقلاشنى ئاگاھلاندۇرۇپ ۋارقىرىدى، — سىلەر بۇ مۇتتەھەمنىڭ كىملىكىنى

بىلمەيسىلەرغۇ ! ئۇنداق بولسا قولىقىڭلارنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاڭلار ئەمىسە !

ئۇ مانجۇچە فورمىنىڭ يېڭىدىن بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ ئوقۇشقا باشلىدى :

«ئامۇخاسقا يېتىپ مەلۇم بولغايكىم ، گۇناھكار توختى ، پەيزاۋاتلىق ، بۇ يىل 24 ياش ، ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ ، ئاتا تەرەپ تۇغقىنى سامساق دولاننىڭ قولىدا چوڭ بولغان ، 10 يېشىدا پەيزاۋاتتىكى گۆرۈكەش مانجۇغا مالاي بولۇپ ئات باققان . ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەندە ، سامساق دولان يەكەن سەككىز شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانى ۋە بەگلىرىگە نارازى بولۇپ ، چىڭ سۇلالىسى خاقانىنىڭ ئادىللىقىغا شەك كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ھەپسىگە ئېلىنىپ ، ئۆز ئەجىلى بىلەن زىنداندا ئۆلگەن . توختى ئۈچ ئېلىش نىيىتىدە گۆرۈخانىدىكى مانجۇدىن مانجۇچە تىل - يېزىقنى ئۆگىنىپ يامان غەرەزدە يۈرگەن ، مانجۇ تىلىنى بىلگەچكە 〈توختى مانجۇ〉 دەپ نام ئالغان . بۇ قېتىم يەكەنگە تۇغقان ئىزدەپ كېلىپ ، كوچىدا كېتىۋاتقان لەشكەرلەرنى بارمىقىنى چىنەپ ساناۋاتقانلىقىنى تىڭتىڭچىلار سېزىپ قالغان . سوراققا تارتقاندا جاھىللىق قىلىپ گۇناھىنى تەن ئالمىغان . مەزكۇر ئۆتكۈزگەن گۇناھى ئۈچۈن ھەپسىگە ئېلىندى . كىمكى ئەمر - پەرمانغا ئاسىيلىق قىلىپ ، پەيغەمبەر ئەۋلادى شاھ باھادىرخان ئەفرىدۇن ۋاڭ ئالىيلىرىغا يامان غەرەزدە بولىدىكەن ، توختىغا ئوخشاش كۈنگە قالىدۇ .ئۆزى ھەپسىگە ئېلىنىپ ،مال- مۈلكى خەزىنىگە تاپشۇرۇلىدۇ ،ئەرلىرى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىپ ،خوتۇن- قىزلىرى پاشالىق قىلىنىدۇ .»

رەۋزەشەب ھېكىمبەگ پالاڭ قەغىزىگە يېزىلغان خەتنى ئوقۇپ تۈگىتىپ ، ئاۋايلاپ يۈگەپ ، يەنە چاپىنىنىڭ يېڭىگە سالدى ، ئاندىن تۇرۇپلا بىر ئىش يادىغا كەلگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ :

— بۈگۈن سۆزىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن ، بۇنىڭدىن كېيىن قەيەردىن چاتاق چىقىدىكەن ، شۇ تەۋەدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى بىلەن ھېسابلىشىمەن ،شەرئىتتە «خاننىڭ ئەمرىنى تۇتماق ۋا-

جىپ» دېيىلگەن. ئىمام ئاخۇنۇم بۇنى ھەممە مۇسۇلمانلارغا ئوبدان ئۆگىتىشى لازىم!— دېدى - دە، مەسچىتنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئۇجمە شېخىغا باغلاقلىق ئېتى تەرەپكە بۇرۇلدى.

ئىمام:

— ھوي!— دەپ يېنىغا قارىشىغا، بوي - تۇرقى ۋىجىك، يۈزلىرى قورۇق، شالاڭ ساقاللىق، تاز چىراي بىرسى ئات تەرەپكە ماڭدى. بۇ ئادەم مەسچىتنىڭ مەزىنى سۇلتان سوپى ئىدى.

رەۋزەشەب ھېكىمبەگ چوڭ سۆزلىسىمۇ ئىچىدە جىددىيلىشىۋاتاتتى. سەۋەبى توختىنى ئۈچ كۈندىن بۇيان ئۆزى سوراق قىلىپ، ئۇرۇش، ئېسىش، گاڭزىغا بېسىش قاتارلىق قىيناش ۋاسىتىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەتتى. ئەمما، ھەرقانچە ئۇرۇنۇپمۇ دەلىل - ئىسپات بولغۇدەك بىرەر ئىقرارغا ئېرىشەلمىدى. ئەگەر ئۇ بىرەر پاكىتنى قولغا كەلتۈرۈپ توختىنىڭ ئىسيانچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىدىغان بولسا، مۇھەممەت ئەفرىدۇن ۋاڭ تەرىپىدىن دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، چوڭ مەنسەپكە مۇشەررەپ بولۇشىدا گەپ يوق ئىدى.

«توختى ئۆلگەن بولسىچۇ؟»

رەۋزەشەب ھېكىمبەگنىڭ نەزىرىدە بىرەر ئادەمنىڭ ئۆلۈم-كۆرۈمى بىر چىۋىننىڭ ھايات - ماماتچىلىك ئانچىكى ئىش بولسىمۇ، بىراق توختى ئۆلسە ئۇنداق ئاسان قۇتۇلالمايتتى. چۈنكى، بۇ ئىشتىن ئەفرىدۇن ۋاڭ خەۋەر تاپقانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قورقۇنچاقلىقىغا باقماي، ئۇششاق ئىشلارغىچە كۆڭۈل بۆلەتتى. ياقا يۇرتتىن كەلگەن يېقىن كىشىلىرىدىنمۇ ئېھتىيات قىلاتتى. سىياسىي گۇناھكارلارنىڭ بىرسىنىمۇ تىرىك قالدۇرمىغانلىقى ئۈستىگە، ئەۋلادلىرىنىمۇ بىر باھانىلەرنى تېپىپ يوقىتاتتى. ئوردا ئىشلىرىغىمۇ تەجرىبىلىك بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەنىدى.

ئەفرىدۇن ئەسلىدە مۇھەممەد سەئىدۋاڭنىڭ ئوغلى بولۇپ، مۇھەممەد سەئىدۋاڭ مەلۇم دېھقانلار قوزغىلىڭى جەنۇبىي شىنجاڭ-

نى ئىلكىگە ئالغاندا ئۆلگەن، ئوغلى مۇھەممەد ئەفرىدۇن ئالتە
ياشتا قالغانىدى. مۇھەممەد سەئىدۋاڭ ئۆلۈپ توققۇز ئاي ئۆتكەندە،
چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ، ئالدى بىلەن
ئۆزلىرىنىڭ سادىق كىشىسى مۇھەممەد سەئىدنى سۇرۇشتۇرۇش
ئارقىلىق ئوغلى ئەفرىدۇننىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلدى ھەمدە
چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارى «خەبەر ئامبال جۇڭتاسى» تەرىپىدىن
چىڭ سۇلالىسى خاقانىغا مەلۇم قىلىنىپ، ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ
خەلقىنى تىنچىتىپ تىزگىنلەشتىكى ئۈمىد چىرىغىنى يورۇتۇۋەت-
تى. چۈنكى، چىڭ سۇلالىسى يەرلىك خەلقلەرنى باشقۇرۇشتا شۇ
مىللەتلەرنىڭ خائىنلىرىنى قامچا قىلىپ، بېيجىڭدا تۇرۇپ كۆزلە-
گەن يەرگە ئۇرالايتتى. «ئات ئايلىنىخانغا، يول سارىخانغا» دېگەن-
دەك، يەرلىك غالچىلارنى مەنسەپ بىلەن گوللاپ، شۇلار ئارقىلىق
خەلقنىڭ قان - تەرىنى شورايتتى. ئاڭسىز خەلق ھەممە ئىشنى
ئۆز ئەمەلدارلىرىدىن كۆرەتتى، «ھالۋىنى ھېكىم يېدى، تاياقنى
يېتىم» دەپ، ھە دېسە ئۆز مەنپەئىتىنىلا كۆزلەيدىغان چىڭ سۇلا-
لىسى ئەمەلدارلىرى ۋاقتى كەلگەندە غالچىلارغا قاراپمۇ قويمايتتى،
شۇنداقتىمۇ مۇھەممەد سەئىدۋاڭ ئەجدادلىرىدىن تارتىپ سادىقلىق
بىلەن خىزمەت كۆرسىتىپ كەلگەنلەر ئىدى، شۇڭا خاقانىنىڭ ئۇنى
سۇرۇشتۇرۇپ ئۆزى يارلىق چۈشۈرۈشى بىكار ئەمەس ئىدى. ئۇ
خاقاندىن يارلىق كەلگۈچە خەبەر ئامبال جۇڭتاسىنىڭ سايىسىدا
كۈتۈپ تۇردى. ھەش - پەش دېگۈچە ئارىلىقتا بىرقانچە ئاي ئۆتۈپ
كەتتى. كېيىنرەك يارلىق چۈشۈپ، ئەفرىدۇن «جاساق
جۇنۋاڭ» لىق مەنسەپ بىلەن ئۆز يۇرتى تۇرپانغا ۋاڭ بولدى. بۇ
چاغدا ئۇ تېخى كىچىك بولغاچقا، ھاكىمىيەت باشقۇرۇشنى بىلمەيت-
تى، خانىنىڭ يارلىقى بىلەن مەخسۇس كىشى تەيىنلىنىپ، خەبەر
ئامبال جۇڭتاسىنىڭ قولىدا تەربىيىلەندى. چىڭ سۇلالىسى تۇر-
پان، قۇمۇل خەلقلىرىگە «ئالتە شەھەر» لىككە قارىغاندا بىرقەدەر
ئىشىنەتتى، شۇ ۋەجدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا تەيىنلىنىدىغان ئەمەل-
دارلار تۇرپان، قۇمۇلدىن تاللىناتتى. ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ

دېگەن يېرىدىن چىقىپ ، كۆتكىنىدىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ خىز-
مەت كۆرسىتەتتى . ئەفرىدۇن مەنسەپ تۇتۇش يېشىغا يەتكەندىن
كېيىن ، بېيجىڭ خانى چاقىرتىپ مەخسۇس قوبۇل قىلدى ۋە ئۈچ
ئوتتۇغات بەردى . شۇنىڭ بىلەن شەرىئەتتە سەئىد ئەۋلادىغا ھەرقان-
داق گۇناھ ئۆتكۈزسىمۇ ئۆلۈم جازاسى بېرىش جايىز بولمىغىنىد-
دەك ، ئەفرىدۇن ئۈچ ئوتتۇغات خاسىيىتىدە تەڭ دەرىجىلىك مەن-
سەپدارلاردىن پەرقلىنىپ ، ئالاھىدە ئىشەنچ ئىمتىيازىغا ئېرىشتى ،
ھەممە يەرلىك خان - ۋاڭلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىلى جاڭجۇن-
مۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى . بۇنداق پەۋقۇلئاددە مەنسەپ ئۇنىڭ
يۈرىكىنى كۈندىن - كۈنگە يوغىناتتى ، خانغا تۆھپە تەييارلاش يولىدا
سېلىنغان ئالۋان - ياساق ، باج - سېلىقنىڭ دەستىدىن تۇرپان
خەلقى قۇرۇق ئۈستىخانغا ئايلىنىپ قالدى .

ئەفرىدۇن مۇشۇنداق يول بىلەن نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ،
سوۋغا - سالاملارنى توپلاپ ، 1852 - يىلىنىڭ بېشىدا ئىشەنچلىك
مۇلازىملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا خاقاننىڭ ھۇزۇرىغا يەنە بىر قېتىم
بېرىپ ، كۆرسەتكەن خىزمىتىنى ئاپارغان بايلىق بىلەن ئىپادىلى-
دى . بۇ نۆۋەت چىڭ سۇلالىسى خانى ئەفرىدۇننىڭ ئەجدادلىرىغا
ۋارىسلىق قىلىپ ، ئالاھىدە ساداقەت بىلدۈرگىلى بېيجىڭغا كەلگەن-
لىكىدىن مەمنۇن بولۇپ ، ئۇنىڭغا مانجۇچە كىيىم - كېچەك تەقدىم
قىلدى ، نەچچە كۈن ئوردىدا تۇرغۇزۇپ ھاردۇقى چىقىپ بولغاندىن
كېيىن ، خوتەن ، يەكەن ، يېڭىسار ، قەشقەر ، ئۈچتۇرپان ، ئاقسۇ ،
كۇچا ، قاراشەھەردىن ئىبارەت سەككىز شەھەرنىڭ ئومۇمىي ۋالىي-
لىقىغا تەيىنلەپ يولغا سالدى . شۇنىڭدىن باشلاپ خاقاننىڭ ئىلتى-
پاتىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن يۇرت - يۇرتلاردىكى يەرلىك ئەمەل-
دار ۋە فېئوداللارنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ، ئۇلارنى ئۆز مۇددىئاسىنىڭ
ۋاستىسىگە ئايلاندۇردى .سەككىز شەھەر خەلقى ئەزەلدىن كۆرۈپ
باقمىغان زۇلۇملارغا ئۇچراپ ،جاندىن تويۇش دەرىجىسىگە يەتتى ،
ئەمما قانداق قۇتۇلۇش نادان خەلقنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى .ئەفرى-
دۇننىڭ خىزمىتى خاقانغا بەك ياراپ كەتكەنلىكتىن ، 1856- ،

1857- يىللىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، «سۇلا ئامبال جۇنۋاڭ
خان»، «جاۋباجى جىدىن جۇمەن جاساق جۇنۋاڭ شاھ باھادىر-
خان»، «ئىنانچىخان» مەنسەپلىرىنى بېرىپ، تېخىمۇ جان كۆيدۈ-
رۈپ ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈردى. ئەفرىدۇننىڭ ئويلايدىغىنى بايلىق
توپلاپ خاقاننىڭ سۇلۇكىدىن ئۆتۈش ئىدى. لېكىن، شۇنداقتىمۇ
دائىم گۇدرەت ئىچىدە يۈرۈۋاتاتتى. قاچان بولمىسۇن بىر كۈنى،
ئەجدادلىرىدىن تارتىپ يېغىلىق بىلەنلا ئۆتكەن بۇ قارام خەلقنىڭ
ئۆزىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، جەنۇ-
بىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ خۇراپىيلىقتا بىرلىشتەك ئاجىزلىقىدىن
پايدىلىنىپ ئىتائەت قىلدۇرۇش قارارىغا كەلدى - دە، ئۆزىنى
«سەئىد» ئەۋلادى (پەيغەمبەر ئەۋلادى)غا چىقاردى. ئۇ ئەڭ يېقىن
ئادەملىرىگىمۇ ئىشەنمەيتتى. بۇ دەۋردە شەھەر - شەھەردە ھەپسىگە
ئېلىنغانلار كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتاتتى. بەگ - دورغىلارغا
يانغان، ئوردىنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلغان، سىياسىي جەھەتتە
گۇمانلىق دەپ قارالغان كىشىلەر تۇتۇپ كېتىلدىمۇ، بولدى، ئىز-
كىنچىلەپ كۆرۈنمەيتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى مەمۇرىيەت تۈزۈمىدە ئالىي
ھوقۇق ئىلى جاڭجۇنىنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى
مۇئاۋىن ۋالىي دەرىجىلىك بىر مەسلىھەتچى ئامبال قەشقەر تەرەپ-
نىڭ ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. مەسلىھەتچى ئامبال يەكەندە تۇراتتى.
ئۇ ئىچكى ئىشلارنى باشقۇرۇشتا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ
چوڭ ئەمەلدار ھېسابلانسىمۇ، ئەمما دىپلوماتىيە ئىشلىرىدا ئىلىد-
كى جاڭجۇنگە بويسۇناتتى. ئىلىدىكى جاڭجۇنلا بېيجىڭ بىلەن مۇنا-
سىۋەت قىلالايتتى. بۇ مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ قول ئاستىدا يەنە
ياردەمچى ئامبال ۋە ئەمەلدارلار بار ئىدى.

ئىلگىرىكى شەھەرلەردىن سىرت، «خەنچىڭ» دەپ ئاتىلىد-
غان يېڭى شەھەرلەر تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ قورغانلاردا
خەنزۇ، مانجۇ، تۇڭگانلاردىن تەركىب تاپقان چىڭ سۇلالىسى قو-
شۇنلىرى تۇرغۇزۇلاتتى. ھەربىي قوشۇنلارغا ئاساسلىقى مانجۇ ۋە

خەنزۇلاردىن ھەربىي ئەمەلدار قويۇلاتتى . يۇقىرى دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورۇنلىرى ۋە مەمۇرىي ۋەزىپىلەرگىمۇ ئادەتتە بويسۇنغان مىللەتلەردىن باشلىق تەيىنلەنمەيتتى .

دەرىجىسى تۆۋەنرەك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى يەكەن خانى ياكى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق باش خان ئامبال تەيىنلەيتتى . بۇنداق ئەمەلدارلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك مۇسۇلمانلاردىن بولاتتى . چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئالتە شەھەرلىكلەرنى ھەرگىز ئۆز يۇرتىدا مەنسەپكە قويمايتتى . ئەگەر بىرەر يەكەنلىكنى مەنسەپكە قويماقچى بولسا ، چوقۇم ئۆز يۇرتىدىن يىراقراق جايغا بېرىشى شەرت ئىدى . مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئالىي مەنسەپ ھېسابلانغان ھاكىمبەگلىك ئاتاقتا چىڭ سۇلالىسى ئىچكىرىدىن ئەۋەتكەن خان ئامبالنىڭ دەرىجىسى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ ،خاس ساقچى قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى مانجۇلار ئىدى .ئادەتتىكى ئىش بېجىرگۈچىلەرلا يەرلىك خەلقتىن قويۇلاتتى . ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەدلىيە مەمۇرىيىتى ، مالىيە ، ئاشلىق ، تاموژنا ، باج ۋە شەھەر - بازارلاردىكى ئوقەت بېجى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يەرلىك ئەمەلدارلار باشقۇراتتى . خان ئامبال پەقەت سىياسىي ئىشلار ئۈستىدىكى مۇھىم نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۆتەيتتى ، مىللەتلەر ئارا دەۋا ئىشلىرى يۈز بەرگەندىلا ئارىلىشاتتى ،چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى گەرچە ھاكاۋۇر بولسىمۇ ، ئەفرىدۇن ۋاڭغا يول قويۇپلا قالماستىن ،بەلكى يېقىندىن قوللايتتى .يەرلىك ، مىللىي ھاكىمىيەتلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى شەھەرلەردە تۇرۇشلۇق خان ئامباللىرىدىن كۆپ زالىم بولۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىغا يارىشا پات - پات بېشىنى يەپ تۇراتتى .ئەگەر يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھاكىمبەگلىرى ياكى خانلار كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلسە ، خان ئامبال ئۇلارنى دەرھال ئالماشتۇراتتى . خان ئامبال ھېچقانداق گۇناھى يوق دەپ قارىغاندىمۇ ،تەرتىپنى ساقلاش ياكى ۋەقە چىقىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى باشقا جايلارغا يۆتكىۋېتەتتى .چۈنكى ،خان ئام-

بال تەرتىپ ساقلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغاچقا ،زىددىيەت ئۇلغى-
يىپ كەتسە قورال ئىشلىتىشكە توغرا كېلەتتى ،شۇڭا ۋەزىيەتنىڭ
ھاكىمىيەتكە پايدىسىز تەرەپكە يۈزلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ،
ئۆزىنى ئادىل كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى .بۇ ،يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئى-
شەنچىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئەپچىل چارىسى ئىدى ،يەرلىك ئە-
مەلدارلار يىرى- بىرلىرى بىلەن جېدەللىشىپ قالسىمۇ ،خان ئامبالغا
دادلىناتتى .
ئەفرىدۇن بىۋاستە چىڭ سۇلالىسى خانى تەرىپىدىن تەيىنلەن-
گەن ئالاھىدە ئىمتىيازلىق خان بولغاچقا ، خان ئامبال يول قويۇش
بىلەن نازارەتنى تەڭ ئېلىپ باراتتى . ئۇ كۈنسايىن پەيدا قىلىنىۋاتقان
يېڭى- يېڭى ئالۋان - سېلىقلار خەلقنى قاقشاتقانسېرى خان ئامبال
بىرەر چوڭ ۋەقە يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىسىمۇ ، يەنىلا
ئۇنىڭ ئىشلىرىنى «يامان»غا چىقىرىپ جاكجۇڭگە يوللىمايتتى .
چۈنكى ، بۇنىڭ ھەممىسى چىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى
بىلەتتى . يەرلىك خەلق بولسا ئۆزىگە كېلىۋاتقان زۇلۇم - ستەم-
نىڭ يىلتىزىنى يەرلىك ئەمەلدارلاردىن كۆرەتتى .
ئەفرىدۇن ھاكىمىيەتنىڭ ئامان - ئېسەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق
جان كۆيدۈرەتتىكى ، بىرەرسى مەلۇم بىر سىياسىي گۇناھ توغرۇ-
لۇق مەلۇمات يەتكۈزسە ياكى بۇ جەھەتتە ئاز - تولا خىزمەت
كۆرسەتسە ، ئۇنىڭغا كاتتا مۇكاپاتلار بېرىپ ، ئەمەل - مەنسەپلەرگە
تەيىنلەيتتى .
رەۋزەشەب ھېكىمبەگ ئاشۇنداق خام تەمە بىلەن مۇكاپات ئې-
لىش غەرىزىدە ، يەكەنگە كېلىپ قالغان ياقا يۇرتلۇق توختىنى
تۇتۇپ «سىياسىي گۇناھكار» دېگەن توقۇمنى توقۇپ ، ئەفرىدۇنغا
مەلۇم قىلغانىدى . ئەگەر ھېچقانداق پاكىتقا ئېرىشەلمىگەن ئەھۋال-
دا توختى ئۆلسە ، ئۇ ئاسان قۇتۇلالمايتتى . شۇڭا ، جامائەتكە
قىلىدىغان گەپ- سۆزىنى قىسقارتىپلا ئېتىغا مىنىپ زىندان تەرەپكە
تىكىۋەتتى .
جامائەتنىڭ كۆز ئالدىدىن توختىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالى نېرى

كەتمەيتتى ، گەرچە ئاغزىدىن چىقىرالمىسىمۇ ، كۆپچىلىكى توختىغا ھېسداشلىق بىلدۈرمەكتە ئىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ ئۆلۈك - تىرىك - لىكىگە بىرنېمە دېيەلمەيتتى . جامائەت ئىچىگە تىنغان ھالدا بىر - دىن ، ئىككىدىن تارقىلىپ ،ئاتا - بوۋا ، قوۋم - قېرىنداشلىرىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ ، روھىغا دۇئا - تەكبىر قىلىش ئۈچۈن زارات - گاھلىققا قاراپ مېڭىشتى . كېچىنى شەھەر كوچىلىرىدا تىمىسقىلاپ ئۆتكۈزگەن لالما ئىتلار ئادەملەرنىڭ زاراتگاھلىقنى تېزرەك بىكار - لاپ بېرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ، گۈمۈرۈلگەن گۆر ، پۈ - چۈق گۈمبەزلەردىكى ئۇۋۇلىرىغا يول ئېلىشقانىدى .

قەبرىستانلىقنىڭ ئۇيەر - بۇيەرلىرىدە ئىت غاجاپ تاشلىۋەتكەن ئادەم سۆڭەكلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇرسىمۇ ، كۆمۈپ قويغۇچىلار چىقمايتتى . كىشلەر ئىتنىڭ چاڭگىلىدىكى ئادەم ئۇستىخانلىرىنى كۆرگەندە بىر - بىرلىرىگە :«بۇ ، قوي يىللىق ئادەم چېغى ، قوي يىللىق ئادەمنىڭ ئۆلۈكىنى ئىت يەپ كېتەرمىشكەن ! » دېيىشىپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى . ئەپسۇسكى ، بۇنىڭ قەبرە قوپۇرۇپ پۇختىراق دەپنە قىلىشقا قۇربى يەتمەي شامگۆرگە كۆمۈلگەن ، ھاياتلىقىدا زالىملار ، ئۆلگەندە بولسا لالما ئىتلار غاجاپ ، ھەر ئىككى ئالەمدە خوۋلۇق كۆرمىگەن يوقسۇز بىچارىلەرنىڭ ۋە ئىگىسىز يېتىم - يېسىرلارنىڭ ئۇستىخانلىرى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئويلىمايتتى . ئۆزلىرىنىڭ نېمە بولۇشىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى .زاراتگاھلىقتىن قايتقانلارنىڭ بىر قىسمى ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتكەندىن باشقا ، كۆپ - چىلىكى ساۋۇر ، ئابدۇرەھمانلار تاۋۇتنى قايتۇرۇپ كەلگەندە ، ناتو - نۇش يىگىتنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن يەنە مەسچىت تەرەپكە يول ئالدى .

# ئىككىنچى باب

# يوپۇقسىز تاۋۇت

ساۋۇر بىلەن ئابدۇرەھمان ئىككىسى ئاكا - ئۇكىلار بولۇپ، ساۋۇر 25 ياشتا، ئابدۇرەھمان 23 ياشتا ئىدى. ئۇلار كىچىكىدىن ئەمگەك بىلەن چېنىققاچقا، بىلەكلىرى پولاتتەك مۇستەھكەم، ۋۇجۇدىدىن غەيرەت - شىجائەت ئۇرغۇپ تۇراتتى، ئاتىسى سادىق كىچىك ئوغلى ئابدۇرەھمان تۇغۇلۇپ 20 كۈندىن كېيىن قايسىبىر يۇرتنىڭ سېپىل ھاشارىغا تۇتۇلۇپ، شۇ كەتكەنچە ئىز - دېرەكسىز غايىب بولدى. ئانىسى زەينەپخان 22 يېشىدىلا تۇل قالدى. ئۇلارنىڭ ئىشىكى كوچىغا قارايدىغان، كىچىككىنە ھويلىلىق بىر ئېغىز چالما تاملىق ئۆيى بار ئىدى. ئېرىدىن ياشلا ئايرىلغان زەينەپخان كىشلەرنىڭ يېپىنى ئىگىرىپ، كىرىنى يۇيۇپ ئۆينى قامداپ، ئىككى ئوغلىنى قاتارغا قوشتى، ئەمما بۇ جەرياندا كۈن ئۆتكۈزمەك ھەقىقەتەن تەسكە چۈشتى. شەھەر دېگەندە كۈچ بولغان بىلەن دەسمايە بولمىسا ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئانا - بالا ئۈچەيلەن مەدىكارچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرۈشكە توغرا كەلدى. شۇنداقتىمۇ تۇرمۇشى بەزىلەرنىڭكىدىن بىرقەدەر ياخشى ئىدى. بۈگۈن ئۇلار بامدات نامىزىنى ئوقۇشقا مەسچىتكە چىقىپ، ئۆزلىرى دېمەتلىك بىر يىگىتنىڭ قارىياغاچقا باغلانغان ھالىتىنى كۆرۈپ يۈرەكلىرى جىغىلداپ كەتتى. ساۋۇرنىڭ كۆزلىرى توختىغا تىكىلگىنى بىلەن، ئەمما خىيالى ئىرماش - چىرماش ئىدى: «بۇ زادى كىم؟ نېمە سەۋەبتىن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى؟

تىرىكمىدۇ ياكى ... مىدىر - سىدىر قىلمايدىغۇ ! مېنىڭ ئاتامۇ
مۇشۇنداق قىينىلىپ ئۆلگەن بولغىيمىدى ، قانچە ئازابلانغاندۇ !
مەنغۇ چىرايىنىمۇ ئەسلىيەلمەيمەن . تېخى ئارانلا ئىككى ياشقا كىر-
گەن تۇرسام ، ئاتام جان ئۈزۈش ئالدىدا بىزنى ئەسلىگەنمىدۇ ؟
ئەلـۋەتـتە ئەسلەيـدۇ - دە ، بىز ئۇنىـڭ پۇشـتى ، يۈرەك پارد-
سى ئەمەسمۇ ! »

ساۋۇرنىڭ خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ھاياجاندىن ھودۇقۇپ
جىم بولدى . ئۆزىنى قانداقتۇر بىر غايىۋى كۈچ ئەيىبلەۋاتقاندەك ،
خىجىللىق ھېس قىلىۋاتاتتى . «ياق !— دېدى ئۇ كۆڭلىدە ،— مەن
ئاتامنى ئىزدەيمەن ، ئۇنىڭ قانداق غايىب بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ ،
قاتىلنى تاپىمەن... »

ساۋۇر بىردەم جىم بولۇپ ، تۇرۇپلا لاسسىدە بوشاشتى . «تاپ-
سامىمۇ نېمە قىلالايتتىم ، نى - نى ئادەملەر تۇتۇپ كېتىلىپ ، ئىز-
دېرەكسىز يوقاۋاتىدۇ ، ئۇلارنىڭ بالىۋاقىلىرى نېمە قىلالىدى ؟ »
دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ، دىققىتىنى قارىياغاچقا باغلاقلىق
يىگىتكە بۇرۇدى . بۇ چاغدا تۇتقۇننىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ ، يۈزلى-
رى كۆكىرىپ ، پۇتلىرى گۇرۇچى چىقىپ كەتكەن ھېسسىپتەك
بوشىشىپ ، يېرىم تىزلانغان ھالدا دەرەخ گەۋدىسىگە ئېسىلىپ
قالغانىدى .

خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇپ ، قاشقا چىقالماي گاڭگىراپ
تۇرغان ساۋۇر ، ئىمامنىڭ :

— ساۋۇر ! ئابدۇرەھمان ! تاۋۇتـنى ئېـلىپ كېلىڭلار !—
دېگەن ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئۆزىگە كەلدى - دە ، ئىنىسى ئابدۇرەھمان
بىلەن بېرىپ ، تاۋۇتنىڭ ئۈستىدىكى يوپۇق جازىسىنى ئېلىۋېتىپ ،
شوتىسىنى ئەكەلدى ، ئاندىن يىگىتنى باغلاقتىن يېشىپ ، ئۇنىڭغا
سېلىپ ، شۇ مەھەللىلىك يەنە ئىككى بۇرادىرىنى چاقىرىپ ، مې-
يىتنى كۆتۈرگەندەك ئېلىپ ماڭدى . ئىككى چېرىك بولسا ھازىدار-
لاردەك ئالدىغا چۈشۈپ يول باشلىدى . ئۇلار كېتىۋاتقاندا ، ئاياللار
ئۆي - ئۆيدىن چىقىپ ئىشىك ئالدىلىرىنى سۈپۈرۈپ ، قار دۆۋىلى-

-رىنى كوچىغا ئىتتىرىۋاتاتتى . كوچىدىكى قارلار دەسسىلىپ ئوي-
-دانلا يول چۈشكەندى . تۇتقۇننى ئېلىپ ماڭغانلار خان مەھكىمى-
-سىنىڭ يېنى بىلەن ئۆتۈپ ، ئوردا تېمىنىڭ غەربىي تەرىپىگە تۇتاش
سېلىنغان سولاقخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، ئېگىز سوقما سېپىلى-
-نىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان يوغان قارا دەرۋازىنىڭ ئالدىدا
ئېگىز بوي ، بېشىغا ئۈچلۈق قالپاق كىيىپ ، ئىككى تال ئۆرۈمە
چېچىنى خوتۇنلاردەك ساڭگىلىتىۋالغان ساقالسىز بىر كىشى تۇراتـ-
-تى . تاۋۇت يەرگە قويۇلۇشى بىلەن ئۇ تېز - تېز قەدەم تاشلاپ
كېلىپ ، قىيپاش يېپىلغان جۇۋىنى قايرىپ ، توختىنىڭ بېشىنى
ئاستا كۆتۈردى . بۇ چاغدا توختى باغلاقتىن بوشانغاندىن كېيىن
بوغۇلغان قانلار يۈرۈشۈپ ، ئاستا - ئاستا ھوشىغا كېلىشكە باشلى-
-غانىدى . سولاقخانا ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە ئۇ سەل ھوشىغا كەلگەن
بولسىمۇ ، سوغۇقتىن تىترەۋاتاتتى . بۇنى كۆرگەن فورمىلىق ئادەم
ئۆز - ئۆزىگە :
— تىرىككەن ، توڭۇپ كېتىپتۇ ،— دېدى ۋە مانجۇچە ئۇزۇن
چاپىنىنىڭ ئىچىگە كىيىۋالغان جۇيازىسىنىڭ ئۈستىدىن باغلىۋال-
-غان بەلۋېغىغا ئېسىۋالغان ساپايىدەك نۇرغۇن ئاچقۇچلارنى ئېلىپ
قارا دەرۋازىنى ئاچتى ،ئاندىن ،— رۇستەم !ئاشپەزلەر بۇياققا كەل-
-سۇن !— دەپ توۋلىدى .
چاچ - ساقاللىرى پاكىز قىرىلغان ، پۇقراچە كىيىنگەن 30
ياشلاردىكى بىرسى ئىككى يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ كەلدى . ھېلىقى
ئاچقۇچ باشقۇرغۇچى ئادەم ساۋۇرغا :
— سىلەر كۈتۈپ تۇرۇڭلار !— دەپ قويۇپ ، تاۋۇتنى كۆتۈر-
-تۈپ قارا دەرۋازىنىڭ ئىچىگە قاراپ مېڭىشقا ئەمدىلا تەمشىلىپ
تۇرۇشىغا ، تۇيۇقسىزلا :
— ئاتا ، توختاپ تۇرۇڭ !— دېگەن قىزنىڭ يېقىملىق ئاۋاز
ئاڭلاندى .
تۇرغانلار كۆردىكى ، ئاغۋاندىن تىكىلگەن نوجىيەك كۆڭلەك
ئۈستىگە داماس جۇيازىنى كىيىپ ، بېشىدىكى قوقەند دوپپىسىنى

باسۇرۇپ يارىشىملىق گىلاۋا ياغلىقى چىگىۋالغان ، يۇمىلاق يۈز ،
بۇغداي ئۆڭ ، كۆزلىرى ئاھۇنىڭكىدەك ، ئەۋرىشىم قامەت ، قاشلى-
رى ھىلال ئايدەك ، كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ، ئەمدىلا
قۇرامىغا يەتكەن بىر قىز تېز - تېز قەدەم تاشلاپ ، سولاقخانىنىڭ
غەربىي تەرىپىگە يانداش سېلىنغان ھەشەمەتلىك قورۇ تەرەپتىن
ئالدىراش كېلىۋاتاتتى . ئۇ تاۋۇتقا يېقىنلىشا - يېقىنلاشمايلا :

— تۇتۇۋاتقان ھايات ئادەملەر ئاز كېلىپ ، ئەمدى قەبرىستاند-
لىقتىن جىنازا بىلەن ئۆلۈكلەرنىمۇ توشۇپ قاماۋاتامسىلەر-
نىمە ؟— دېدى ، ئاندىن جىنازىدىكى نىمجان يىگىتكە شۇنداق قاراش
بىلەن ، گويا جىنازىدىن بىر ئوق چىقىپ يۈرىكىگە تەگكەندەك
«ۋاي ! » دېۋەتتى ۋە بىردىنلا چىرايى تاتاردى . ئۇنىڭ يۈرەك-
باغرىنى قانداقتۇر بىر ئازاب ئاچچىق ئېچىشتۇرۇپ ، پارە - پارە
قىلىۋاتاتتى .

توختىنىڭ بولسا ئازراق تىترەۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ،
ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى . قىز ئۇنىڭ ئېچى-
نىشلىق ھالىنى كۆرۈپ پەس ئاۋازدا :

— بىچارە !— دېگىنىچە ، قولىنى ئاستا ئاپىرىپ پېشانىسىگە
قويدى .

قىزنىڭ ئىسسىق بارماقلىرى تېگىشى بىلەن توختىنىڭ چېكە
تومۇرلىرىدىكى قانلار بىردىنلا جانلانغاندەك بولۇپ ، سائەت ئىست-
رېلكىسىدەك مېڭىۋاتقىنى سېزىلدى . قىز بۇنىڭدىن ئۇنىڭ تېخى
ھاياتلىقىنى بىلگىنىدە ئۈمىد چىرىغى ياندغاندەك بولدىيۇ ، قولىنى
ئىتتىك تارتىۋالدى . بىراق ، يۈزلىرى لاپپىدە ئوت ئېلىپ ، قانداق-
تۇر بىر خىل خىجىللىق ئىلكىدە ھاياجانلىنىشقا باشلىدى .

تەسۋىرلەۋاتقىنىمىز زىندان بېگىنىڭ يالغۇز قىزى بولۇپ ، بۇ
يىل 15 ياشتا ئىدى . ئۇ بار - يوق بىرلا پەرزەنت بولغاچقا ، زىندان
بېگى : «ئۆلۈپ كەتسەم دۇئا - تەكبىر ئوقۇغۇدەك ، قەبرەمنى يوق-
لاپ ، ئۆچكەن چىرىغىمنى يورۇتقۇدەك ئوغۇلنى خۇدا مەندىن ئايى-
دى ، خۇدايىمنىڭ ماڭا بەرگىنى شۇ ئىكەن .ھېچبولمىغاندا روھىم-

غا ئاتاپ دۇرۇت ئوقۇپ ،ياغ پۇرىتىپ قويار دەپ ، ئالتە يېشىدىلا
كۆلبېشى مەسچىتىنىڭ ئىمامىنىڭ تەربىيىسىگە بەردى .ئۇ زېھىنـ
ىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن بولسا كېرەك ،دىنىي مەكتەپكە كىرگەندىن
كېيىن پات پۇرسەتتىلا ئۇششاق سۇرىلەرنى يادلاشنى تامامـ
لاپ ، ھەپتىيەككە چىقتى ، ئاندىن قۇرئانغا ئۆتتى . شۇنداق قىـ
لىپ ، 13 يېشىدا قۇرئاننى پۇختا ئىگىلەپ ، «نەۋائى» ، «سوپى
ئاللايار» قاتارلىق كىتابلاردىن دەرس ئالدى . ئۇنىڭ ئوقۇشى تازا
ئىلگىرى بېسىۋاتقاندا ، ئاتا ـ ئانىسى مەسلىھەتلىشىپ ،گەرچە قىـ
زىنىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ ،بوي-بەستى كۆندىن ـ كۈنگە يوغىـ
ناپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ،سۆز-چۆچەك ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قېـ
لىشتىن ئەنسىرەپ مەكتەپتىن چىقىرىۋالدى .دېمىسىمۇ ، ئۇ چاغـ
لاردا چوڭ بولۇپ قالغان قىزلارنىڭ داۋاملىق ئوقۇۋېرىشى ئادەتكە
سىغمايتتى .
قىز مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، ئۆيدە كىتاب ئوقۇشنى
داۋاملاشتۇردى . ئۇنىڭ ئوقۇيدىغىنى قۇرئان ئەمەس ، بەلكى ئەلـ
شىر نەۋائىنىڭ بېيىتلىرى ۋە باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىدى .
ئانىسى بولسا ئۇنى قۇرئان ئوقۇۋاتىدۇ ، دەپ بىلىپ ، خۇرسەنلىكىـ
دىن دېگىنىنى قىلىپ بېرەتتى ، رايىغا باراتتى . ئۇنىڭ
گەپ ـ سۆزدىكى كەسكىنلىكى ، ئەركىن ، مەنتىقىلىق پىكىرلىرى
چوڭلارنىمۇ ھەيران قالدۇراتتى . ئۇ مانا مۇشۇ كەمگىچە بىرەر
كىشىگە بوگۇنكىدەك مۇئامىلىدە بولۇپ باقمىغانىدى . توختىنىڭ
پېشانىسىگە ئالىقىنى شۇنداق تېگىشى بىلەن تىل ئارقىلىق ئىپاـ
دىلىگۈسىز كۈچلۈك بىر يالقۇن جىسىمىغا تۇتىشىپ ،
يۈرەك ـ باغرىنى ئۆرتەشكە باشلىدى . «مەن نېمە بولدۇم؟» دەيتتى
قىز ئۆز ـ ئۆزىگە روھىيىتىدە كۆرۈلۈۋاتقان قانداقتۇر غەيرىي
سېزىمدىن چۆچۈپ ، ئۇنىڭغا يۈرەك ـ باغرىنى بىركىم تۇيدۇرماي
سۇغۇرۇۋېلىۋاتقاندەك بىلىنىپ ، بەدىنى چۈشىنىكسىز ھالدا تىتـ
رەپ كەتتى . ۋۇجۇدىغا ئاغرىق يېپىشىۋاتقاندەك ياكى ئەڭ ئامراق
نەرسىسىنى يوقىتىپ قويغاندەك ۋەياكى قانداقتۇر بىر يىرتقۇچ

هايۋان تاپ بېسىپ قوغلاۋاتقاندەك ، ئەنسىز تۇيغۇ پەيدا بولدى . ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ئاتىسىدىن مەسلىھەت سورىماقچىدەك ، سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى .

ئاتىسى قىزىنىڭ روھىي ھالىتىدىكى باشقىچە ئەھۋالنى كۆردى . ئۇ قىزىنىڭ ناھايىتى رەھىمدىل ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە ، تاۋۇتتىكى يىگىتنىڭ ھالىغا ئېچىنىۋاتىدۇ ياكى بولمىسا ئۇنى قىينىغۇچىلاردىن نەپرەتلىنىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ ، دەماللىققا خاتىرجەملەندۈرۈش ئۈچۈن ئېيتتى :

— جېنى بار ئىكەن ، تىترەۋاتىدۇ !

— شۇنداق !— دېدى قىز قاتتىق ھاياجانلىنىپ ،— قۇتقۇزۇپ قىلىڭ ، جېنىم ئاتا ، ساۋاب بولار ، ئۇنىڭمۇ ئاتا - ئانىسى ، ئۇرۇق-تۇغقان ، قېرىنداشلىرى باردۇر . بىچارىنى ئاتا - ئانىسى بۇ ھالەتتە كۆرسە نېمە بولۇپ كېتەر ، جېنىم ئاتا ، ئۇ ئۆلۈپ كەتمىسۇن !

قىز يۈرىكىدىن چىقىرىپ شۇنداق يالۋۇرۇپ ، ئاتىسى ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە يەنە سورىدى :

— نېمە گۇناھ ئۆتكۈزۈپتۇ ؟

— تايىنى يوقلا بىر ئىش ،— دېدى ئاتىسى ئېچىنغان ھالدا ،— ئاڭلىشىمچە ، كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چىرىكلەرنى سانىغانمىش . تېخى بۇنىمۇ ئېنىق كۆرگەن ئادەم يوقكەن ، ئۇ ئىقرار قىلمىغاچقا ، قاتتىق قىيناقلار مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ . ماڭ ، ئىشىڭنى قىل . نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرۇسىلەر ، قېنى ، ئېلىپ مېڭىڭلار !

— ياق !— دېدى قىز كەسكىن تۇردە ،— ئۇ سولاقخانىدا ئۆلۈپ كەتمىسۇن . سولاپ قويۇلسا ھالىدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ ؟ ئۆيگە ئاپىرىپ داۋالاپ ، سەل ياخشىلانغاندا قامىسىڭىزمۇ ئوخشاشقۇ ، ئاتا ! ؟

— تەنتەك قىز ، يەۋاتقان نېنىڭدىن ئايرىلىپ داڭزىدا ياتقۇڭ كەلدىمۇ ؟ بىلەمسەن ، بۇ سىياسىي مەھبۇسمىش ، چېتىلىپ قالىدىغان بولساق باش كېتىدىغان گەپ . باش !— ئۇ قىزىغا شۇلارنى

دەپ تازا بىر چەكچىيدىۋېتىپ ، بىردىنلا يۇمشاپ قالدى ،— قىزىم رەيھانگۈل ، غەم قىلما ، ئۇ ئۆلۈپ قالمايدۇ . سېنىڭ رەھىمدىللىكىڭگە داداڭ قايىل ، ئاپلا ، قېرىشقاندەك تەقدىرنىڭ مېنى مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغىنىنى قارىمامدىغان…

زىندان بېگى گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ ، تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ ماڭماقچى بولۇۋىدى ، بىر ئادەم كەملىك قىلىپ ، نېرىدا توختىدىن ئەنسىرەپ قاراپ تۇرغان ساۋۇرنى چاقىردى :

— كەل ، بۇنىڭ بىر تەرىپىنى سەن تۇت !

ساۋۇرغا بۇ «ۋەزىپە» تازا ياقتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ ناتونۇش يىگىتنى شۇنداقلا تاشلاپ كەتكۈسى يوق ئىدى . «ئۇنى يەنە ئازابلارمۇ ؟ ئۇنىڭ مۇشۇ هالدا ئىكەنلىكىنى ئاتا - ئانىسى ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەمدىغاندۇ ؟ بىز يەنە كۆرۈشەرمىزمۇ ؟ ئەگەر كۆرۈشۈش نېسىپلا بولسا ئۆيۈمگە باشلايمەن ، يۇرتىغىچە ئۇزىتىپ بارىمەن . ئۇنىڭ بۇگۈنكى هالىنى ئۆزىگە سۆزلەپ بېرىمەن… » دېگەن خىياللار كۆڭۈل قېتىدا كېزىپ يۈرەتتى ، خىياللىرىغا بىردىنلا دەهشەتلىك سوئاللار ئارىلىشىش بىلەن ئەندىكىپ چۆچۈپ كەتتى . دەل شۇ چاغدا زىندان بېگىنىڭ چاقىرىپ ئىشقا بۇيرۇشى باياتىنقى ئوي-خىياللىرىغا مۇناسىپ كەلگەندەك ، ئۇنى يېنىكلەشتۇردى . ئۇ دەرهال بېرىپ جىنازىنىڭ ئارقا ئوڭ تەرىپىنى دەس كۆتۈرۈپ مۇردىسىگە ئېلىپ ، هېلىقى ئۈچ ئادەم بىلەن قارا دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى . قىز ئۆز - ئۆزىگە دەۋاتقاندەك ئاۋازدا :

— ئىپلاسلار !— دېدى - دە ، تاۋۇتنىڭ كەينىدىن غەزەپ بىلەن قاراپ قالدى . ئۇنىڭ كىمنى تىللاۋاتقانلىقىنى (ئەفرىدۇنىنىمۇ ، رەۋزەشەب بېگىنى ياكى ئاتىسىنىمۇ ) بىلگىلى بولمايتتى . شۇنداقتىمۇ سەل روهلانغاندەك بولۇپ ، كۆڭلىدە تەكرارلىدى : «ئۇ ئۆلمەيدۇ ، هەرگىز ئۆلمەيدۇ» . چۈنكى ، ئاتىسىنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىدە قانداقتۇر هېسداشلىق ئىپادىسى بار ئىدى . بىراق ، قىزىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداشقا ئاجىزلىق قىلاتتى . رەۋزەشەب بېگى شەخسەن ئۆزى تۇتۇپ ، مەنسەپ ئۈچۈن يەمچۈك قىلماقچى بولغان

بىر «گۇناھكار»نى ، يەنە كېلىپ سىياسىي مەھبۇسنى قانات ئاس-تىغا ئېلىش كاللا بىلەن ئويىنىشىدىغان ئىش ئىدى . بۇنى رەيھانمۇ چۈشىنەتتى . ئەمما ، بۇ يەردىن كېتىشنى ياكى تاۋۇت كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىشنى بىلمەي گاڭگىراپ ، جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇردى . زىندان بېگى مانجۇچە ئۇزۇن فورمىسىنىڭ پەشلىرىگە يۆتىلىشىپ قەدەم ئالغىنىچە قارا دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى . قوش قاناتلىق يوغان دەرۋازا قېلىن تۆمۈر تاختايلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ ، ئوڭ قاناتىنىڭ ئادەم بويى يېرىدە مەھبۇسلارنىڭ ئۆيلىرى-دىن ئەكەلگەن نەرسىلەرنى سۇنۇپ بېرىدىغان چىنە پاتقۇدەك بىر تۆشۈك ، سول قانىتىدا ئادەم كىرىپ - چىقىدىغان تار ئىشىك بار ئىدى . ئادەتتە بۇ ئىشىك - تۆشۈكلەر مەھكەم تاقاقلىق تۇراتتى . زىندان بېگى بېرىپ چوڭ دەرۋازىغا سېلىنغان يوغان شەددە قۇلۇپنى ئېچىپ ، تۆمۈر لوكنى بىر تەرەپكە ئىتتىرىۋەتكەندىن كېيىن دەرۋازىنى ئاچتى ، ئاندىن ئىچكى دەرۋازا سېپىلىنىڭ نېرى-راقىدا تۇرغان قاراۋۇلغا ئاڭلىتىپ :

— مەھبۇس كەلدى !— دەپ توۋلىۋىتىپ ، تاۋۇت كۆتۈرگەن-لەرنى كىرگۈزدى ھەمدە ئىچكىرىكى دەرۋازىنىڭ تاشقىرىدىكىسى-نىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان لوكدانلىق زەنجىرنى تاقاپ ، ئۇنىڭغا ئات تۇيىقى شەكلىدە ياسالغان سېرىق ئورۇس قۇلۇپىنى سېلىۋې-تىپ ، تاۋۇت كۆتۈرگەنلەرگە يول باشلىدى . ساۋۇر بۇنداق جاينى ئۆمرىدە تۇنجى كۆرۈۋاتاتتى . دەرۋازىدىن كىرىشكىلا 10 مېتىرچە يىراقلىقتا ياغاچتىن ياسالغان قارا سىرلىق توسما تام بار ئىدى ، ئۇنىڭ چوڭلۇقى دەرۋازىنىڭ چوڭلۇقى بىلەن باراۋەر بولۇپ ، چوڭ دەرۋازىنى ئاچقاندىمۇ سىرتتا تۇرغانلار ھەرقانچە قارىغان بىلەن سولاقخانا ھويلىسىنى كۆرەلمەيتتى . تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ كىرگەنلەر توسما تامنىڭ يېنىغا كەلگەندە بۇرۇلۇپ يانداپ ئۆتتى . ئەتراپى سوقما سېپىل بىلەن قورشالغان كەڭ ھويلا دەرۋازىسىنىڭ سول تەرىپىدە ئاشخانا ۋە قۇلۇپلاقلىق بىرقانچە ئۆي ، ئوڭ تەرىپىدە قاراۋۇللار سېپىل ئۈستى بىلەن سولاقخانىنىڭ ئۆگزىسىگە باردى-

غان خىش پەلەمپەي (شوتا ) بار بولۇپ ،ياغاچ پەنجىرە بىلەن توسۇ-لۇپ قۇلۇپلانغانىدى .سولاقخانا هويلىسىدىكى يوغان قاپاق تېرەك يېنىدا بىر ھىندى بىلەن ساقاللىق كەشمىرلىك كۆڭلەكچان ھالدا چاپما ھەرىدە شال تىلىۋاتاتتى . ساۋۇرغا هويلىدىكى بىر تال خەسمۇ يېڭىلىق تۇيۇلۇۋاتاتتى .ساۋۇرلارنى كۆرگەن يوغان سالپاڭ قۇلاق قارا ئىت قاۋىغىنىچە ئېتىلىپ كەلدى ، كەينىدىن ئىككى ئىت ئەگەشتى . زىندان بېگى :

— كەت !— دەپ ئىتلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ ، تاۋۇت كۆتۈر-گەنلەرنى ھىمايە قىلدى . دەل شۇ چاغدا ئاشخانىدىن بىرسى بىر تەڭنە يۇندىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ : «موھ ! - موھ ! - موھ ! » دېيىشىگە ، ئىتلار قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپ يالاق تەرەپكە كەتتى .

تاۋۇت كۆتۈرگەنلەر ئالاھازەل 100 — 150 مېتىر ماڭغاندا يەنە بىر دەرۋازىغا دۇچ كەلدى . بۇمۇ ئوخشاشلا قۇلۇپلاقلىق تۇراتتى . زىندان بېگى ئاچقۇچنى شاراقلىتىپ ئېچىۋىدى ، كىچىك هويلا ۋە ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان كارىدور كۆزگە تاشلاندى . ئۇدۇلدىكى تامدا بىر ئىشىك بار بولۇپ ، ئۇ ئارقىلىق كارىدور ئىچىدىكى ھەممە كامېرلارغا كىرگىلى بولاتتى . ئەمما ، تاۋۇتنى كۆتۈرگەنلەر زىندان بېگىنىڭ باشلىشى بىلەن كىچىك هويلىنىڭ سول تەرىپىگە بۇرۇلدى ، بۇ يەردە يەر ئاستىغا كىرىدىغان پەلەمپەي تۇراتتى .

— قېنى ، كەينىمدىن مېڭىڭلار !— دېدى زىندان بېگى ئالدىدا يول باشلاپ ،— ئاۋايلاپ ئىلگىرىلەڭلار !...

ساۋۇر ئۆمرىدە كۆرۈش تۇگۇل ،ئاڭلاپمۇ باقمىغان بۇ دەھشەت-لىك ئۆڭكۈردىن زادىلا چىقىپ كېتەلمەيدىغاندەك ،ئىچ - ئىچىدىن قورقۇمسىرىماقتا ئىدى .

ئۇلار پەلەمپەي ئارقىلىق تۆۋەنلەپ ، ئۇستىدىن قويۇلغان تۇڭ-لۇكتىن چۈشكەن يورۇقلۇق بىلەن غۇۋا يورۇپ تۇرغان ئۇزۇن كارىدورغا كىردى . ئۇدۇل ماڭغاندا ئىككى تەرەپتە نۇرغۇن قاتار ئىشىك بار ئىدى . بەشىنچى ئىشىككە كەلگەندە زىندان بېگى توخ-

تاپ ، يېنىدىكى ئاچقۇچلاردىن بىرنى ئايرىپ ئىشىكنى ئاچتى - دە :
— تاۋۇتنى قويۇپ ، ئۇنى ئېلىپ كىرىڭلار !— دېدى .
ساۋۇر بىلەن رۇستەم ئىسمىلىك يىگىت توختىنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ كامېرغا ئېلىپ كىردى . چوڭقۇر كامېرنى تاۋاقتەك تۆگىلۈكتىن چۈشكەن يورۇقلۇق يوق ھېسابتا يورۇتۇپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئاستىغا زىغىر پاخىلى سېلىنغان بولۇپ ، كىچىكلىكىگە باقماي ئىشىك تۈۋىدە سۈيدۈك مالتىقى بار ئىدى ، سېسىقچىلىق دەستىدىن نەپەس ئېلىش تەس ئىدى . ساۋۇرنىڭ بۇرنىغا ئاچچىق بۇس كىرىپ ، كۆڭلىنى بىر قىسما قىلىشۋەتتى .
كامېردا چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەنلىكتىن ياش ياكى قېرىلىقىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ، يۈز - كۆزلىرى قاسماق بىر ئادەم جۇۋىسىغا يۆگىنىپ ، ئورۇن - كۆرپىسىگە يۆلەنگە-نىچە ئولتۇراتتى .
— ھەي !— زىندان بېگى ئۇنى چاقىردى .
— خوش !— دەپ ئورنىدىن تۇردى مەھبۇس .
— بۇياققا كەل ، بۇنى ياتقۇزايلى ، توڭلاپ ئۆلمىسۇن يەنە ، ھازىرچە يوتقىنىڭنى يېپىپ قويۇپ تۇر ،— زىندان بېگى شۇنداق دېگىنىچە قولىنى توختىنىڭ يۈرىكىگە قويدى . ناتىۋان يۈرەك شۇنچە ئازاب تارتقىنىغا قارىماي گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتاتتى ،— خۇداغا شۈكرى !— دېۋەتتى زىندان بېگى ھاياجانلىنىپ ، ئاندىن ،— رۇستەم ، ئىسسىق چاي كەلتۈر ! ياندىكى ئۆيدە ئورۇن-كۆرپە ، كىگىز بار ، ئېلىپ كىر !— دەپ بۇيرۇپ ، مەھبۇسقا تاپىلىدى ،— ئەمىسە بۇ بۇرادىرىڭنى ساڭا تاپشۇردۇم . ئەي قىلى-ۋال ، ئۆلسە جاۋاب قىلىسەن !
ئېھتىمال زىندان بېگى بۇنىڭدەك سېسىق كامېرلارغا داۋاملىق كىرىپ تۇرغاچقا ، كۆنۈپ قالغان بولسا كېرەك ، چىرايىدا قىلچە سەسكىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى .
ئىشىك تاقالدى . ساۋۇر كارىدورغا چىقىپ چوڭ - چوڭ نەپەس ئېلىپ ، يەنىلا توختىنىڭ قايغۇسىنى يېدى . كۆڭلىدە :

«ئۆلۈپ كېتەرمۇ ؟ هايات قالغاندىمۇ ، بۇنداق سېسىقچىلىقتا قانداق بەرداشلىق بېرەر» دېگەنلەرنى ئويلاۋاتاتتى .

زىندان بېگى بىلەن ساۋۇر سولاقخانىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىۋاندا ، رەيھان بىلەن ئابدۇرەھمان تېخىچە شۇ يەردە تۇراتتى . ساۋۇر تاۋۇتنى كۆتۈرۈشۈپ ماڭغاندا ، ئابدۇرەھمان قارا دەرۋازىنىڭ ئىچىدە نېمە سىرلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ بېقىشقا ئىنتىلگەن بولسىمۇ ، ئۇدۇلدىكى قارا توسما تام ھېچ نەرسىنى كۆرسەتمىدى ، ئامالسىز ئىچى تىتىلداپ ئاكىسىنىڭ قايتىپ چىقىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى ، ھەربىر دەقىقە ئۇنىڭغا بىر كۈندەك بىلىنمەكتە ئىدى . ئاكىسى چىقمىغانچە ۋۇجۇدىنى ئەنسىزلىك ئوراپ ، يېنىدىكى قىزدىن سورىغۇسى كەلدىيۇ ، ئەمما ئەپتىگە قاراپ يالتايدى . چۈنكى ، قىز جاۋاب بېرىدىغاندەك ئەمەس ، قارا دەرۋازىغا قارىغىنىچە قېتىپلا قالغانىدى .

شۇ چاغدا ، «غاچ !» قىلىپ دەرۋازا ئېچىلىپ ، ساۋۇر بىلەن رۇستەملەر قۇرۇق تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ قايتىپ چىقتى .

ساۋۇر باشلىق يىگىتلەر تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ ئازراق مېڭىشىغا ، قارشى تەرەپتىن ئاتلىق يېتىپ كەلگەن رەۋزەشەب ھېكىمبەگ قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆي تەرەپكە كېتىۋاتقان زىندان بېگىنى كۆرۈپ :

— ھوي ! ھاپىزبەگ !— دەپ توۋلىدى .

ھاپىزبەگ ئىنكاس قايتۇرماي ، جايىدىلا توختاپ ، رەيھانغا :

— سەن كىرىپ كەت !— دېدى ، ئاندىن رەۋزەشەب ھېكىمبەگنىڭ ئالدىغا ماڭدى .

تەكەببۇر ھېكىمبەگ ھاپىز بەگنى مەنسىتمىگەندەك ، پەقەت ئالدىغا يېتىپ كەلگەندىلا ئاتتىن چۈشتى ، ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل گۇدرەت ئىپادىلىنىپ ، قانداقتۇر بىر ئىشتىن ئەنسىرەۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . شۇڭا ، ھاپىزبەگكە تىكىلىپ سورىدى :

— قېنى ئۇ ؟

— زىنداندا !

ھاپىزبەگ چىرايىنىمۇ ئاچماي سوغۇققىنا جاۋاب بەردى . چۈن-
كى ئۇ ، رەۋزەشەب ھېكىمبەگنىڭ ئەدەپسىزلىك بىلەن قىلغان
تەكەببۇرانە مۇئامىلىسىنى ياقتۇرمىغانىدى . يەنە كېلىپ رەۋزەشەب
بېگىنىڭ ۋەھشىيلىكى چەكتىن ئېشىپ ، كۈندە دېگۈدەك بىر -
ئىككى ئادەم زىندانغا تاشلىنىۋاتاتتى ، توختىنىڭ ۋەقەسى تېخىمۇ
ئوغىسىنى قاينىتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېكىمبەگ ئەسلىي
ئۈچتۇرپانلىق بولۇپ ، ئامبالنىڭ مىرزىسى ئىدى ، ئەفرىدۇن يە-
كەنگە خان بولغاندىن كېيىن ، يەرلىك خەلققە ئىشىنەلمەي : «ئالتە
شەھەرلىك يېغىلىقچى خەق ، ھامىنى بىر كۈنى قوزغالماي قالماي-
دۇ ، شۇڭا مۇھىم مەنسەپلەرگە باشقا شەھەرلەردىن ناتونۇش كىشى-
لەرنى تەيىنلەش كېرەك» دەپ ئويلايتتى . چىڭ سۇلالىسى خاقانى
ئۇنى قوبۇل قىلغاندىمۇ : «سىزنى يەكەن سەككىز شەھەرگە خان
قىلدىم . ئۇلار ھەم ياۋاش ،ھەم قارام خەلق ، لېكىن قورققۇچىلى-
كى يوق .قورال بىلەن باشقۇرماق قىيىن ،چۈنكى ئۇلار جەننەتكە
ئامراق ، ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن1000چېرىكنىڭ
ئورنىغا بىر موللا بولسا كۇپايە .موللىلار نادانلارنى بۇ ئالەمنىڭ
پاراغىتىدىن ۋاز كەچتۈرۈپ ،راھەتنى جەننەتتىن ئىزدەشكە كۆندۈ-
رەلەيدۇ .بۇ ئالەمدىكى جاپانىڭ ئۇ ئالەمدىكى راھەتنى بەخش ئېتى-
دىغانلىقىغا ئىشەندۈرىدۇ .شۇڭا ،موللا - ئاخۇنلارغا ئاز - تولا نەپ
يەتكۈزسەڭ ،ئۆز خەلقىنى تەركىدۇنيالىققا باشلاپ ،پۈتۈن مال -
دۇنيالىرىنى ئېلىپ كەتسىمۇ ‹ئاللانىڭ ھۆكمى› دەپ ، تەقدىرگە
يۈكلەپ تۈگىتىدۇ . ئىت بار يەردە ئوغرى يوق . موللىلارنى تويدۇ-
رۇپلا قويسىڭىز يۇرتىڭىزدىن چاتاق چىقمايدۇ ، شۇنىمۇ سەمىڭىزگە
سېلىپ قويايكى ، مۇھىم ئىشقا يەرلىكلەرنى قويماڭ ، چىقىشىۋې-
لىپ سىر بەرمەيدۇ ، سىرتتىن كەلتۈرسىڭىز ، يەكلەنگەندە ئايىغى-
ڭىزغا يىقىلىدۇ...» دەپ كۆپ نەسىھەتلەر قىلغانىدى . شۇڭا ، ئۇ
يەكەنگە كېلىپلا موللىلارنى ئىشقا سالدى ، ئاندىن مۇھىم مەنسەپ-
لەرگە ھەرقايسى شەھەرلەردىن ئادەم يۆتكىدى ، شۇ قاتاردا ھېكىم-
نى ئېلىپ كېلىپ ، ئامانلىق ئىشلىرىغا قويغانىدى .ئۇنىڭ پات -

پات تۇتۇپ قالىدىغان تەتۈرلۈكى ئەتراپىدىكىلەردىن يىراقلاشتۇر- دى، تۈرۈپلا باش كۆتۈرۈپ قالىدىغان غەلىتە خۇيلىرى لەقەمگە ئايلىنىپ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا ئىغىزغا ئېلىنىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىناۋىتىنى قويمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپىدە، خانغا ئىشەنچلىك بولغاچقا، ئېھتىيات قىلمايمۇ بولمايتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ يۇمۇرلۇق ئىشلىرى چوڭ - چوڭ سورۇنلارغىچە يېيىلىپ، ئەفرىدۇننىڭ قۇلىقىغىمۇ يەتتى، بارا - بارا ئىشلىرىدىن چاتاق چىقىپ، تۇتقان ئادەملىرى بىگۇناھ بولۇپ چىقتى. بۇ ھال ئەفرىدۇننى شۈبھىلەندۈرۈپ، دىق- قىتىنى قوزغىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ مەلۇماتلىرىغا ئانچە ئىشىنىپ كەتمىدى. بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى ئۇ ئوردىغا كىرىپ: «بىر قوزغىلاڭچىنى تۇتتۇم، ئۇ كېتىۋاتقان چېرىكنى ساناپتۇ!» دەپ مەلۇم قىلغاندا، ئەفرىدۇن گەپ - سۆز قىلمايلا كۈلۈپ قويغانىدى.

ياخشى - يامانىنى ئانچە پەرق ئېتىپ كەتمەيدىغان رەۋزەشەب ھېكىمبەگ بۇ كۈلكىنى خۇشال بولغانلىق دەپ بىلدى. ئەمەلىيەتتە ئەفرىدۇن مازاق قىلىپ كۈلگەنىدى. چۈنكى ئۇ، توختىنىڭ گۇنا- ھى توغرىسىدا ھېچنېمىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتەلمىگەنىدى.

مانا بۈگۈن توختىنىڭ تۇتقۇن قىلىنغىنىغا ئۈچ كۈن بولدى، ئۇنى باغلاپ ئۇرغان، ئېسىپ قىينىغان بولسىمۇ ھېچنېمىگە ئېرى- شەلمىگەن، ئىش ھېكىمنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقمىغانىدى. ھېكىم يەكەنگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن بۇيان، بىر-لا ئىشنى كۆزلەۋا- تاتتى، ئۇ بولسىمۇ، ئۇچتۇرپانغا ئامباللىقا تەيىنلىنىپ بېرىپ، دوست - دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدا «ھېكىم دارىن» دېسە، ھەممە ئادەم قورقۇپ، قول باغلاپ تۇرغۇدەك دەرىجىگە يېتىش ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ كېچە- كۈندۈز ئويلايدىغىنى ئەفرىدۇننىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن يوقىلاڭ ئىشلارنى يوغىنىتىپ «قىلنى پىل قىلىش» بىلەن خىزمەت كۆرسىتىشتە ئىدى، ھەممىلا يەرگە «تىڭتىڭچى» لارنى قويۇپ، كۈندە دېگۈدەك ئادەم تۇتۇۋاتاتتى.

ئۇچ كۇن ئىلگىرى ، رەۋزەشەب ھېكىمبەگ نېمىنىدۇر خىيال قىلغىنىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۆيى تەرەپكە كېتىۋاتاتتى ، ئالدى تەرەپتىن چىقىپ كەلگەن بىر ئادەم :

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، بېگىم !— دەپ ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ، ئۆزىنى سەل چەتكىرەك ئالدى .

ھېكىم ئۇنىڭ سالىمىغا پىسەنت قىلماي مېڭىۋەردى .

— غوجام ، ئەرزىم بار ئىدى !— دېدى ھېلىقى ئادەم تەكرارلاپ .

ھېكىم شۇنداق قاراپ ، ئۆڭى سېرىق ، فىروزا كۆز ، ئۇزۇن ئېڭەك ، ياشلىقىغا قارىماي تاز چىرايىغا قورۇق چۈشكەن ، ئوتتۇرا بوي ، پۇتىغا كونىرىغان كۆن ئۆتۈكنى كىيىپ ، يېلىڭ ئىشتان بىلەن ئۇچىسىدىكى كونا قىزىل چەكمەنىڭ پەشلىرىنى بىرىنى ئېگىز ، بىرىنى پەس قوۋۇشتۇرۇپ ، ئۇستىدىن باغلىۋالغان قەشقەرنىڭ بالداقلىق يۇڭ بەلۋېغىغا تۇچتا پاينەكلەنگەن غىلاپلىق يوغان پىچاق ئېسىۋالغان ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ قول باغلاپ ھىجىيىپ تۇرغىنىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا ئىنچىكىلەپ سەپسېلىپ :

— نېمە گەپ ؟ — دەپ سورىدى .

— مۇھىم ، ناھايىتى مۇھىم گەپ !— دېگىنىچە سىلىجىدى ئۇ .

— دېگىنە تېزرەك ، تىلىڭنى چاينىماي .

— بىر توپىلاڭچىنى كۆردۇم .

— نېمە دېدىڭ ؟

— ئىسيانچىنى...

— نەدە ؟

— دۆرىقازا مەھەللىسىنىڭ روبىروسىدا ، غوجام . مەن دۆرىقازا مەھەللىسىدىكى تار كوچا بىلەن ، شىئەلەر سېلىۋالغان ئېگىز ئۆيلەرنىڭ نەقىشلىك ئىشىك - دەرۋازا ۋە بالىخانىلىرىنى تاماشا قىلغاچ دوقمۇشتىكى مىسكەر دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كەلسەم ، بىرسى 10 — 15 چېرىكنى ئىككىدىن قاتار قىلىپ مەشكە دەسسىتىپ

ئېلىپ مېڭىپتۇ . ئۇلارغا ھەۋەسىم كېلىپ قاراپ تۇرسام ، كوچە-
نىڭ قارشى تەرىپىدە قارا نوچى تۇماق كىيىۋالغان ، يەكەنلىككە
ئوخشاپلا كېتىدىغان ، بۇقىدەك قاۋۇل ، ياشلا بىرنېمە بارمىقىنى
چىنەپ چېرىكلەرنى ساناۋاتقاندەك قىلدى . تۇرۇپلا كۆڭلۈمگە
«ئېھتىمال لەشكەرلەرنىڭ سانىنى بىلىۋېلىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى
پىلانلاۋاتقان ئوخشايدۇ» دېگەن گۇمان كەلدى - دە ، كىچىچە شى-
شىخال ئويناپ ئۇتتۇرغىنىمنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن جانابلىرى-
دىن مۇكاپات ئالاي دەپ ئالدىلىرىغا چاپتىم . ئۇ تېخى يىراققا
بارمىدى ، ئىشەنمىسىلە ھازىرلا تۇتۇپ ئەكېلەي .
ئۇنىڭ مەلۇماتى ھېكىمنىڭ ئۇمىد چىرىغىنى ۋاللىدە يورۇتۇۋەتتى .
— قېنى ، باشلا ! تېز بول !— دېدى ھېكىم ھىندىستان
خۇرۇمىدىن يېشىل ساغرا بىلەن زىغزىق قويۇپ تىكىلگەن بېلىدى-
كى ھەميانىدىن بىر سىقىم مىس تەڭگىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا
سۇنۇپ ،— تۇتۇپ بەرسەڭ يەنە بېرىمەن .
— رەھمەت ، غوجام ، رەھمەت ! مانا بۇ تەرەپتە …
ئۇ شۇنداق دەپ ، ئالدىدا يول باشلىدى ، ھېكىم گويا ئالتۇن
تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ ئارقىسىدىن ماڭدى . ئۇلار ئاپشاركى-
لاردەك چېپىشىپ كېلىپ كۆردىكى ، دەرۋەقە بېشىغا قارا نوچى
كۆكمەت تۇماق ، ئۇچىسىغا چىرايلىق تىكىلگەن ئاق جۇۋا كىيگەن ،
قەددى - قامىتى باتۇرلۇقتىن نىشان بېرىپ ، كۈچ - قۇۋۋىتى
ئۇرغۇپ تۇرغان ياش بىر يىگىت يول ياقىسىدىكى دۇكانلارغا نەزەر
تاشلاپ كېتىۋاتاتتى . ھېكىمبەگ ئۇنى كۆرۈپلا «بۇ يىگىتنىڭ ياقا
يۇرتتىن كەلگىنى ئېنىق ، دەرھال تۇتۇش كېرەك . تاپاق دېگەن
ھەرقانداق گەدەنكەش ئەزىمەتنىمۇ يۇمشاتماي قالمايدۇ ، ئىقرار
قىلدۇرۇۋالسام بولىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ ، خۇشاللىقىدا ھېلىقى
ئادەمگە يەنە كۈمۈش تەڭگىدىن ئىككىنى بېرىۋەتتى ، ئاندىن ئالدى-
راپ بارغىنىچە ياقا يۇرتلۇق يىگىتنىڭ ئالدىنى توسۇپ سورىدى :
— سەن قەيەرلىك ؟

— پەيزىۋاتلىق .
— قاچان كەلدىڭ ؟
— بۈگۈن ئەتىگەن .
— مەن بىلەن ماڭ !
— نېمىشقا ؟
— ھېلى بىلىسەن .

توختى ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەيدىغانلار قاتارىغا كىرمەيتتى . ئۇ ،گۆرۈخانىدا ئىشلەش جەريانىدا خوجايىنى چاڭ شەنسىڭنىڭ بالىۋاقىلىرىدىن خەنزۇچە تىلنىلا ئەمەس ،بەلكى خېلى كۆپ خەتنىمۇ ئۆگىنىۋالغانىدى .ئۇ چاڭ شەنسىڭنىڭ ئۆيىگە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان بەگ - ئامباللار ۋە ھەر تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ ،چېيىنى توشۇپ يۈرۈپ كۆزى ئېچىلىپ قالغاچقا ،ئەمەلدارلاردىن ئانچە ئەيمىنىپ كەتمەيتتى .

توختى چاڭ شەنسىڭنىڭ ئۆيىگە كىچىك كىرگەن بولۇپ ، بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزمىگەچكە ، بۇ پەزىلىتى خوجايىندا ئۈزلۈكسىز مېھىر پەيدا قىلدى ، بارا - بارا ئۆز پەرزەنتىدەك كۆردى ، چاكار ھېسابلىمىدى .توختىنىڭ قىلىدىغان مۇھىم ئىشى ئۆيگە كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئېتىنى سوۋۇتۇش ،ئوتۇن - ياغاچ تەييارلاش ،سۇ ئەكېلىش··· ئىدى ، باشقا چاغلاردا خوجايىنىنىڭ ئوغۇللىرىدىن تىل ئۆگىنەتتى ،خەت مەشىق قىلاتتى .ئارىدىن 5—6 يىل مۇشۇنداق ئۆتۈپ ، خەنزۇچە راۋان سۆزلىشىش ، خەت يېزىش ۋە ئوقۇشتا خوجايىنىنىڭ بالىلىرىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىگە يەتتى . چاڭ شەنسىڭ ئەسلىدە شەرقىي شىماللىق كىشى بولۇپ ، ئاتىسى ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى ، ئۆزى بولسا بىر باينىڭ ئۆيىدە ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقى قىلاتتى . كېيىن ئاتىسى شىنجاڭغا كېلىدىغان ھەربىي قوشۇنلارغا ئەگىشىپ سودا قىلماقچى بولۇپ قېلىپ ، چاڭ شەنسىڭنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالدى . چاڭ شەنسىڭ شۇ سەۋەب بىلەن دەسلەپ قەشقەرگە ، ئاندىن پەيزاۋاتقا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ ، بالا - چاقىلىق بولغانىدى .

توختىنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى ، ئەقىل ـ پاراستى ئۇنى تولىمۇ قىزىقتۇردى . يېقىنقى 2 — 3 يىلدىن بۇيان چارچاپ قالغان چاغلىرىدا دۇكاندا ئولتۇرغۇزۇپ قويىدى . توختىمۇ ئۇنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىپ ، كۆڭۈلدىكىدەك رازى قىلاتتى . توختى يىللار ئۆتۈپ چوڭ بولغانسېرى ئاتا ـ ئانىسىنى ئەسلەپ غېرىبسىنىدىغان بولۇپ قالدى . ئاخىر سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ، يەكەندىكى ئالتۇنلۇ-رىم مازىرىنىڭ يېنىدىكى بىر كوچىدا ئانا تەرەپ تۇغقىنى قۇربان دولان ئىسىملىك كىشىنىڭ قادىر كۇلالچى دېگەن بىر ئوغلىنىڭ بارلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ ، لېكىن خوجايىنىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ خېلى بىر مەزگىلگىچە ئېغىز ئاچالمىدى . بارا ـ بارا غېرىبلىق كۆڭلىنى ئەزدى ـ دە ، قىش كىرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە خوجايىن-نىڭ خۇشال ۋاقتىنى پەملەپ مۇددىئاسىنى ئېيتتى .

— بارغىن ،ئوغلۇم !— دېدى خوجايىن مېھرىبانلىق بىلەن ،— مېنىڭ باللىرىم كېرەكسىز چىقىپ قالدى . كۆرۈپ تۇرۇپسەن ، ماڭا قېرىلىق يەتتى . سېنى ئۆز باللىرىمدىن چارە كۆرۈپ كەل-دىم . سەنمۇ ئۆز ئاتاڭدەك كۆيۈندۈڭ . تېز بېرىپ ، يولۇڭغا قاراد-ماي قايتىپ كەلگىن .

خوجايىن گېپىنى تۈگىتىپ ، چەندازىسىدىن تۆت سەر كۈمۈش پۇلنى ئېلىپ توختىغا بەردى . توختى ئەنە شۇ تەرىقىدە پىيادە يولغا چىقىپ ، تېخى بۇگۈن ئەتىگەندىلا يەكەنگە ئاياغ باسقانىدى . يەكەن شەھىرىنىڭ ئەگرى ـ بۈگرى ، توپىلاڭ كوچىلىرى ، بېشىغا چىل-گىدەك يارىشىملىق سەللىنى ئوراپ ، دۇكان ۋە كارىۋاتلىرىغا رەڭ-گارەڭ ماللىرىنى تىزىپ ئولتۇرغان ئاپئاق ساقال بوۋايلار ، ئۆز-گىچە كىيىنگەن ھىندىستان ، ئافغانىستان ، كەشمىر ، ئەنجانلىق ئادەملەرنىڭ ئۇياقتىن ـ بۇياققا لاغايلاپ يۈرۈشلىرى ،ئاشپەز ـ ناۋايلارنىڭ خېرىدار چاقىرىپ : «ياغ يەپ كەت !ياغ يەپ كەت !» دەپ گاللىرى يىرتىلغۇدەك توۋلاشلىرى ، «بىر مانتا ،ئىككى مانتا ، بەش مانتا ،ئون مانتا !» دەپ ۋارقىراپ ،خېرىدارىنىڭ باس ـ باس-لىقىنى نامايان قىلىشلىرى ،گەزمال بازىرى ، كۇلال دۇكىنى ،

يىپ بازىرى ، پاختا بازىرى ، شىشە بازىرى ··· دا مال كۆرۈۋاتقان ، سودا قىلىۋاتقان ھەر خىل تائىپىگە مەنسۇپ ئادەملەر توختىنى ھەيران قالدۇرۇۋاتاتتى . ئۇ كوچا - كوچىدىكى يۈرۈش - تۇرۇش ، گەپ - سۆز ، ئۆزلىرىنى تۇزەشتۇرۇش جەھەتتە ئۆزىدىن كۆپ ئالدىدا تۇرىدىغان شەھەر خەلقىنى كۆرۈپ ، كۆڭلىدە : «〈 شەھەر كۆرگەن ئىتتىن قورق 〉 دېگەن تەمسىل راستكەن . دە ! ئەگەر پەيزاۋاتتىن چىقماي يۈرۈۋەرگەن بولسام ، جاھاننىڭ بۇ پەيزىنى سۈرەلمەس ئىكەنمەن ، 〈 ئون ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا 〉 دەپ ، مانا بۈگۈنلا نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىۋالدىم » دېگەنلەرنى ئويلاپ ، ئەتراپنى تاماشا قىلىپ كېتىۋاتقاندا ، ھېكىمبەگ ئالدىنى توستى . بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن ؟ شۇڭا ھېچبىر پىسەنتىگە ئالماي كېتىۋەرمەكچى بولۇۋىدى ، ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىدىن ئەمەلدارلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم ئۇنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سالدى :

— قورقما ، ھازىرلا قايتىپ كېلىسەن .

توختى ئەگىشىپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن ، رەستىدىن چېكىنىدۈرۈپ سالغان ياغاچ دەرۋازىلىق ھەشەمەتلىك نۇرغۇن ئۆيلەردىن ئۆتتۇشتى ، ئاندىن غەربىي تامغا تۇتاش تار ئېغىزدىن ھالقىپ ، ئىككى قاناتلىق قارا دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ھېكىم توۋلىدى :

— ھوي ! ھاپىزبەگ !···

— مانا كەلدىم !— دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكىنى ئېچىپ ، ھاپىزبەگ چىقىپ كەلدى . رەۋزەشەب بېگى ھېكىم توختىغا بۇيرۇق قىلدى :

— كىرە !

ئۇنىڭ مىجەزى بىردىنلا ئۆزگىرىپ ، تەرى تۇرۇلگەنىدى . ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپ ، توختىنى قاراۋۇلغا تاپشۇرغاندىن كېيىن ، ھاپىزبەگكە :

— سوراقخانىنى ئېچىڭلار !— دېدى ، ئاندىن سول تەرەپتىكى تاقاقلىق ئۆيلەرنىڭ بىرىنچىسىنىڭ ئىشىكىدە توختىدى .

بۇ ئۆيلەر سولاقخانىنىڭ سوراقخانىلىرى بولۇپ ، قىيناق ۋا-
ستىلىرىنىڭ ھەممىسى تەل ئىدى . شۇڭا ، مۇھىم سوراقلار مۇشۇ
يەردە ئېلىپ بېرىلاتتى . ھېكىمبەگ ھەممىنى بىر - بىرلەپ كۆز-
دىن كەچۈرۈپ ، تەييارلىقتىن رازى بولغاندەك كەيپىياتتا قايتىپ
چىقتى - دە :
— ھازىرچە ئۇنى سولاپ قويۇڭلار !— دەپ تاپىلاپ ، ئۆي
تەرەپكە ئىشارەت قىلدى . ئۆزى جىددىي قەدەم تاشلاپ دەرۋازىدىن
چىقىپ ئۇدۇللا ۋاڭ ئوردىسىغا يول ئالدى . شۇ تاپتا ئۇ قانداقتۇر
بىر ئۈمىدى ھاسىل تاپقاندەك خۇشال ، كەيپى چاغ ھەم مەغرۇر
ئىدى .
ھېكىمبەگ كىرىپ كەلگەندە ئەفرىدۇن ۋاڭ يەكەنىنىڭ ئۇلۇغ-
لىرىدىن شەيخ ئىسلام ساھىب كىرام ۋە ئاخۇن مۇنەججىم زامان
بىلەن داستىخان ئۈستىدە ئىدى . ھېكىمبەگ ئولتۇرمايلا توختى
توغرىسىدىكى مەلۇماتنى يەتكۈزۈپ قايتىپ چىقىپ ، سولاقخانىغا
كەلدى . ھازىر ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى توختىغا مەركەزلەشكەن بو-
لۇپ ، كۆڭلىدە : «خىزمەت كۆرسىتىدىغان پەيت كەلدى ، قانداقلا
قىلىپ بولمىسۇن ، ئۇنىڭ ئىقرارىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك»
دەپ ئويلايتتى . شۇڭا ، تەقەززالىق ئىلكىدە يەنە سوراقخانا ئىشىكى-
گە كەلدى . ئۇنى كۆرگەن ھاپىزبەگ خۇددى ماراپ تۇرغاندەكلا
دەرھال پەيدا بولۇپ ، بېلىگە ئېسىۋالغان بىرمۇنچە ئاچقۇچلار ئىچى-
دىن بىرنى تاللاپ قۇلۇپنى ئېچىپ بەرگەندىن كېيىن ، قول باغلاپ
ئارقىغا چېكىندى .
—تەييارلىنىڭلار !—دېدى ھېكىمبەگ كەسكىن تەلەپپۇزدا .
ھاپىزبەگ تېز - تېز قەدەم تاشلاپ قاراڭغۇل تەرەپكە يۈرۈپ
كەتتى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي ئىككى ئادەمنى باشلاپ كەلدى . ئۇلار
بېشىغا مانجۇچە قالپاق ، ئۇچىسىغا كونىرىغان لەشكەر كىيىمى
كىيىۋالغانىدى . ھېكىمبەگ نېمىشقىدۇر سەل خاتىرجەملەنگەندەك
بولدى ، ئاندىن سوراقخانىغا ئالدىدا كىرىپ ، گويا ئەزەلدىن كۆرۈپ
باقمىغاندەك ئىنچىكىلەپ قاراپ كەتتى . سوراقخانىنىڭ ئىچى ئازادە

بولۇپ ، بىر تەرەپكە سوراقچى ئولتۇرىدىغان كۇرسى بىلەن كەنتىر قويۇلغانىدى ، تاملىرىغا قېقىلغان قوزۇقلارغا ئارغامچا ، تۆمۈر كويزا ، قامچا ، زەنجىر دېگەندەك جازا قوراللىرى ئېسقلىق تۇراتتى . بىر بۇلۇڭدا تۆمۈر قىزىتىدىغان ئوچاق بولۇپ ، كۆمۈرلەر تەييارلاپ قويۇلغانىدى . تورۇستا خۇددى كىرانىڭكىدەك يوغان زەنجىر ، ئۇنىڭ ئۇچىدا ھەرىكەتلىك ھالقا ئېسىلىپ تۇراتتى ، بىر بۇلۇڭدىكى يوغان مالتاقتا يېرىم سۇ بولۇپ ، يېنىغا بىر دانە ياغاچ سوغا قويۇلغانىدى .

ھېكىمبەگ بۇلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ، توختىنىڭ ئىقرار قىلماسلىقىدىن شۇبھىسى تۈگەپ ، سوراق كەنتىرىنىڭ ئالدىدىكى كۇرسىغا بېرىپ ئولتۇردى . ھاپىزبەگ ئۇنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇردى .

— قېنى ، كەلسىلە ،— دېدى ھېكىمبەگ بىر تەرەپكە سەل سۇرۇلۇپ .

ھاپىزبەگ ھېكىمبەگنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن ، يولىيورۇق سوراۋاتقاندەك سىياقتا ھېكىمبەگكە قارىدى .

ھېكىمبەگ دېدى :

— قېنى ، باشلايلى !

— تۇتقۇن ئېلىپ كىرىلسۇن !— توۋلىدى ھاپىزبەگ گېلىنى كېرىپ .

ھايالشمايلا ئىككى ئادەم توختىنىڭ قوللىرىنى گەجگىسىگە قايرىپ ، گەدىنىدىن باسقانچە سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىپ ، قارشى تەرەپتىكى تورۇسقا ئېسىقلىق زەنجىرنىڭ ئاستىغا ئاپىرىپ توختاتتى .

ھېكىمبەگ سوراقنى باشلىدى :

— ئىسمىڭ نېمە ؟

— توختى .

— قايسى يۇرتتىن ؟

— پەيزىۋاتتىن .

— كەسپىڭ ؟
— چاكار .
— چاكار ؟ !
— شۇنداق .

توختى ئەپەندىن چاكاردەك كۆرۈنمەيتتى ، شۇڭا ھېكىمبەگ-نىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىدى ، ئەمما بۇ توغرۇلۇق كوچىلاپ ئولتۇ-رۇشنى ئورۇنسىز ھېسابلاپ ، سوراقنى داۋاملاشتۇردى :

— يەكەنگە نېمىشقا كەلدىڭ ؟
— تۇغقان ئىزدەپ .
— تاپتىڭمۇ ؟
— بۇ يەرگە تېخى ئەتىگەنلا چۈشتۈم .
— تۇغقىنىڭنى كۆرسەڭ تونۇمسەن ؟
— ياق .
— بۇ يەردە تونۇشۇڭ بارمۇ ؟
— يوق .
— چېرىكلەرنى ساناپ نېمە قىلماقچىدىڭ ؟

توختى بۇ سوئالدىن ھەيران قىلىپ ، ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ، ھېكىمبەگنىڭ كۆزىگە قارىدى .

— سۆزلە !... — ھېكىمبەگ كەنتىرنى قاتتىق مۇشتلاپ ، ئورنىدىن دەست تۇردى .

توختى ھەيران قالغان تەلەپپۇزدا ئىنكاس قايتۇردى :

— ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم .
— ئەتىگەن «دۆرتقازا مەھەللىسى»دە كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چېرىكلەرنى بارمىقىڭنى چىنەپ سانىغىنىڭ راستمۇ ؟
— بىلمەيمەن .
— يۇزلەشتۇرسەم نېمە دەيسەن ؟
— يۇزلىشەي ، ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسام ، ئۆلتۈرۈپ تېنىمنى پارە - پارە قىلىۋېتىڭلار .
—گۇۋاھچىنى ئېلىپ كىرىڭلار !—ھاپىزبەگ جاكارلاپ بو-

لۇپ ،ئاغزىنى ھېكىمبەگنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ سورىدى ،— كىمنى ، بېگىم ؟
ھېكىمبەگ جاۋاب ئورنىغا ئالاقزادە بولدى . چۈنكى ،پاش قىلە-غۇچى توختىنى تۇتۇپ بېرىپ پۇلنى ئېلىپلا تىكىۋەتكەنىدى .ئەمدى پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيتتى .تېخىمۇ يامىنى ،ئۇ-نىڭ ئىسمى - شەرىپىنى ،نەدە تۇرىدىغانلىقىنى··· سورىۋالمىغانلىقى بولۇپ ، ئېتىكى كەڭرى بۇ جاھاندا نەدىن تاپقۇلۇق ؟
ھېكىمبەگ نېمە قىلىشىنى بىلمەي بىردەم جىم تۇرۇپ قې-لىپ ، ئاندىن بىردىنلا ئەقىل تاپقاندەك : «بۇنىڭ جاجىسى تاياق ، قېنى ، ئىقرار قىلـمىـغىـنىـنى كۆرەي» دېـگەنـلەرنى ئويـ-لـىـدى - دە ، ئالدىدىكى كەنتىرنى مۇشتلاپ ۋارقىرىدى :
— ھۇ ! مۇتتەھەم ! ئەيمەنـمەسـتىـن تېخى يۈزلىشمەن دەيسىنا !··· ئۇرۇڭلار ئۇنى !···
ئىككى چېرىك ئۇنىڭ قوللىرىنى تورۇسقا ئېسىقلىق زەنجىر-نىڭ ھالقىسىغا ئۆتكۈزۈپ قويۇپ ، ئىككى تەرەپتىن كىرىچ قامچا بىلەن كۆچەپ ساۋاشقا باشلىدى .
— توختاڭلار !— ھېكىمبەگ ئۇلارغا بۇيرۇق بەردى . بۇ چاغدا قامچىنىڭ زەھەرلىك تىلى توختىنىڭ پېشانىسىگە تېگىپ يېرىلغان جايدىن شورقىراپ قان ئېقىۋاتاتتى ، يۈز - كۆزلىرىمۇ پىچاق بىلەن تىلىۋەتكەندەك جاراھەتلەنگەنىدى . توختى بولسا ، كۆزلىرى يۇمۇلماي جان ئۈزگەن مۇردىدەك چەكچىيىپلا تۇراتتى .
— قانداق ، ئىقرار قىلامسەن - يوق ؟— ھېكىمبەگ ئورنىدىن قوپۇپ توختىنىڭ قېشىغا يېقىن كەلدى .
— يۈزلىشىمەن ، كۆرگەن - ئاڭلىغان ئادەم بولسا ئالدىمدا ئىسپاتلىسۇن !—توختى غەزەپلىك نەزەردە ھېكىمبەگكە تىكىلدى .
— ئېسىڭلار !···— دېدى ھېكىمبەگ چىچاڭشىپ ،—قېنى ، بۇنىڭ ئىقرار قىلمىغىنىنى كۆرەي . كۆڭـلەكچان قىـلـىـپ ئە-دەپلەڭلار !
يېنىدا يالاپ تۇرغانلاردىن بىرسى زەنجىرنى تارتقانىدى ، توخ-

تىنىڭ پۇتلىرى يەردىن بىر گەز كۆتۈرۈلدى ، ئاندىن ئىككىسى ئىككى ياندىن قامچا بىلەن يەنە ئۇرۇشقا باشلىدى . توختىنىڭ چىشلىرى لەۋلىرىگە پېتىپ ، قامچا زەربىدە كۆڭلىكى تىتما - تالاڭ بولدى . قان تەپچىۋاتقان بەدەنلىرى تۇز سەپكەندەك ئېچىشىۋاتاتتى . ئاخىرىدا قامچا جان يېرىگىمۇ زەرب بىلەن تېگىشكە باشلىدى . ئاڭغۇچە توختى ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەنىدى .

— بوشىتىڭلار !— دېدى ھېكىمبەگ بۇيرۇق قىلىپ .

توختى قوللىرى زەنجىردىن بوشىتىلىش بىلەن گۈپپىدە يەرگە يىقىلدى .

— نېمە تۇرىسلەر ! ؟— چەكچەيدى ھېكىمبەگ .

ئۇلار ئىككى سوغا سوغۇق سۇ چېچىۋىدى ، توختى ئەندىكىپ كۆزىنى ئاچتى . توختىنىڭ بەدىنىنىڭ ھەممە جايلىرى جاراھەتلەنگەنىدى .

— ئىقرار قىلامسەن - يوق ؟— ھېكىمبەگ گېلىنى كېرىپ كاركىرىدى . توختى زەئىپ ئاۋاز بىلەن قەتئىي ئېيتتى :

— يۇزلىشىمەن !

— سۆزلىتىڭلار !— ھېكىمبەگ ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى .

توختىنىڭ پەقەت بېشىنىڭ ئۇستىلا ئازراق ساق قالغانىدى . يايىلار ئۇنى قولىقىدىن تۇتۇپ تۇرغۇزۇپ تامغا ئۇستۇرۇشكە باشلىدى . نەتىجىدە يۇز - كۆزلىرى ئىششىپ چىقتى ،بېشى ئايلاندى . ياشلار يىپى ئۇزۇلگەن مارجاندەك سىرغىپ ،كۆز قۇيرۇقلىرىدىن مەڭزلىرى بويلاپ ئاقتى .شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ ،تامىقى قۇرۇپ ،قاتتىق تەشنالىق تۇتۇۋاتاتتى .

بېشىدا قاراپ تۇرغانلار ئۇنى «ئۆلدى»گە چىقىرىشتى .

ھېكىمبەگ ئىقرارنى ئاللىمىغانلىقتىنمۇ ياكى ئۆلۈپ كەتسە جاۋابكارلىقنىڭ ئۆزىگە كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىنمۇ ، ئەيتاۋۇر ، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ تۇرغاندا ، توختى :

— سۇ !— دەپ ،لاپپىدە كۆزىنى ئاچتى . شۇ كەمگىچە گەپ- سۆز قىلماي ئولتۇرغان ھاپىزبەگ بىرنوگاي سۇ ئەكېلىپ توختى-

ـنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئاپاردى ، توختى ناھايىتى ئۆساپ كەتكەچكە ھەممىسىنى ئىچىۋەتتى . ئۇنى ئەمدى يەنە داۋاملىق قىيناشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى . ھېكىمبەگ ھاپىزبەگكە :

— زىندانغا ئاپىرىۋېتىڭلار ، ئۆلۈپ قالمىسۇن !— دەپ تاپىلاپ ، دەرۋازىدىن چىقىپ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى .

توختىنىڭ كۆڭلەكچان بەدىنى قان ئارىلاش پاتقاقتا بولغانچە-قا ، شۇ پېتى تاشلاپ قويسا سوغۇق زىنداندا ئۇزاققا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى . ھاپىزبەگ رۇستەمنى چاقىرىپ بۇيرۇۋىدى ، كونا بولسىمۇ پاكىز يۇيۇلغان كۆڭلەك - ئىشتان ، پاختىلىق چاپان ئەكېلىپ ، كىيىملىرىنى يەڭگۇشلەپ قويدى ، پۇتىغا كىگىز پارچە-سىنى يۆگەپ كونا چورۇقنى كەيدى ، ئاندىن ئاشخانىدا ئىسسىن-دۇرغاندىن كېيىن ، ئىككى چېرىك قولتۇقلىرىدىن يۆلەپ زىندانغا ئېلىپ ماڭدى .

توختى شۇنىڭدىن باشلاپ كۈندە دېگۈدەك تۇرۇپ - تۇرۇپ ھوشىدىن كېتەتتى . ھېكىمبەگ ئۇنى سازايى قىلىپ بىر تەرەپتىن جامائەتنى قورقۇتۇش ، يەنە بىر جەھەتتىن تونۇيدىغان ياكى ھېس-داشلىق قىلىدىغانلار چىقىپ قالسا ، «شېرىكى» دەپ تۇتۇپ ، ۋاڭغا بەرگەن مەلۇماتنى راستقا چىقىرىشقا ئالدىرايتتى . شۇڭا ، ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە جامائەتنىڭ بامداتتىن يېنىشىغا ئۇلگۇرتۇپ مەس-چىت ئالدىغا ئاپارغانىدى ، قاتتىق باغلانغانلىقتىن قان تومۇرلىرى توسۇلۇپ يەنە ھوشىدىن كەتتى ، توختى ئۆلسىمۇ - ئۆلمى-سىمۇ ، ۋەزىيەت ھېكىمبەگكە پايدىسىز ئىدى . ھەممىدىن قور-قۇنچلۇقى ، توختى پاش قىلغۇچى بىلەن يۈزلەشمەن دېگەن سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋاتاتتى . بۇ تەلەپكە قازى بەگمۇ بىرنېمە دېيەلمەيتتى . يۈزلەشتۇرۇش توغرا كەلسە پاش قىلغۇچىنىڭ ئىسمى ، يۇرتى ، تۇرالغۇسى ياكى تونۇش - بىلىشلىرىنى ھېچقايسىسى بىلمەيتتى ، ئەھۋال ئاشكارىلىنىدىغان بولسا ، ھېكىمبەگ ئوردا بەگلىرى ئارى-سىدا قاتتىق رەسۋا بولاتتى . ئەگەر ئۆلۈپ كەتسىچۇ ؟... ئۇ چاغدا ، گۇناھىنى تەھقىقلىمەي ئادەم ئۆلتۈرۈش شەرىئەتكە خىلاپلىق قىل-

غانلىق ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇنى ئەفرىدۇندىن باشقا ھېچكىم قوللىمايتتى. ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى كېلىپ قالسا، بۇ سىرنى يوشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىغا ھېكىمبەگنىڭ كۆزى يېتەتتى. توختىنىڭ ياقا يۇرتلۇق ئىكەنلىكىلا ئەمەس، بەلكى تەتۈرلۈكى بەگلەرنى زېرىكتۈرگەنىدى. ھاپىزبەگ ھېكىمبەگنىڭ يالغانچى، ۋەھشىيلىكىگە ئۆچ بولۇپ، نۇرغۇن ئاجىزلىقلىرىنى ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن، گەرچە مەنسەپ دەرىجىسى ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولسىمۇ، ئانچە ئەيمىنىپ قالمايتتى، گەپ- گەپكە توغرا كەلگەندە ئۆتكۈزۈۋەتمەيتتى. ھېكىمبەگ كۆڭلىدە: «ھامان بىر كۈنى ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ» دەپ، باشقىلارغا قىلغاننى ھاپىزبەگكە قىلالمايتتى، ئەمما ئىچىدە بىلەتتى. بۈگۈن ئالدىراپ- تېنەپ سولاقخانىغا كېلىشىنىڭ سەۋەبى توختىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن ئىدى.

ھاپىزبەگ توختىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئاللىقاچانلا ھېس قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. توختى كۈندىن- كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى. ھېكىمبەگ سورىغاندا، پەقەت ئەھۋالى كۈندىن- كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتىدۇ دەپلا قوياتتى. بۇنىڭ بىلەن ھېكىمبەگ جىمىپ قالاتتى. ھاپىزبەگنىڭ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق مۇئامىلىدە بولۇشى، ناھەق جازالانغانلىقىغا ئىچ ئاغرىتقانلىقىدىنمۇ ياكى قىزى رەيھاننىڭ شۇنداق مۇلايىم ھالدا: «جېنىم ئاتا! 〈يېتىمنىڭ كۆڭلى خۇدانىڭ ئۆيى〉 دېيىلىدىكەن، توختى يېتىملىكتە چوڭ بوپتۇ دەۋاتىمىز، بىر كىتابنى كۆرسەم: 〈ئادەم ئۆلسە يىغلىماسلىق، پەقەت يېتىم- مۇساپىرلار ئۆلۈپ كەتسە، يەتتە كۈن يىغلاش لازىم. ئۇنىڭ ماتىمىنى پەرىشتىلەرمۇ تۇتىدۇ〉 دېيىلىپتۇ. رەھىم قىلىپ قۇتۇلدۇرۇپ قېلىڭ» دەپ بىچارىلىك بىلەن يالۋۇرۇشلىرىنىڭ كۈچىدىنمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ھېكىمبەگ بولسا، گۇدرەت ئىچىدە ئۆزىنى باشقا بەگلەردىن قاچۇرۇپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى مەنمەنلىكى تۈگەپ، تەتۈرلۈكى پەسىيىپ قالغاندەك قىلسىمۇ، نېمىلەرنى ئويلاپ يۈرگەنلىكى نامە-

لۇم ئىدى . ئۇ بارا ـ بارا توختىنى ئانچە سوراپمۇ كەتمىدى ياكى چىقىرىۋېتىشكە ئىجازەت بەرمىدى . قارىغاندا ھېلىقى نامەلۇم ئادەم ـ نى تېپىپ ، پاكىتقا ئېرىشمەكچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى . بىراق ، بۇ بىر سىر ئىدى .

## ئۈچىنچى باب

# تۆھمەت

تۈنۈگۈندىن بېرى زىنداندا يېتىۋاتقان توختى سەل ھوشىغا كەلگەن بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئاچچىق ئېچىشىۋاتاتتى، ئۇستىخانلىرى چېقىپ پارە - پارە قىلىۋېتىلگەندەك چىدىغۇسىز ئاغرىيتتى. بېشى زىڭىلداپ، قۇلاقلىرى قاپاق ھەرە كىرىۋالغاندەك غوڭۇلدايتتى، ئاغزى قۇرۇپ كەتكەنىدى. كۆڭلى ئېلىشقانلىقتىن، زورۇقۇپ يۈز - كۆزلىرىدىكى قان ۋە پاتقاقلارنى سۈرتۈۋەتمەكچى بولۇۋىدى، ھەرقانچە قىلسىمۇ قوللىرىنى كۆتۈرەلمىدى. ئۇ تەستە كۆزىنى ئېچىپ كۆردىكى، يېنىدا شۇنداق قورقۇنچلۇق مەخلۇق ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ئېيىقتىن پەرقلەندۈرگۈسىز بۇ ھەمراھىنىڭ مەيدە ۋە يۈز - كۆزلىرىنى قويۇق تۈك باسقان بەتبەشىرە تۇرقى ئۇنىڭغا گويا بىر قاباھەتلىك چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بىلىنىپ، شۇئان كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

— ئۇكا، قورقما! كۆزۈڭنى ئاچ، — دېدى ئۇ ئادەم، — ھېچقىسى يوق، ئۆگىنىپ قالىسەن، ھۇ!... مۇناپىقلار! شۇنداقمۇ قىينامدۇ!؟

توختىنىڭ سېزىمى توغرا چىقتى، ئۇنىڭ تارتىۋاتقان ئازابلىرى چۈشى ئەمەس ئىدى. ئەمدى ئۇ ئۇستىخانلىرىنىڭ تېخىمۇ ئاغرىۋاتقىنىنى ھېس قىلدى. شۇنداق ھارغىنلىق يەتكەن ئىدىكى، مىدىرلاشنىمۇ خالىمايتتى. ئەمما، ھەرقانچە شۈك ياتقان بىلەنمۇ، تارتىۋاتقان ئازابى يېنىكلەپ قالمايتتى. ئۇ ئاغرىق دەستىدىن ھو-

شىدىن كېتىپ ، بىردەمدىن كېيىن يەنە ھوشىغا كەلگەندە تىلى ئىششىپ ئاغزىغا پاتمايۋاتقاندەك ، قاڭشىرى يۈزىنىڭ باشقا بىر يەرلىرىگە چاپلىشىپ قالغاندەك ، قۇلاقلىرى قۇلاق ئەمەس ، ئېغىر ھەم ئارتۇقچە نەرسىدەك تۇيۇلدى . تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر قاپاقلىرىنى مۇشەققەتتە مىدىرلىتىپ كۆزىنى ئېچىپ ، غۇۋا كامېرنىڭ ئىچىدە بېشىنى ھېلىقى ئادەم قۇچىقىغا ئېلىپ ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپلا ، قاتتىق مەيۈسلىنىپ كۆزىنى يەنە يۇمۇۋالدى . بىردىنلا چىرايلىرىنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيدىغان ئاتا - ئانىسىنى ئەسلىدى ، تۇغقانلىرىنىڭ تەربىيىسىدىكى سەبىي چاغلىرىنى ئويلىدى . بۇنىڭغا ئۇلاپ ، يېتىملىكتە تارتقان خورلۇقلىرىنى بىر - بىرلەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى . تۇرۇپلا كۆز ئالدىغا چاڭ شەنسىڭ كەلدى . «چاڭ شەنسىڭ مېنىڭ ئۇستازىم ھەم تەربىيىچىم ، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ، — ئۇ مېنى تەربىيىلىدى ، ئوقۇتتى ، مۈڭگۈزلۈككە ئۆسۈتمىدى ، تۇمشۇقلۇققا چوقۇتمىدى ، ئۆز بالىلىرىدىن چارە كۆردى . ئەگەر مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىمنى بىلسە ، ئاللىقاچان قۇتۇلدۇرۇۋالغان بولاتتى . مانا مېنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقىنىمنى ، نېمە كۈن كۆرۈۋاتقىنىمنى ئۇ بىلمەيدۇ . سوراقچىنىڭ ئويدۇرما سوئاللىرىدىن قارىغاندا ، مېنى بىرەر سىياسىي گۇناھكارغا ئوخشىتىپ قالغان بولسا كېرەك . ياق ، مېنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىمنى ، كىملىكىمنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇقلۇق ،قانداقمۇ بىرەر كىشىگە ئوخشىتىپ قالىدىغان ئىش بولسۇن ؟ھېلىقى پاش قىلغۇچى كىم بولغىيدى ؟ سوراقچى بەگ نېمە ئۈچۈن ئۇنى مەن بىلەن يۈزلەشتۈرۈشتىن قاچىدۇ ؟ ئېھتىمال مېنىڭدىن سوراۋاتقانلىرى سوراقچىنىڭ گۇمانىدۇر... » ئۇ ئۆزىنى بەزلىگىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى .

توختىنىڭ ئۇخلىغىنىنى بىلگەن ھېلىقى ئادەم ئۈستىنى ئوبدان چۈمكەپ قويدى . توختى تۇرۇپ - تۇرۇپ ئىڭرايتتى ، بىرنېمىلەرنى دەپ جۆيلۈيتتى . ئەمما ، ئاۋازىدىن باشقا ھېچنېمىنى ئۇققىلى بولمايتتى . ئۇ تۇرۇپلا جىمىپ كەتكەندە ھېلىقى ئادەم

قولىقىنى ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا يېقىن ئاپىرىپ تىڭشاپ كۆرەتتى - دە، بوش ئاڭلىنىۋاتقان غىژ - غىژ ئارىلاش تىنىقىنى سېزىپ كۆڭلى سەل تىناتتى. ناۋادا ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ دېرىكىنى قىلغۇدەك كىشى چىقمايتتى. پەقەت بىرلا ئادەم — رەيھانلا ئۇنىڭ پىنھان غېمىنى يەيتتى. رەيھان ئۇنى تاۋۇتقا سېلىپ ھەپىسخانىغا ئېلىپ ماڭغاندىن باشلاپ ئۇنتۇپ قالمىدى، رەيھانىنىڭ روھىي ئازابىنى ئۇنىڭ ئازابىدىن 10 — 100، ھەتتا 1000 ھەسسە ئارتۇق دېيىشكە بولاتتى. چۈنكى، ئۇنى كۆرۈش بىلەن تەڭ ئۇشتۇمتۇت تەگكەن ئىشق ئوقى قىزنىڭ يۈرىكىنى پارە - پارە ئەيلىگەنىدى. قىز شۇنىڭدىن بۇيان ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇش دەرىجىسىگە يەتتى، پىكىرلىرى قالايمىقانلاشتى، كۆزىدىن ئۇيقۇ قېچىپ، بەقەمدەك قىزاردى. ئۇ گاھىدا ئاھ ئۇرسا، گاھىدا ئۆز - ئۆزىگە بىرنېمىلەرنى دەيتتى. تۇرۇپلا يەنە ئەسلىگە كېلىپ ئۆزىگە: «نېمە ئىش بۇ؟ مەن نېمە بولدۇم؟» دېگەن سوئاللارنى قويۇپ، كەيپىياتىنى ئوڭلىۋالاتتى، لېكىن ئىچكى ئازابى بارغانسېرى كۈچىيىپ، «چېقىن» يانغىنىغا ئايلىنىۋاتاتتى، بۇ يانغىن مۇھەببەتنىڭ يانغىنى، ئازاب بولسا ھىجران ئازابى ئىدى، ئۇيقۇدىن بىدار چاغلىرىدا شېرىن خىياللارنىڭ ئەسىرىگە ئايلىناتتى - دە، يوپۇقسىز تاۋۇت، قانغا بويالغان ھېلىقى يىگىت كۆڭۈل ئېكرانىدا نامايان بولۇپ، يۈرەك - باغرى ھەسرەتتىن پۇچىلىناتتى. ئەمما، ئۇ ھېچقانداق «ئىش» كۆرمىگەنلىكتىنمۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيتتى. پەقەت ئۆزىنى داۋاسىز كېسەلگە مۇپتىلا بولغاندەك سېزەتتى.

رەيھان قەلبىدە روي بېرىۋاتقان تۈيغۇنىڭ تېگىگە ئاخىر يەتتى. ئۇ گويا ئەڭ ئامراق نەرسىسىنى يوقاتقاندەك بىئارام بولۇپ، ئۆزىگە تەسەللى ئىزدىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئويۇقتىكى كىتابلارغا چۈشۈپ قولىغا ئالغان بولسىمۇ، ئەمما تازا ئوقۇغۇسى كەلمىدى. كىتابنى تېخى ئاچماي تۇرۇپ، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ قايسىدۇر غەزىلىدىكى:

«بىر كۆرۈپ ھۆسنىڭنى زارۇمۇپتىلا بولدۇم ساڭا،
نە بالالىغ كۈن ئىدىكىم ئاشىنا بولدۇم ساڭا.»

دېگەن بېيىتنى ئېسىگە ئالدى، ئاندىن كىتابنى ۋاراقلاپ ئۇنى تېپىپ، قومۇش قەلەمنى سىياھقا چىلاپ، تېگىگە:

«بىلمىدىم بولدى نەھال چۆكتۇم پىراق دەرياسىغا،
كۆرگىلى نېسىپ بولارمۇ، تەشنا بولدۇم ساڭا.»

دېگەن ئىككى مىسرانى يېزىپ قويدى. بۇنىڭدىن كۆڭلى بىر ئاز تەسكىن تاپقاندەك بولۇپ، نەۋائى يۇقىرىقى بېيىتنى گويا ئۇنىڭ بۈگۈنكى ھالىغا ئاتاپ يازغاندەك ھېسسىياتتا سۆيۈنۈپ تەكرارلىدى، «ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك،— دەيتتى ئۇ كۆڭلىدە،— بۇ ئىش ئاتامغا باغلىق، ئۇنى كۆندۈرۈشۈم كېرەك، ھە دېگەندە قىيىن - قىستاق، قىيا - چىيا، نالە - پەريادلار ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزگەچكە، ئۇنىڭ گۆشتىن يارالغان يۈرىكى تاشتەك قېتىپ كەتكەن. مەن تۇيغۇدىن مەھرۇم بۇ يۈرەكنى بالىلىق مېھرىم بىلەن ئېرىتىپ، ياردەمگە چاقىرىمەن، ئىگە - چاقىسىز ئۇ بىچارە يىگىتنى يېڭىۋاشتىن ھاياتلىققا ئېرىشتۈرىمەن!»

ئاخشام شۇنداق خىياللار بۆشۈكىدە ئەللەيلىنىپ، قايسى چاغدىدۇر ئۇخلاپ قالغان رەيھاننىڭ بامدات نامىزىمۇ قازا بولدى، ئانىسى ئۇنى نوقۇپ ئويغاتقاندا ئاللىقاچان تاڭ ئېتىپ، شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش تۇمان ئارىسىدىكى سۇس نۇرلىرى بىلەن ئالەمنى يورۇتقان، يەكەن كوچىلىرىدىكى ماھۇقتەك ئاپئاق قالارمۇ دەسسىلىپ ئۇلگۇرگەنىدى.

رەيھان ناشتا قىلىش ئۈچۈن داستىخانغا كەلگەندە، كۆزلىرى قىزىل، قاپاقلىرى غورىدەك ئىششىق، روھىي ھالىتى سولغۇن كۆرۈنەتتى. ھاپىزبەگ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمىگەچكە، تاۋى يوق ئوخشايدۇ دەپ بىلدى بولغاي، كۆيۈمچانلىق بىلەن سورىدى:

— نېمە بولدۇڭ ، قىزىم ، مىجەزىڭ يوقمۇ ؟
— شۇنداق .
— نېمە بولدۇڭ ؟
— ئۇخلىيالمىدىم .
— قەيىرىڭ ئاغرىۋاتىدۇ ؟
— ھېچ يېرىم ئاغرىمىدى .
— ئەمىسە ئۇخلىيالماسلىقىڭ نېمە ۋەجدىن ؟
— تۇنۇگۇنكى ئىشقا...
ھاپىزبەگ گەپنى بۆلۈپ سورىدى :
— قايسى ئىشنى دەيسەن ؟
— ھېلىقى تاۋۇتتىكى ئادەمنىڭ ئىشى بولمامدۇ ، ئاتا ! نېمە بولدىڭىزكىن ، دىلىڭىز يۇمشاق ئىدى ، ھېچ بىلمىدىم ، ئەمدى نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىغانسىز ، يېشىڭىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالـدى . ئۇنداق قىلىپ كەتمەڭ ، كىشىلەرگە ئىچ ئاغرىتىشنى بىلىڭ . ئاخىرەتلىك ئۇچۇن بولسىمۇ ئاز ـ تولا ساۋابلىق ئىش قىلىڭ . ئاخىرەتنى ئويلاپ ئىبادەت قىلىدىغان ۋاقتىڭىزمۇ يەتتى...
— «ئىبادەت»نىڭ گېپىنى قىلىۋاتامسەن ! مەن قانداق ئىباـ دەت قىلاي . مەن زىندان بېگى بولغاندىن بېرى كۆرىدىغىنىم ، ئەركىنلىكىدىن ئايرىلغان ئاشۇ مەھكۇم جانلار ، ئاڭلايدىغىنىم ، ئېچىنىشلىق نالە ـ پەرياد ، يىغا ـ زار ، كۇنۇم ئاشۇ مۇدھىش قارا دەرۋازا ئىچىدە ئۆتۈۋاتىدۇ . سەن ئۇ تۇتقۇن يىگىتنى كۆرۈپ بەك ھاياجانلىنىپ كېتىپسەن . زىنداندا ئۇنداق ئادەملەر ئاز دەمسەن ؟ مەنمۇ بۇ مەنسەپكە يېڭى تەيىنلىنىپ كەلگەندە سەندەكلا ھاياجانلىـنىپ ، گېلىمدىن غىزامۇ ئۆتمىگەن چاغلار بولغان . ئىلاج قانچە ، ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ قالدىم . ھەممىسى ئۆزلىرىنى گۇناھسىز دەيدۇ ، بۇنى كىم ئىسپاتلايدۇ ؟ كۆپىنچە ھاللاردا رەۋزەشەب ئامبال سوراققا كىرگەندە مىرزىلىق قىلدىم . ئۇ كۇندە دېگۇدەك ئادەم تۇتمىسا كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمەيدۇ ، سولاقخانىغا قۇرۇق كەلمەيدۇ ، ھەتتا بىر دېھقان ھاشارغا ھەيدەپ بارغان دورغىنىڭ تاپان ھەققى

ئۈچۈن بىر چارەك قوناق بېرەلمەيتتىكەن، شۇنىمۇ «خانلىق بىلەن قارشىلىشىپ، سېلىق تاپشۇرۇشقا ئۇنىمىغان» دەپ سىياسىي گۇناھكار قاتارىدا زىندانغا تاشلىدى، بىچارە سوراقتا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆلۈپ كەتتى. مانا بۇ نۆۋەت بىر يىگىتنى «لەشكەر ساناپسەن» دەپ تۇتۇپ ئەكېلىپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. مەلۇمات يەتكۈزگۈچى ۋە تۇتۇپ بەرگۈچىنى شۇ تاپتا ھېكىمبەگ ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيدۇ. بۇغۇ تۇرۇۋەرسۇن، ئاتۇشنىڭ ئاغۇ دېگەن كەنتىدىن «توپىلاڭچى» دەپ بىرسىنى يالاپ ئەكېلىپ زىندانغا تاشلىغىلى ئۈچ يىل بولدى، قانچە قېتىملاپ قىيىن - قىستاققا ئېلىپمۇ ئاغزىنى ئاچۇرالىغىنى يوق. ئاڭلىشىمچە، ئۇ ئۆيىگە لۈكچەكلەرنى يىغقانمىش، ئەمما نېمە قىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. مۇشۇ كۈنلەردە، مېھمان چاقىرغانلار، باشقا يۇرتتىن تۇغقان يوقلاپ كەلگۈچىلەر، ناتونۇش ئادەملەر، بەگ - دورغىلارغا تىكىلىپ قارىغانلارنىڭ ھەممىسى «توپىلاڭچى» دېيىلىپ، زىندانغا تاشلىنىۋاتىدۇ،— ھاپىزبەگ جىم بولۇپ قېلىپ، بىردەمدىن كېيىن قوشۇپ قويدى،— يېنىدا قارايدىغان ئادەم بار، مەھبۇسلار يات بولسىمۇ، بىر - بىرىگە بەك كۆيۈنىدۇ، ئىشەنمىسەڭ مەن بىلەن بېرىپ كۆرۈپ باق!— ئۇ قىزىنى سىناۋاتقاندەك كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— بىرنەرسە ئېلىۋالايمۇ؟ بىچارە ھېچنېمە يېمىگەندۇ ھەقاچان؟— رەيھان ئاتىسىنىڭ كۆزىگە تەلمۈرۈپ يېلىنغان تەرزدە ئېيتتى، ئاندىن ئولتۇرغان ئورنىدىن سۇرۇلۇپ ئەركىلەپ سۇۋاشتى،— ماقۇل دەڭە، ئاتا، بىلىسىڭىز بۇ سىزنىڭ قىلالمىغان ئىبادەتلىرىڭىزنىڭ كاپارىتى بولىدۇ.

— يەنە شۇ ئىبادەتنىڭ گېپىما! مۇشۇنداق ئىشنى قىلىدىغان ئادەمگە ئىبادەتنىڭ نېمە كېرىكى؟ بۇ ھالىمدا مەن ھەرقانچە ئىبادەت قىلسامۇ ئاللا كەچۈرمەس دەيمەن. ياشلىقىمدا قىلماپتىمەن. ئەمدى يېشىم بىر يەرگە يەتتى. «ياشلىقىدا قىلغان ئىبادەت تاشقا مۆھۈر باسقاندەك، قېرىغاندا قىلغان ئىبادەت قۇمغا خەت يازغان-

ـدەك »مىشقۇ ؟
رەيھان قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ، ھاپىزبەگمۇ قوشۇلۇپ كۈل-
دى . رەيھاننىڭ ئانىسى زۇمرەتخېنىم ، ھەتتا تاماق تۇشۇۋاتقان
خىزمەتكار قىزغىچە تېلىقىپ كۈلۈشتى .

تاماق كەلتۈرۈلۈپ ، داستىخاندىكىلەر تائامغا قول ئۇزىتىشقا
تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا ، زۇمرەتخېنىم قىزىنى ياقلاپ ئېيتتى :

— رەيھانگۈل راست ئېيتىدۇ ، دادىسى ، سىلى ئىبادەت قىلال-
مىسىلىمۇ ، قىزىمىز ساۋابلىق تاپسا ئۇنىڭ خاسىيىتى سىلىگە
تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ . ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغانلىق ، ئوقۇتقانلىق ،
ساۋابلىق ئىزدىشىگە يول قويغانلىقىنىڭ ئۆزى ھەممىنى بېسىپ
چۈشىدىغان ئىبادەت جۈملىسىگە كىرىدۇ . قىلغانلىرى بىزنى بې-
قىش ئۈچۈن ، بالامغا قالىدۇ دېگەن نىيەتتە بولدى . ئەمدى قازا
بولغان ئىبادەتلىرىنى قىزىمىز رەيھانگۈل قىلىۋەتسۇن ، سىلى گۇ-
ناھلىق ئىش بولمىسىلا ئۇنىڭ مۇددىئاسـىـنى ئىشقا ئاشۇرۇشقـا
يول قويسىلا بولىدۇ ئەمەسمۇ ! ؟

ھاپىزبەگ ئىپادە بىلدۈرمىدى ، شۇنداقتىمۇ روھىي ھالىتىدىن
زۇمرەتخېنىمنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى .
كۆڭلىدىن : «ئۇ راست ئېيتىدۇ ، نېمە قىلسام جان باقمەن دەپ
قىلدىم . مەندىن كېيىن خوتۇن - بالىلىرىم كىشىنىڭ قولىغا قاراپ
قالمىسۇن دېدىم شۇ . ۋاقتى كەلگەندە مېنىڭ قەدرىمگە يەتسىلا
بولدى . 〈كىشىنىڭ دەردىگە يەتتى〉 دېگەن مانا شۇ . رەيھان مەن
بىلەن بىرگە بارسا بارسۇن . ئېلىنىۋېلىشقا دورا بولسا ياخشى بولات-
تى . قېنى ، كۆرۈپ باقامدۇق» دېگەنلەرنى ئۆتكۈزۈپ ، بىردىنلا
ھەممە ئىشتىن رايى يانغاندەك ،قېرىلىق مەۋسۇمى «ياۋاش بول !»
دەپ گەجگىسىدىن بېسىۋاتقاندەك ، مەغرۇر روھى بوشىشىپ ،
شۈكلەپ قالدى .

رەيھان كىچىكىدىن زېرەك ، ئوقۇمۇشلۇق قىز ئىدى ، ئۇ
ئانىسىنىڭ ئۆزىنى قوللاۋاتقانلىقىنى ، ئاتىسىنىڭمۇ يۇمشاپ قالغىـ
نىنى سېزىپ خۇرسەن بولدى . «دۇئا» قىلىنىپ داستىخان يىغى-

لىش بىلەن ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇشتى ، قوللارمۇ يۇيۇلۇپ بولدى . رەيھان نېمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى . زۇمرەتخېنىم ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ، ئارقىدىنلا :

— رەيھانگۈل !— دەپ چاقىردى .

رەيھان كىرگەندە زۇمرەتخېنىم بىر لېگەنگە ئۇسۇلغان پولۇنىڭ ئۈستىدىنى ھەمەكىلەر بىلەن يېپىپ ، داستىخانغا ئوراۋاتاتتى . ئۇ :

—گۈندىخانىغا بۇنى ئالغاچ كىرىڭلار ، نەزىر بولار ،— دېدى .

رەيھان شۇنداق خۇشال بولدىكى ، ئانىسىنى كۆتۈرۈپ نەچچە ئايلاندۇرۇپ دەسسىتىپ قويغۇسى كەلدىيۇ ، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋالدى . ئۇ داستىخاننى ئۆزى كۆتۈرۈپ ماڭالمايتتى ، ئۇنداق قىلىشقا ئاتىسىمۇ يول قويمايتتى ، شۇڭا زۇمرەتخېنىم خىزمەتكار قىز رازىيەنى چاقىرىپ :

— سەن بۇنى ئېلىپ ، بېگىم ھەپسخانىغا ماڭغاندا بىرگە بارغىن . سوراپ قالسا رەيھانگۈل بار ، دەپ قولىغا تۇتقۇزۇپ تۇراتتى ، ھاپىزبەگ مەنسەپ فورمىسىنى كىيىپ بولۇپ ، قىزىنى چاقىردى :

— رەيھانگۈل ! قېنى سەن !

رەيھان داستىخان كۆتۈرگەن رازىيەنى ئەگەشتۈرۈپ ئاشخانىدىن چىقتى ، ھاپىزبەگ بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سوراپ بولغۇچە ، رەيھان ئاتىسىغا ئېيتتى :

— كېچىدىن ئانام يامان چۈش كۆرۈپ قاپتىكەن ، بۇ بىر لېگەن ئاشنى گۇناھكارلاردىن ئىگە - چاقىسى يوق بىرسىگە بېرىۋېتىڭلار دەپ تەييارلاپ قويۇپتۇ . رازىيە كۆتۈرۈشۈپ بىرگە بارسۇن دېدىم .

رەيھان ئاتىسىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا رازىيەنى ئەگەشتۈرۈپ ئالدىدا ئىشىكتىن چىقتى .

زۇمرەتخېنىم ساۋاتسىز بولغان بىلەن ناھايىتى زېرەك ئايال ئىدى . زۇمرەتخېنىم ئەسلىدە شەھەردە ئولتۇراقلىشىپ ئوقەتچى-

لىك قىلىدىغان بىر ئائىلىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، ئەمدىلا 16 ياشقا قەدەم قويغان مەزگىللىرى بولسا كېرەك، بىر كۈنى قاپاقنى مۈرىسىگە ئارتىپ كۆلگە سۇغا كېتىۋاتقاندا، ھاپىزبەگنىڭ ئالدىغا ئۇچراپ قالغان، ھاپىزبەگ شۇنداق كۆزى چۈشۈشى بىلەنلا يۈرىكىدە گە ئىشق ئوتى تۇتاشقان. ئۇ چاغدا ئۇ بازار بېگى تەۋەككۇلنىڭ مىرزىسى ئىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ زۇمرەتخېنىمنىڭ كويىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ تەۋەككۇلبەگنى ئارىغا سېلىپ ئاخىر قولغا كىرگۈزگەن. ئۇ زۇمرەتتىن 10 ياش چوڭ كېلەتتى. تويدىن كېيىن زۇمرەت قېچىپ يۈرۈپ ئېرەن قىلمىدى. ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى، زۇمرەت تويى بولۇپ توققۇز يىلدىن كېيىن رەيھانغا ھامىلىدار بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن لاسىدە پەسكويغا چۈشتى. يېشىمۇ 25 تىن ئاشتى. تۇغقاندىن كېيىن ۋاقىتنى بالا بېقىشقا قاراتتى. ئېرىمۇ ئۇنىڭغا ھەر جەھەتتىن يول قويۇپ، رەنجىتمەيتتى، ئائىلىدە ئۇنىڭ قىلغىنى قىلغان، دېگىنى دېگەن‌ىدى. بەزى ـ بەزى يامان چۈش كۆرۈپ قالغان چاغلىرىدا، مەھبۇسلارغا كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك كىرگۈزۈپ بېرىدىغان ئادىتى ئىلگىرىدىن بار ئىدى، بۇ ھەرگىز چەكلىمىگە ئۇچرىمايتتى. بۈگۈنمۇ رازىيە داستىخانغا ئورالغان ئاشنى ئېلىپ ماڭغاندا، بۇنىڭغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدى.

زۇمرەتخېنىم بەكمۇ ئىش بىلىدىغان ئايال ئىدى. بۇ يىل 40 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ ياش چوكانلاردەك كۆرۈنەتتى. ئۇ قىزى رەيھاننىڭ ئويلاۋاتقانلىرىنى سېزىپ ئۇلگۈردى. چۈنكى، رەيھان ھە دېسە ھېلىقى يوپۇقسىز تاۋۇت توغرىسىدا گەپ ئېچىپ، شوكلەپ قالاتتى، تۇيغۇن ئانا كۆڭلىدە «قىزىمىز بىر ئادالەتسىزلىك ئۇچۇن ئېچىنىپ، ھېلىقى تۇتقۇنغا ئىچ ئاغرىتىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ، قىزىنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىش نىيىتىدە ھېلىقى ئاشنى يۆگەپ قويغان ئىدى، ئەمما ئىشنىڭ باشقا يەردە ئىكەنلىكىنى زىنھار بىلمەيتتى.

ھاپىزبەگ بولسا ئادەتتىكى بىر مەنسەپدار ئائىلىسىدە دۇنياغا

كېلىپ ، كىچىك چاغلىرىدا كونا مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقار-
دى . بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئۈچ يىل لەشكەر بولدى ، ئاندىن
خەتنى چىرايلىق يازىدىغانلىقى بازار بېگىنىڭ قولىغا يېتىپ ،
مىرزا بولدى . هاپىزبەگ مىجەز جەھەتتىن كەم سۆز ، كىشىگە
ئالدىراپ سىر بەرمەيدىغان ، مەنسىپى ئۆزىدىن يۇقىرىلارغىمۇ ئەل
سالىمىنى قىلىپ ، ئانچە خوش - خوش دەپ كەتمەيدىغان ، ئوشۇق
گەپ قولىقىغا ياقمايدىغان ، كۆرۈنۈشتە تەرسا ، ئەمما ئۆز ئىشىغا
پۇختا ، چاتاق چىقارمايدىغان ئادەم ئىدى . شۇڭا ، زىندان بەگلىكى-
گە مۇۋاپىق كۆرۈلۈپ ، بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن . ئۇنىڭ بۇ ئىشنى
قىلىشقا باشلىغىنىغا ھېسابتا 10 يىلدىن ئاشقانىدى . شۇنىڭدىن بۇيان
تۇتقۇنلارنىڭ نالە- پەريادلىرى ئىچىدە ياشاپ كېلىۋاتاتتى . دەسلى-
پىدە بۇ خىل ئاھۇزارلار ئۇنى چوڭقۇر ئويلاندۇرۇپ تەگسىز رو-
ھىي ئازابلارغا سالدى ، كېيىنچە بولسا شەرىئەت ھۆكۈمالىرىنىڭ
ھۆكۈم - پەتىۋالىرىنىڭ تېگىگە يېتىپ ئۇنچىقماس بولۇۋالدى .
ئۇنىڭچە ، بۇ ئىشلارنىڭ ، گەپنىڭ ھەممىسى ۋاڭنىڭ ،بەرلىك باي-
ئەمەلدارلارنىڭ ، مۇستەبىت فېئودالـلارنىڭ ، شۇنـداقـلا ئا-
تالـمىش موللا - ئاخۇنلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىش ،
شۇلار ئارقىلىق مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى يولىدا
تۆھپە كۆرسىتىش ، قارشى كۈچلەرنى باش كۆتۈرگۈزمەسلىك ئۇ-
چۇن ئىدى . شۇڭا ، ئۇ ھەممىدىن نەپرەتلىنىشكە يۈزلەنگەندىن
باشلاپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، ئارتۇقچە ئىشلارغا ئارىلاشمىدى ،
مىجەز جەھەتتە تېخىمۇ تەرسا بولۇپ كەتتى ، خىزمەتتە ئۆزىنى پاك
تۇتۇپ ، ھېچ نەرسە قوبۇل قىلمىدى ، ئەگەر ئازراق كەتكۈزۈپلا
قويسا ، ئورنىنى ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى . ئۇنىڭ كى-
شىلەرگە ئانچە ئېگىلىپ كەتمەسلىكى ئاجىزلىقىنىڭ يوقلۇقىغا
ئىشەنگەنلىكىدىن ئىدى . ئەمما ، توختىنىڭ قىيىن - قىستاققا
ئېلىنىشۋېرىشى قەلبىنى ئازابلىسىمۇ ، ئۇنى ئازاد قىلىشۋېتىشكە قۇر-
بى يەتمەيتتى . بۇنىڭغا ئىچى قاتتىق پۇشاتتى .
ھاپىزبەگ مۇجمەل خىيال ئىسكەنجىسىدە ئۇن - تىنسىز كې-

تىپ باراتتى ، كەينىدىن تاپ بېسىپ كېلىۋاتقان رەيھان بۇنى بىلـ
مەيتتى . ئۇلار زىندانغا كىرگەندە توختى تېخىچە ئۇخلاۋاتاتتى .
ھاپىزبەگنى كۆرۈپلا ساقاللىق مەھبۇس ئورنىدىن تۇردى . ھاپىز-
بەگ توختىنىڭ ئۆلۈكتەك ياتقىنىنى كۆرۈپ ، ساقاللىق مەھبۇس-
تىن سورىدى :

— ئەھۋالى قانداقراق ؟

— تېخىچە ھوشىغا كەلمىدى .

رازىيە گۇندىخانا ھويلىسىدىنلا قايتىپ كەتتى . رەيھان ئاتىسى-
نىڭ يېنىدىن بويۇنداپ توختىنىڭ چىرايىغا قارىدى . توختى كۆزى-
نى ئاچماي ياتقاچقا ، ئۇخلاۋاتقانلىقى ياكى ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى
بىلگىلى بولمايتتى . ئۇنىڭ بىچارە ھالى رەيھاننىڭ يۈرەك - باغرى-
نى ئېزىپ ، نەپىسى قىيىنلىشىۋاتقاندەك كۆڭلى بىر قىسما بول-
دى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى ، ئۇن
سېلىپ يىغلىغۇسى ، نومۇسنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ يۈزىنى
يېقىپ ئىسسىق نەپەسلىرى ئارقىلىق ھارارەت بېغىشلىغۇسى ، بىر
تەن ، بىر جانغا ئايلىنىپ ، دەردىگە دەرمان ، ئازابلىرىغا شېرىك
بولغۇسى كېلەتتى .

رەيھان شۇنداق خىياللار ئىلكىدە تۇرغاندا ، توختى كۆزىنى
ئېچىپ ،ھەيران قالدى .چۈنكى ، كۆز ئالدىدا يۈز- كۆزىنى تۈك
باسقان بەتبەشىرە مەخلۇق ئەمەس ،بەلكى مىسلىسىز گۈزەل پەرى-
زات ،ئاي يۈزلۈك بىر قىز تۇراتتى .توختى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن
قانداقتۇر بىر خىل مېھرىبانلىق ئالامەتلىرىنى سېزىپ ،قەلبى ئىل-
لىدى .ئەمما ،كەينىدىنلا ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويۇپ ،يەنە ئۆزى
جاۋاب بېرەتتى : «بۇ زادى كىم ؟سوراقچىمىدۇ ؟ياق ،ياشلا قىز قاند-
داقسىگە سوراقچى بولسۇن !ئالدامچىمۇيا ؟بەلكىم ئاشپەز بولسا
كېرەك ،ئۇنداق بولمىغاندا بۇ يەرگە كىرەلىشى مۇمكىن ئەمەس !»
توختى شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ ،بىردىنلا ساھىبجامال
قىزنىڭ يېنىدا تۇرغان ، تۇنۇگۈن سوراقخانىدا كۆرگەن ئەمەلدارنى
كۆردى .بۇ چاغدا قىز ئۇنى ئەمەلدارغا كۆرسىتىۋاتاتتى :

— قاراڭ ، ئاتا ! ئۇ كۆزىنى ئاچتى !...
— خاتىرجەم بول ، قىزىم ! — دەيتتى ئەمەلدار ، — ئوڭلىنىپ كېتىدۇ ، قېنى ، ئاتاپ ئەكەلگەن نەزىرەڭنى ئۇنىڭغا بەرگىن ، بىچارە بۇ يۇرتقا مۇساپىركەن .
رەيھان :
— قېنى ئېلىپ كىرىڭلار !— دېيىشىگە ، بىرمۇنچە ئاچقۇچنى بېلىگە ئېسىۋالغان بىر ئادەم :
— مانا ، مانا... — دەپ داستىخاننى كۆتۈرۈپ كىردى .
ھاپىزبەگ ساقاللىق مەھبۇسقا تاپىلىدى :
— بۇنى ئۆزۈڭمۇ يېگەچ ئۇنىڭغا يېگۈزۈپ قوي .
بۇ دەل ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتى بولۇپ ، ئاشپەزلەر زىندانغا نان بىلەن قايناق سۇ ئېلىپ كىرگەنىدى . كارىدوردا مەھبۇسلارنىڭ : « ماڭا يەنە ئازراق ، ماڭا يەنە ئازراق ! » دەپ توۋلاشلىرى ، چۆمۈچنىڭ قاچىلارغا تەگكەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى . ھاپىزبەگ رەيھاننى زىنداندا قالدۇرۇپ كارىدورغا چىقىپ كەتتى . رەيھان مۇشۇنداق پۇرسەتكە تولىمۇ موھتاج بولۇپ ، توختىغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپ - سۆزلىرى بار ئىدى . رەيھاننىڭ كۆزلىرىگە غىلىلداپ ياش كەلدى ، پۇت - قوللىرى بوشىشىپ ، ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيتتى . بۇ ھىجران گىرىپتارى ئەسلىدە مۇھەببەت دەشتلىرىدە سەرگەردان ئىدى . چۈنكى ، ھېسسىياتىدىكى ئەمدىلا بىخ سۈرگەن ئالامەتلەرنىڭ بۇنداق تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئويلىمىغان قىز ھەقىقەتەن گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتى . شۇڭا ، ئاتىسىنىڭ توساتتىن چاقىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كامېر ئىشىكى تەرەپكە قارايتتى . كارىدوردا قالايمىقان ئاۋازلار داۋام قىلىۋاتاتتى .
رەيھان كامېردا ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە ، ئالدىراپ - تېنەپلا ئېيتتى :
— ئاكا ! ئەھۋالىڭىزدىن خەۋەر تاپتىم ، ھەممە ئىش چوقۇم ئايدىڭلىشىدۇ ، سىز گۇناھسىز . مەن تاشلىۋەتمەيمەن ، يەنە كېلى-

مەن . سىز يالغۇز ئەمەس ، خالىسىڭىز مەن ياردەمچىڭىز ۋە خىز-
مەتكارىڭىز بولۇشقا رازى . ئىسمىم رەيھانگۈل ، زىندان بېگىنىڭ
قىزى بولىمەن . ئىشىنىڭكى ، سىزنى قۇتۇلدۇرماي قويمايمەن .
ئاتامنۇ سىزنى ناھەقچىلىككە ئۇچرىدى دەپ ، ئىچ ئاغرىتىۋاتىدۇ .
خوش ، مەن چىقاي ، ئاتامنى خاپا قىلىپ قويسام يەنە كىرمىكىم
تەس بولىدۇ ، خوش !

رەيھان چىقىپ كېتىۋېتىپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ ، توختىنىڭ يې-
نىدىكى مەھبۇسقا تاپىلىدى :

— سىز ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇڭ . ھەر ئىككىڭ-
لارنى يوقلاپ تۇرىمەن .

ئاڭغىچە ئەتىگەنلىك تاماق بېرىدىغانلار بۇ كامېرغىمۇ يېتىپ
كەلگەنىدى . رەيھان ئۇلارغا بۇ كامېردىكى نىجاسەت مالتىقىنى
تۆكتۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇدى . ئۇنىڭچە ، ئاتىسىنىڭ بۇ يەردىن شۇن-
داق تېز چىقىپ كېتىشى سېسىقچىلىق دەستىدىن تۇرالمىغانلىقتىن
ئىدى . دېمىسىمۇ ئەركىن نەپەس ئېلىش تەسكە چۈشەتتى .

رەيھان ئاتىسىنىڭ يېنىغا كېلىشىگىلا :

— ماڭ كېتەيلى ! — دېدى .

ھاپىزبەگ زىندان خىزمەتكارلىرىغا ئىش تاپشۇرۇپ قويۇشنى-
مۇ ئۇنتۇغاندەك قىلاتتى .

بۈگۈن رەيھاننىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم زىندانغا كىرىشى
ئىدى . بۇنداق جايدا تۇرۇشقا ئادەم تۇگۇل ھايۋانمۇ بەرداشلىق
بېرەلمەيتتى ، زەي بىلەن سېسىق ھەرقانداق بېجىرىم تەننى كاردىن
چىقىراتتى .

رەيھان ئاچچىقتىن ئۆتتەك ياندى «ئى خۇدا !— دەيتتى ئۇ
كۆڭلىدە كۆپۈرلۈققا ياتىدىغان خىياللارنى سۈرۈپ ،— سەن ھەم-
مىدىن مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ئىدىڭغۇ !بۇ مېھرىبانلىقىڭ بىچارى-
لەرگە تېگىشلىك ئەمەسمۇيا ؟قارىغاندا ،زالىم ۋاڭ- غوجاملارغا ،
كەمبەغەللەرنىڭ قېنىنى شورىغۇچى بايلارغا مېھرىبان ئوخشايسەن .
بولمىسا ،مۇشۇنداق ناھەقچىلىكلەرگە يول قويماس ئىدىڭ !...»

رەيھاننىڭ سەممىي سۆزلىرىدىن ئىلھاملانغان توختى ئىزدەگەن تۇغقانلىرىنى تېپىۋالغاندەك بولدى، ئەمما جاراھەتنىڭ ئېغىرلىقىدىن يەنە زارلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھالىنى كۆرگەن ھېلىقى مەھبۇس غەزەپ بىلەن ئېيتتى: «بۇ دوزاختىن ھاياتلا چىقىدىكەنمەن، سەنلەرنىڭ تەختى - بەختىڭنى گۇمران قىلىپ، زىندانغا ئۆزلىرىڭنى تىقمىغىنىمنى كۆر!» توختىنىڭ دۈمبە، مۈرىلىرىدىكى قانلىق قامچا ئىزلىرى شەلۋەرەپ، كۆڭلەكلىرى چاپلىشىپ كەتكەن، بەدەنلىرىدىن چىققان قانلار گويا ئۇنى بىر پارچە گۆشكە ئوخشىتىپ قويغانىدى. مۇشۇنداق ئەڭ يامان كۈنلەردە ئۇنى ئويلايدىغان، ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بىرەر شاپائەتچىنىڭ چىقىشى خىزىرغا يولۇققانلىق بولاتتى، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئۇ ھەرقانچە ئازابلانسىمۇ، قەلبىدە ئۈمىد چىرىغى يورۇغاندەك خۇشاللاندى، پۈتكۈل ئەندىشىنى قايرىپ قويۇپ، ھېلىقى قىزنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە قانغۇچە قارىۋالغۇسى، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشقۇسى، ھەتتا پۇتلىرىغا باش قويۇپ تۇرۇپ، قاراڭغۇ زىنداندىكى يالغۇزلۇقتىن مۇشۇنداق غېرىبسىنغان كۈنلەردە بىردەم بولسىمۇ ھەمراھ بولۇشىنى تىلىگۈسى كەلدى. ساھىبجامال بۇ زۇلمەت دۇنياسىنىڭ لەنتەڭكۈر قاراڭغۇ بۇرجىكىگە يەنە ئاياغ بېسىپ، گۈزەل ھۆسنىنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن ئېزىلگەن يۈرەكلەرگە چەكسىز خۇشنۇدلۇق بېغىشلايدىغاندەك كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمىدى. تاياق ئازابى ئاز كېلىپ، يەنە يېڭى بىر ئازابلار كۈتۈۋاتقاندەك ئەندىشىلىك خىياللار يوپۇشماقتا ئىدى. ئەمما، بۇنىڭ نېرىسىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇ ھېلىغۇ زىنداندا، ئەگەر ئەركىن بولغاندىمۇ زىندان بېگىنىڭ قىزى رەيھاندىن مۇھەببەت كۈتۈشنىڭ ئۆزى ئاسماندىكى ئايغا قول ئۇزاتقاندەك ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، كەلگۈسى تەقدىرى ئۈستىدە خىيال دەرياسىغا چۆمدى.

## تۆتىنچى باب

# قاراڭغۇ كۈنلەر

زىندان كارىدورىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىقتى ، ئاياغ تىۋىد-
شى بارا - بارا ئازىيىپ ،يىراقلىشىشقا باشلىدى ، مەھبۇسلارنىڭ
ۋارقى - جارقىلىرى توختىدى . ئاشـپەزلەر ۋە نازارەتچىلەر گۇندى-
خاندىن ئايرىلدى . سوراقخانىدىن يېڭىلا چىققان مەھبۇسلارنىڭ
ۋايساپ زارلىنىشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا جىمجىتلىق ھۆكۈم
سۈرمەكتە ئىدى .

ھېلىقى بەتبەشىرە ئادەم بىلەن بىر كامېردا قالغان توختى
توختىماي ئىڭرايتتى . توختىنىڭ يېنىدىكى مەھبۇس بۇ داد -
پەريادلارغا تاقەت قىلالمىدى بولغاي ، بېشىنى يۆلىدى .
ئۇ ئۆز - ئۆزىگە : «خەپ توختاپ تۇرۇش ، مۇشۇ كۈنلەرگە ئۆزلى-
رىڭنى گىرىپتار قىلمايدىغان بولسام» دەيتتى ، كۆزلىرىدىن خۇد-
دى يارىلانغان شىرنىڭكىدەك ئوت چاقناپ تۇراتتى . ئەمەلىيەتتە بۇ
ئىستىبدات چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ قولچوماقلىرى بولغان
يەرلىك فېئودال ئەمەلدارلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىغا قارشى ئۇچ-
قۇندىن پەيدا بولغان يانغىن ئىدى . چاڭگا ساقاللىق ، قاشلىرى
قويۇق ، ئوتتۇرا بوي ، بۇغداي ئۆڭ ، تۇرقى قورقۇنچلۇق كۆرۈن-
دىغان بۇ ئادەم مۇشۇ كامېردا ئۇچ يىلدىن بېرى يېتىۋاتاتتى ، مانا
ئەمدىلا بىر ھەمراھقا ئېرىشكەنىدى . بۇ يىگىت بىلەن بىر كامېردا
يېتىشنىڭ ئاراملىق ئېلىپ كەلمەي ، ئەكسىچە نۇرغۇن ئاۋارىچى-
لىكلەرگە دۇچار قىلىشىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن ؟ يىگىتنىڭ جاراھەت-

لىرى ، تارتىۋاتقان ئازابلىرىدىن جەمئىيەتتە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان
زۇلۇمنىڭ ھەددىسىز ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى . ئۇ ئىچىدە :
«زىنداندىن تىنچ - ئامان چىقسام ، ئېزىلگەن پۇقرالارنى ئويغىتىد-
مەن . زالىملارنىڭ قىلمىشىنى ئاشكارىلايمەن ، ھەپسىدە ئۆلگەن-
لەرنىڭ ، بىگۇناھ يېتىۋاتقانلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ ، خەلقنىڭ
كۆڭلىدىكىدەك بىر ھۆكۈمەتنى تىكلەيمەن . بىزنى سولىغان زىن-
داندا زالىملارنىڭ ئۆزلىرىنى سولاپ ، ئازابىنىڭ تەمىنى ئوبدان
بىر تېتىتىپ قويىمەن !» دەيتتى .

مەھبۇس بىركەمدە توختىنىڭ بېشىغا ئۆزىنىڭ تەكىيىنى قو-
يۇپ بەردى ، ئاندىن كامىردىكى پاخال - پالاڭلارنى تېرىشتۇرۇپ
«سېلىنچا»سىنى قېلىنلاتتى ، ئاندىن توختىنى چۆمكىۋەتكەندىن
كېيىن ئېيتتى :

— ھە ، ئىنىم ! جاراھىتىڭ سەل ئارام بېرىۋاتامدۇ ؟ ھالىڭغا
ئېچىنىمەن ، يېنى بولغىن ، جاراھىتىڭگە قاراپ باقاي ، ھەرنېمە
بولسا قانلىرى توختاپ خېلى قېتىشىپتۇ . مەن يېڭى كىرگەندىمۇ
بىرئايغىچە ئورنۇمدىن تۇرالمىغان ، ئامال قانچە ، چىدىغىن ، بەر-
داشلىق بەر . ئادەم بالىسىنىڭ بېشىغا بىر تۆشۈكتىن چىقىپ ، يەنە
بىر تۆشۈككە كىرگۈچە نى - نى ئىشلار كېلىدۇ . بىلەمسەن ،
جەمئىيەتتە بىزدىنمۇ ئېغىر كۈن تارتىۋاتقانلار ئاز ئەمەس . ئۇلار
قاتمۇقات زۇلۇم دەستىدىن ياشاشتىن تويۇپ ئۆزلىرىگە ئۆلۈم تىلى-
مەكتە . مېنىڭ بېشىمدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتكەن ،
چىدىماسلىق قىلىپ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانلارنى كۆرگەنمەن . بۇنداق
ئۆلۈم ئەبەدىي يۈزى قارا كېتىدىغان نەپرەتلىك ئۆلۈم ، ئەلۋەتتە .
ئىمان - ئىشەنچتىن ئايرىلغان ئادەملەرلا شۇنداق قىلىدۇ . «يا-
شاش» دېگەن «ئۈمىد» ئىگىلىرىگە مەنسۇپ . ئۈمىدسىز ئادەم
ياشىغان بىلەنمۇ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ ، بىلسەڭ ، تۆمۈرمۇ
ئوتتا تاۋلىنىدۇ ، پەقەت بەرداشلىق بەرگەندىلا پولاتقا ئايلىنىپ ،
ھەممە ئىشقا يارايدۇ . ئادەممۇ شۇنداق ، يامان كۈنلەر ئۇنى تاۋلاي-
دۇ . تۆمۈر قانچە ئۇزاق تاۋلانسا ، شۇنچە ساپلاشقىنىدەك ، ئادەممۇ

قانچىلىك قىيىن - قىستاقلارغا دۇچ كەلسە، ئىرادىسى شۇنچە
مۇستەھكەملىنىپ، ئۇستىدىكى بېسىمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا باش
قاتۇرىدۇ. بىراق، بۇ بىر — ئىككى ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ،
بەلكى ئېزىلگەن مەزلۇم خەلق بىر نىيەتتە قوزغىلىشى كېرەك.
قوزغالغان خەلققە جاھاننىڭ پۈتۈن ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىپ،
بېشىدىن كۆپ ئىسسىق - سوغۇقنى ئۆتكۈزگەن يولباشچى، يې-
تەكچىلەر بولمىسا بولمايدۇ. يىراقنى كۆرەر يولباشچىلار
ئەل- جامائەتنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ دوست - دۈشمەنلى-
رىنى،زۇلۇم مەنبەلىرىنى كۆرستىپ بەرگەندىلا، ئەركىنلىك يو-
لىدا كۈرەشكە ئاتلىنىپ،زۇلۇم - زۇلمەتنى ئاغدۇرغىلى بولىدۇ.
بىرلەشكەن كۈچ شۇنداق تەڭداشسىزكى، ئۇ گويا دەھشەتلىك گۈل-
خانغا ۋە توغانسىز كەلكۈنگە ئوخشايدۇ، ئۇ ئالدىغا ئۇچرىغاننى
كۆيدۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورۇيدۇ، لاۋا - لاتقىلارنىڭ ھەممىسى-
نى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ، ئەگەر بۇنداق زور كۈچ پايدىلىق تەرەپكە
يېتەكلەنسە، مۇزلىغانغا ئىللىقلىق، تەشنالارغا ئۇسسۇلۇق بولالاي-
دۇ، بۇنىڭغا پەقەت قورقماس، باتۇر، شەخسىيەتسىز يولباشچى
كېرەك بولىدۇ، يولباشچى دېگەن مانا مۇشۇنداق ئازاب ئوچىقىدا
تاۋلىنىپ چىقىدۇ. رايىڭغا باقماي، كۆپ سۆزلەپ كەتتىم. بۇ
كەمگىچە گەپ قىلغۇچىمۇ، ئاڭلىغۇچىمۇ ئۆزۈم ئىدىم. مانا ئەمدى
سەن كەلدىڭ. يېشىم ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، كۆپ ئىشلارنى
كۆرگەنمەن. چەت دۆلەتلەردىن نۇرغۇن جايلارغا باردىم، ئەمما
بىزدەك بوزەك، نادان ئادەملەرنى ئۇچراتمىدىم. بىزدىن باشقىلار-
نىڭ ھەممىسى ئۆز ئەركى بىلەن ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈن ئىنتى-
لىدىكەن، بىزچۇ؟ غوجام،ئاخۇن - ئەشرەپ دېگەنلەرنىڭ ئاغزىغا
قارايمىز،بىزگە خىيالىي جەننەتنى كۆرستىپ قويۇپ،ئۆزلىرى
ئالدامچىلىق ۋە قاقتى- سوقتى قىلىپ يۈرسىمۇ كارىمىز يوق.
ھەممىسىگە شۈكۈر دەيمىز، ئەزگۈچى، ئالدامچىلارنىڭ روھىي
كىشەنلىرىگە چىرمالغىنىمىزنى ئۇقماي، بۇ ئالەمدە جاپا تارتساق
ئۇ ئالەمدە راھەت كۆرىدىكەنمىز، دەپ ئاسماندىكى غازنىڭ شورپى-

ـسغا نان چىلاپ ئىغىز تاتلىق قىلىپ ئۆتۈۋاتىمىز .
ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك ھېس قىلىپ ، بىردىنلا جىمىپ قالدى . بىردەمىلىك سۈكۈتتىن كېيىن توختىنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق ھالدا ئۇن - تىنسىز ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى :
— ئاڭلاۋېتىپسەن - دە ، ئۇكام ، ئىسمىڭ نېمىتى ؟ ئۇنتۇپ قالدىم .
— توختى .
— ھە ، توختى ! قۇلاق سال ، ھېكايەم ئازابىڭغا ئاز - تولا ئارامىلىق ، روھىڭغا ئۈمىد بەخش ئېتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ، سەن ئوقۇغانمۇ ؟
— ئاز - تولا ، خوجايىنىڭ ئۆيىدە يۈرۈپ ئۆگىنىۋالغان .
— خوجايىنىڭ ساۋاتلىقمىدى ؟
— مۇئەللىم بولغانىكەن .
— قەيەردە ؟
— دۈڭبېيدا .
— ئىچكىرىغۇ ئۇ ؟ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ ، بىر ئۇيغۇر قانداقـ ـسىگە ئۇ يەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلار ؟
— ئۇ ئۇيغۇر ئەمەس .
— مۇنداق دە ! ئۇنداقتا ، خەنزۇچە ئوقۇدۇڭما ؟
— شۇنداق .
— تىلىنى بىلەمسەن ؟
— تىلىنىلا ئەمەس ، خەتلىرىگىچە بىلىمەن . ئۇ ئادەم مانجۇ بولغان بىلەن گەپ - سۆز ۋە يېزىقتا خەنزۇچىنى ئىشلىتىدىكەن .
—ياخشى !— دېدى مەھبۇس يوتىسىغا پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ ، ئاندىن قىڭغايغان بېرىدىن رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ داۋام قىلدى ،— سەن كەم تېپىلىدىغان ئادەمكەنسەن ، يەنە كېلىپ خەنـ ـزۇچە بىلىدىكەنسەن . بۇ «ئۆزىنىمۇ بىلدى ، ئۆزگىنىمۇ بىلدى» دېگەنلىك . مەن بۇنداق ئامەتكە ئېرىشەلمىگەن . ئۆيۈم ئاتۇشنىڭ

ئاغۇ دېگەن يېرىدە بولۇپ، بىز ئاتا - ئانىمىزدىن يەتتە قىز، ئۈچ ئوغۇل، جەمئىي 10 بالا ئىدۇق. مەن بالىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغانلىقىم ئۈچۈن ئىسمىمنى «كىچىك ئاخۇن» قويغانىكەن. لېكىن، بوي - بەستىم ئاكىلىرىمدىنمۇ چوڭ بولۇپ كەتتى دېسە، — ئۇ توختىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈنمۇ، ئەيتاۋۇر، ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى.

توختىنىڭمۇ بۇ «قورقۇنچلۇق» ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلگۈسى بولغاچقا، گەپلىرىنى زەن سېلىپ ئاڭلاۋاتاتتى.

— شۇنداق قىلىپ، — دەپ گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى ئۇ ئادەم سەل تۇرۇۋېلىپ، — ئائىلىمىزدە ئادەم جىق، ئەمما يېرىمىز ئاز ئىدى، شۇڭا دادىمىز سودىگەرچىلىك قىلاتتى، بىز ئۈچ ئوغۇل چوڭ بولغاندىن كېيىن تېرىلغۇ يېرىمىز تېخىمۇ ئازلىق قىلدى. دادامنىڭ تاپقان ئاز - تولا پۇلى ئائىلىنى قامداشقا يەتمىدى. دادام ئاخىر ئىلاجسىز ئەھۋالدا ئوتتۇرانچى ئاكام رېھىم بىلەن مېنى قەشقەرگە ئاپىرىپ ئېشەكچىلەرگە چاكارلىققا بەردى...

— ئېشەكچى؟ — ئەجەبسىنگەن توختى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ سورىدى.

— ئېشەكچى دېگەن گەپ ساڭا سەت ئاڭلىنىۋاتامدۇ!؟ — ئۇ كۈلۈپ كېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — «كارۋان» دېسەمغۇ چۈشىنىدىغانسەن! كېيىن دادام بىلەن ئەنجانغا ماتا، چەكمەن يۆتكىدۇق، ئۇ يەردىن قەشقەرگە بەقەسەم ۋە باشقا توقۇلمىلارنى ئەكەلدۇق. بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئەللەرگە چىقتۇق، مەن ئاشۇ چاغلاردا ئۆزۈمنى ناھايىتى كۈچلۈك ۋە ئەركىن ھېسابلايتتىم. بىراۋدىن ئاسانلىقچە قورقۇپمۇ قالمايتتىم. ئىلگىرى دۇنيانى ئاتۇشچىلىك كۆرۈپ يۈرگەن ئىكەنمەن. كونىلارنىڭ «شەھەر كۆرگەن ئىتتىن قورق» دېگەن تەمسىلى بىكار چىقمىغانىكەن. 10 يىل مەدرىسەدە يۈرگەندىن بىر قېتىم شەھەر كۆرگەن ئېشىپ كېتىدىكەن. نۇرغۇن- نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۈم، ھاياتلىقنىڭ تەكتىگە يەتتىم. ئويلىسام، بىزدەك بوزەك خەلق ھېچ يەردە يوقكەن.

ئاردىن ئۈچ — تۆت يىل ئۆتكەندە دادام ئۈشتۈمتۈت كېسەل
تېگىپ قازا قىلدى . قىرىق نەزىرى تۈگىگەندىن كېيىن 10 بالا
تالاشقىلى تۇرۇۋىدۇق ، دادامنىڭ تاپقان- تۈگكەنلىرى تالان - تاراج
بولۇپ تۈگىدى .شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسىمىز ئۆز يولىمىزغا راۋان
بولدۇق ،ئىككىنچى ئاكام كارۋانغا ئەگىشىپ چىقىپ كەتكەنچە قاي-
تىپ كەلمىدى ،ئۆلۈك-تىرىكلىكىنىڭ ئۇچۇرىنىمۇ ئالالمىدۇق ،—
ئۇ چوڭقۇر ئۇھسىنىۋېتىپ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ،— ئۇرۇق-
تۇغقانمۇ ئۆز كۈنى بىلەن قالغاندىن كېيىن بارا - بارا ئىزدەشمەيدى-
كەن .بىر ئۆي باشقا كىيىلسە ، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئۆز ئىشى-
مىزغا بېشىمىزچە كىرىشىپ كېتىدىكەنمىز . بۇ ھال مېنى زېرىك-
تۈردى . ئەنجان ،قوقەند ، مەسكاپ① ،ھەتتا پەرەڭ تەرەپلەردە يۈر-
گەن چاغلىرىم كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى . شۇ كۈنلەردە بىر مەھەل-
لىلىك تۇرسۇن ، كېرەم ، هامۇت ، مەخەت قاتارلىق تەڭ دېمەت
ئاغىنىلىرىم بار ئىدى ، ئۆز ۋاقتىدا بىز موللامدا بىرگە ئوقۇغان-
دۇق . دائىم شۇلارنىڭكىگە باراتتىم ، يەنە ئارازىللىق ئوسمان ،
ھەسەن بىلەنمۇ يېقىن ئۆتەتتىم . ھەسەننى قەشقەر خانلىق مەدرىسە-
دە ئارانلا بىر ئاي تۇرغاندا ئاغىنە تۇتۇۋالغاندىم . ساۋاقداشلار ئۇنى
«ھەسەن باتۇر » دەپ ئاتايتتى . كېيىن كۆپ ئىزدەپ قەشقەر شەھە-
رىدىن تاپتىم . «ھەسەن تۇرك» دېسە ، قەشقەردە چوڭ- كىچىك
ھەممىسى بىلىدىكەن .

— تۇركمىكەن ؟ — قىزىقىپ سورىدى توختى .

— مىللىتى تۇركمۇ ياكى خەت بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن «قارا
قورساق » دېگەن مەنىدە شۇنداق ئاتىغانمۇ ، بۇنى بىلمىدىم . بىز
تونۇشقاندىمۇ شۇنداق ئاتايدىكەن . بىر كۆرگەن كىشىنىڭ ئۇنىڭغا
ھەۋىسى كېلىدۇ دېگىنە ، دادام مېنى مەدرىسەگە ئاپىرىپ بەرگەندە
14 ياشتا ئىدىم . ھەسەنجان ياشتا مەن بىلەن تەڭ بولسىمۇ ،
قۇرامىغا يەتكەن ئادەمدەك گەۋدىلىك ئىدى . كۈچتۈڭگۈرلۈكىدىن
ئىككى قولىنى بەلۋاغ بىلەن تېڭىپ بەرسىمۇ ئىككى بالا يىقىتال-

① مەسكاپ — موسكۋا دېمەكچى .

مايتتۇق . دۇم يېتىپ تۇرۇپ : «مېنى چىلاڭ بېسىڭلار » دەيتتى ، بىر - بىرىمىزنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ 10 نەچچىمىز بېسىۋالاتتۇق . ئۇ ئورنىدىن شۇنداق تۇرىدىغان بولسا ، ئۈستىدىن چامغۇردەك تۆكۈلۈپ كېتەتتۇق . ئۇنىڭغا بەكمۇ ھەۋەسىم كېلىپ ، ئاغىنە بولۇپ قالدۇق ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن دادام مېنى ئېلىپ كەتتى ، ھەسەنمۇ ئوقۇشنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپتۇ . كېيىنمۇ تاشلاشمىدۇق . ئاڭلىسام ، قەشقەردە شۇنداق تونۇلۇپ كېتىپتۇكى ، «ھەسەن تۇرك » دېسە ، تونۇمايدىغان ئادەم ، چۆچۈمەيدىغان لۈكچەكنوچىلار يوقكەن . مەن ئەنە شۇ ئاغىنىلىرىم بىلەن ئىزدىشىپ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىپ يۈردۈم ، ئۇلارمۇ پات - پات ئىزدەپ كېلىپ تۇراتتى . نەتىجىدە بىزنىڭ مەھەللىدىكى ياشلارمۇ ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ كەتتى ، بۇرادەرلەر يىغىلغاندا مەشرەپ قىلىدىغان بولدۇق . بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرىكى مۇشۇنداق قىش پەسلى ئىدى ، تۈنجى قار بىر تەرەپتىن ياغسا ، بىر تەرەپتىن ئېرىپ تۇراتتى . قەشقەردىن ھەسەن تۇرك ئۆزى دېمەتلىك يىگىتلەردىن بىرنەچچىنى باشلاپ چىقىپتۇ ، خۇشاللىقىمدا مەھەللە ياشلىرىغا خەۋەر قىلىۋىدىم ، ھەممىسى كەلدى . مەشرەپنى باشلىۋەتتۇق . بۇ كۈن ئولتۇرۇپ ، زاۋالدىن ئۆتكەن چاغ ئىدى ، مەھەللىكويدىكى ئەر - ئايال ، قولۇم- قوشنا ، يېقىن - يورۇقلار تەرەپ - تەرەپتىن بۇ يەرگە ئاقتى . نەغمە باشلىنىپ ، ئۇسسۇل ئەمدى قىزىۋاتقاندا : «مېھمان كەلدى ! » دېگەن ئاۋاز قۇلىقىمغا كىردى . ئالدىراپ تالاغا چىقسام ، ئىشىك تۈۋىدە بىرمۇنچە ئادەم تۇرۇپتۇ . «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ قولۇمنى شۇنداق سۇنۇشۇمغىلا بىرسى كاپپىدە تۇتتى ، يەنە بىرنەچچىسى ئەتراپىمغا چىۋىنىدەك يوپۇشتى - دە ، ئاغزىمغا بىرنەرسىنى كەپلەپ قويۇپ ، قولۇمنى قايرىپ باغلاپ ، بېشىمغا تاغارنى كىيدۈرۈپ ، ئاتقا ئارتىپ ئېلىپ ماڭدى . بۇ نېمە ئادەملەر ، نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟ زادىلا ئويلاپ يېتەلمىدىم . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتلىق بولۇپ ، 2 — 3 چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن تارقاپ - تارقاپ ، پەقەت 2 — 3 ئادەملا قالغىنىنى

ئاتلارنىڭ ماڭغاندىكى ئاياغ تىۋىشىدىن بىلدىم . ھېس قىلىشىمچە ، ناھايىتى ئۇزاق ماڭدۇق . ئەتراپ شۇنداق جىمجىت ئىدى . قايسى ياقتىندۇر تۈلكىنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلاندى . تۇن شۇنداق ئۇزاق داۋاملاشتىكى ، مەڭگۈ تاڭ ئاتمايدىغاندەك بىلىندى . بىر كەمدە ئىت- نىڭ قاۋىغان ئاۋازى ، ئادەملەرنىڭ كۇسۇرلاشلىرى قۇلىقىمغا كىردى . مەن ئارتىلغان ئات توختاپ ، ئىككىسى مېنى ئاتنىڭ ئۈستىدىن ئالغىنىچە بىر ئۆيگە ئەكىرىپ ئىشىكنى قۇلۇپلىدى . ئاردىن تېخى نەچچە مىنۇت ئۆتە - ئۆتمەيلا يەنە كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ ھارۋىغا تاشلاپ ئېلىپ ماڭدى .

بېشىمغا تاغار كىيدۈرۈكلۈك بولۇپ ، ئۇستۇمگە كىگىز يې- پىلغانىدى . چۆل يەرگە كەلگەندە ھارۋىدىن چۈشۈرۈپ سىيدۈردى ۋە ئاز- تولا يېمەكلىك بەردى . ھارۋا تۆت نەپەر ئاتلىق قورۇقچى- نىڭ مۇھاپىزىتىدە يولنى داۋام قىلاتتى . مۇشۇنداق مېڭىپ ، ئا- خىر مۇشۇ يەرگە ئەكېلىشتى .قارا دەرۋازىنىڭ ئىچىگە كىرگەندە بېشىمدىكى تاغارنى ئېلىپ ، باغلاقتىن بوشاتتى ، ئاندىن بۇ كامېرغا سولاپ قويدى .بىر ھەپتىگىچە گەپ - سۆزسىز ياتتىم . بىرەرسى «نېمە ئادەمسەن ؟ » دەپمۇ قويمىدى .بۈگۈن قويۇۋېتەر ،ئەتە قويۇ- ۋېتەر دېگەن ئۈمىد بىلەن كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم .بىر كۈنى قۇلۇپ شاراقلاپ ئېچىلىپ ،ئىككى ئادەم ئىشىكنى تېپىپ ئاچتى - دە : «بۇياققا چىق ! » دەپ تۇۋلىدى . «ئەمدى قويۇۋەتسە كېرەك» دەپ- تىمەن ، نەدىكىنى ، قولۇمغا كويزىنى سېلىپ چەمبىرنى بىرلا سىيرىپ تۇۋىگە ئاپىرىپ ، جۇپلەنگەن تۆشۈكىگە قۇلۇپ سېلىپ قويدى ، ئاندىن كېيىن زىنداندىن يالغىنىچە سوراقخانىغا ئېلىپ بېرىشتى . شۇنىڭدىن باشلاپ بىر ھەپتىگىچە ھەر كۈنى بىر قېتىم تەرگەۋ قىلىپ : «شېرىكلىرىڭ كىم؟ قاچان قوزغالماقچى؟ باشلى- قىڭچۇ ؟ » دېگەندەك سوئاللارنى سوراۋەردى . راستتىن ھېچ ئىشنى بىلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتسام ، ئۇردى ، ئاستى ، ھەر خىل جازا قوراللىرى بىلەن قىينىدى . بىلمىگەندىكىن نېمىنى دەيمەن ؟ئىل- گىرى ھېچ ئىش بىلەن كارىم يوق ،ئوبناپ ئۆتۈۋېرىپتىمەن ،ئۇلار-

نىڭ ئورۇنسىز قىيىن ـ قىستاقلىرى يۈرىكىمدىن ئۆچ قىلىشۋەتتى . سوراقچىنىڭ : «شېرىكلىرىڭ كىم؟ !قاچان قوزغالماقچى ! ؟ »… دېگەندەك سوئالللىرى قەلبىمنى ئويغىتىپ ، شۇنچە يىگىتلەر تۇرۇپ ئەرك يولىدا قوزغالماي ، يەنىلا غەپلەتتە ياتساق تامـامـەن تۈگىشىدىغانلىقىمىزدىـن بېشـارەت بەردى . «ئىسىت !— دېدىم ئىچىمدە ،— ۋاقىت ئۆتتى ، ئەمدى ئەپسۇسلانغان بىكار . لېكىن ، يەنە ئىزدەنسەك پۇرسەت بار . ھەسەن تۇرككە ئوخشاش نۇرغۇن ئاغىنىلىرىم بار . دەردمەنلەر ، ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن يولباشچى ئىزدەپ قايمۇقۇپ يۈرگەن پۇقرالار ، خاسان ، تۇرغانبېككە ئوخشاش قىرغىز چەۋەندازلارنىڭ ھەممىسى بۇرادەرلىرىم ، قان ـ قېرىنداشلىرىم ئەمەسمۇ ! شۇلارنى تاپىمەن ، دەردىمنى تۆكىمەن ، ياردەمگە چاقىرىمەن ، ئادالەتسىز جاھاننى يەكسان قىلىپ ، باراۋەرلىك چېچەك ئاچقان ، ئەل خاتىرجەم ، خۇشال ـ خۇرام ، چىرايلاردا شادلىق تەبەسسۇملىرى جىلۋىلەنگەن يېڭى بىر دۇنيا قۇرىمەن ، بىگۇناھلارنىڭ يۈزىگە قارا سۇۋاپ ، ئەركىنى دەپسەندە ئەيلىگەن زالىملارنى مەھكۇملۇق ئورنىغا چۈشۈرۈپ ، مۇشۇ زىنداندا ياتقۇزىمەن !» دېگەن يەرگە كەلدىم . ئۆزۈمنى ئۆزۈم : «چىداملىق بول ، يىگىت ! بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ» دەپ رىغبەتلەندۈردۈم . مېنىڭچە ، سەنمۇ بىلىملىك يىگىتكەنسەن ، بۇ كەمگە تونۇپ يەتكەنسەن . ئەگەر بىز زىنداندىن ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلۇپ چىقساق ، ئۇدۇللا قېشىمغا بار . مېنىڭ دوستلىرىمنى كۆرسەڭ ھەيران قالىسەن . بىز ئاكا ـ ئۇكىلاردىن بولۇپ قالايلى . ۋىجدانلىق كىشىلەر : «ھەپسىدىكى دوستلۇق — سىنالغان دوستلۇق» دەپ توغرا ئېيتىدۇ . مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن . سەن تېخى بىلىپ قالىسەن . مەن تارتقان ئازابلىرىم نەتىجىسىدە ئويغانغاندەك قىلىمەن . ھەرگىز ھەسرەتلىنىدىشىم يوق . بۇ يەرگە كەلمىگەن بولسام ، جاھاندىكى مۇشۇنداق ئادالەتسىزلىكلەرنى بىلمەي يۈرۈۋېرەركەنمەن…

توختى ھەممە ئاغرىقلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا خۇددى ئانىسى ئېيتقان چۆچەكنى ئاڭلاۋاتقان سەبىي بالىدەك ئولتۇرۇپ ، كىچىك

ئاخۇننىڭ ئوتلۇق ھېكايىلىرىنى تىڭشاۋاتاتتى . كۆز ئالدىدا : «ئال-
غا ! » دەپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن چەۋەندازلار ، ھەسەن تۇرك ، كىچىك
ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى ، مىڭلىغان ، ئون مىڭلىغان قېرى-
ياش ، ئەر - ئايال ، ئوغۇل - قىزلار نامايان بولاتتى ، ئۇلار قولل-
رىغا پالتا- كەتمەن ، كالتەك - چوماقلارنى ئېلىپ ، بېشىغا چۈچە-
لىق قالپاق ، ئۇچىسىغا مانجۇچە فورما كىيىپ ، ئۆردەكتەك ئىر-
غاڭلاپ يۈرگەن بەگ - ئەمىرلەر ئۇستىگە شىددەت بىلەن باستۇرۇپ
كەلمەكتە ئىدى . توختى تۇرۇپلا يەنە رەيھان ئىسىملىك ھېلىقى
رەھىمدىل قىزنى ئېسىگە ئالدى . «ئەگەر ئاشۇنداق كۈنلەر كېلىپ
قالسا ، ئۇ قايسى تەرەپتە تۇرار » دېگەن خىيال لىپلا قىلىپ كاللى-
سىدىن ئۆتكەندە : «ئۇنى يەنە بىر كۆرسەم ئىدى ،— دېگەننى
كۆڭلىدىن كەچۈردىيۇ ، يەنە ئارقىدىنلا ،— ياق ، مەندەك بىر تۇيۇ-
لۇقى يوق نامراتقا ئۇنىڭدەك ساھىبجامال قانداقمۇ نېسىپ بول-
سۇن . ئەمما ، دىلىنىڭ يۇمشاقلىقى سۇنۇق كۆڭلۈمگە ئۇمىد بەخش
ئەتتى ، ماڭا شۇ كەمگىچە ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك مېھرىبانلىق قىلىپ
باقمىغان . شۇنچە گۈزەللىكىگە قارىماي ، نېمىدېگەن رەھىمدىل ،
نېمىدېگەن سەمىمىي... ئۇ يەنە كەلمەكچى... » دېگەندەك مۇرەككەپ
ئوي - خىياللار ئىلكىدە ئىمجان قۇشتەك تېپىرلىدى . ئۇمىد چىرى-
غى بىر ئۆچۈپ - بىر يېنىپ ، ئېزىلگەن دىلىنى ئەندىشىگە سېلىۋا-
تاتتى .

توختى كىچىك ئاخۇننىڭ ئۇمىدۋارلىققا تولغان سۆزلىرىنى
ئاڭلىغانسېرى ئاجايىپ بىر باتۇرغا ئۇچراشقاندەك بولۇپ ،ھەمراھى-
نىڭ دەسلەپكى يىرگىنچلىك ئوبرازى بىردىنلا يارقىنلاشتى ، تۇ-
رۇۋاتقان ئورنى سېسىق كامېر ئەمەس ، بەلكى دەرسخانا ، مەكتەپ ،
گوياكى ھەربىي گازارما ياكى قوماندانلىق شتابىدەك بىلىنىپ كەت-
تى ، ئۆزىنى بولسا بۇيرۇق ئاڭلاۋاتقان جەڭچىدەك سەزدى .

— گەپ قىلمايسەنغۇ ، يىگىت ! شۇنداق قىلساق بول-
مامدىكەن ! ؟— كىچىك ئاخۇن جىملىقنى بۇزۇپ سورىدى .

— بەكمۇ خۇش قىلىۋەتتىڭىز ، ئاكا !بىراق...

توختى گەپنىڭ ئاخىرىنى بوغۇزىغا يۇتۇۋېتىپ ، كىچىك ئا-
خۇنغا قارىدى .

— نېمىگە ؟

— گەپنىغۇ قىلماق ئاسان ، ئىشنى قىلماق تەستە ، ئەگەر
دېگىنىڭىزدەك كۇنلەر كېلىدىغان بولسا ، ئىككىنچى ھەسەن تۇرك-
نى كۆرەتتىڭىز . بۇ يەردىن ھاياتلا چىقالىسام ، ئۇنى بىر كۆرگۈم
بار . شۇ تاپتا كۆرمەي تۇرۇپمۇ ھۆرمەت بىلدۇرگۇم كېلىۋاتىدۇ .
ياخشى كۇنىنىڭ يامىنى كەلگەندە ئۆلۈمدىن قورقىدىغانلاردىن ئە-
مەسمەن . ئۇنىڭ ئۇستىگە تارتىشىدىغان ھېچكىمىم يوق . لېكىن ،
مۇدھىش تۇتقۇنلۇقتىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇشنىڭ ئۆزى خۇدانىڭ
تەقدىرىگە باغلىق بولۇپ قالدى . شۇنداقتىمۇ سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ
دىلىم يورۇپ كەتتى .

— ئۇمىدۋار بول ، جەزمەن چىقىپ كېتىسەن ، يولۇڭنى ما-
ڭىدىغان كۇچلۇك شاپائەتچىڭ تۇرغان يەردە نېمىدىن غەم قىلى-
سەن ؟ لېكىن ، مېنىڭ قۇتۇلمىقىم ئاسان ئەمەس .

— نەدىكىنى ، دوپپام چۇشسە خۇدانىڭ زېمىنىغا چۇشىدۇ ،
ئۆلسەم كۆز يېشى قىلغۇدەك ئادىمىم يوق «قارا يېتىم» تۇرسام ،
قانداق شاپائەتچىم بولسۇن !

— ئۆلگەندە ئەمەس ، ھازىرلا يىغلاۋاتقان ھېلىقى قىزنى ئۇن-
تۇپ قالدىڭما ! ؟

— نەدىكىنى ، چاقچاق قىلماڭ !— توختى نالە - پەريادنىڭ
ئورنىغا بىر قېتىم كۇلدى ، كۆڭلى ۋاللىدە يورۇغاندەك بولدى ،
ئۇ كىچىك ئاخۇننىڭ ھېلىقى قىز توغرىسىدا تېزرەك يېڭى ئۇچۇر
بېرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۇتكەندەك قىلاتتى .

— ئەخمەق !— دېدى كىچىك ئاخۇن ،— سېنىڭ ئوقۇغانلىدى-
رىڭ نەگە كەتتى ؟ «مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام» دەپ ، ئوتتۇرا
ياشتىن ئاشقاندىمۇ مۇھەببەتنى چۇشەنمەيدىغان ،قىزلار بېشارەت
بېرىپ يوپۇشۇۋالسىمۇ ،چىشىنى كولاپ تاماق قالدۇقىنى پۇركۇپ
تۇرۇپ «ئۆردەكلىرىڭىز قانچە» دەپ سورايدىغان خەق —

ئۇستازىڭنى دوراپسەن. دە ! چاقچاق قىلمىدىم . قىزنىڭ ئەتىگەنكى ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەرسەم ھېچكىممۇ ئىشەنمەس بەلكىم . سەن تېخى كىچىككەنسەن . مەن دىققەت قىلدىم ، ئۇ بىكار كىرمىدى . بۇ قىز بالا كىرىدىغان يەر ئەمەس . ئېھتىمال ئۇنىڭغىمۇ ئاسان چۈشمىگەندۇ . كۆزلىرىدىن بىرنەرسىنى سەزمىدىڭمۇ ؟ ئۇنىڭ كۆزىدىن بىر خىل مۇھەببەت - نەپرەت ئوتلىرى چوغدەك ئايان بولۇۋاتىدۇ . بىر ناتونۇش كىشى ئۇچۇن ھېچكىمگە پەرۋا قىلماي كۆز ياش قىلىش ئاسانمۇ ؟

— ئېھتىمال ئېچىنىشلىق ھالىمغا ئىچ ئاغرىتقاندۇ !

— مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغان يالغۇز مەنلا دەيدىغان ئوخشىمامسەن ؟ بىلىپ قوي ، بۇ ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ خانلىق زىندانى ، سەن - بىزدەك ئادەملەردىن كۆنگە نەچچىسى كىرىپ تۇرىدىغان جاي ، ھەممىسىنى ئۇرۇش - قىيناقلار بىلەن قارشى ئالىدۇ . باشقىلارغا نېمە ئۈچۈن ھېچكىم ئىچ ئاغرىتمايدۇ ؟ بۇ يەردە بىرەر سىر يوقمىدۇ ؟ زىنداننى بېگىمۇ سەل يۇمشاپ قالغاندەك قىلىدۇ ، مېنىڭ سەندىن خەۋەر ئېلىشىمنى تاپىلاۋاتىدۇ . ئاشۇ قىز يەنە كەلسە ياخشى بولاتتى . كۆڭلۈمدە بىزنى قۇتقۇلدۇرۇۋاتىدىغاندەكلا ئۈمىد تۇغۇلۇۋاتىدۇ دېگىنە .

كىچىك ئاخۇننىڭ ئوينىشىپ ئەمەس ، بەلكى جىددىي ھالدا ئېيتقان سۆزلىرى توختىنى ئويلاندۇرۇپ قويدى . ئۇنىڭ دېگەنلىرى راستتەك قىلاتتى .

— ھە ، راست !— دېدى كىچىك ئاخۇن ،— « بۇغدايىنىڭ باھانىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ » دەپ ، سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن مەنمۇ ئاچ قالمايدىغان بولدۇم ،— ئۇ ئاياقتىكى بىرپارچە گۆش بىسلىغان پولۇنى ئىما قىلدى ،— ئىسسىق غىزا يېيىشىڭنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ . بۇ يەرگە كىرگەندىن بۇيانقى ئۈچ يىل ئىچىدە مانا بۈگۈن تۇنجى قېتىم پولۇ بىلەن گۆشكە ئېغىز تېگىشىم . سەنمۇ زورلاپ يېگىن !

سوراقخانىدىكى قىيناق زەربىدىن توختىنىڭ چىشلىرىمۇ بو-

شاپ كەتكەنىدى ، ئاشتىن ئازراق يەپ ، قالغىنىنى كىچىك ئاخۇنغا بەردى .

شۇنداق قىلىپ ، كىچىك ئاخۇننىڭ ئۈمىدۋارلىققا تولغان گەپ-لىرى توختىنى كېيىنكى كۈنلەر توغرىسىدا تەپەككۇر دېڭىزىدا ئۈزدۈرۈپ ، ھەر تەرەپكە غۇلاچ ئاتتۇردى . لېكىن ، تۇرۇپلا ئانچە ئىشەنگۈسى كەلمىسىمۇ ، قىزنىڭ مۇلايىم قاراشلىرى ، ۋەدىلىرى ئۈمىدلەندۈرۈۋاتاتتى . ئۇلار شۇنداق ئۈمىدلىك پاراڭلار بىلەن كۆ-ڭۈللىرىنى ئاۋۇندۇرۇپ ، تاڭ ئاتاي دېگەندە ئۇخلاپ قالدى . ئويغان-غاندا ، زىندان قاراۋۇللىرى ۋە نازارەتچىلەر كامېرلارنى بىر - بىرلەپ ئېچىپ ، مەھبۇسلارغا ئادەتتىكىدەك كىچىككىنە زاغرا بىلەن بىر چۆمۈچتىن قايناق سۇ تارقىتىپ بېرىۋاتاتتى . نۆۋەت توختىنىڭ كامېرىغا كەلگەندە ، گۇندىپاي بىر ياغلىققا ئورالغان بۇغداي نېنى بىلەن قەغەز بولاقنى بېرىپ :

— بۇنى كىرگۈزدى ، «قانتېپەر»نى ئىچسە ، تاياق زەربىسىنى پەسەيتىدىكەن ، كۈنىگە ئۈچ ۋاخ ئىچىلىدىكەن . چاي تۈگىسە ئى-شىكنى ئۇرساڭ بولىدۇ ،— دەپ تاپىلاپ ، ئىشىكنى تاقاتتى . بۇ ئادەم سولاقخانىنىڭ خادىمى رۇستەم ئىدى . كۈتمىگەن بۇ سوۋغا كىچىك ئاخۇننىڭ پەرىزىنى تەستىقلىغاندەك ،توختىنى ھەيران قال-دۇردى .كىچىك ئاخۇن كۈلۈپ كىنايە قىلدى :

— قانداق ، يىگىت ! مەن دېمىدىممۇ ، ئەمدىغۇ ئىشەنگەنسەن ! مانا بۇ ، سەن - بىز ئۈچۈن ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ، ماڭىمۇ كۆز ھەققى بېرەمسەن ياكى ھەممىسىنى ئۆزۈڭ يەمسەن ! ؟ ئۇنچىقمايە-سەنغۇ ، يىگىتلى كۆزۈڭ قىيماي ، ئۇنى كۆرگەن كۆزدە قاراپ ئولتۇرماقچىمۇيا ! ؟

— مازاق قىلمىسىڭىزچۇ ، كىچىك ئاكا !

ئىككىيلەن كۈلۈشكىنىچە چاي ئىچىشكە تۇتۇندى .

توختى تېزلا يۈز بەرگەن بۇ پاجىئەلەرگە ، ھېلىقى ناتونۇش قىزنىڭ يېقىنچىلىقىغا ، قورقۇنچلۇق بۇ ئادەمنىڭ بىردىنلا مېھرد-بانلىشىپ كەتكىنىگە ھەيران قېلىۋاتاتتى .

## بەشىنچى باب

# سىرلىق شاپائەت

كۈنلەر ھەپتىنى ، ھەپتىلەر ئاينى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە . شۇنداق ، كۈن دېگەن كۆلگەنگىمۇ ، يىغلىغانغىمۇ ئوخشاش ئىكەن ، پەقەت ئۇ قىسقا ياكى ئۇزاق بىلىنىدىكەن ، خالاس .

باھار كېلىپ جاھان ئىللىدى . دەل ـ دەرەخلەر بىخ سۈردى ، ئۆرۈكلەر غۇچچىدە چېچەكلەپ ، باغلار تويى بولغان قىزدەك ئاپئاق لىباس بىلەن جابدۇندى . جان ـ جانىۋارلار شاخلارغا قونۇپ ، گۈل قېتىدىن «چاچقۇ » ئىزدىشەتتى . چېچەك ھەرىلىرى ئۆز تىللىرىدا مەدھىيە كۈيى ياڭرىتىپ ، گويا گۈلخان ئايلىنىپ «جەھرە» سېلىشۋاتقان سوپى ـ ئىشانلاردەك چېچەكلەر ئەتراپىنى جانلاندۇراتتى . قۇرت- قوڭغۇز تېپىدىكى ھايات ئىگىلىرى ئۆچەكتىن چىقىپ ، ئالدىراش ماكان ئىزدەيتتى . پاختەكلەر ئۆگزىلەردە ، بالداقلاردا ، دەرەخلەردە «گۇ ـ گۇ »لىشىپ ، ئۆز تەقدىرىدىن «بىر كۈن توق ! بىر كۈن ئاچ ، ئامال يوق ! » دەپ شىكايەت قىلىشاتتى . غېرىب ـ غۇرۋا ، كەمبەغەللەر ئۆز غېمىدە ئاھلار ئۇرۇپ ، ئەتە ئۈچۈن قايغۇرماقتا ئىدى .

يەكەن شەھىرى ئېغىر مۇڭغا چۆمگەن بولۇپ ، كۈندۈزى ئېگىز كۈنگۈرىلىك سېپىل ، ھەشەمەتلىك سارايلار ، ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلار ، بالىخانىلىق ئۆيلەر ، ھەيۋەتلىك ئوردا ، ياسىداق قەسىرلەر... ئەتىيازدىكى بېسىقماس بورانلارنىڭ شىددىتىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاچچىق چاڭ ـ توزانلارغا كۆمۈلۈپ ، قۇياش نۇرىنى غۇۋالاش-

تۇرسا ، كېچىلىرى تەرەپ ـ تەرەپتە ھۇۋقۇشلارنىڭ ھۇۋلىشى ئا-
خۇن ـ ئەشرەپ ، بەگ- ئەمىر ، يۇقىرى ـ تۆۋەن ھۆكۈمرانلارنى
ئەندىشىگە سېلىپ ، قانداقتۇر بىرەر شۇملۇقنىڭ خەۋەر بېرىۋاتقان-
دەك تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى . نامازشامدا توخۇ چىللاپ ، ئىتلار قاۋى-
شىپ ، زۇلۇم ـ ستەمكارلارنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەپ ، غەپلەتتىكى
پۇقرالارنى كۈرەشكە ، ئۆز ئازادلىقى ئۈچۈن جان پىدا ئەيلەشكە
چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى .
يەكەننىڭ ھەپىسخانىسى يەنىلا زىمىستان ئىلكىدە ئىدى ، ئۇ-
نىڭ مۇدھىش قاپلىغان دەھشەتلىك قوينىدا يىغلاپ ـ قاقشاپ زارلى-
نىۋاتقانلارنىڭ نالە ـ پەريادلىرى يۈرەكلەرنى ئېزەتتى . توخۇ كاتى-
كىدەك كامېر ۋە يەر ئاستى زىندانلاردىكى بەتبۇي زەي ھاۋانىڭ
دىماغنى ئېچىشتۇرغىنى ئاز كەلگەندەك ، گۇپۇلدەپ ئۇرۇپ تۇرغان
نىجاسەت پۇراقلىرى كۆڭۈلنى ئېلىشتۇراتتى . ئۇ يەردە يىل ـ
يىللاپ ، ھەتتا 10 يىللاپ ياتقانلىقتىن چاچلىرى ئۆسۈپ ، چىرايلى-
رى زەپىراندەك سارغايغان ، ئاچلىق ۋە زەي تەسىرىدە ئۇرۇقلاپ
ماغدۇرىدىن كەتكەن ، قىيىن ـ قىستاق دەستىدىن ئەتيانى شەلۋەرى-
گىنىدىن تۇرغۇدەك ماجالى قالمىغان كىچىك ئاخۇن ، توختى ماۋ-
جۇدەك نى ـ نى ئوت يۈرەكلەر باھار گۈزەللىكىدىن قۇرت ـ
قوڭغۇزلارچىلىك بەھرە ئالالماستىن قاراڭغۇ زىنداندا نىمجان پېتى
يېتىۋاتاتتى .
توختى چىرايىنىڭ سارغىرىپ كەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ،
ئانچە ئورۇقلاپ كەتمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ماغدۇرى يوق ئىدى ،
يورۇقلۇققا قارىيالمايتتى . ئۇ بىر ھەپتە ئىلگىرى كىچىك ئاخۇن-
نىڭ زىنداندىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىش ئالدىدىكى : « ئۇكام توخ-
تى ، ئامان ـ ئېسەن چىقساڭ مېنى ئىزدەپ بار ، ئېسىڭدە تۇت ،
ئاتۇشنىڭ 〈 ئاغۇ 〉 دېگەن يېرىگە بار . كېچىككەسەڭ ، بىر كۈنى
ئۆزۈم ئىزدەپ كېلىمەن . بۇنىڭغا جەزمەن ئىشەنگىن ! » دېگەن
سۆزلىرىنى ئەسلەپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى ، كىچىككىنە تۈڭلۈك-
تىن يۇقىرىغا قارىدى ، ئاندىن ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ ، كارىدورغا

سەپـسالـدى . بۇ يەرنـدىكى جىمـجىتـلىقى گويا گۆرىسـتانلىقـقا ئوخشايتتى .

توختى بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، قولىغا قوشۇقنى ئېلىپ دەستىسى بىلەن كۇندىكى ئادىتى بويىچە زىندان تېمىغا : « 1856 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى » دەپ يېزىپ قويدى . ئۇ ھەيران بولۇۋاتاتتى، چۈنكى ئاشۇ بىر قېتىملىق سوراقتىن كېيىن ھېچكىم «نىمە ئادەم»لىكىنى سوراپ قويمىغانىدى . ھېلىقى قىز «يوقلاپ» چىقىپ كەتكەن كۈننىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ نىجاسەت مالتىقىنى باشقا گۇناھكارلار تۆكىدىغان بولدى . كۈنلەر مانا شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋەردى . ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ ھېلىقى قىز يەنە «يوقلاپ» كىردى، لېكىن بۇ نۆۋەت ئۇنىڭ چىرايى سۇنۇق، تولىمۇ غەمكىن كۆرۈنەتتى . بىللە كىرگەن ئاتىسى ئۇزاق تۇرغۇزـمايلا ئېلىپ چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ دەيدىغان سۆزلىرى باردەك قىلاتتى، ئاتىسىنىڭ يول قويمىغىنىغا ئۆكۈنۈۋاتقىنى روھىي ھالىـتىدىن بىلىنىپ تۇراتتى . شۇنداقتىمۇ گاھىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك، گاھىدا ئىككى كۈندە بىر قېتىم بۇغداي نېنى ۋە ياخشى تائاملار ئۈزۈلۈپ قالمىدى . بۇ يېمەكلىكلەر مەھبۇسلارغا تاماق بېرىلىپ بولۇپ ئەتراپ جىمىغاندا قەرەلسىز ئەكىرىپ بېرىلەتتى . «ۋەزىپە» نى 30 ياش ئەتراپىدىكى ،پۇقراچە كىيىم كىيىۋالغان بىرلا كىشى بېجىرەتتى .بىر كۈنى ھاپىزبەگ كامېرنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇپ : «رۇستەم ! »دەپ چاقىرغاندا ،ئۇ ئادەمنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرگەن توختى ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلىۋالغانىدى .

توختى شۇلارنى ئويلاپ، گادىرماچ خىياللار ئىلكىدە تۇرغانـدا، زىندان كارىدورىدا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاپ كەلدى . بىر چاغدا قولۇپ ئېچىلىپ، رۇستەم بىرقاچىدا پىشۇرۇلغان گۆش بىلەن شورپىنى كۆتۈرۈپ كىردى .

توختى ئۇنىڭ قولىدىكى قاچىنى ئېلىۋېتىپ چاقىرىپ سالدى :

— رۇستەم ئاكا !

رۇستەم ھەيرانلىق ئىلكىدە تۇرۇپلا قالدى ۋە سورىدى :

— مېنىڭ ئىسمىمنىڭ رۇستەملىكىنى قانداق بىلىسەن؟
— بىلىۋالدىم...
— قانداقچە !؟
— ئۆز تۇيغۇمغا تايىنىپ بىلىۋالدىم .بۇنى كىم كىرگۈزدى؟
— تېخى بىلمەمسەن، كالۋا !؟
— نەدىن بىلەي !
— رەيھانگۇل كىرگۈزدى . بۇ توغرۇلۇق ھېچكىمگە تىنغۇچى بولما، بولمىسا باش كېتىدۇ .
— ئۆزىچۇ ؟
— ئۇ كېلەلمەيدۇ، ئىلگىرى خېلى ئەركىن ئىدى، مانا سېنى دەپ قانىتى بوغقۇچلاندى، كۆپ خاپىلىق تارتتى . سەن بولساڭ غېمىڭدە يوق يۈرسەن، مەقسەت ـ مۇرادىڭنى خۇدادىن تىلە !
رۇستەم ئىشكنى تاقاپ چىقىپ كەتتى . توختى ھەرقانچە قىلسىمۇ يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى . شۇنداق-تىمۇ ئۆزىگە : ناتونۇش بىر قىز نېمە ئۈچۈن مېنى دەپ خاپىلىق تارتىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمىدۇ؟ دېگەن سوئاللارنى قويۇپ، جاۋاب ئىزدىمەكتە ئىدى، ئۇ كىچىك ئاخۇننىڭ سۆزلىرىنى ئەسلە-دىيۇ، ئەمما ئۇنداق بولۇشىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى : «مۇمكىن ئەمەس ! زىندان بېگىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى ئۆتۈپ ـ تېشىپ مەن-دەك بىر مەھبۇسنى ياخشى كۆرەمدۇ !؟ كاللام ئېلىشىپلا كېتىد-غۇ ! ئىشەنمەي دېسەم، ئەمىسە نېمىشقا مېنىڭ قايغۇمدا قالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ھالىمدىن خەۋەر ئالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مېنى سوراق قىلىشمايدۇ؟ رۇستەم زادى كىم؟»
جاۋابى قىيىن سوئاللار توختىنى گاڭگىرىتىپ كاللىسىنى قاپاق قىلىۋەتتى . ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى تولىمۇ مۇرەككەپ ئىدى . توختىنى سوراق قىلغاندا، رەۋزەشەب ئامبال ھېكىمبەگ پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى . توختى «پاش قىلغۇ-چى بىلەن يۈزلەشمەن» دەپ قاتتىق تۇرۇۋالغاندا، پاش قىلغۇچى-نى دەپ بېرەلمىدى . «پاش قىلغۇچى» پۇلنى ئېلىپلا تىكىۋەتكەچ-

كە، ھېچ يەردىن تاپالمىدى. توختىنى قايتا سوراق قىلىپ ھەرقانچە قىيىنىغان بىلەنمۇ ئىقرار قىلدۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. يەنە بىر جەھەتتىن ھاپىزبەگدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق ئادەم ئىشەنچسىز بولغاچقا، ئەھۋالنى ئەفرىدۇنغا مەلۇم قىلىپ قويۇشتىن قورقتى. نەتىجىدە، مەنسەپكە ئۆرلەش شېرىن چۈشى كۆپۈككە ئايلىنىپ، بۇ شەھەردىن يوقىلىش ئارقىلىق ۋاڭنىڭ ئالدىدا رەسۋا بولۇش ۋە بەگلەر ئارىسىدا مازاققا قېلىشتىن قۇتۇلۇش قارارىغا كەلدى - دە، ناۋاتسىمان تاشتۇزنى قايناق سۇدا ئېرىتىپ شاكىراب تەييارلاپ، تاماق ئورنىدا نان چىلاپ ئىچتى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ئىككى پاچىقى ۋە يۈزلىرى ھۆپپىدە ئىششىپ، تونۇغۇسىز بولۇپ كەتتى. بايقۇش بۇنىڭدەك ئىششىقتا بەدەننىڭ ئاغرىمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ۋاڭغا كىشى ئەۋەتىپ مەلۇم قىلدۇرۇپ، ئەمىر، بەگلەر يوقلاپ كەلگەندە كۆزىنى ئاچماي يېتىۋالدى. ئۇلار ھېكىمبەگنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرۈشتى. ئوردىنىڭ تېۋىپلىرى چاقىرتىلىۋىدى، ئۇلارمۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدى.

ئۆز چارىسىدىن مەمنۇن بولغان ھېكىمبەگ مىرزىنى چاقىرتىپ، ئەفرىدۇنغا مەلۇمات سۇندى. مەلۇماتنامىگە: «مەن ساقىيالمايدىغاندەك تۇرىمەن. ئۆز يۇرتۇمغا قايتىپ، ئاتا - ئانامنىڭ ئايىغىدا ياتسام...» دېگەندەك مەزمۇنلار يېزىلغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، ھېكىمبەگ يۇرتى ئۇچتۇرپانغا تىكىۋەتتى. رەۋزەشەب بەگلىك مەنسىپىگە باشقا بىرسى ئولتۇردى. يېڭىدىن مەنسەپ تاجى كىيگۈچى بۇرۇنقى ئىشلارنى نەزىرىدىن چەتتە قالدۇرمىدى، ئەمما توختى توغرىسىدا بىرەر يازما مەلۇمات بولمىغاچقا، نېمە ئۈچۈن يېتىۋاتقانلىقى سۈرۈشتۈرۈلمەي بەش ئاي ئۆتۈپ كەتتى. توختىنى پەقەت رەيھانلا تاشلىماي يوقلاپ كېلىۋاتاتتى. رەيھان توختى بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەن كۈندىن باشلاپ ئەستىن چىقىرالمىغانىدى. رەيھان ئۇنى يوقلاپ زىنداندىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن دادىسىغا يەر ئۈستى ھەپسىخانىسىغا يۆتكەپ قويۇشنى ئېيتتى.

ئەمما ، هاپىزبەگ ئىپادە بىلدۈرمىدى . زىندان بېگى ئۆز قىزىنىڭ دېگىنىنى قىلىدىغان جاھىل مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى . شۇڭا ، تەرسا قىزىنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ بىرەر چاتاق چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدى ، زىنداندىن يەر ئۈستى ھەپسخانىغا يۆتكەپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋېلىشى گۇمانىنى تېخىمۇ قوزغىدى . قىزىنىڭ ئىككىنچى كۈنى زىندانغا يەنە كىرىشنى تەلەپ قىلىشى بۇنى تەستىقلايتتى . ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى ئورۇنداشقا زادىلا بولمايتتى . شۇڭا ، هاپىزبەگ ئىنكاس قايتۇرمىغانىدى . ئەمما ، ئارزۇلۇق قىزىنىڭ جاھىللىقى ئالدىدا تەڭ كېلەلمىگەن ئاتا ، بىر ھەپتىدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئېلىپ كىردى .

— قارا ، ئۇ سەللــىمازا ساقــايــدى ،— دېــدى زىــنــدان بېگــى ،— ئەمدىغۇ ئىشەنگەنسەن !

هاپىزبەگ رەيھاننى كۆپ تۇرغۇزماي ئېلىپ چىقىپ كەتتى . بۇ نۆۋەت رەيھان ئاتىسىغا ،ناتونۇش مۇساپىرنىڭ تىرىك ياكى ئۆلۈككىنى كۆزۈم بىلەن بىر كۆرەي ،دەپ يالۋۇرۇپ ئاران تەستە كىرگەنىدى .زىندانغا يەنە كىرىشكە ئەمدى ھېچقانداق باھانە - سەۋەب قالمىغاچقا ، پۈتۈن كۈچى بىلەن چارە - ئامال ئىزدەپ ئانىسى زۇمرەتخېنىمغا يېلىنماقچى بولدى . بىراق ، بۇمۇ كار قىلمايدىغاندەك قىلاتتى . ئۇ ئاخىر ئۇيان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ بىر ئەقىل تاپتى . بۇنىڭدىن قىلچە چاتاق چىقمايتتى . ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى چارىسى گۈندىخانا خىزمەتكارى رۇستەمدىن پايدىلىنىش ئىدى .

رۇستەم ئەمەلىيەتتە هاپىزبەگنىڭ شىرەم بىر تۇغقىنىنىڭ ئوغلى بولۇپ ، يېشى خېلى بىر يەرگە يەتسىمۇ تېخىچە ئۆيلىنەلمىگەنىدى ، هاپىزبەگ ئۆيلەپ قويااي دېسىمۇ ئۇنىمايتتى . شۇڭا ، رۇستەمنى زىندان ئاشخانىسىغا مەسئۇل قىلىپ ، قوشۇمچە دەرۋازىۋەنلىكنى تاپشۇردى . كامېرلارنىڭ ئاچقۇچلىرى ئىككىدىن بولۇپ ، بىرسى هاپىزبەگدە ، بىرسى رۇستەمدە ئىدى . مەھبۇسلارغا تاماق بېرىش ، نىجاسەت تۆكتۈرۈشنى رۇستەم بېجىرگەچكە ، هاپىزبەگ ئارىلاشمايتتى . رەيھان ئىنچىكە باش قاتۇرۇپ ، رۇستەم-

نىڭ يوقسۇزلۇقىدىن پايدىلىنىش قارارىغا كەلدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى تېخى ھايات بولۇپ ، نامرات ئىدى ، ئۆيلەنمەسلىكى- نىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى ، «ئۆزىمىزنىڭ جېنىنى باقالمىغاندا ، خوتۇننى قانداق باقىمەن» دەپ ئويلايتتى . ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتماي گۈندىخانىدا قونۇپ ئىشلەشتىكى مەقسىتىمۇ كۆپرەك پۇلغا ئېرى- شىش ئىدى . بىكار قالغان ۋاقىتلىرىدا ھاپىزبەگنىڭ ئۆيىگە چى- قىپ ئوتۇن يېرىش ، سۇ ئەكىرىش قاتارلىق پارچە - پۇرات ئىشلار- نى قىلاتتى .

بىر كۈنى ئەتىگەندە ھاپىزبەگ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ، ئۇزاق ئۆتمەيلا «بېگىم ئوتۇن كەسلىۋەت دەپ ئەۋەتتى» دەپ رۇستەم كىرىپ كەلدى . رەيھان كۆڭلىدە «ئۇنىغانىغا يونىغان» دەك ئىش بولدى دەپ ئويلىدى .

رۇستەم ھويلىدا ئوتۇن كەسلەۋاتاتتى ، رەيھان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئاستا چاقىردى :

— رۇستەمكا !

رۇستەم پالتىسىنى كۆتۈرگەن بويى ئوتۇنغا چاپماي رەيھانغا قارىدى .

— تېز بۇنى ئېلىپ ، ئانىڭىزغا ئاپىرىپ بېرىڭ ، تېز بولۇڭ !

رەيھان جىددىي تەلەپپۇزدا شۇنداق دەپ ، تۆت دانە كۈمۈش پۇلنى تەڭلىدى . بۇ رەيھاننىڭ جۇۋازا تۈگمىلىرى بولۇپ ، ھەر بىرسى بەش مىسقاللىقتىن جەمئىي ئىككى سەر كۈمۈش ئىدى . بۇ ئىشقا ھەيران قالغان رۇستەم ئەندىكىپ ، ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى ، ئەمما رەيھان پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپلا كىرىپ كەتتى .

رۇستەم پۇلنى ھاپىلا - شاپىلا ئىشتاننىڭ لىپىزىگە تۈگۈۋې- لىپ ، ئوتۇننى يېرىۋەردى . «بۇ نېمە ئىش ، ئوڭۇممۇ - چۈشۈم- مۇ ؟— ئويلايتتى رۇستەم ،— ئاللا رەھىم قىلغاندۇر بەلكىم ، ھېچكىمگە دېگۈچى بولماڭ دەيدۇ تېخى ، دەپ نېمە قىلاتتىم ، 〈گالدىن ئۆتكەن غەنىيمەت !〉 ، 〈خۇدانىڭ بەرگۈسى كەلسە تۇڭ-

لۇكتىنمۇ ، مورىدىنمۇ تاشلاپ بېرىدۇ 〉 دەپ ئاڭلىغۇدىم ، مانا بۇگۇن ماڭا ئاسماندىن تاشلاپ بەردى دېسە ... » ئۇ ئىشتان لېپىزىدكى پۇلنى يەنە بىر قېتىم مۇجۇپ باقتى - دە ، خۇشال بولغىنىدىن كۆڭلىدە رەيھاننىڭ ئىنساپىغا يېنىش- يېنىشلاپ رەھمەت ئېيتتى : ئۆزىنى بىردىنلا كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغاندەك ، بىردىنلا خوجايىنغا ئايلىنىپ ، خۇشامەتچىلەر تەرەپ - تەرەپتىن سوۋغا - سالام بېرىۋاتقاندەك... ھېس قىلىشقا باشلىدى . كۆتەككە پالتىنى ھەربىر كۆچەپ ئۇرغاندا يېرىندىلار تەرەپ - تەرەپكە چاچرايتتى .

رۇستەم مۇشۇنداق قىزغىنلىق بىلەن ئوتۇننى بىردەمدىلا يېرىپ بولۇپ ، زۇمرەتخېنىمغا :

— ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ كېلەي !— دەپ قويۇپ ئۇچقاندەك دەرۋازىدىن چىققان بويى بېرىپ ، ھېلىقى كۈمۈش پۇلنى ئانىسىنىڭ قولىغا تەگكۈزدى ، ئاندىن ھايالشىماي يەنە ھاپىزبەگنىڭ ھويلىسىغا ئۆتتى . بۇ پېشىندىن ئۆتكەن چاغ بولۇپ ، ئۆزىچە ئىشچانلىقى تۇتۇپ ھويلىدىكى ئوتۇنلارنى تېرىپ توشۇۋاتقان رەيھان كۆڭلىدە رۇستەمنى قانداق قىلىپ مۇددىئاغا كۆندۈرۈش توغرىسىدا ئويلاۋاتاتتى . رۇستەمنىڭ كىرىپ كېلىشى رەيھاننى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى .

— ئەجەب ۋاقتىدا كەلدىڭىز ، ئاكا !— دېدى رەيھان ئىچىگە پاتمايۋاتقان خۇشاللىقىنى ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن ئىپادىلەپ .

— نېمە ئىش ئىدى ؟— سورىدى رۇستەم تەقەززالىق ئىلكىدە .

— ئىنتايىن مۇھىم ئىش .

— دەۋېرىڭ ، قولۇمدىن كەلسىلا مانا مەن تەييار .

رەيھان ئىككىلەنگەن ھالدا ئەتراپقا قارىۋېتىپ ، ھېچكىم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن خاتىرجەم تەلەپپۇزدا ئېيتتى :

— مۇنداق ئىش ئىدى قاراڭ ، يەنە كېلىپ ناھايىتى مەخپىي ، شۇنداق ، ناھايىتى مەخپىي !

رەيھان بىردىنلا بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك جىم

بولۇپ قالدى .

رەيھاننىڭ بېشى بار ، ئايىغى يوق بۇ سۆزلىرى رۇستەمنى تەقەززا قىلماقتا ئىدى ، شۇڭا ئۇنى ئالدىراتتى :

— تاقەتسىزلەندۈرمەي دېمەمسىز قېنى ؟

— بوپتۇ ، ئېيتاي ئەمىسە ، ئاكا ! مۇنداق بىر قىيىن ئىش ئىدى ئۇ ، سىزنى ئۇنارمۇ - ئۇنىماسمۇ دەپ ئىشىنەلمەي ···

— قېنى دەڭ ، ئاڭلاپ باقاي .

— ماقۇل ، مۇنداق ئىش ، مەن ئۈلۈشكۈن كېچە بىر چۈش كۆردۈم ، شۇنداق قورقۇنچلۇقكى ، شۇ قورقۇنچۇمدا ئويغىنىپ كېتىپ ، كۆزۈمگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمىدى . تاڭ ئېتىشى هامان ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم .بامداتتىن كېيىن كوچىغا چىقىپ پالچىغا پال سالدۇرسام : «كۆرگەن چۈشىڭىز ناهايىتى خەتەرلىككەن ،ئاتىڭىزغا رەقىبلىرى ئورا كولاۋېتىپتۇ .قارىلىق چۈشۈۋاتىدۇ . بۇ چۈشنى كىشىگە دېگۈچى بولماڭ .بۇنىڭغا تەدبىر قىلماق بەك قىيىنجۇمۇ !— دەپ بولۇپ ،— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز ؟» دېدى . زىندان بېگى هاپىزبەگنىڭ قىزى بولىمەن ، دېسەم ، ئاغزىنى ئۇشتۇپ ئېيتتى : «ئاتىڭىزنى مەهبۇسلارنىڭ قارغىشى تۇتقان ئوخشايدۇ ، هاياتى خەۋپ ئىچىدە تۇرغاندەك قىلىۋاتىدۇ !» بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتىم . ئاتامدىن ئايرىلساق ، ماڭىمۇ ، سىزگىمۇ بۇگۈنكىدەك كۈن نەدە دەيسىز ! پالچىدىن : «ئىلاجى بارمۇ ؟» دەپ سورىسام ، «بار ، ئەمما بەك قىيىن . ئىگە - چاقىسى يوق ، ياقا يۇرتلۇق بىگۇناھ مەهبۇستىن بىرنى ئېنىقلاپ چىقىپ ، دەرهال قويۇۋېتىڭلار ، ئەگەر بۇنىڭغا ئاجىزلىق قىلساڭلار ، هالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ مېھىر - شەپقەت يەتكۈزسەڭلارمۇ ئوخشاش» دېدى . بۇنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم سەل تىنغاندەك بولۇۋىدى ، پالچى يەنە : «يات كىشىگە دېمەڭ ، ئاتا - ئانىڭىز ئاڭلىسا ، قانداق تەدبىر قىلغان بىلەنمۇ بىكار ، هەممىسى كارغا كەلمەيدۇ ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزدىن بىرەرسى ئوقۇپ ياردەملەشسە بولىدۇ» دېدى . كۆڭلۈم يېرىم بولغان هالدا قار - يامغۇر يىغلاپ قايتىپ كەلدىم ،

ئويلىسام ، سىزدىن بۆلەك ئىشەنچلىك ئادەم يوقكەن . ئاتامدىن ئايرىلساق بىزگىمۇ خۇدايىم بىر كۇننى بېرەر ، سىز نەگىمۇ بارار-سىز . شۇڭا ، سىزنى بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ دەپ ئىزدىگەنىدىم .

رەيھاننىڭ «چۈشى» رۇستەمنى راستتىنلا ئەندىشىگە سېلى-ۋەتتى . ئەگەر ھاپىزبەگدىن ئايرىلسا ، رۇستەمنىڭمۇ ئىشى تۇ-گەپ ،گۇندىخانىدىن قوغلىنىشى ئېنىق ئىدى .رۇستەم ھاپىزبەگ-نىڭ سايىسىدا كۈن ئېلىپ كېلىۋاتاتتى .ھەر كۈنى قارا دەرۋازى-نىڭ ئىككى تەرىپىدە قاماقتىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ئاش - تائام ،كىيىم - كېچەكلەرنى ئېلىپ كەلگەن ۋە كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىدىغان سەپ- سەپ كىشىلەر تۇرۇپ كېتىشەتتى .بۇ ئىشلارنى ھاپىزبەگ رۇستەمگە تاپىلىغان بولۇپ ،ئاسانلىقچە بەگكە گەپ كەل-تۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئىجازەت بەرمەيتتى ،گاھىدا كىشىلەر رۇستەمنىڭ قولىغا خۇپىيانە ھالدا ئاز - تولا بىرنەرسە تۇتقۇزۇپ قوياتتى . بۇنىڭ تەمىنى تېتىغان رۇستەممۇ بارا - بارا ئىشنىڭ يولىنى تېپىپ : «ئىت يوق يەردە مۇشۇكمۇ قاۋايدۇ ، پەخەس بول-مىساڭ تېخى تالايدۇ» دېگەندەك ، گۇندىخانىدا بەگلەر يوق چاغدا ئانچە - مۇنچە قاقتى - سوقتى قىلىشنى ئۆگىنىۋالغانىدى . ھال-كۇنى ئەمدىرەك ئاز - تولا ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىۋاتقاندا ، «يېتىم-نىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكەندە ، بېشى تاشقا تېگىدۇ» دېگەندەك ، رەيھاندىن ئاڭلىغان بۇ يامان چۈش رۇستەمنى ئۈمىدسىزلەندۈردى . يەنە بىر تەرەپتىن : «كىشىلەر مەندىن نارازى بولدى ، ئاتايىن ئەكەلگەن نەرسە - كېرەكلىرىنى قايتۇرۇۋەتتىم ، تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشتۇرمىدىم ، ناۋادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا ، ئۇلار ئۆچ ئېلىپ مىنى نېمە قىلىۋېتەر» دېگەن خىياللارنى سۈرۈپ ، يۈرىكى جىغغىدە قىلدى ، «بېگىمنى قوغداش كېرەك . ئۇ بولمىسا كۈن كەچۈرۈشۈم مۇمكىن ئەمەس» دېگەن نىيەتكە كەلدى .

— مەن ئويلاپ بولدۇم !— دېدى رۇستەم ئىشەنچ بى-لەن ،— بۇنىڭغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان ئادەم بار .

— ئۇ كىم ؟

— توختى مانجۇ ، ھېلىقى چاغدا سىز ئاتىڭىز بىلەن كىرىپ كۆرگەن ، مانجۇچە ئوقۇغان مۇساپىر يىگىت . ئۇنى سوراق قىلغاندا ، يۇرتىدىكىلەرنىڭ «توختى مانجۇ» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاشۇ غەلىتە ئىسىم قەلبىمگە ئورناپ قالدى . ئۇ قالتىس يىگىتكەن ، بەدەنلىرىنى زەھەرلىك قامچا تىلىۋەتسىمۇ قىلچە زارلانمىغىنىغا قاراپ ، جەسۇرلۇقىدىن تەسىرلىنىپ ، يىگىت دېگەن شۇنداق بولسا ، دېۋەتكەن ئىدىم . ئۇنىڭدىكى چىراي ، قەددى - قامەت ، ۋۇجۇدىدىن تېمىپ تۇرغان غەيرەت - شىجائەت ، كۆزلىرىدىن چاقنىغان ئەقىل - پاراسەت كىمدە بار دەيسىز ! ؟ «ئون ئىتتىن بىر بۆرە ياخشى» دەپتىكەن ، خەۋەر ئالساق مۇشۇنداق ئادەمدىن ئالايلى ، كىم بىلىدۇ ، بەخت قۇشى بېشىغا قونۇپ ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭغا موھتاج بولۇپ قالامدۇق تېخى ! سىز ئانچە غەم يەپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ . بۇنى ئۆزۈم قاملاشتۇرىمەن ، ھە… راست ، سوراپ باقاي ، زىندانغا ئىككى نۆۋەتلا كىرىپ ئۇنىڭدىن كېيىن يوقاپ كەتتىڭىز ، سىزنى ئەمدى ئۇنداق خەير - ساخاۋەتنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپتىكەنمەن . ئەسلىدە بېگىمدىن ئەنسىرەپ يۈرۈپتىكەنسىز - دە !

—بۇ گەپنى قىلىشمايلى ،— رەيھان ھەسرەتلىك تىندى ،— بەگ ئاتام : مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكۈپ زىندانغا باردىڭ ، دەپ كۆپ رەنجىدى . ئۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشكىنىم خېلى خاپىلىقلارنى تېرىدى . ئانام ئارىغا چۈشۈپتىكەن ، «قىزىڭنى باشقۇرمىساڭ ، ئىچىم ئاغرىدى دەپ بىرەر مەھبۇسنى قاچۇرۇۋەتسە قانداق قىلىمىز» دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئاناممۇ ئاتامنىڭ قارىشىغا قوشۇلۇپ ، مېنى ئەيىبلىدى .

— ئەمدى بۇ ۋەزىپىنى ماڭا تاپشۇرۇڭ ، سىز ئورۇنلاشتۇرغۇچى ، مەن ئىجرا قىلغۇچى بولاي .

— ناھايىتى ئاددىي ، سىز پەقەت ئىنسانپەرۋەرلىك قىلىسىز ، ئاچ قويمايسىز ، ئاپتاپقا سالىسىز ، ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىسىز ، ھەممە سىرنى مەخپىي تۇتۇپ ، تەييارلىغان سەدىقەمنى يەتكۈزۈپ

بىرىسىز . قىسقىسى ، سالامەت زىنداندىن چىقىپ ، ئەركىنلىك ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىشىغا كېپىللىك قىلىسىز . بۇنىڭ مۇكاپاتىنى بۇ ئالەمدە مېنىڭدىن ، ئۇ ئالەمدە ئاللادىن ئالىسىز !

رەيھان ھاياجانلانغىنىدىن كۆزلىرىگە ياش ئالدى . ساۋابلىق يولىدا تۆكۈلگەن بۇ ياش رۇستەمنىڭ يۈرەك - باغرىنى تىترىتىپ ، دىلىنى شامدەك ئېرىتىۋەتتى .

شۇنداق قىلىپ ، رۇستەم ئەمدى كۆپ ئىشلارنى ئويلايدىغان ، خىيالچان يىگىتكە ئايلاندى . رەيھان بىلەن ھەر كۈنى كۆرۈشۈپ ، توختىدىن قانداق خەۋەر ئېلىش ئۈستىدە مەسلىھەت ئېلىپ تۇردى .

توختى يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارغا ھەيران قېلىۋاتاتتى . رۇستەم گاھىدا كۆك ھەمزەكتىن قىلىنغان ياغلىققا ئورالغان نان ، قەنت - ناۋات دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كىرىپ :

— بۇنى ئال !يەكەندىكى بۇرادەرلىرىڭ كىرگۈزدى ! — دەيتتى .

بۇنىڭدەك سوۋغات پەقەت ھەپتىدە بىر قېتىملا بولاتتى . بۇ ئادەتتە رۇستەم پەم بىلەن ئەكىرىپ بېرىدىغان گۆشلۈك تائاملارغا زادىلا ئوخشىمايتتى ، ئورالغان داستىخان ، تائام قاچىلىرى باشقا بىر كىشىنىڭ ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى . ئەمما ، توختى بۇ يېڭى تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تاپالمايتتى . باشقا ئېغىر كۈن چۈشكەن كۈنلەردە ناتونۇش بىر شەھەردە ئېرىشىۋاتقان قانداقتۇر شاپائەت - غەمخورلۇقلار تولىمۇ چۈشىنىكسىز ، سىرلىق ئىدى .

## ئالتىنچى باب

# لەھەت ئىچىدىكى ھايات

ھەش - پەش دېگۈچە بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ، يىل ئۆرۈلدى، قىش كېتىپ باھار، ئاندىن ياز كەلدى. ئادەمزات، ئۇچار قانات، جان - جانىۋار، قۇرت - قوڭغۇزلارغىچە يېڭى ھاياتقا ئېرىشىپ، يازنىڭ لەززىتىدىن بەھرىلەنمەكتە ئىدى.

زىنداندا بولسا قىش - ياز ئوخشاش، زەي، سوغۇق ھۆكۈم سۈرۈپ، سېسىقچىلىق ئادەمنى سەسكەندۈرەتتى. جان تالىشىپ ئىڭراشلار، نالە - پەريادلار، تىللاش، قارغاش، ۋارقىراشلار ئادەمنى بىزار قىلاتتى.

توختى ئورنىدىن تۇرۇپ، داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادىتى بويىچە قوشۇقنىڭ دەستىسى بىلەن ئىشىك يېنىدىكى تامغا يەنە بىرنى سىزىپ قويدى. ئۇ ھەر ئاي توشقاندا سىزىقلارنى جەملەپ يۇقىرىغا يېزىپ قويۇپ، ئاستىغا يېڭىۋاشتىن ھەر كۈنى بىر سىزىق سىزىپ قوياتتى. ھېسابلاپ بىلدىكى، ئۇ 1855- يىل 12- ئاينىڭ بېشىدا قامالغان، مانا يىل ئۆرۈلۈپ، 7 - ئايغا 14 بوپتۇ، سەككىز ئاي زىنداندا ياتتى دېگەن گەپ.

توختى يۇرتى پەيزاۋاتنى ئويلىدى: كەڭ ئېتىزلار، تۇتاش كەتكەن دېھقان ئۆيلىرى، بۈك - باراقسان باغ - ئورمانلار، ھويلا-ئارامنى چۈمكىگەن تەكلەر، قىياقلىق ئۆستەڭ بويلىرى، قاتار ئۇجمىلەر، سۇغا چۈمۈلۈۋاتقان، ئېگىز قاشقا چىقىۋېلىپ چوڭقۇر گۇم - قايناملارغا ئارقىسىچە چامولىلاق ئېتىپ، بېلىقتەك ئۈزۈپ

ئويناۋاتقان بالىلار ، پەيزاۋاتنىڭ كىچىككىنە بازىرىدا
بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ مىغىلدىشىپ يۈرگەن «بازارچى» دېھقانلار ،
دۇكىنىدا قېنىق دەملەنگەن چاينى ئىچىپ ئولتۇرۇشقان دۇكاندار-
لار ، خوجايىن ۋە ئەركە بالىلار كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ
تىزىلىپ ئۆتتى ، يۇرتىنى ، دېمەتلىكلىرىنى سېغىندى ، قاراڭغۇ
زىندان ، تارتقان ئازابلىرى كۆڭلىنى غەش قىلىپ ، كۆز چاناقلىرى
ياشقا تولدى . دەردلىك يۈرىكى ئېچىشىپ ، قانداقتۇر بىر ئەجەللىك
سىرتماق گېلىدىن بوغۇۋاتقاندەك نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ ،
ۋارقىرىغۇسى ، زۇلمەتنىڭ كۆلىنى كۆككە سورىغۇسى ، ئۆزى ،
شۇنداقلا تەقدىرداش مەھبۇسلار ، زۇلۇم تارتىۋاتقان ناتىۋان خەلق-
نىڭ ھۆرلۈك - ئەركىنلىكى ئۈچۈن زالىملاردىن ئۆچ ئالغۇسى
كەلدى ، تۇرۇپلا كىچىك ئاخۇننى ئەسلەپ قالدى . كىچىك ئاخۇن
راست ئېيتىدۇ ، ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن كۈچ- قۇۋۋەت كېرەك .
ئادەمنىڭ كۈچى پەقەت پۈتۈن مۇسكۇل - سىڭىرلاردىن يىغىلىپ
مۇشتىغا مەركەزلەشكەندەئاندىن ئىپادىلىنىدۇ ، ئىتتىپاقلىق ھەم-
مىدىن مۇھىم ، شۇڭغىدەك ئۇنىڭغا تەشكىللىگۈچى يېتەكچى كې-
رەك ، كىچىك ئاخۇن بۇنىڭغا مۇناسىپ ئەر ، مەن زىنداندىن چى-
قىپلا كىچىك ئاخۇنكامنى تاپىمەن ، قولىغا قول ، دوستىغا دوست ،
دۇشمىنىگە دۇشمەن بولىمەن . زالىم ئەمەلدارلارنىڭ جاجىسى-
نى بېرىمەن . ئاتلارغا پېتىقلىتىپ ، نالە - زار قىلغاندا پۇخا-
دىن چىققۇدەك قاقاقلاپ كۈلىمەن ، پۈتۈن ئالەمگە ئاڭلانغۇدەك
كۈلىمەن . بۇنىڭ ئۈچۈن ، بۇ زىنداندىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشۇم ،
كىچىك ئاخۇنكامنى تېپىشىم كېرەك . شۇغىنىسى بۇ ئاسانغا توخ-
تىمايدۇ . پايدىلىق يېرى ھېلىقى قىز ماڭا ۋەدە بەردى ، جەزمەن
قۇتقۇزىمەن دېدى ، سۆزىنىڭ ناھايىتى جىددىي ، كەسكىنلىكىدىن
قارىغاندا راستتەك قىلىدۇ ، ئۇ خېلىدىن بېرى قارىسىنى كۆرسەت-
مىگىنى بىلەن ، ماڭا كىرگۈزگەن كىيىم- كېچەك ،رۇستەم يەتكۈ-
زۇپ بېرىۋاتقان تائاملار ئۇنتۇپ قالمىغانلىقى ئەمەسمۇ !بۇنداق يۇ-
رەكلىك ئىشلار ئۇنىڭدىن باشقا كىمنىڭ قولىدىن كەلسۇن ؟ ! ئۇ

مىنىڭ ھاياتىمنى قۇتقۇزدى . ئۇ مۇشۇنداق خەۋەر ئالمىغان بولسا ، ئاللىقاچان ئۇستىخانلىرىمنى چاشقانلار غاجاپ ، قاقشاللىرىنى ئۇۋا قىلغان بولاتتى . ئەمما ، ھېچ بىلمىدىم ، ئۇ ماڭا نېمە ئۈچۈن شۇنداق غەمخورلۇق قىلىدۇ ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن يا تونۇشلۇقۇم بولمىسا ؟ بەلكىم مېنىڭ قىپقىزىل قانغا بويالغان ئېچىنىشلىق ھالىم ئۇنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىغاندۇ ، ئۇنداق بولمىسچۇ ؟ ياق ، ياق ! تونۇشماي ، بىر ئېغىز سۆزلەشمەي ،يۈرەك سىرلىرىنى بىلىشمەيدىغان ئادەمنىڭ باشقىچە نىيەتتە بۇنداق مېھرىبانلىق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس .ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىگە ماسلاشمىغان سۇنۇق چىرايى ،ياش ئاقتۇرۇپ تۇرۇپ بەرگەن قەتئىي ۋەدىلىرى… نى قانداق چۈشىنىش كېرەك ؟ ياخشى كۆرۈش ، مۇھەببەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن ! ئۇ چوڭ باي ھەم مەنسەپدارنىڭ قىزى ، ئۇنى كېلىن قىلىش كويىدا نەچچىلىگەن باي ئاتا ـ ئانىلار باش قاتۇرۇۋاتىدىغاندۇ . قانچىلىغان بەگزادىلەر ئۆزلىرىنى ياساپ ، دىققەت ـ نەزىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدىغاندۇ . يەنە نەچچىسى ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق بايلىق ، مەنسەپ ئىگىسىگە ئايلىنىشنى ئويلاۋاتىدىغاندۇ !…

مېنىڭچە ، ئۇ قىز ئۇنداقلارنى ياقتۇرمايدىغاندەك قىلىدۇ . «كۆز — قەلبنىڭ دېرىزىسى» دېگەندەك ، دىلى يۇمشاق ، رەھىمدىل ، ئاق كۆڭۈللۈكى كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ ، بەلكىم ساۋابلىق تاپقىلى شۇنداق قىلىۋاتامدىكىن ؟ ئۇنداقتا ، ماڭىلا غەمخورلۇق قىلسا ساۋاب بولۇپ ،باشقىلارغا خەير- سەدىقە بەرسە ساۋاب بولمامدۇ ! ؟ ياق ، باھاردا ھەممە گۈللەر ئېچىلغان بىلەن ، قىزىل بولسىلا قىزىلگۈل دېگىلى بولمايدۇ ، «بازاردا مىڭ كىشى ، كۆڭۈلدە بىر كىشى» دەپ ، كۆڭۈلدىكىسى ئايرىم بولىدۇ . گۈلزارلىق گۈللەرگە تولۇپ تۇرسىمۇ ، ئۆزگۈچى پەقەت كۆڭلىگە ياققان بىرنى ئۈزىدۇ ، قايسىسىنى تاللاشنى ئۇ ئۆزى بىلىدۇ . تۇرمۇشمۇ شۇنداق ، بىر كىمنىڭ ياخشى كۆرگىنى باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ھەرقانچە تۆۋەن سانالسىمۇ ، مۇھەببەتلىك قەلبتە تەڭداش-

سىز ئورۇن تۇتىدۇ . گەپنىڭ قىسقىسى ، ئۇ قىز ماڭا ئىچ ئاغرىتـ
قان بولسۇن ياكى باشقا مۇددىئانى ئويلىسۇن ، ئىشقىلىپ ، مېنى
قۇتقۇزۇپ قالدى ، ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان باتۇرلۇقى
بىلەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى ، ھەپسىدىن سالامەت چىقسام ، ئادەمـ
گەرچىلىك نۇقتىسىدىن بولسىمۇ ، ئۇنى ئىزدەيمەن ، رەھمىتىمنى
ئېيتىمەن ، بەرگەن تۇزىنىڭ ھەققى ئۇچۇن ئۆمۈرۋايەت چاكىرى
بولىمەن . ئۆزۈمنى نورمال ئەركەك سانىغاندا ، ئەگەر كىچىك
ئاخۇنكام دېگەندەك ، ئۇ مېنى ياقتۇرۇپ قالغان بولسىچۇ ؟ ياق ،
ياق ، بۇ مۇمكىنچىلىكى يوق ئىش . ناۋادا شۇنداق بولدى دېگەندىـ
مۇ ، ئۇنىڭ پەرىزاتنىڭكىدەك جامالىغا «داغ» بولۇشنى زىنھار
خالىمايمەن . ئۆزۈم كۆيۈۋاتقان مۇدھىش دوزاخقا ئۇنى ھەرگىز
سۆرەپ كىرمەيمەن .ئۇ راھەت ـ پاراغەتتە يايراپ چوڭ بولغان قىز .
مەن بولسام يېتىملىكتە خارلىنىپ ،يوقسۇزلۇقتا زارلىنىپ ياشىـ
غان ئاياغ ئاستىدىكى بىر تال خەسمەن .ئۇنى «كۆڭۈل — شەيتان»
راستىنلا شۇ كويغا سالغان بولسا ، ئۆزۈمنى قاچۇرۇشۇم ، ئۇنـ
تۇشقا شارائىت ھازىرلاپ ، مەن كۆرۈۋاتقان رەھىمسىز دۇنيانىڭ
پاجىئەلىرىدىن يىراق قىلىشىم لازىم . شۇندىلا ئۇنىڭ ياخشىلىقلىـ
رىغا جاۋاب قايتۇرغان بولىمەن .يەنە بىر ئىشىنىمۇ نەزەردىن ساقىت
قىلىشقا بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ ، ئۇ بولسىمۇ ئۇ قىزغۇ رۇستەم
ئارقىلىق ماڭا خەۋەندىخاھلىق قىلىپ كەلدى . بۇنىڭدىن باشقا ،
ھەپتىدە بىر قېتىم قولۇمغا تېگىدىغان دېھقان نانلىرى ،تاتلىق ـ
تۇرۇم ،مېۋە ـ چېۋىلەرنى كىم كىرگۈزدى ؟
توختى چىكىش سىرلارنىڭ تېگىگە يېتەلمەي تۇرغاندا ، زىنداذـ
غا قاچاندۇر كىرىپ قالغان بىر چېۋىن گىژىلداپ ئۇچقىنىچە ئۆرـ
لەپ تۇڭلۇكتىن چىقىپ كەتتى . توختى قاتتىق پۇشۇقۇنۇپ ئۆزىـ
نىڭ ئاشۇ چېۋىنچىلىك بولالمىغىنىغا ئۆكۈندى : «ئەركىنلىك»
نېمىدېگەن ياخشى ، مانا ئۇ ئۇچتى ، خالىغان يېرىگە پەرۋاز قىلالايـ
دۇ ، چۈنكى ئۇ ئەركىن . مەنچۇ ؟ ھەممىدىن مەھرۇم ، ھەتتا
چېۋىنىدىنمۇ ئاجىز...

توختى شۇلارنى ئويلاپ يۈرەك - باغرى پۇچىلىنىپ ، زىنداننىڭ كىچىككىنە تۆڭلۈكىگە تىكىلگىنىچە ئۇزاق تۇردى . ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى قۇرۇپ ، خىيالى مۇجمەللەشكەندى . ئۆزىنىڭ يېتىملىكى ، يالغۇزلۇقى ئېسىگە كېلىپ ، تۇتقۇن قىلىنغان چاغدىكى يەنە بىر شەپقەتچى توغرىسىدا ئويلايتتى . ئەمما ، ئارىلاپ - ئارىلاپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغان سىرلىق شاپائەتچىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا يوپۇقسىز تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ ، «لەھەت»كە ئېلىپ كېتىۋاتقان قېرىندىشى ئۇچۇن ياش تۆكۈۋاتقان ماتەمداردەك زىندانغىچە ئۇزىتىپ بارغان ساۋۇر بىلەن ئابدۇرەھمان ئاكا - ئۇكىلار ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى .بۇنىڭلىق بىلەن توختىنى ئەيىبلىگىلىمۇ بولمايتتى ،چۈنكى ئۇ چاغدا ھوشسىز ،نىمجان ھالەتتە ئىدى .ئاكا-ئۇكىلار بولسا توختىنى بىلەتتى .كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈردىغان قەددى - قامەت ،يۈز- كۆزىدە قېتىپ قالغان بىغىر رەڭ قانلار ، چېكىسىدىكى شەلۋەرىگەن قامچا ئىزلىرى ، چىرايىنى پۈركەپ تۇرغان زۇلمەت پەردىسى ئۇلارنىڭ ئېسىدىن چىقمايتتى .

ئاكا - ئۇكىلار چوڭقۇر غەم - قايغۇ ، ئازاب ئىلكىدە ھەسرەت-نادامەتلەر بىلەن تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ مەسچىتكە قايتۇرۇپ ئاپارغاندا ، ھېكىمبەگنىڭ ۋەزلىرىدىنى ئاڭلاپ بولغان جامائەت قەبرىستانلىقنى يوقلاپ ، باقىيدىكى ئاتا - ئانا ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ تىلاۋەت ،دۇئا- تەكبىر قىلىپ بولۇپ ،قانغا بويالغان مۇساپىر يىگىت توغرىسىدا گەپ ئاڭلاش ئۇچۇن مەسچىت ئالدىغا يىغىلىۋاتاتتى .جامائەتتىن بەزىلىرى :«ئادەم سانىغانمۇ گۇناھمۇ !؟» دەپ غەزەپلەنسە ، بەزىلىرى : «ئارتاي دېسە گۇناھ تولا ، ساتاي دېسە گەپ» دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭلار؟ مۇشۇنداق بېشى قېيىپ كېلىپ قالغان بىرەر يېتىمچىنى تۇتۇپ قىيناش ئارقىلىق ، تۆكۈلگەن قېنىدا بىزنى قورقۇتماقچى . ئۇنداق بولمىسا ، ئۆلگەن ئادەمنى باغلاپ مەسچىتكە ئەكېلەمدۇ؟ بۇنىڭدەك ئىش يەكەندىلا ئەمەس ، ئالتە شەھەرنىڭ ھەممىسىدە بار» دېيىشەتتى . شۇ چاغدا گەپ تىڭشاپ تۇرغانلار ئارىسىدىن بېشىغا كۆكمەت تۇماق كىيگەن ،

ئۇچىسىدىكى كونىراپ كەتكەن قىزىل چەكمەن تونىنىڭ سول پېشى-
نى ئوڭ قولتۇقى ئاستىدىكى ئىككى تال بوغقۇچ بىلەن چىگىۋال-
غان ، 50 ياشلاردىكى ئاق سېرىق ، قوي كۆز ، قويۇق ساقال -
بۇرۇتلۇق بىرەيلەن گەپكە ئارىلاشتى :

— بۇ ئاغىنە راست دەيدۇ ، ۋاڭ غوجامنىڭ تەدبىرى جىق .
ئاڭلىساق ئۇ بېيجىڭ خانىدىن تەلىم ئالغانمىش . سىلەر بىلىسى-
لەر ، مەن ئېشكىمنى ھەيدەپ يۇرتمۇيۇرت كېزىپ ، ئۆيمۇئۆي
دوقۇرۇپ ، سۇزگۈچ - تارغاق ، تارىشا گۇگۇت دېگەندەك نەرسىلەر-
نى سېتىپ جان بېقىپ كېلىۋاتقان ئادەم ، ئاڭلىشىمچە ، ۋاڭ غو-
جامنى بېيجىڭ خانى ئۆز پەرزەنتىدەك كۆرەرمىش . ئۇنىڭغا يەكەن
سەككىز شەھەرنىڭ خانلىقىنى بەرگەندە نەسىھەت قىلىپ : «سەن
ئۇزاق ياشايمەن دېسەڭ قاندىن قورقما . ئىمارەت ئۇزاق پايلىسۇن
دېسەڭ ئاستىغا تاش باس ، تەختىم ئۇزاق ياشىسۇن دېسەڭ ئاستىغا
باش ! لېكىن ، شۇ ئېسىڭدە بولسۇنكى ، ئۆزۈڭ ئۇقماس بولۇۋال ،
ئاۋام ئىشنى سەندىن كۆرمەيدۇ ، ئۇستىلىق بىلەن 1 — 2 ئادەمنى
قۇربانلىق قىلىۋەتسەڭ ، خالايىق چاتاقنى شۇلارغا ئارتىپ ،سېنى
ياشىسۇن دەپ توۋلايدۇ» دېگەنمىش .كۆپىنچىڭلار يۇرت كۆرمى-
گەن ، كۆپ ئىشلارنى بىلمەيسىلەر ، بايىقىدەك قانغا بويالغىنى بىرلا
ئادەم قالماڭلار ، يۇرت- يۇرتلاردىكى زۇلۇم - سىتەملەرنى
ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ .نەگىلا بارمايلى ،خانلىققا قارشى چىقى-
تىڭ دەپ تۇتۇۋاتقان ، سولاۋاتقان ، مال - مۈلكىنى بۇلاۋاتقان ،
سولاقخانىلارنى كېڭەيتىپ پۇقرالارنى خانىۋەيران قىلىۋاتقان ،قارا
دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بىرسى : «ۋاي ئاتام !» دەپ يىغلىسا ، بىرسى :
«ۋاي بالام !» دەۋاتقان ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى ئۇچرىتىمىز ،ئۇلار-
نىڭ نالە - زارلىرىغا چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ ، تېخى دولان
تەرەپلەردە ئەھۋال بەكمۇ ئېغىر ،بىر تەرەپتىن ھاشارغا ھەيدىسە ،
بىر تەرەپتىن كېچە - كۈندۈز ئاراملىق بەرمەي تېرىقچىلىق قىلدۇ-
رۇۋاتقان .دولانلىقلار كۆرگەن دەرد- ئەلەملەرنى خۇدايىم سىلى-
بىزگە كۆرسەتمىسۇن ! يەكەندىمۇ سىلى - بىز كۆرمىگەن ئىشلار

جىق ، سولاقخانىنىڭ ئالدىغا بارساڭلار بىلىپ قالىسىلەر . خانلىق زىندانىغا كىرىش بار ، چىقىش يوقمىش . بۇ ۋەھشىيلىكلەر غوجام ئۇچۇن ۋە غوجامنىڭ غوجىسى ئۇچۇن بولغاچقا ، «ئۆزۈڭنى بىل ، ئۆزگىنى قوي ، كۆتۈڭنى قىس ، يولۇڭغا ماڭ» دېگەندەك ، بىزمۇ دەردىمىزنى ئىچىمىزدە بىلىپ ، ئۆز ئىشىمىزنى قىلمىساق ، بىز-گىمۇ بار ئاشۇ كۈن !...

شۇ چاغدا بىرەيلەن :

— ئەنە ، ساۋۇرلار كەلدى ! — دەپ كوچا تەرەپنى كۆرسەتكە-نىدى ، ھەممەيلەننىڭ دىققىتى بۇرۇلدى . يىگىتلەر قۇرۇق تاۋۇتنى ئەسلىدىكى ئورنىغا ئەكېلىپ ، يوپۇق جازىسىنى قۇراشتۇرۇپ قويۇ-دى . توختىنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىنى بىلىشكە تەقەززا بولۇ-ۋاتقان جامائەت يىگىتلەرنىڭ بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشىنى كۈتۈپ ، ئۇلارغا تىكىلىشتى .

— قانداقراق ؟ — سورىدى باياتىن كۆپ ئىشلارنى چۈشەندۈر-گەن كۆكمەت تۇماقلىق ئادەم ساۋۇردىن .

ساۋۇر بىرگە بارغان ئۇچەيلەنگە قارىۋەتكەندىن كېيىن ، جا-ۋاب بەردى :

— جېنى باردەك قىلىدۇ ، لېكىن كېسىپ بىرنېمە دېيىش تەس . گەرچە ئۇ يىگىت ئۆلمىگەن بولسىمۇ ، پانىي دۇنيانىڭ دوزد-خىدا قالدى !

ساۋۇر خانلىق زىندانىنى شۇنچىلىك جايىدا سۇرەتلەپ سۆزلەد-دىكى ،ئۇ يەرنىڭ ئۆلۈكلەر كۆمۈلگەن قەبرىستانلىقتەك جىمجىت بولماستىن ،بەلكى «گۆشخور ئىتلار »دۆلەڭ - دۆلەڭ كېلىپ ئېتد-لىپ تۇرغان ،تەرەپ - تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان ناله - پەريادلارغا قۇلاق بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ، گۆزدىنمۇ نەچچە ھەسسە چوڭ-قۇر ، نەپەس ئالغۇسىز سېسىقچىلىق دىماغقا ئۇرۇلۇپ كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدىغان مۇدھىش كۆرۈنۈشى ئاڭلىغانلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى . ئۇلار بىچارە يىگىتنىڭ «لەھەت» ئىچىگە تىرىك تاشلانغانلىقىنى ئىشتىكىنىدە گويا ئۆز قېرىنداشلىرىنى قانداقتۇر

ۋەھشىي جاللات ئىرىك سويۇۋاتقاندەك ، ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق نا-
لە ، ئاھۇزارلىرى تاغۇتاشلارنى ئېرىتىپ ، ئاسماندىن قان يامغۇرى
يېغىۋاتقاندەك ، كائىناتمۇ ئىنسانلار ئارىسىدىكى بۇنداق قاباھەتكە
ئۆكۈنۈپ ، بىگۇناھلارنىڭ ئۆلۈمىگە ماتەم تۇتۇش ئۈچۈن ئاق لى-
باس كىيىۋاتقاندەك ئېچىنىشلىق مەنزىرە ئىلكىدە توختىنىڭ قان-
لىق ھالىتىنى ئەسلەپ ئېغىر سۈكۈتكە چۆمگەنىدى .

كۈتۈلمىگەندە «تەقۋادار» ئىمام گېلىنى قىرىپ :

— جامائەت ، ئۆيلىرىڭلارغا چىرايلىقچە قايتىڭلار !— دېدى
كۆپچىلىككە ،— ھېلى بىكار ئارىمىزدىن بىرسى چىقىپ چېقىش-
تۇرسا ، ھېلىقى يىگىتكە ھېسداشلىق قىلدىڭ ، دەپ يەنە نەچچى-
مىزنى تۇتۇپ ماڭمىسۇن . «كۈندۈزى گەپ قىلساڭ ئەتراپىڭغا
باق ، كېچىسى گەپ قىلساڭ ، ئېغىزنى قۇلاققا ياق» دېگەن گەپ
بار . بىز خەقنىڭ ئارىسىدا «ھە !» دەپ دۈمبىسىنى قېقىپ قويسا
ئالدىنىپ ، ئاتىسىنىڭ ساقىلىنى يۇلۇپ ، ئاچىسىنىڭ چېچىنى
قىرقىپ بېرىدىغانلار يوق ئەمەس ، بۇنىڭدەك تۇزكورلارغا ۋاڭ
غوجامنىڭ قولى ئۇچۇقمىش ، خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن كۈنى شۇ
ئىكەن ، شۈكۈر قىلايلى !

ئىمام ھاسىسى بىلەن يەرنى چوقۇلاپ ئالدىدا ماڭدى . كۆپچى-
لىكمۇ چوڭقۇر غەم - قايغۇغا چۆمگەن ھالدا باشلىرىنى تۆۋەن
سېلىپ ئۆيلىرىگە راۋان بولۇشتى .

ساۋۇرنىڭ زىندان ،سولاقخانا دېگەننى تۇنجى كۆرۈشى ئىدى .
شۇ تاپتا كۆز ئالدىدىن توختىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالى ،قارا دەرۋازا
ئىچى ، زىنداندا كۆرگەن نەپرەتلىك ھەم ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەر
زادىلا كەتمەيتتى . «خەپ توختاپتۇرۇش ! ئاخىر ئۆچىمىزنى ئالماي-
دىغان بولساق !— دەيتتى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ،—
سەنلەرنىڭ قاقشايدىغان كۈنلىرىڭمۇ چوقۇم كېلىدۇ !…»

ساۋۇر يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا قاتتىق غەزەپلەنسىمۇ ، ئاچچى-
قىنى قانداق چىقىرىشنى ، توختى ۋە سولاقخانىدا كۆرگەن ئادەملەر-
نىڭ ئۆچىنى قانداق ئېلىشنى بىلمەيتتى ، پەقەت «ئاينىڭ ئون بەشى

يورۇق بولسا ، ئۇن بەشى قاراڭغۇ» ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ ، تەڭرى-
نىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەڭشەپ بېرىدىغانلىقىدىنلا ئۈمىد كۈتەت-
تى . ئەگەر شۇنداق پەيت كەلسە ، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا رەۋزەشەب
ئامبال ھېكىمبەگنى تىرىك تۇرغۇزۇپ سويۇشتىن يانمايتتى . بۇ-
نىڭ نېرىسىنى ئويلاش قولىدىن كەلمەيتتى .

شۇنىڭدىن تارتىپ ، ساۋۇر توختىنى زادىلا ئۇنتۇيالمىدى ،
قۇتۇلدۇرۇشقا كۆزى يەتمىدى . توختىنىڭ يۇرتىدا لەقىمى بىلەن
قوشۇلۇپ «توختى مانجۇ» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالغانىدى ،
شۇڭا بىرەر ئۇرۇق - تۇغقىنى چىقىپ قالارمىكىن دەپ ، يەكەنگە
كېلىپ قالغان مۇساپىرلاردىن كۆپ سۈرۈشتۈردى ، ئەمما بىلىدى-
غانلار چىقمىدى . ئۇ پات - پات ھەپسىخانا ئالدى بىلەن مېڭىپ ،
قارا دەرۋازىغا قارايتتى ، ئۇ يەردە قاراۋۇللاردىن باشقا ھېچكىم
كۆرۈنمەيتتى . ئىچىدىن بەزىدە ئىتنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلى-
نىپ قالاتتى .

ساۋۇر كۆزىتىش ۋە تىڭ تىڭلاشلار ئارقىلىق ، سولاقخانىنىڭ
ھەپتىدە بىر قېتىم — ھەر جۈمە كۈنى مەھبۇسلارنىڭ ئۆيلىرىدىن
كەلگەن نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان قائىدىسى بارلىقىنى بىل-
دى . ساۋۇر شۇ كۈنگە توغرىلاپ نان ئاپىرىۋىدى ، نېمىشقىدۇر
گۇندىخانا كۆزەتچىلىرى ئالغىلى ئۇنىمىدى . شۇنداقتىمۇ ھەر جۈمە
كۈنى ئېلىپ بېرىۋەردى . ئاخىر بىر مەزگىلدىن كېيىن نەرسىلەر-
نى ئالدىيۇ ، ئەمما كىمنىڭ ئەكەلگەنلىكىنى توختىغا ئېيتمىدى .
ساۋۇر ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئىسمىنى ئېيتىپ بەرمىگەنىدى .

«ۋاقىت ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ» دەپ ، جامائەت ئۆز كۆزى
بىلەن كۆرگەن بۇ پاجىئەنى ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنتۇپ كەتتى . چۈن-
كى ، توختى پاجىئەسىدەك ۋەقەلەر يۇرت - يۇرتلاردا كۈندە دېگۈ-
دەك يۈز بېرىپ تۇراتتى . بۇ خىل جىددىي ۋەزىيەت كىشىلەرنى
ئەندىشىگە سېلىپ ، ئاۋام خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئامانلىقىدىن ئەنسى-
رەيدىغان ھالەت شەكىللىنىۋاتاتتى . بۇنداق دىشۋارچىلىقتا خاتىمە
بېرىپ ، ئىنسانىي ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۇرسەت

كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى، تېخىمۇ مۇھىمى، ئاممىنى زۇلۇمغا قارشى كۈرەشكە تەشكىللەيدىغان بىرەر قابىل يېتەكچى بولمىسا بولمايتتى. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ھازىرچە ئاۋامنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى كومپاسسىز كېمىگە ئوخشاش نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىيەلمەي، ئۆز مۇساپىسىدە قايمۇقۇپ يۈرمەكتە ئىدى.

# يەتتىنچى باب

## خەيرلىك بىر كۈن

بۇ يۇرتنىڭ پەسىل ئۆزگىرىشى نىسبەتەن مۇقىم بولۇپ ، 7- ئاينىڭ 20 - كۈنلىرى چوڭ سەرەتان كىرىدۇ ، يەر - جاھان تونۇردەك قىزىپ كېتىدۇ ، چىڭقىچۇشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى تىنجىقنىڭ دەستىدىن پۈتكۈل جانلىقلار ئاپتاپتىن قېچىپ ، سۆرۈن جايلارنى ئىزدەيدۇ . ئەمما ، مۇشۇنداق تومۇزدا زىندان يەنىلا سوغۇق بولۇپ ، زەي چىقىپ تۇراتتى ، ھاۋاسى شۇنچىلىك ناچار ئىدىكى ، نىجاسەت پۇرىقى تەر ۋە باشقا ھىدلارنى بېسىپ چۈشۈپ ، نەپەس ئېلىشمۇ قىيىنغا توختايتتى . مەھبۇسلارنى كۈندە بىر قېتىم ئاپتاپقا سالىدىغان تۈزۈم بولسىمۇ ، بۆلۈپ - بۆلۈپ ئاچىقىشقا توغرا كەلگەچكە ، بەزى مەھبۇسلار ئۈستى يېپىق كارىدورنى ئايلاندۇرۇشقا ئاران ئۈلىشىپ ، يەنە قاماپ قويۇلاتتى . ئۇلار بۇرگىلەرنىڭ دەستىدىن ئۇخلىيالمايتتى ، زىيادە نەم تەسىرىدە خېمىردەك چىرىگەن جاراھەتلىك ئەتيانى تىنماي تاتىلىنىۋېرىپ يېغىر بولۇپ كېتەتتى . سوراقچىلارنىڭ قىيىن - قىستاق ، تاياقلىرىسىزمۇ كامېرىدىكى ھەربىر دەقىقە دوزاخ ئازابىدىن نەچچە ھەسسە تەستە ئۆتەتتى .

توختىنىڭ ئەھۋالىنى نىسبەتەن ياخشىراق دېيىشكە بولاتتى . ئۇ رەيھان رۇستەم ئارقىلىق كىرگۈزگەن يېمەكلىكلەرنى يەپ ، ئاچلىقنىڭ دەردىنى ئانچە تارتمىغان بىلەن ،بۇرگىلەرگە يەم بولۇش ،سوغۇق ،زەي ،سېسىقچىلىقنىڭ دەردىنى تارتىش جەھەتتە باشقا مەھبۇسلار بىلەن ئوخشاش ئىدى . مەھبۇسلار باشتىن كەچۈ-

روۋاتقان ئېچىنىشلىق كۆنلەر تېرىك تۇرغۇزۇپ سويغاندىن ، بەدەن-
لىرىنى قىيما - قىيما قىلىپ توغرىۋەتكەندىن ئېشىپ چۈشەتتى .
ئۆلارنىڭ تۇركۈملەپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقى ، ئۇرۇق - تۇغقان ،
بالىۋاقىلىرىنىڭ قارا دەرۋازا ئالدىدىكى ناله - زارلىرى بۇنىڭ
دەلىلى ئىدى . پاجىئەلەر زىندان بېگىنىڭ مۇزلىغان ۋۇجۇدىنى
ئېرىتەلمىسىمۇ ، لېكىن قىزى رەيھانىنىڭ كىتاب سۆزلىرىدىن نە-
قىل ئېلىپ ، قىيامەتلىك ئۈچۈن ئاز- تولا ساۋابلىق ئىزدەش توغ-
رىسىدىكى تەشەببۇسلىرى تەسىرىدىنمۇ ، ئەيتاۋۇر ، مەھبۇسلارنىڭ
هالىغا ئانچە - مۇنچە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ قالغانىدى .
مانا بۈگۈن توختى يېتىۋاتقان زىندانغا يانداش زىنداندىكى
بىرسى ئۆلدى بولغاي ، هاپىزبەگنىڭ رۇستەمدىن :
— قاچانراق جان ئۈزدى ؟ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى بىلەمسەن ؟—
دېگەندەك سوئاللارنى سوراۋاتقانلىقىنى توختى ئاڭلاپ قالدى .
رۇستەم جاۋابەن ئېيتتى :
— كېچىدىن ئۆلۈپتۇ . مۇشۇ هەپتە ئىچىدە زىنداندىن بەش ،
ئۇستى سولاقخانىدىن ئۈچ مەھبۇس ئۆلدى ، سوراقتا ئۆلگىنى
بىلەن توققۇز ئادەم بولدى . ئىلگىرى بۇنىڭدەك كۆپ ئۆلىدىغان
ئىش ئانچە كۆرۈلمەيتتى ، تۇنۇگۈن بىر ئوبدان تۇرغاندەك قىلغان ،
بۈگۈن ئۆلۈكى تۇرىدۇ ،كېسەللىك تارقالغاندەك قىلىدۇ ،بىگىم ،
مەنمۇ قورقۇپ قالدىم ،بۇنىڭ نېمە ئىشلىقىنى زادىلا بىلەلمىدىم…
رۇستەمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان توختىنىڭ ئەركىنلىكتىن
كۈتكەن شېرىن ئۈمىدلىرى توزغاقتەك توزۇدى . ئۇ سوراق قىلىد-
دىغان ئىشمۇ ، ئىز - دېرىكىنى قىلىدىغان ئادەممۇ بولمىغاچقا ،
بىر نۆۋەتلىك سوراق بىلەنلا يېتىۋەردى . بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭغا
سىر ئىدى ، پەقەت هاپىزبەگ 1 — 2 كۈندە بىرەر قېتىم تەكشۈ-
رۈپ تۇراتتى . بۇمۇ قاراپ بېقىش بىلەنلا كۇپايىلىنەتتى ، خۇش
خەۋەر ياكى شۇم خەۋەر توغرۇلۇق تىنىپ قويمايتتى .
توختى رەيھاندىنلا ئۈمىد كۈتۈۋاتاتتى . چۈنكى ، رەيھان ياردە-
مىنى توختاتمىغانىدى ، رۇستەممۇ ئوبدان مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى .

توختى رەيھانغا بولغان رەھمىتىنى رۇستەم ئارقىلىق بىلدۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. رەيھانغا بولسا توختىنىڭ ئاشۇ مىننەتدارلىقى يېتەرلىك خۇشاللىق بېغىشلىيالايتتى.

گۈندىخانىدا يېقىندىن بۇيان ئاۋۇپ كېتىۋاتقان ئۆلۈم - يېتىم ھاپىزبەگنى چۆچۈتۈۋەتتى. بىر ھەپتىدە توققۇز ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ئېغىر ئەھۋال ئىدى. «بۇنداق ئۆلۈۋەرسە ئادەم توشامدۇ؟ — ئويلىدى ھاپىزبەگ باش قاتۇرۇپ، — ئېھتىمال بىرەر يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغان بولسا كېرەك. بۈگۈن ئۇنىڭغا كەلگەن ئەجەل ئەتە يەنە بىرسىگە، ئاخىرىدا بىزگە كەلسە قانداق قىلغۇلۇق؟ يەنە كېلىپ بۇلارنىڭ تولىسى گۇناھسىز ئادەملەر، — ئۇ تۇرۇپلا توختىنى ئېسىگە ئالدى، — بىھۇدە ئۆلۈپ كەتسە، ئۇۋالى كىمگە؟» شۇ تاپتا، قانداق قىلىش كېرەك؟ دېگەن سوئال ھاپىزبەگنىڭ بېشىنى قاتۇرماقتا ئىدى.

ئۆيگە كىرىپ كەلگەن ھاپىزبەگنىڭ تۇتۇلغان چىرايى زۇمرەتخېنىمغا قانداقتۇر بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەندەك تۇيۇلۇپ سورىدى:

— بەك خاپا كۆرۈنىلىغۇ؟ كۆڭۈللىرىنى غەش قىلىدىغان بىرەر ئىش بولدىمۇ - نېمە؟ يۈرىكىمنى ئاسقىتۇرماي ئېيتسىلا، زادى نېمە ئىش يۈز بەردى؟

— چاتاق چىقتى!

ئۆز ھۇجرىسىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغان رەيھان ئاتىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېشىغا چىقتى:

— نېمە ئەكەلدىڭىز، ئاتا؟ — دېدى ئەركىلەپ.

قىزنىڭ مەقسىتى ئاتىسىدىن ھەپسخانا توغرىسىدا بىرەر ئۇچۇر ئاڭلاش ئىدى. ھاپىزبەگ ئىپادە بىلدۈرمىدى. زۇمرەتخېنىم ئېيتتى:

— قىزىم، ئاتىڭىزنىڭ ئىچى پۇشۇپ قالغاندەك قىلىدۇ، ئۇسسۇلۇق كەلتۈرۈڭ، ياخشىسى بىر چىنە دوغاپ قىلىڭ. قاپاقتا مۇزدەك سۇ بار.

— زىنداندا بۈگۈن يەنە بىرسى ئۆلۈپتۇ !— ھاپىزبەگ ناھايىتى ئېچىنغان تەلەپپۇزدا دېدى .

زۇمرەتخېنىمنىڭ ئېسىگە شۇئان رەيھان كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇساپىر يىگىت توختى كەلدى ـ دە ، خۇددى يېقىن ئادىمى بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىغاندەك چۆچۈپ سورىدى :

— نەلىك ئادەمكەن ؟

— دولانلىق .

— قەيەر ئۇ ؟

— بارچۇق تەۋەسىدىكى يۇرت .

زۇمرەتخېنىم گويا چوڭ بىر خەتەر ئۆتۈپ كەتكەندەك يېنىك تىندى . رەيھان دوغاپنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ، ئاتىسى بىلەن ئانىسىنىڭ جىددىي بىر ئىش ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى سەزدى ـ دە ، سورىدى :

— بىرەر ئىش يۈز بېرىپتىمۇ ؟ نېمە بوپتۇ ، ئاتا ؟

— ھەپسىخانىنىڭ گېپى ،— دېدى ھاپىزبەگ رەيھاننىڭ ماڭلاي چېچىنى تۈزەشتۈرگەچ ،— مېنىڭ گېپىمنى قىلىۋاتىدۇ دەپ قالغان ئوخشىمامسەن ؟

— ئېنىقراق دەڭە ، ئاتا ، زادى نېمە ئىش ؟

— مەھبۇسلار كۈندە دېگۈدەك ئۆلۈۋاتىدۇ .

— يەنە كىم ئۆلۈپتۇ ؟

— بارچۇقلۇق بىرسى .

— نېمە گۇناھ بىلەن سولانغان ؟

— يوقىلاڭ ئىش ، ھېلىقى پەيزىۋاتلىقا ئوخشاش .

— پەيزىۋاتلىقچۇ ؟

— ھازىرچە ياخشى ، ئەتە نېمە بولۇشىنى بىلمەيمەن .

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى ؟

— بۈگۈن ئۆلگىنىمۇ تۈنۈگۈن ساق ئىدى .

رەيھان بۇنى ئاڭلاپ ، توختىنىڭ قېشىغا جاللات قىلىچىنى يالىڭاچلاپ بېشىنى ئالغىلى كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ ، ۋۇجۇ-

دى ئەنسىزلىككە تولدى . ئۇنىڭچە ، توختىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بې-
رىشكە بولمايتتى . يەنە كۇتۇپ تۇرۇۋېرىدىغان بولسا ، توختىنىڭمۇ
جاندىن ئايرىلىشى تۇرغان گەپ ئىدى . يەنە بىر جەھەتتىن زىندان
بېگىمۇ ئەيىبلىنىشى ، بۇ پېشكەللىك سەۋەبلىك پۈتۈن ئائىلە كۆ-
ڭۈلسىزلىككە ئۇچرىشى مۇمكىن ئىدى ، ھاپىزبەگ كۆڭلىدە باشقا
تەرەپلەر ئۇستىدە ئانچە باش قاتۇرۇپ كەتمىسىمۇ ، يېقىندىن بۇياز-
قى ئۆلۈۋېرىش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش قارارىغا كەلدى .
— ئەمدى قانداق قىلماقچىسىز ، ئاتا ؟— سورىدى رەيھان .
— يۇقىرىغا مەلۇم قىلايمىكىن دەيمەن .
—توغرا ئويلاپسىز ،دەرھال مەلۇم قىلمىسىڭىزبولمايدۇ .
ھاپىزبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ ، ساندۇق ئۇستىدىكى مەنسەپ
موزىسىنى كىيىپ :
— مەن رەۋزەشەب ئامبال مەھكىمىسىگە بېرىپ كېلەي ،
رۇستەم كىرىپ قالسا ، ئېيتىپ قويۇڭلار ، زىندان - كامېرلارنى
يەنە بىر قېتىم ئىنچىكە تەكشۇرۇپ چىقسۇن ، ئەھۋال بولسا
مەلۇم قىلسۇن !—دەپ زۇمرەتخېنىمغا تاپىلاپ چىقىپ كەتتى .
ھاپىزبەگ ئامبال مەھكىمىسىگە كىرىپ كەلگەندە ، پاششاپ
بەگلەردىن نەئمان مىراپ ، سادىق پاششاپلار شەھەر ئامانلىقى توغ-
رىسىدا رەۋزەشەب ئامبالغا مەلۇمات بېرىۋاتاتتى . رەۋزەشەب ئام-
بالنىڭ جەمئىيەت بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولۇشتىن باشقا ، يەنە
يەرلىك چېرىكلەرنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىمۇ بار ئىدى . ئامبال
ھاپىزبەگنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، بۇ ئەھۋالنى ياخشى
پۇرسەت بىلىپ ، ئۆتكۈزۈۋەتكۈسى كەلمىدى . «يېڭى باشلىق بىر
يىلغىچە كونا باشلىقنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەيدۇ» دېگەندەك ، يېڭى
تەيىنلەنگەن ئامبالمۇ ۋاڭنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى قولغا كەل-
تۇرۇپ ئورنىنى چىڭىتىش ئۇچۇن ، ھېكىمبەگنىڭ نۇقسانلىرىنى
كۆپرەك تېپىشى لازىم ئىدى . شۇڭا ، ھېكىمبەگنىڭ ۋاقتىدا قى-
لىنغان ئىشلاردىن چاتاقنىڭ كۆپرەك چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتى .
بۇ ئارزۇسى ئىشقا ئاشسا ، يېڭى ئامبال ھەممە ئىشلارنى توغرا

بىجىرگەن ھېسابلىنىپ، ئىناۋەت - ئابرۇيى ئۆسەتتى. مۇ-
شۇنداق ئىشلار ئۇستىدە ئىزدىنىپ يۈرگەن ئامبال ئۇچۇن ھەپسى-
خانىدىكى ئۆلۈم - يىتىم خەۋىرى ھېكىمبەگ ۋاقتىدىكى ئىشلاردىن
نۇقسان تېپىشقا ئوبدان دەستەك بولدى. شۇڭا، ھاپىزبەگدىن كو-
چىلاپ سورىدى:
— ئۆلگەنلەر قانداق گۇناھكارلار؟
— ئېنىق ئەمەس!
ئۇنىڭ دىققىتى تېخىمۇ قوزغالدى:
— ئېنىق ئەمەس!؟
— شۇنداق.
— ئۇنداقتا، نېمە ئۇچۇن بىر تەرەپ قىلىنمىدى؟
— بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس.
— شۇنداق سولانغانلار يەنە بارمۇ؟
— بار.
— قانچىسى بار؟
— ئېنىق بىرنېمە دېمەك تەس، ھېچقانداق جىنايىتىنىڭ
تايىنى يوق سولىنىپ، تاشلىۋېتىلگەنلەر ئاز ئەمەس.
— بۇنىڭدىن ھېكىمبەگنىڭ خەۋىرى يوقمىدى؟
— ئۆزى تۇتۇپ كېلىپ، ئىقرار قىلدۇرالماي تاشلىۋەتكەن.
ئەسلىدىنلا ھېكىمبەگ بىلەن ئۆچ يېگى رەۋزەشەب ئامبال
ئۇچۇن بۇ مەلۇماتلار مۇھىم ئىدى. شۇڭا، دەرھال ۋاڭغا مەلۇم
قىلىپ، ھېكىمبەگنى سېپستىماقچى بولدى. ئەمما، بۇنى ئۆزى
بىۋاسىتە مەلۇم قىلىشنى ئەپسىز كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھاپىزبەگنىڭ
تىلى بىلەن چېقىشتۇرۇپ ئۆچ ئېلىش قارارىغا كەلدى.
— ناھايىتى مۇھىم ئىشكەن، — دېدى رەۋزەشەب ئامبال ھا-
پىزبەگكە، — ۋاڭ غوجامغا ئۆزىڭىز مەلۇم قىلغانىڭ يولى بار،
ھازىرچە ماڭا مەلۇم قىلغانلىقىڭىزنى ئېيتماڭ. مەن ھېكىمبەگ-
نىڭ ئىشىنى قىلىۋاتقان ئادەم، ۋاڭ غوجامدا باشقىچە قاراش
بولۇپ قالمىسۇن.

هاپىزبەگنىڭ مەلۇماتى ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىدى . ۋاڭ كېيىنكى چاغلاردا ھېكىمبەگكە ئانچە ئىشەنمەس بولۇپ قالغانىدى . ۋاڭ دەرھال رەۋزەشەب ئامبال مەھكىمىسىگە پەرمان چۈشۈرۈپ ، داڭزا ، زىندانىنى تەكشۈرۈپ ، مەھبۇسلارنى بىرمۇبىر ئېنىقلاپ ، شەرىئەت ھۆكمى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنى بۇيرۇدى . بۇ رەۋزەشەب ئامبالنىڭ غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتى بولغانلىقى ئۈستىگە ، گۇناھسىز قامىلىپ بىر تەرەپ بولماي تاشلىنىپ قالغان بىر قىسىم مەھبۇسلار ۋە شۇ قاتاردا توختىغىمۇ ئەركىنلىك ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى .

هاپىزبەگ ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ھۇزۇرىدىن قايتىپ چىققاندا ، ئۆزىنى ناھايىتى يېنىك ، چوڭ بىر غەم - قايغۇ ياكى بالا - قازا ساقىت بولغاندەك سەزدى ، ئۇ روھىي ھالەت جەھەتتە بىرەر چوڭ ئىشنى يالغۇز پۈتكۈزۈپ ، زەپەر قۇچقاندەك خۇشال ھەم مەغرۇر ئىدى . ئۇنىڭ بۇ خىل كەيپىياتى زۇمرەتخېنىم بىلەن رەيھاننى تەئەججۇپلەندۈردى .

— قانداق بولدى ؟ — سورىدى زۇمرەتخېنىم ئېرىنىڭ كەيپىياتىنىڭ بىردىنلا ئۆزگىرىپ ، كۆزلىرىدە خۇشاللىق ئەكس ئېتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ .

— ياخشى بولدى ،مەندىكى مەسئۇلىيەت تۈگىدى .مەھبۇسلارنى تەكشۈرۈپ ، گۇناھسىزلىرىنى بىر تەرەپ قىلماقچى بولدۇق .

بۇ خەۋەر زۇمرەتخېنىم ئۈچۈنلا ئەمەس ، رەيھان ۋە هاپىزبەگ ئۈچۈنمۇ روھىي ئازادلىق بېغىشلىدى ، ئەمما ئۈچەيلەننىڭ كۆزلىگەنلىرى ئوخشىمايتتى .

هاپىزبەگ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ يېنىكلەيدىغانلىلىقىدىن مەمنۇن بولسا ،زۇمرەتخېنىم دىنىي نۇقتىدىن ساۋابلىق ئىزدەيتتى ،رەيھاننىڭ كۆزلەيدىغىنى كۆڭلىدىكى بىردىنبىر سۆيۇملۇك ئادىمى توختىنىڭ ئازادلىقى ئىدى .ئەمما ،ئارىدىن يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى .دېمىسىمۇ ، بۇنىڭدەك چوڭ ئىشنى «ھەھۇ» بىلەنلا بىر ياقلىق قىلىۋەتكىلى بولمايتتى .

نەچچە كۈندىن كېيىنكى بىر جۈمە ئەتىگىنى ھەپسخانا كارىد-
دورىدا ھاپىزبەگنىڭ ئاۋازى، ئاندىن ئاياغ تىۋىشلىرى ئاڭلاندى.
ئۇزاق ئۆتمەي توختى ياتقان كامېرنىڭ قۇلۇپى ئېچىلىپ، ھاپىز-
بەگ :
— نەرسە - كېرەكلىرىڭنى يىغىشتۇرۇپ بۇياققا
چىق!— دېدى ۋە شۇئان بىر گەپنى خاتا قىلىپ قويغاندەك ئېيتد-
تى،— بولدى، ئورۇن- كۆرپىلەر جايىدا قالسۇن!— ئۇ توختىغا
بېرىلگەن ئورۇن - كۆرپىنىڭ ھەپسخانىدىن بېرىلگەنلىكىنى
ئېسىگە ئالغانىدى.
توختى كامېردىن چىقىپ، كارىدوردا 6 — 7 ئادەمنىڭ تۇر-
غانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ھالى توختىنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە
بەتتەر ئىدى. ھاپىزبەگنىڭ ئادەملىرى كامېرنى ئوچۇقلا قالدۇ-
رۇپ :
— قېنى مېڭىڭلار!— دەپ، ئۇلارنى زىندان پەلەمپىيىدىن
يۇقىرىغا ئېلىپ ماڭدى.
سىرتتا ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرلىرى نەچ-
چە ئاي - يىللاردىن بۇيان ئاپتاپ كۆرمەي خانكورغا ئايلانغان غۇۋا
كۆزلەرگە نەيزىدەك سانجىلماقتا ئىدى. ئۇلار سولاقخانىنىڭ ھوي-
لىسىدىكى يوغان تېرەك تۈۋىگە بارغاندا، ياغاچچىخانا ئالدىدا ئول-
تۇرغان 50تىن ئارتۇق مەھبۇس چاچلىرى ئۆسۈپ، چىرايلىرى
سارغايغان، بەدىنى قۇرۇق ئۇستىخاندىن پەرقسىز بۇ ئادەملەرنى
كۆرۈپ ئۆز كۈنلىرىگە شۈكۈر قىلىشتى. زىنداندىن ئېلىپ چىقىل-
غانلارمۇ ئۇلارنىڭ بىر يېنىدىن ئورۇن ئالدى. ئالدى تەرەپكە
كەنتىر ۋە ئورۇندۇقلار قويۇلغان بولۇپ، خەبەر ئامبال مەھكىمى-
سىدىن كەلگەن بىر مانجۇ ئەمەلدار بىلەن ئىككى ئۇيغۇر مەنسەپدار
ئولتۇراتتى. ھاپىزبەگ قاتارلىق بىرنەچچەيلەن يان تەرەپتىكى ئو-
رۇندۇقتا ئولتۇرۇشتى. مانجۇ ئەمەلدار يېنىدىكى مەنسەپدارنىڭ
قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىن ئاپىرىپ پىچىرلىدى، ئۇ ھاپىزبەگكە :
— دارىن بېگىم سىزنى باشلىسۇن دەيدۇ، — دەپ تەرجىمە

قىلىپ بەردى .

ھاپىزبەگ قولىلىق بىلدۈرۈپ ، سامان قەغەزگە يېزىلغان تىزىملىكنى ئوقۇدى :

— سالى باخشى !

40 ياشلار ئەتراپىدىكى جىۋەك بىر ئادەم «خوش» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇردى .

— سىېنىڭ كېپىل بولغۇدەك ئادىمىڭ بارمۇ ؟

— بار .

— كىم ، قەيەرلىك ؟

— سېيىقكۆل بويىدا ئولتۇرۇشلۇق يۇنۇس باخشى .

— ياخشى !

ھاپىزبەگ مانا شۇ تەرتىپتە داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇپ ، ھەربىر ئادەمنىڭ كېپىل بولغۇچىسىنى تىزىملاپ ماڭدى . 51 ـ ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن نۆۋەت توختىغا كەلدى :

— توختى مانجۇ !

— بار !

— سېنىڭ كېپىل بولغۇدەك ئادىمىڭ بارمۇ ؟

— يوق .

ئەمەلدارلار توختىغا قاراشتى . بىر چەتتە ئولتۇرغان رۇستەم ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى :

— سەندىن خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتقان ھېلىقى تۇغقىنىڭچۇ !؟ شۇ كېپىل بولسىمۇ بولا ؟

رۇستەم ھاپىزبەگكە قارىدى :

— بولىدۇ !— دېدى ھاپىزبەگ ئىپادە بىلدۈرۈپ ، ئاندىن سورىدى ،— ئۇ نەدە ؟

— ئۇ ھەر جۈمە كۈنى كېلەتتى . بۇ كەمگە دەرۋازا تۈۋىگە ئۇندىمىكىن ، مەن ئۇنى تونۇيمەن .

— بوپتۇ ئەمىسە ، بۇنىڭغا سەن ئىگە بول .

شۇنداق قىلىپ ، تىزىملىك 63 ئادەم بىلەن ئاخىرلاشتى .

ھاپىزبەگ تىزىملىكنى قاتلاپ مانجۇ ئەمەلدارنىڭ ئالدىدا قويۇپ ، ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى .
مانجۇ ئەمەلدار ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئازاد قىلىنغان مەھبۇسلارغا دېدى :
— سىلەر چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىڭلار ئۈچۈن ھەپسىگە ئېلىنغان ، خانلىقىمىزنىڭ قانۇنى بويىچە ئۆلۈمگە لايىق ئىدىڭلار . بىراق ، بىزنىڭ خانىدانلىقىمىز ناھايىتى رەھىمدىل بولغانلىقتىن ، سىلەرگە ئىچىمىز ئاغرىپ ، ۋاڭ بېگىمدىن گۇناھىڭلارنى تىلىۋالدۇق . بۇنىڭ ئۈچۈن ، چوڭ خاقانىمىزنىڭ شاپائىتىگە ھەشقاللا ئېيتىپ ، ئەمر - پەرمانلىرىغا سادىق بولۇشۇڭلار كېرەك !...
تەرجىمان ئەمەلدارنىڭ سۆزىنى بىرمۇبىر تەرجىمە قىلىپ بەردى ، ئاندىن سەھنىدىكىلەر چاۋاك چېلىشتى ، بۇنىڭغا مەھبۇسلارمۇ قوشۇلدى .
— بۈگۈن سىلەرنى كېپىللىككە بېرىپ ئازاد قىلىمىز ،— دېدى ئەمەلدار يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ،— شۇڭا ، ۋاقتىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئازاد كۈنى جۈمەگە توغرىلىدۇق . كىملا بولسا سىلەرنى ئېلىپ كەتسە بولىدۇ . ئەگەر قايتا گۇناھ ئۆتكۈزسەڭلار ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىسىلەر !
ئارقىدىن رەۋزەشەب ئامبال سۆزلەپ ، مەھبۇسلارنى كېپىلگە بېرىشنى ھاپىزبەگكە تاپشۇرۇپ ، يىغىندىن تارقاشتى .
رۇستەم ئازاد قىلىنغان مەھبۇسلارنى باشلاپ ، دەرۋازا يېنىدىكى ئاشخانا ئالدىغا ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ، ھاپىزبەگدىن «بۇلارنىڭ تۇغقانلىرىنى نەدىن تاپىمىز ، بېگىم ؟» دەپ سورىماقچى بولۇپ تۇرغاندا ، ھاپىزبەگ چاقىردى :
— رۇستەم ! سەن دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ ، يوقلاپ كەلگەنلەر بولسا ، ئۇلارغا بىر - بىرلەپ تاپىلاپ بېرىۋەت ، كەلمىگەن بولسا ، ئۆزلىرى كېتىۋەرسۇن ! بۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس .
رۇستەم دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ ، كىشىلەر ئارىسىدا كۈتۈپ

تۇرغان ساۋۇرنى كۆردى .

— ساۋۇر !— چاقىردى رۇستەم ياخشىچاق بولۇپ ،— توختىنى ئېلىپ كەت . ئۇنى كېپىللىككە بېرىدىغان بولدۇق ، قاندااق ، كېپىل بولالامسەن ؟

— ئەلۋەتتە ، بولىمەن ، ئەلۋەتتە . رەھمەت ، ئىنساپىڭلارغا رەھمەت !— دېدى ساۋۇر ھاياجانلانغان ھالدا .

ساۋۇر نەچچە ئايدىن بېرى رۇستەمنىڭ مۇئامىلىسىدىن خېلى رازى ئىدى . باشتا رۇستەم ساۋۇرنىڭ ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى ئالمىدى . رۇستەم ساۋۇرنى تاۋۇت كۆتۈرۈپ كەلگەندىلا تونۇۋالغان بولسىمۇ ، قانداق ئادەملىكىنى بىلمەيتتى . باشقىلار ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يوقلاپ كەلگەندە رۇستەمنىمۇ قۇرۇق قويمايتتى . ساۋۇر بولسا ، بۇنداق يولنى تېخى ئۇقمايتتى . رەيھان رۇستەمنى ئىندەككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ، توختىنى يوقلاپ كېلىدىغان ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ، تونۇشۇش ئىستىكى تۇغۇلدى . ئەمەلىيەتتە ساۋۇرنى رەيھانمۇ تونۇيتتى . شۇنداقتىمۇ ، «گۈلنى سۆيگەن تىكىنىنىمۇ سۆيۈپتۇ» دېگەندەك ، توختىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ دوستىنىمۇ كۆرگۈسى كەلدى ، ئۇلار ساۋۇر بىلەن تونۇشۇپ ، بىر نۆۋەت ئۇنىڭ ئۆيىگىمۇ بارغان ، شۇنىڭدىن باشلاپ رۇستەم ساۋۇر كېلىشى ھامان نەرسىلىرىنى گەپ - سۆزسىزلا ئالىدىغان بولغانىدى . بۇ نۆۋەت توختىنى ساۋۇرغا كېپىللىككە بېرىش ئارقىلىق رەيھاننى «رازى قىلىپ» ئۇنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىشنى ئويلايتتى . بۇ ، رۇستەم ئۈچۈن ئوبدان پۇرسەت ئىدى .

رۇستەم توۋلىدى :

— توختى ! پەيزىۋاتلىق توختى مانجۇ ! بۇياققا چىق !...

توختى پۇتلىرىنى ئەستە يۆتكەپ دەرۋازىدىن چىقتى . تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە تەقەززا بولۇپ تۇرۇشقان ئائىلە تاۋابىئاتلار توختىنىڭ زەئىپ ھالىغا ئېچىنىپ ، قاتتىق ئۇھسىنىشتى ، بىر دەردى مىڭ بولدى . «ئىسىت !— دەيتتى ئۇلار ،— بىزنىڭ

توغقانلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇپ كەتكەندۇ؟ قويۇپ بېرىل-
گەنلەرنىڭ ھالى بۇنداق بولغان يەردە، ئۇلارنىڭ ھالى بۇنىڭدىنمۇ
بەتتەر ئىكەنلىكىگە گەپ كەتمەيدۇ...» چىرايلاردىن يۇرەكلەرنىڭ
سەكپارە بولۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— قېنى ساۋۇر! بۇ توغىقىنىڭنى ئېلىپ كەتسەڭ
بولىدۇ!— رۇستەم ئەزەلدىن تونۇشمايدىغاندەك قوپال تەلەپپۇزدا
ئېيتتى.

ساۋۇر ئېتىلىپ كېلىپ توختىنى قۇچاقلىدى، مۆڭلۈق كۆز-
لەردىن تۆكۈلگەن ئۇنچىدەك ياشلار ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىنى يېرىم
قىلدى. باغرى يۇمشاق ئاياللار ئۆز توغقانلىرىنى ئويلىغىنىدىنمۇ
ياكى بۇ قۇچاقلىشىشتىن ھاياجانلانغانلىقىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر، رومال-
لىرىنىڭ ئۇچى بىلەن ياشلىرىنى سۈرتۈشتى. توختى بولسا بۇ
نامەلۇم يىگىتنى تونۇمايتتى، شۇڭا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى.
ساۋۇر:

— ماڭايلى!— دەپ توختىنىڭ بىلىكىنى تۇتتى.

توختى ناھايىتى ئاجىزلاپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قۇياش
نۇرى كۈچلۈك يورۇقلۇقتا تېخى ماسلاشمىغان نۇرسىز كۆزلەرنى
ئاچۇرمايۋاتاتتى. ساۋۇر ئەمانى يېتىلىگەندەك يېتىلەپ ماڭدى. ئۆز
ئىشى بىلەن بولۇۋاتقان رۇستەم ئىككىسىنى «ئۆزىتىپ» قويۇشنى-
مۇ ئۇنتۇپ قالدى.

ئوغلى ئابدۇرەھماننىڭ كۆڭلىكىنى ئەمدىلا ياماپ بولغان زەي-
نەپخان ئانا ئۇنىڭغا كىيدۇرۇپ يولغا سالماقچى بولۇپ تۇرغاندا،
ساۋۇر توختىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. ئاكا - ئۇكا ئىككىسى
ھامالىلىق قىلىۋاتقاچقا كىيىملىرىنىڭ دولىسى يىرتىلىپ تۇراتتى.

زەينەپخان ئانا چاچلىرى ئۆسكەن، چىرايىدا قان دىدارى قال-
مىغان، كۆزلىرىنىڭ ئېقى يوغىناپ، سايىدا ئۆسكەن مايسىدەك
ئاجىزلاپ كەتكەن توختىنى كۆرۈپ داڭقېتىپ بىر ھازا تۇردى.
زەينەپخاننىڭ ئۆمرىدە ھالى بۇنداق ئېچىنىشلىق ئادەمنى ئۇچرىتى-
شى تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭلاپ ئىللىق سالاملاشقاندىن

كېيىن «مېھمان»نى كۆرپىگە باشلاپ ،داستىخان سالدى ،نان ،گېـ.
ـزەك ،چاي كەلتۈردى ،ئاندىن چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ سورىدى :
— ئوغلۇم ، ئۆزىڭىز ؟...
زەينەپخان گەپنىڭ ئاخىرىنى چۇشۇرۇپ بولغۇچە ساۋۇر جاۋاب بەردى :
— ئانا ، بۇ ھېلىقى يىگىت شۇ .
— ۋاي ، ئەقلىم نەگە كەتكەندۇ ؟ بۇگۇن قويۇپ بېرىدىغىنىنى ئېسىمدىن چىقىرىپ ، يەنە سوراپ يۈرگىنىمنى كۆرمەمدىغان !— زەينەپخان پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى ،— مۇبارەك بولسۇن ، ئوغـ.
ـلۇم ، خۇدايىم بالا - قازادىن ئامان ساقلاپتۇ...
چايدىن كېيىن ئۇلار ھويلىغا چىقىشتى . توختى سەككىز ئايدىن بۇيان قاراڭغۇ زىنداندا يېتىپ ، كۆك ئاسماننى ، يورۇق ئالەمنى ، رەڭگارەڭ گۈل - چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن گۈزەل دۇنيانى قەۋەت سېغىنغانىدى . يورۇق دۇنيانىڭ خوجىسى بولغان ئادەملەرلا ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل جان - جانىۋارلاردىن تارتىپ ھەربىر تۈپ گىياھ ، دەل- دەرەخ ، ئۈسۈملۈكلەرگىچە ھەممىسى كۆزىگە شۇنداق سۆيۈملۈك كۆرۈندى . ئۆزىنىڭ ھازىر ئەركىن دۇنيادا قەدەم تاشلاپ مېڭىۋاتقانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى ، چەكسىز ئاسمان قۇبىسىگە ، قۇياشقا ، ئالەمنىڭ يىراق - يىراق چەتلىرىگە قانماستىن قارايتتى . شۇ چاغدا بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە تۇغۇلغان يۇرتى ، تونۇش - بىلىشلىرى كېلىپ ، كۆڭۈل ئېكرانىـ.
ـدىن غىل - پال ئۆتۈشكە باشلىدى . «ئەركىنلىك ، ئاھ ئەركىنـ.
ـلىك ! سەن نېمىدېگەن قەدىرلىك ! بىلەمسەن ، مانا مەن بۈگۈن ئەركىن ، باشقىلاردەك ئەركىن قەدەم تاشلاپ ، كوچىلاردا ، يوللارـ.
ـدا ، ھەممىلا جايدا ئىختىيارىي ماڭالايمەن ، كىشىلەر بىلەن سۆزلىـ.
ـشەلەيمەن ، ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى ، پىكىرلىرىمنى دېيەلەيمەن ، ئۆز يۇرتۇمنى ، كىچىك ئاخۇنكامنى تاپىمەن ، زىنداندا ئازابلانغان مەھكۇم چاغلىرىمنى ، تۈرمىداشلارنى زىنھار ئۇنتۇيالمايمەن ، كىـ.
ـچىك ئاخۇنكام دېگەندەك ئىنتىقام ئالىمەن ، جەزمەن ئىنتىقام

ئالىمەن ! داڭزا ، زىندان دېگەنلەرنى كۆيدۈرۈپ ، ئاشۇ ئۇزۇن چاچلىق ئەمەلدار - يالاقچىلاردىن ھېساب ئالىمەن !...» ئۇ شېرىن خىياللار قاينىمىدا ئۈزۈۋاتقاندا ، تالادىن يۈزى يېپىقلىق بىر قىز كىرىپ كەلدى ۋە رومىلىنى قايرىۋېتىپ :

— ئەسسالام !...— دەپ ئېگىلىپ سالام بەرگىنىچە كېلىپ زەينەپخاننىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ كۆرۈشتى ، ئاندىن ساۋۇر ، ئابدۇرەھمان — ئاكا - ئۇكا ئىككىسىگە سالام بەجا كەلتۈرۈپ ، نۆۋەت توختىغا كەلگەندە نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى . ئەگەر شۇ تاپتا ئېغىز ئاچىدىغانلا بولسا ، ھۆڭرەپ يىغلاپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى . قىزنىڭ ئالدىدا سەككىز ئاي ئىلگىرى كۆرگەن ، ۋۇجۇدى-دىن كۈچ تېمىپ تۇرغان ، قامەتلىك ، قاملاشقان بىر يىگىت ئە-مەس ، بەلكى پۈتۈن كۈچ - مادارىدىن ئايرىلغان ، چىرايى قېنىنى تۇگەل شورىۋالغاندەك تاتىراڭغۇ ، چاچلىرى ئۆسۈپ ، باشقىچە بىر تۇسكە كىرىپ قالغان ئەبگار بىر ئەر تۇراتتى . قىز ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى ، ھازىر پەقەت ياش تۆكۈشكىلا كۈچى يېتەتتى . «ۋۇ ، قانخور جالالاتلار ! » دەيتتى ئۇ كۆڭلىدە ، مەنسەپدارلارغا ، ئەكسى-يەتچى ھۆكۈمەتكە قاتتىق ئۆچمەنلىكى تۇتۇپ ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ بەگ- مەنسەپدارلارنى كۆيدۈرۈۋەتكۈسى كېلەتتى .

ھويلىغا بىتۇيۇقلا كىرگەن بۇ ساھىبجامال قىز ساۋۇر ئائىلى-سىگە تونۇش ئىدى . ئاران بىر نۆۋەتلا كەلگەن بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ يوقسۇزلۇقىنى بىلىپ ، ھالىدىن ئاز - تولا خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتات-تى . زەينەپخان ئانا ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچە مېھرىبانلىق قىلىپ كېتىۋاتقىنىنى تېخىچە بىلمەيتتى ، مانا بۈگۈنلا كۆزلىرىدىن تۆكۈ-لۈۋاتقان ياشلار ئىشنىڭ تېگىگە يېتىشكە ئىمكان بەردى .توختى بولسا ئۇنى ئىككى نۆۋەت كۆرگەن بولۇپ ،رۇستەمنىڭ «بۇنى رەي-ھانگۈل كىرگۈزدى »دېگىنىدىن ئىسمىنىڭ رەيھانگۈل ئىكەنلىكىنى ئېسىدە تۇتۇۋالغانىدى . ئىلگىرى ئاتىسىنىڭ قېشىدىمۇ يۈزىنى ياپ-ماي ئۆزىدىن ھال سورىغان قىزنىڭ ئەمدى يۈزىنى يېپىپ كىرگەن-لىكىدىن يوشۇرۇن كەلگەنلىكىنى پەملىگەن توختى ئەگ يېقىن

ئادەملىرى كېلىپ ھال سورالاشقاندەك كۆڭلى يېرىم بولدى ، «غېرىب ئۆلسە كىم يىغلار ،غېرىبقا غېرىب يىغلار »دېگەندەك ،ئېزىلگەن قەلبى مۇجۇلۇپ ،نۇرسىز كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى .

— قېنى ، ئۆيگە كىرەيلى !— زەينەپخان ئانا خۇشخۇيلۇق بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلدى .

رەيھان ئالدىدا ماڭغىلى ئۇنىماي ، توختىغا يول قويدى . مېھمانخانىغا كىرگەندىن كېيىن ، توختى بىلەن رەيھان تۆردىن ئورۇن ئالدى . زەينەپخان ئانا ئابدۇرەھمانغا ئىشارەت قىلىۋىدى ، بىر چىنە قېتىق بىلەن پەتنۇستا زاغرا كۆتۈرۈپ كىردى .

— «كەمبەغەلنىڭ ئېشى چىشقا دورا» دەيدىكەن ، خېنىم ، قېتىق بىلەن پورەك بولسىمۇ ئېغىز تېگەرمىكىن دېدىم !— زەينەپخان شۇنداق دېگىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى .

— ئېلىڭ ، توختىكا ! بىر داستىخاندا ، يەنە كېلىپ بىر چىنە قېتىق بىلەن بىر نانغا تەڭ ئېغىز تەگكۈزۈشىمىز تازا كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش بولىدىغان بولدى .

رەيھان توختىنىڭ ئالدىغا سۇرۇپ ، كۆزلىرىگە مەنىلىك تىكىلدى . توختى بۇ تەكلىپ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە قانداقتۇر چوڭقۇر مەنە يوشۇرۇنغانلىقىنى سېزىپ ، تەكەللۇپ قىلمايلا تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى :

— بوپتۇ ئەمىسە ، تېخى بايىلا داستىخان ئۇستىدىن چىققان ئىدىم . شۇنداقتىمۇ خېنىمغا « ھە - ھۇ» دېيىشىپ بېرەي .

توختى بىر پارچە ناندىن ئۇشتۇپ ، قېتىققا پاتۇرۇپ ئاغزىغا سالدى .

رەيھاننىڭ يوشۇرۇنچە ئالاھىدە يوقلاپ كېلىشى ھەم ھېلىقىدەك مەنىلىك سۆزلىرى توختىنىڭ قەلبىدە يالقۇنلۇق بىر ئۈمىد پەيدا قىلىپ ، بېشىدىن ئۆتكەن ئېغىر پاجىئەلەرنى ئۇنتۇلدۇردى . ئۇ ئۆزىنى ئاجايىپ بىر سېھىرلىك دۇنياغا سەپەر قىلىۋاتقاندەك ، كۈچلۈك ياردەمچىگە ئېرىشىپ ، تۇتقانلا نەرسىنى قومۇرغۇدەك كۈچ - قۇدرەتكە تولغاندەك ، يېنىدىكى مانا بۇ ئەنقا بېشىغا قالقان ،

قولىغا سىپەر بولۇپ ، يەتتە قات يەر ئاستىغا چۈشۈپ كەتسىمۇ ، زۇلمەت چاڭگىلىدىن قۇتۇلىدۇرۇۋالىدىغاندەك ھېس قىلى-ماقتا ئىدى .

— ئەمدى قانداق قىلماقچى ؟— سورىدى رەيھان توختىدىن .

ئۇشتۇمتۇت سورالغان بۇ سوئال توختىنى تەمتىرىتىپ قوي-دى . شۇنداقتىمۇ جاۋاب بەردى :

— ھازىرچە بىلمەيمەن ، ھەپسىدىن ئەمدىلا چىققىنىم ، يۇرتۇمغا كېتەرمەن شۇ ، بىراق…— دەپ جىم بولدى .

— بىراق نېمە ؟— رەيھان توختىغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى .

— كۆرۈۋاتىسىز ، خېنىم ، تۇرۇشۇم مانا ، قولۇمدا ھېچنېمە يوق . بۇ پېتىم يولغا چىقىشىم مۇمكىن ئەمەس . بۇ ئۆيدىمۇ تۇرۇ-ۋەرگىلى بولماس . ئىش قىلىپ ، پەيزىۋاتقا بارغۇدەك ماغدۇر ، سەپەرگە ئاتلانغۇدەك نەرسىگە ئېرىشەلىسەملا يولغا چىقىمەن .

— بۇ يەردە تۇرسىڭىز بولمامدۇ ؟

— مۇشۇ ئۆيدىما ! ؟

— ياق ، مۇشۇ شەھەردە .

— تۇرالمايمەن .

— نېمىشقا ؟

توختىنىڭ قاپاقلىرى بىردىنلا تۈرۈلۈپ ، كۆزلىرىدە غەزەپ ئوتى يالقۇنجىدى .

— يۇرتقا كېتىمەن ، ئەھلىمەھەللە بىلەن كۆرۈشىمەن ، ئاندىن ئاتۇشقا بارىمەن ، قايتىپ كېلىپ مېنى ناھەق قامىغان ، قىيى-ناپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرگەن ھېلىقى مۇناپىقنى تېپىپ ، ئىنتىقام ئالىمەن .

— ئۇ قاچتى .

— نەگە ؟

— ئۈچتۇرپانغا .

توختى جىم بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ قارىشىچە ، ئۆزى دۇچ

كەلگەن بۇ پاجىئەلەرنى ھېكىمبەگدىن كۆرەتتى ، بۇنىڭ سىنىپىي
زۇلۇم ئىكەنلىكىنى ، ئازابلىغۇچى يالغۇز بىرلا ھېكىمبەگ ئەمەس ،
ناھەق ئازابقا ئۇچرىغۇچىنىڭمۇ يالغۇز ئۆزى ئەمەسلىكىنى تونۇپ
يېتىشكە تېخى ئۈلگۈرمىگەنىدى .

ئۇلار قىزغىن پاراڭلار بىلەن ئولتۇرغاندا ، زەينەپخان ئانا بىر
چىنىدىن شورپا ئېلىپ كىردى :

— ئۆيدە نان تۈگىگەندە ئۇياتلىق مېھمان كەپتۇ دەپ ، بۇگۈن
بەك سەت بولدى . ئۆزلىرىنى ساقلىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن كە-
چىككىنە چاي قىلدىم ، قېنى بېقىشسىلا ، باللىرىم سىلەرمۇ داس-
تىخانغا بېرىڭلار .

ئاخىرىدا زەينەپخان ئانا ئۆزىمۇ ئولتۇردى ، ھەممەيلەن بىر
داستىخان بولدى .

رەيھاننىڭ بولسا قولىدىكى بەخت قۇشى قاڭقىپ بارغانسېرى
يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك كۆڭلى يېرىم ئىدى ، گېلىدىن غىزامۇ
ئۆتمەيۋاتاتتى . ئۇ توختىنى كەتكۈزمەسلىكنىڭ ئامالىنى ئىزدەش
بىلەن ھەلەك ئىدى . ئاخىر ئىچى سىقىلىپ :

— يەكەنگە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئىزدەپ كەلگەن ئىكەن دەپ
ئاڭلىۋىدىم ، — دېدى .

توختى خۇددى ھەربىر ئېغىز سۆزىنى تىللاغا ساتىدىغاندەك :

— شۇنداق ، — دەپلا جىم بولدى .

— كىم ئىدى ئۇ ؟ — سورىدى زەينەپخان ئانا گەپ قىستۇرۇپ .

— قۇربان دولاننىڭ ئوغلى قادىر كۇلالچى .

— كىم ؟

— بەزىلەر قۇربان كۇلالچى دېيىشسە ، بەزىلەر قۇربان دولانمۇ
دەيدىكەن ، شۇنىڭ ئوغلى قادىر .

زەينەپخان داڭقېتىپ قالدى . شۇ تاپتا ئۇ يىراق سەپەرگە
كەتكەن بىر پەرزەنتى ياكى باللىرىنىڭ ئاتىسى قادىر دولان قايتىپ
كېلىپ ، بىر ئائىلە كىشىلىرى ھەمداستىخان بولۇۋاتقاندەك ھايا-
جانلانماقتا ئىدى . شۇڭا ، تەقدىرنىڭ بۇ كارامەتلىرىگە ھەيران

بولۇپ سورىدى :
— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز ؟
— مەن قادىر دولاننىڭ ئاتا تەرەپ تۇغقانلىرىدىن بولىمەن ، بىراق مەن ئاتا - ئانامدىن كىچىك يېتىم قالغاچقا ، ئېنىق سۆزلەپ بېرەلمەيمەن . ئاڭلىسام ، ئۇ ئالتۇنلىرىمنىڭ يېنىدا كۇلالچىلىق قىلارمىش .
زەينەپخان بۇ يىگىتنىڭ قادىر كۇلالچى ھايات ۋاقتىدا سۆزلەپ بېرىدىغان پەيزاۋاتلىق تۇغقانلىرىنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىدىن شەك-لەنمىدى . توختىنىڭ دېگەنلىرى بىلەن ئېرى قادىرنىڭ «ھېكايە» سى ئوخشاش چىقتى . ئۇ ھاياجان ئىلكىدە تونۇشلۇق بەردى :
— سىز تۇغقىنىڭىزنى تاپتىڭىز ، ئۆلتۈرگىنىڭىز قادىر كۇلا-لچىنىڭ ئۆيى ، بۇ بولسا ئۇنىڭ ئوغۇللىرى — قېرىنداشلىرىڭىز ، خۇدانىڭ بۇ كارامەتلىرىگە ئاپىرىن !
رەيھان ، توختى ، ساۋۇر ، ئابدۇرەھمانلار خۇددى «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىدىكى ئۇچرىشىشلار ئۆز باشلىرىغا كېلىۋاتقاندەك ھەيران قېلىشتى ، داستىخان خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق بىلەن تولدى . كۈتۈلمىگەن بۇ تونۇشۇش رەيھاننىڭ ئۈمىد چېچەكلىرىنى ئېچىلدۇرۇپ ، گويا پەلەكنىڭ قەرىدە پەرۋاز قىلىۋاتقان بەخت قۇشىنى دامىغا ئىلىندۇرغاندەك خۇشال قىلىۋەتتى . «ئەمدى ئۇ كەتمەيدۇ ، كۆرۈشۈپ تۇرىمەن…» دەپ ئويلىدى ئۇ .
داستىخان يىغىلىپ ، ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇشتى . رەيھان خوشلاشتى :
— مەن قايتاي ، توختىكام ياخشى ئارام ئېلىپ ، ئوبدان ئوزۇقلانسۇن ، رۇستەم ئاكامنى ھېلىلا ئەۋەتىمەن ، پۇرسەت چىق-سىلا يەنە كېلىمەن ، ھازىرچە خۇداغا ئامانەت !
رەيھاننى ھەممەيلەن تالاغىچە ئۇزىتىپ چىقتى . رەيھاننىڭ سادا ئاغۋانىدىن[1] تىكىلگەن نوجىيەك كۆڭلىكى گۈزەل قامىتىگە شۇنداق ياراشقان ئىدىكى ، بويى بىلەن تەڭ ئۆسكەن سۇمبۇل چاچلىرى

[1] ئېسىل رەختلەرنىڭ بىر تۈرى .

ھەربىر سىلكىنگەندە توختى گويا يۈرىكىگە ئوت تۇتىشىۋاتقاندەك كۆكرىكىنى سىلايتتى . دەر ھەقىقەت ، ئۇنىڭ ھۆسن - جامالى بىلەن بوي - تۇرقى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ :

«ئېنىڭ مەڭزىدە كىم مەڭ ياراتتى ،
ساچى بىلەن بويىنى تەڭ ياراتتى .»

دېگەن بېيىتىدە ئەينەن سۈرەتلەنگەندى . ئەپسۇسكى ، توختىنىڭ يۈرىكىدە گەرچە رەيھان ئۈچۈن مۇھەببەت دولقۇنى مەۋج ئۇرۇپ تۇرسىمۇ ، ئۇنى ۋىسالىغا يەتكىلى بولمايدىغان ئاسماندىكى ئاي ياكى ھەددىسىز ئېگىز شاختىكى شاپتۇل ساناپ ، چاپچىۋاتقان كۆڭلىگە ھاي بېرەتتى ، رەيھان بولسا ئۇنداق ئويلىمايتتى ، بەلكى توختىدىن ئىبارەت ۋىجدانلىق ، باتۇر يىگىتنى مىسلىسىز قەھرىماندەك ، دەھ- شەتلىك قىيىن - قىستاقلارغا بەرداشلىق بېرىپ ، دوزاختىن ئامان- ئېسەن قۇتۇلۇپ چىقىپ ، ئېزىلىشكە ئۇچراۋاتقان خەلقنى ئازادلىق يولىغا باشلاۋاتقان قابىل يېتەكچىدەك كۆرۈپ ھۆرمەتلەيتتى ، شۇن- داق سەممىي تۇيغۇ تۇرتكىسىدە : «توختى مېنىڭ ، ئۆلسە ئۆلد- مەن ، تىرىلسە تىرىلىمەن ، ئۇ مېنىڭ بارلىقىم ، ھاياتىم» دەپ قارايتتى . ئەمما ، تەقدىرنىڭ يەنە نېمە كارامەتلىرى بارلىقىنى بىلمەيتتى .

رەيھان كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي رۇستەم كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ كەيپىمۇ ناھايىتى چاغ ئىدى ، بۇ خۇشاللىقىنى رەيھاندىن ئالغان ئىككى سەر كۈمۈش تەڭگە بەخش ئەتكەنمۇ ياكى ساۋۇردىن ئاز - تولا نەپ ئېلىشنى كۆزلىدىمۇ ئۇققىلى بولمايتتى .

رۇستەم قويىندىن بىر ھەميانىنى چىقىرىپ دېدى :

— خېنىم بۇنى توختىكامغا ئاپىرىپ بەرگىن دەپ ئەۋەتتى ،— ھەميانغا 10 سەر كۈمۈش تەڭگە قاچىلانغانىدى ، ئاندىن يەنە بىر تۈگۈچنى زەيىنەپخانغا بەردى ،— بۇ تۆت سەر تەڭگى- نى خىراجەت قىلسۇن دەپ سىلەرگە ئەۋەتتى .

دەرۋەقە ، بۇ ناھايىتى چوڭ ئىلتىپات بولۇپ ، ئۇلار يىل بويى ئىشلەپمۇ ئېرىشەلمىگۇدەك جىق پۇل ئىدى . ھەممەيلەن رەھمەت ئېيتتى ، توختى ھەمياندىن ئىككى سەر كۇمۇشنى ئېلىپ رۇستەمگە بېرىپ :

— بۇ بەك سەت ئىش بولدى . ھازىرچە قوبۇل قىلماي ئامالدىمىز يوق . خېنىم مېنى قۇتقۇزغاننى ئاز دەپ ، يەنە بۇنچە غەمخورلۇق قىلىۋاتىدۇ ، جېنىم ئامانلا بولىدىكەن ياخشىلىقىنى چوقۇم قايتۇرىمەن . رەھمىتىمنى يەتكۈزۈپ قويغايسىز !—دېدى ، ئاندىن ھەميانىنى زەينەپخان ئانىغا بەردى ،— بۇنى ئېلىڭ .

بۈگۈن بۇ ئائىلىگە خېلىدىن بۇيان ئوڭ كۆزىدە باقمىغان خۇشاللىق نېسىپ بولغانىدى . بىراق ، توختى تەڭداشسىز ھۆرلىقاسى رەيھانگۈلنى ئويلايتتى . گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي باراۋەرسىزلىكىنى بىلسىمۇ ، كۆڭۈل قۇشى رەيھانىنىڭ دامىدا بولۇپ ، خۇددى :

«مۇھەببەت ئالدىدا خىسراۋ لىباسى
بارابەر - تەڭ ئىرۇر پەرھاد كۇلاھسى .»

دېيىلگەندەك ، مۇھەببەت ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى نەزەرگە ئالماي ، كۆڭۈل رىشتىسى ئارقىلىق بىر - بىرىنى يېقىنلاشتۇرۇپ ئۆزئارا چېتىش كويىدا ئىدى .

## سەككىزىنچى باب

# يۇرتىغا سەپەر

كۈنلەر، ھەپتىلەر ئۆتۈپ، ھەش - پەش دېگۈچە 9 - ئاي كىرىپ قالدى. رەيھان توختى بىلەن كۈندە دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ دائىم ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىگىمۇ بېرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئەمدىلا 16 ياشقا قەدەم قويغان ئىپپەتلىك قىزدىن ھېچكىممۇ گۇمانلىنىپ يۈرمەيتتى. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، ئائىلىسىدىكىلەرمۇ مېڭىش- تۇرۇشلىرىغا چەك قويمايتتى. رەيھاننىڭ ياردىمى نەتىجىسىدە زەينەپخان ئائىلىسىنىڭمۇ ھال - كۈنى خېلى ياخشىلىنىپ قالدى. توختى ياش بولغاچقا سالامەتلىكى تېزلا ئەسلىگە كەلدى. ئەمدى يېتىۋەرسە بولمايتتى. ئىشلىشى ياكى بولمىسا كىچىك ئاخۇننى تېپىشى كېرەك ئىدى. ئۇ نۇرغۇن ئويلىنىشلاردىن كېيىن، يۇرتىغا بېرىپ خوجايىنى بىلەن خوشلىشىپ، ئاتۇشقا بېرىش قارارىغا كەلدىيۇ، يەكەندىن، توغرىسى رەيھاندىن قانداق ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ئىككىتايىن بولۇپ قالدى. رەيھاندىن ئايرىلمايمەن، بىرگە ياشايمەن دېيدىكەن، يەكەندە ماكانلىشىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئارزۇغا يېتىش ئۈچۈن كىچىك ئاخۇن ئېيتقاندەك تىنچ، خاتىرجەم ياشاشقا ئىمكان بېرىدىغان ئېزىش - ئېزىلىشتىن خالىي، ھەممە ئادەم باراۋەر، ئادالەتلىك دۇنيا قۇچاق ئېچىشى كېرەك. كىچىك ئاخۇننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇنداق دۇنيا كۈرەشسىز يارىتىلمايدۇ. باش كېتىشتىن قورقماي كۈرەش قىلغاندىلا كىشىلىك ئەركىنلىكى قولغا كېلىدۇ. يۇقىرىقىلارنى

ئويلىغان توختى دەرھال يولغا چىقىپ ، يۇرتىدىكىلەر بىلەن كۆرۈ-
شۈش ، ئاندىن ئاتۇشقا كىچىك ئاخۇننى ئىزدەپ بېرىش قارارىغا
كەلدى . توختى بۇ ئويلىرىنى ساۋۇرغا ئېيتىپ مەسلىھەتلىشىش
ئۈچۈن مۇۋاپىق پەيت كۈتۈپ تۇرغاندا ، «ئۇنىغانغا يونۇغان» دەك ،
ساۋۇر بۈگۈن مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن ئىشقا چىقمىدى . توختى
ساۋۇرنى ئۆيگە چاقىرىپ ، ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى ، ئاندىن يۇرتقا
قايتماقچى بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا مەسلىھەت سالدى . ساۋۇرنىڭ
قەلبىدىمۇ ئاتىسىنىڭ ئىنتىقامى يېلىنجاپ تۇرغاچقا ، توختىنىڭ
مەسلىھەتى ياغدەك ياقتى .

— مەنمۇ سەن بىلەن بىللە باراي ، كىچىك ئاخۇن بىلەن
تونۇشتۇرغىن ،— دېدى ئۇ ،— سەن نېمە بولساڭ ،مەنمۇ شۇ ،
لېكىن رەيھانگۈلگە ئېيتىپ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ باقساقمىكىن دەي-
مەن…

ساۋۇرنىڭ گېپى ئۈزۈلگىچە ، بىر قولياغلىق شاپتۇلنى كۆتۈ-
رۈپ رەيھان كىرىپ كەلدى . ئەگەشتۈرۈۋالغان 12 ياشلار ئەتراپى-
دىكى بىر ئوغۇل بالا مەيدىسىگە تاقاپ ئاران كۆتۈرگەن يوغان
بىشەكشىرىننى يەرگە قوياي دەپ تۇرغاندا ، توختى بېرىپ قولىدىن
ئالدى . بۇ بالا باققالنىڭ ئوغلى بولۇپ ، قوغۇننى ئەكېلىشىپ
بېرىپلا قايتىپ كەتتى . زەينەپخان ئانا رەيھاننىڭ قولىدىكى شاپتۇل-
نى ئېلىپ ، ئۆيگە باشلىدى . ھەممەيلەن كۆرپىدىن ئورۇن ئېلى-
شىپ ، ھال - ئەھۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىن ، رەيھان ئېغىز
ئاچتى :

—توختىكا ،مىجەزىڭىز يوقمۇ - نېمە؟خاپا كۆرۈنىسىزغۇ؟

—ياخشى تۇرۇۋاتىمەن ، بىراق داۋاملىق مۇشۇنداق يۈرۈۋەر-
سەم بولماسمىكىن .

رەيھان يەنە سورىدى :

—نېمە قىلاي دەيسىز ؟

—يۇرتقا بېرىپ كېلەيمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن .

—شۇنچە زۆرۈرمىدى ؟

— ھەئە .
— نېمە ۋەجدىن ؟
— قەرزىم بار ئىدى .
— ئۇنداق بولسا ، ساۋۇركامدىن ئەۋەتىپ بېرەيلى .
— بولمايدۇ ، ئۇ ئېلىم - بېرىم قەرزى ئەمەس ، ئادەمگەرچىلىك قەرزى .
— كىم ئىدى ئۇ ؟
— خوجايىنىم ھەم ئوقۇتقۇچۇم ،10 يېشىمدىن باشلاپ تۇز - تائام بېرىپ چوڭ قىلغانىنىڭ ئۈستىگە ئوقۇتۇپ دىلىمغا ئىلىم سالدى ، ئۆز بالىلىرى قاتارىدا كۆرۈپ ئىشەندى . ئەمدى ئۇنى تاشلىۋەتسەم ، شاپائەتچىمنىڭ يۈزىگە پۇت قويغاندەك بولمامدىمەن ! خوجايىن ماڭا دائىم : كىشىنىڭ ئىززىتى راستچىللىق ، ئادەمگەرچىلىك بىلەن ئاشىدۇ ، يۈزى تىل سەۋەبىدىن ، يەنى يالغانچىلىق ، كاززاپلىق تۈپەيلى تۆكۈلىدۇ ، دەيتتى . بۇنى ئويلىغاندا ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ كەلمىسەم بولمايدۇ . يەنە بىر ئاكىمىزغىمۇ ۋەدە بەرگەن .

توختىنىڭ پەزىلىتى رەيھانغا چوڭقۇر تەسىر قىلدى . كۆڭلىدە : «نېمىدېگەن ۋىجدانلىق يىگىت بۇ ! ئۇ راست ئېيتىدۇ ، ئادەم راستچىل ، سەمىمىي بولۇشى كېرەك ، مانا مۇشۇنداق ئادەمگە قول بولسامۇ ئەرزىيدۇ ، ئۇنى چىن كۆڭلۈمدىن قوللايمەن . لېكىن ، يالغۇز يولغا چىقمىسۇن »دېگەنلەرنى ئويلىدى - دە ، ئېيتتى :
— ياخشى ئويلاپسىز . ئادەم دېگەن راستچىل ، لەۋزىدە تۇرىدىغان بولۇشى كېرەك . خوجايىنغا ، يەنە بىرسىگە ۋەدە بەرگەن ئىكەنسىز ، ئەلۋەتتە بېرىڭ . ئەمما ، ئىككى شەرت بار…
— قېنى دەڭ .
— بىرىنچىدىن ، ماڭا ۋەدە بېرىڭ ؛ ئىككىنچىدىن ، ساۋۇركام بىرگە بارسۇن .
— قانداق ۋەدە تەلەپ قىلماقچىسىز ؟
— چوقۇم قايتىپ كېلىسىز ، مەڭگۈ ماڭا مۇڭداش ۋە قوغدى-

غۇچى بولـسـىـز . سىزدىن ھازىرچە ئالـدىـغان ۋەدەم شۇ ھەقـتە بولـىدۇ .

رەيھانىنىڭ چىرايى بىردىنلا غەمكىنلەشتى ، كۆزلىرىگە غىلىلـ-دىاپ ياش كەلدى . كۆڭلىگە مەڭگۈ كۆرۈشەلمەيدىغاندەك ، بۇگۈنكى ۋىسال دەملىرى يېقىن كەلگۈسىدە ھەسرەتلىك ئەسلىمىگە ئايلىنىد-دىغاندەك ۋەھىمە ھۆكۈمران ئىدى . شۇنداقتىمۇ توختى ۋەدە بەر-سىلا لەۋزىگە ئىشىنەتتى .

— بوپتۇ ، ۋەدە بېرەي ، سىزنىڭمۇ ھەددىسىز ياخشىلىقلىرى-ڭىز بار ، جاۋاب قايتۇرمىسام قارا يۈز بولۇشۇم ئېنىق ، سىز ھاياتىمنى قۇتقۇزدىڭىز ، شۇڭا مەڭگۈ قوغدىغۇچىڭىز ، خىزمەتكارى-ڭىز بولسام ئەرزىيدۇ . لېكىن ، مۇشۇ پۇرسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ .

— بەك ئوبدان گەپ بولدى ، سىزگە ئىشىنىمەن .

— ئەمىسە نېمىشقا يىغلايسىز ؟

— خۇشاللىقتىن ھاياجانلىنىپ يىغلاۋاتىمەن شۇ !

رەيھان ياغلىقى بىلەن ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ، زورلاپ كۈ-لۈمسىرىدى . كۈلكە يۇگۇرگەن چىرايىدىكى ياش قالدۇقلىرى گويا شەپەقتە تاۋلانغان گۈل بەرگىدىكى شەبنەمدەك جىلۋىلىنىپ ، سىر-غىغىنچە ئېتىكىگە چۈشۈۋاتاتتى . ساۋۇرنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدىمۇ ياكى رەيھانىنىڭ كۆز ياشلىرىغا تاقەت قىلالمىدىمۇ ۋەياكى ئىككىسى گەپ- سۆزلىرىنى قورۇنماي قىلىشىۋالسۇن دېدىمۇ ، ئەيتاۋۇر ، ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى . شۇ تاپتا توختىنىڭ ئازابلىد-رىغىمۇ گەپ سىغمايتتى ، كۆزلىرىدىن ياش ئەگىپ ، رەيھانغا تە-سەللى بەرمەكچى بولاتتىيۇ ، گەپ قىلالمايتتى . ئاخىر زورۇقۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئېيتتى :

— خاتىرجەم بولۇڭ ، خېنىم ! سىز بۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلۈ-ۋاتقان يەردە ، مەن جەزمەن قايتىپ كېلىمەن . ساۋۇرنىڭ بىللە بېرىشىغىمۇ قوشۇلىمەن . ئەمدىغۇ بولغاندۇ !

— ئەلۋەتتە بولدى ، سىزگە ئىشىنىمەن ، جەزمەن قايتىپ كې-

لىشىڭىزگە ئىشىنىمەن . لېكىن ، نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم يېرىم ، بىر قىسمىلا بولۇپ تۇرۇۋاتىمەن . ئەبەدىي كۆرۈشەلمەيدىغاندەك خاتىرجەمسىزلىنىۋاتىمەن…

— گەپمۇ ئېغىزدىن ، جانمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ ، جەزمەن كېلىمەن . لەۋزىدە تۇرماسلىق ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس ، لېكىن قاچان كېلىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن .

— بۇ «كەلمەيمەن» دېگەن بىلەن ئوخشاش گەپ بولدى ، نەچچە ئون يىلدىن كېيىن خوتۇن ـ بالىلىرىڭىزنى ئەگەشتۇرۇپ كەلسىڭىز يەنىلا كەلگەن بولىسىز ، ئۇ چاغدا ، قېنى ئۆزىڭىز دەپ بېقىڭە ، نېمە قىلغۇلۇق ؟

— ياق ، مېنىڭ گېپىمدىن ھەرگىز ئۇنداق مەنە چىقمايدۇ . ئىلاجى بار تېزرەك كېلىشكە تىرىشىمەن .

— بوپتۇ ، بېرىڭ . مەن قايتىپ دەرھال تەييارلىق قىلىشقا كىرىشەي . بۇنىمۇ دەپ قوياي ، ئەگەر كېچىكىپ قالسىڭىز ئۆزۈم بارىمەن جۇمۇ !

توختى رەيھاننى تالاغىچە بىللە چىقىپ ئۇزىتىپ قويماقچى بولغانىدى ، رەيھان :

— بولدى ، سىلەر چىقماڭلار !— دەپ ، رومالىنىڭ قايرىلغان تەرىپىنى ئالدىغا تاشلىغىنىچە چىقىپ كەتتى . ئەمما ، ئۆيدىن چىققاندا كۆلگەندەك قىلغان بىلەن ، ئىشىكتىن چىقىشىغىلا كەلكۈندەك ئېقىشقا باشلىغان كۆز ياشلىرىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ توختىتالمىدى .

رەيھان ئۆيگە يېتىپ بارغاندا ، ھويلىدا ئوتۇن كەسلەۋاتقان رۇستەمدىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى . شۇڭا ، يىغلىغان پېتى ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇخلاپ قالدى . زۇمرەتخېنىمنىڭ : «رەيھانگۈل !» دەپ چاقىرغان ئاۋازى قۇلىقىغا كىرگەندە كەچ پېشىن بولغانىدى ، ئۇ يۈزىنى يۇيۇۋېتىپ ئانىسىنىڭ قېشىغا چىقتى . ئانا شۇنداق قاراپلا ئۇنىڭ ئايدەك جامالىنىڭ كۇندىن ـ كۇنگە ئۆزگىرىپ ، سولاشقان ياپراقتەك بولۇپ قالغىنىنى كۆردى . «گاچا قىز-

نىڭ تىلىنى ئانىسى بىلىدۇ » دېگەندەك ،رەيھاننىڭ روھىي ھالىتىـ
ـدىكى ئۆزگىرىشلەرنى زۇمرەتخېنىم ئۆز ۋاقتىدىلا سېزىپ ئۈلگۈرـ
گەنىدى .نەچچە ئاي مابەينىدە رەيھاننىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ ، كەم
سۆز ، ئېغىر ـ بېسىق ، گەپ ـ سۆز خالىمايدىغان ، كۆپىنچە
ھاللاردا ھۇجرىسىدىن چىقماي كۈن ـ كۈنلەپ يالغۇز ئولتۇرىدىغان
بولۇپ قېلىۋاتاتتى . مۇساپىر يىگىتنىڭ گېپى چىقسىلا ، ساۋابلىق
توغرىسىدا كىتاب سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ، ياردەم قىلىشنى
ئۆتۈنەتتى . ئەمدى ئۇ يىگىتنى زىنداندىن ئازاد قىلىۋېتىش بىلەن ،
بىر كۈنمۇ ئۆيدە ئولتۇرمايدىغان ، ساۋاقداشلىرىنى تولا يوقلايدىغان
بولۇۋالدى . ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرى «ئىشنى كارداڭدىن سوراڭ ،
ئۇننى باداڭدىن »دېگەندەك ، زۇمرەتخېنىمنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ
قويۇۋاتاتتى ، مۇھەببەت تارىسىنى يۈرەك بېغىشىدىن باغلاپ يىگىت
تامان سۆرەپ يۈرگەنلىكى ئانىغا ئايان ئىدى ، بايا قىزى ھويلىغا
كىرىپ كەلگەندە يۈز ـ كۆزلىرىدىكى ياش قالدۇقلىرىنى كۆرۈپ
ئۆزىنى دالدىغا ئالغانىدى .
زۇمرەتخېنىم قىزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە خاپا بولمىدى .
چۈنكى ، نورمال يېتىلگەن ئىنسان بالىسى بۇ باسقۇچنى بېسىپ
ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتى . توختىنى گەرچە كۆرمىـ
ـگەن بولسىمۇ ، ھاپىزبەگدىن ھېكايىلىرىنى نەچچە نۆۋەت ئاڭلىـ
ـغان ، تېخى بىر نۆۋەت «توختىغا شۇنداق ھەۋىسىم كېلىدۇكى ،
گاھىدا ئۇنى مېنىڭ ئوغلۇم بولۇپ قالغان بولسىچۇ ، دەپ قالىـ
ـمەن » دېگىنى قۇلىقىدىن كەتمەيتتى . شۇنىڭدىن تارتىپ توختىنىڭ
سىيماسىنى خىيالەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، ئەڭ قاملاشقان ،
باتۇر ، تەڭداشسىز پالۋانلارغا ئوخشىتاتتى . رەيھاننىڭ توختىغا كۆـ
يۈنۈشىنى ھەرگىز ئەيىبلىمەستىن ، ئىمكانىيەت تاپسا ياردەم بەرـ
گۈسى ، ھاپىزبەگ ئۇنىسا كۈيئوغۇل قىلىۋالغۇسى كېلەتتى . ھازىر
رەيھاننى چاقىرىشنىڭ سەۋەبىمۇ ئوتتۇرىدىكى پەردىنى قايرىپ قوـ
يۇپ ، سىردىشىش ئۈچۈن ئىدى .
رەيھان كىرگەندە زۇمرەتخېنىم ئۇنىڭ يۇيۇقلۇق كىيىملىرىـ

نى قاتلاۋاتاتتى .

— ئۆيقۇڭغا قاندىڭمۇ ؟— ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ ، چاقـچاق ئارىلاش سورىدى .

— بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ ،— دېدى رەيھان جاۋاب بېرىپ ، ئاندىن كاتىنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ ئانىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى .

— قىزىم ! ئۆزۈڭنى قىيىنىما ، مۇھەببەتنى بىلىمەن ، خىجىل بولماي سىرىڭنى ئېيت ، يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق . كۆڭۈل شۇنداق نەرسىكى ، ئۇ باي ـ كەمبەغەل ، سەت ـ چىرايلىق دەپ ئايرىمايدۇ . ئۆز مۇددىئاسىغا يېتىشتە ھېچنېمىگە بېقىنمايدۇ ، ئوتـ تۇرىدىكى سىرنى پەقەت ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ كۆزىلا ئاشكارىلايـ دۇ ، مانا بۇ مۇھەببەت دېيىلىدۇ . سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن ، سەن بىر سۇمۇرغنى تاللىدىڭ ، ئەمما يوشۇرۇۋاتىسەن . كۆزلىرىڭدىن چىـ قىپ تۇرۇۋاتىدۇ . قانداق گېپىڭ بولسا ئوچۇقىنى دېگىن . مېنىڭـ چە ، سەن پۇل ـ مال ، بايلىقنى ئەمەس ، ھەقىقىي سۆيگۈنى كۆزلىـ دىڭ ، مەن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيمەن ھەم ياردەم بېرىمەن .

ئانىسىنىڭ بۇ قەدەر مېھرىبانلىقى ھەم يۇمشاق كۆڭۈللۈكىـ دىن دىلى ئېرىگەن رەيھان :

— ئانا !...— دېگىنىچە زۇمرەتخېنىمنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتـ تى ، ھاياجان ياشلىرىنى سەلدەك ئاقتۇرۇپ ، يۈزىنى كۆكرىكىگە ياقتى .

— بولىدى قىل ، قىزىم ، بولىدى قىل !— دېدى زۇمرەتـ خېنىم ،— مۇھەببەت مالامەتتى چۈشمەيدىغان ئادەم يوق ، غەم قىلـ ما . مەن ياردەم بېرىمەن !

زۇمرەتخېنىم بەزلىگەنچە رەيھان ھېقىقلاپ يىغىسىنى تەستە توختاتقاندىن كېيىن :

— راست ئېيتتىڭىز ،ئانا !بۇ بىر سەۋداكەن ،ئۆزۈممۇ بىلمەيـ مەن ،ئۇنى كۆرمىسەم تاقەت قىلالمايدىغان دەرىجىگە يەتتىم .توختى يۈرتىغا قايتماقچى...— دەپلا يەنە يىغلاپ تاشلىدى .

—سەن نېمە دېمەكچى ؟— سورىدى زۇمرەتخېنىم .

— ئۇنىڭ بىرىشىغا قوشۇلماي ئىلاجىم بولمىدى .
— ئۇ ھازىر نەدە تۇرۇۋاتىدۇ ؟
— تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدە .
— تۇغقانلىرىنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قوي .
— ماقۇل .
— سەن قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسەن ؟
— ئۇ تۇغقىنى ساۋۇر بىلەن يولغا چىقماقچى ، بىرىپ كىلدىشىگە بىرەر ئايچە كىتەر . بۇ جەرياندا ساۋۇرنىڭ ئائىلىسىمۇ قىيىنىلىپ قېلىشى مۇمكىن . ئىككىسىنىڭ سەپەر خىراجىتى ئۇچۇن ياردەم بەرسەك بولاتتى .

— مىنى ھىچنىمىنى ئۇقمايدۇ دەمسەن ؟ !

زۇمرەتخېنىم رەيھاننىڭ باش - كۆزىنى چوڭقۇر ئانىلىق مىھىرى بىلەن سىلىدى . رەيھان ئۆتكۈنچى يامغۇردىن كېيىنكى قۇياشتەك كۈلۈپ زۇمرەتخېنىمنى تىخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى .

— بولدى ، قويۇۋەت !— دىدى زۇمرەتخېنىم رەيھاننىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ ، ئاندىن ئۆيگە كىرىپ كىتىپ ، كۆزنى يۇمۇپئاچقۇچە ئارىلىقتا بىر ھەميانىنى ئېلىپ چىقىپ رەيھانغا تەڭلىدى ،— بۇنى ئۇ يىگىتكە ئاپىرىپ بەرگىن ، ئىككىسى قانچە خىراجەت قىلسا يىتىپ ئاشىدۇ . ھە ، توختا ، بۇ تۆت شوينا يارماقنى ساۋۇر دىگەن يىگىتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بەرگىن . ئوغلى كەلگۈچە خىراجەت قىلسۇن . ئەمدىغۇ بولغاندۇ ؟

— بولدى ، ئويلىغىنىمدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولدى .

رەيھان ئېتىلىپ بىرىپ ئانىسىنىڭ ئىتتەرگىنىگە ئۇنىماي نەچچىنى سۆيۈۋەتتى . زۇمرەتخېنىم يەنە بىر ئىش ئۇستىدە ئۇچۇر بەردى :

— ئاتاڭ ھەجگە بارىمەن دەپ يۈرىدۇ ، قارىغاندا ، سولاقخانا ئىشىدىن رايى يانغاندەك قىلىدۇ ، كېيىنكى ئىشلار ئاتاڭ خەيرلىك ھەجدىن كەلگەندە بىر گەپ بۇلار .

رەيھان ئانىسى يەتكۈزگەن ئۇچۇرنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىغا

تېگىدىغان پايدىسىنى مۆلچەرلەپ ئۆلگۈردى :
— بەك ئوبدان بوپتۇ ، ئانا ! ئاتام بۇرۇنراق شۇنداق قىلىشى لازىم ئىدى . ھەجگە بېرىپ كەلسىمۇ بەگلىك مەنسىپى قېچىپ كەتمەيدۇ ، ئۇ چاغدا ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ ، بىزگىمۇ ياخشى . مەن دەرھال توختىغا بۇ پۇللارنى ئاپىرىپ بېرەيمىكىن ؟
— ماقۇل ، تېز بېرىپ كەل ، كەچ بولۇپ كەتمىسۇن !
زۇمرەتخېنىم رەيھان بىلەن ھويلىغا بىللە چىقتى .
رەيھان شۇنچىلىك خۇشال ئىدىكى ، توختى بۇ پۇللارنى ئېلىدىغان چاغدا ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ تۇرمۇشىغا ياردەم بولىدىغانلىقىنى، تۇلۇق سەرپ ئەتسە خېلى بىر مەزگىل ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تارتمايتتى . ساۋۇرنىڭ ئائىلىسىمۇ تۆت شوينا يارماقنى خېمىرتۇ-رۇچ قىلىپ تۇرمۇشىنى قامداپ كېتەتتى . رەيھان زەينەپخان ئانى-نىڭ ئۆيىگە بارغاندا ، توختى بىلەن ساۋۇر ئىشىك ئالدىدىكى ياغاچنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ، بىرەر ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلى-شىۋاتقاندەك قىلاتتى . زەينەپخان ئانا كەچلىك تاماققا كۆكتات توغ-راۋاتاتتى . رەيھاننىڭ قانداقتۇر زۆرۈر ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى پەملىگەن يىگىتلەر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا باردى . ئىك-كىسىنىڭ چىرايلىرىدىكى جىددىيلىكنى كۆرگەن رەيھان :
— ھېچ ئىش يوق . قېنى ، ئۆيگە كىرەيلى ، — دەپ ، توختى بىلەن ساۋۇرنى ئالدىدا مېڭىشقا ئۈندىدى . ئەمما ، ئۆي ئىگىلىرى تەكلىپنى قوبۇل قىلماي ، رەيھان ئالدىدا ماڭدى ۋە چاقىردى :
— زەينەپخان ئاچا !
زەينەپخان ئانا قىلىۋاتقان ئىشىنى قويۇپ ئۆيگە كىردى . رەي-ھان قولىدىكى ياغلىقنى يېشىپ تۆت شوينا يارماقنى تەڭلىدى :
— بۇنى ئانام سىلەرگە ئەۋەتتى .
— رەھمەت ، خېنىم ، رەھمەت ! — دېدى زەينەپخان ئانا ئىك-كى قوللاپ ئېلىپ ، — بۇ ياخشىلىقلىرىنى قانداقمۇ قايتۇرارمىز . بىزدىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانا .
رەيھان ھەمياننى توختىغا تەڭلىدى :
— بۇنىڭدا 30 سەر كۈمۈش بار ، بۇنىمۇ ئانام ئەۋەتتى .

ئىككىڭلارنىڭ سەپەر خىراجىتىگە يېتىدۇ .
نەچچە كۈندىن بۇيان ئانىسىدىن ۋە ئاتىسىدىن ئېھتىيات قىد-
لىپ كېلىۋاتقان رەيھاننىڭ بۇگۈن بىردىنلا «ئانام ئەۋەتتى» دەپ
خېلى جىق پۇلىنى كۆتۈرۈپ كېلىشى ئۇچەيلەننى ھەيران
قالدۇردى .
— ئانام ئەۋەتتى ؟— سورىدى توختى .
— ھەيران قېلىۋاتامسىز ؟
— قانداقچە ئەمدى ؟
— قورقماڭ ، ھېچ ئىش يوق ، ئانام بەك ياخشى ئايال . مەن
يوشۇرۇپ يۈرگەن بىلەن ، ئۇ ھەممىنى بىلىپ بوپتۇ . ئۇ ماڭا :
« ھېچۋەقەسى يوق . بالىسىنىڭ بېسىۋاتقان قەدىمىنى ئانا بىلمىسە
قانداق بولىدۇ ؟ سەن ئۆتمەكچى بولغان ‹ كېچىك› تىن ئۆتمەيدىغان
ئىنسان يوق . بۇنى ئەيىبلەش ھاجەتسىز ، بۇنىڭدىن كۆرە ياردەم
بەرگەن ياخشى... » دېدى ھەم بۇ پۇللارنى ئەۋەتتى .
— بېگىم بىلىپ قالسىچۇ ؟
— بىلمەيدۇ ،ئاڭلىشىمچە ،ئانام ھەجگە بارغۇدەك ،مۇددەتتىن
بىرقانچە ئاي بۇرۇن مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقۇدەكمىش .بىلىپ
قالسىمۇ نېمە قىلالايتتى .ئەمدى گەپ سىلەردە قالدى . تېزرەك
يولغا چىقىپ ، قانچە بالدۇر كەلسەڭلار شۇنچە ياخشى .
— خۇشاللىق ئېسەنگىرىتىپ ، رەھمەت ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپتىد-
مەن ، رەھمەت ، خېنىم !...
توختى گەپنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغۇچە رەيھان بۆلۈۋەتتى :
— ئەمدى مېنى «خېنىم» دېگۈچى بولماڭ ، «رەيھان» دەۋې-
رىڭ ، بولمىسا رەنجىپ قالىمەن ،— قىز لەۋلىرىنى يىمىرىپ
يېقىملىق كۈلدى .
— ماقۇل ، سىز رەنجىيدىغان ئىشنى ئىككىنچى قىلمايمەن .
گېپىمگە ئىشىنەرسىز ؟
— ئەمدى بولدى !
— زۇمرەتخېنىمغىمۇ رەھمەت ، ئاتا - ئانام بولسىمۇ بۇنچىلىك

قىلالمايتتى . قىلىغان ياخشىلىقىنى بۇ دۇنيا ـ ئۇ دۇنيا ئۇنتۇ-مايمەن !— توختى كۆزلىرىگە ياش ئالدى .
— باشقىسىنى قويۇپ ، مېنىلا ئۇنتۇمىسىڭىز كۇپايە .
— ھەرگىز ـ ھەرگىز ، ئۇنتۇمدىغان !
ھەممەيلەن تەڭلا كۈلۈشتى ، ئاندىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقىشتى . قۇياش پەسلەپ ناماز ئەسىر بولغانىدى .
— ھە ··· راست ، بىلىپ قالاي ، سەپەر قاچان ؟ — رەيھان توختىدىن سورىدى .
— تەييارلىق پۈتتى . ئەتە باش توخۇدا يولغا چىقساقمىكىن .
— يەنە بىر گەپ بار ئىدى .
— قېنى دەڭ .
— سىزگىلا تەئەللۇق گەپ ئىدى .
— ئىككىسى ئۆزرە ئېيتىپ ئۆيگە ماڭدى . توختى ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ ، رەيھاننىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى :
— نېمە گەپ ئىدى ؟
رەيھان توختىنىڭ كۆزىگە تەشنالىق ئىلكىدە تىكىلدى . گەرچە ئۇ كۈلۈپ تۇرسىمۇ ، كۆز ياشلىرى گويا ئاپتاپلىق ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان يامغۇردەك تامچىلىماقتا ئىدى . قىز شۇ ھالەتتە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنى توختىنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ ، چىڭ يۈپۈشقىنىچە ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىدى . توختىمۇ قىزنى باغرىغا باستى ، قەيسەر يىگىتلىككە ماسلاشمىغان ھالدا كۆز ياشلىرى قىزنىڭ باش ـ كۆزىگە سىرغىشقا باشلىدى .
— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ !— دېدى توختى رەيھانغا تە-سەللى بېرىپ ، ئاندىن ئالمىنىڭ يارتىسىدەك ئېگىكى ئاستىغا بار-ماقلىرىنى تەگكۈزۈپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراتتى . رەيھاننىڭ جان بېرىش ئالدىدىكى ئاھۇنىڭكىدەك كۆزلىرى گويا پاناھلىق تىلە-ۋاتقاندەك مۆلدۈرلەپ تۇراتتى . توختى بويىنىنى ئېھتىياتچان سەي-ياھەتەك ئاستا ئېگىپ ، ئەرلىك جاسارەت تېمىپ تۇرغان لەۋلىرىنى قىزىلگۈل بەرگىسىمان نازۇك لەۋلەر ئۈستىگە قويدى . جۇپلەن-

گەن بۇ لەۋلەر شۇ تاپتا بىر جۈپ چوغنى ئەسلىتەتتى . بەجايىكى ،
بىر - بىرىگە تېگىش بىلەن كۈچلۈك يېلىنجاپ ئىككى يۈرەكنى
كۆيدۈرمەكتە ئىدى . بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ ، بىر - بىرسىگە سىد-
ڭىپ كېتىۋاتقان ئىككى تەن دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇ-
غان ، ئۆي ئىگىلىرىنىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ قېلىشىدىنمۇ ئەنسىرەي-
دىغاندەك قىلمايتتى ، بەلكى مۇشۇ كۆرۈنۈشنى پۈتۈن ئامۇخاس
كۆرگىنىدە پەخىرلەنگىنىدىن ئاشىق - مەشۇقلۇق بابىدا مەشھۇر
پەرھات - شېرىن ، لەيلى - مەجنۇن ، تاھىر- زۆھرەلەردەك مەڭگۈ
ئۆلمەسلىك شەرىپىگە ئېرىشىشنى تىلەيتتى .

شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار بىر - بىرىدىن چالا بوغۇزلانغان قۇش-
تەك كۈرمىڭ ئازاب ئىچىدە تەستە ئايرىلدى .

— خۇداغا ئامانەت ، مېنى تەقەززا قىلماي ، تېز بېرىپ ،
كېچىكمەي كېلىڭ !— دېدى رەيھان ۋە خوشلىشىش سوۋغىتى
سۈپىتىدە تاتلىق بىرنى سۆيۈپ قويدى .

ئۇلار چىققاندا زەينەپخان ئانا بىلەن ساۋۇر ھېچ يەردە كۆرۈن-
مەيتتى . توختى رەيھاننىڭ ئارقىسىدىن تاكى قارىسى يىتكۈچە
قاراپ تۇردى ، پەقەت ساۋۇرنىڭ :

— توختى !— دەپ چاقىرغىنى قۇلىقىغا كىرگەندىلا ھويلىغا
قايتىپ كىردى . ئەمما ، شۇ تاپتا يۈرىكىنى بىر كىم سۇغۇرۇپ
كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئىدىكى ، رەيھاننىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ بې-
رىپ ، ئېغىر كۈنلەردە مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ ھاياتىنى قۇتقۇ-
زۇپ قالغۇچى بۇ پەرىشتىنىڭ شاپائىتىگە يېنىش - يېنىشلاپ رەھ-
مەت ئېيتقۇسى ، يېتىملىكتە تارتقان پۈتۈن دەرد - ئەلەملىرىنى
قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىپ ، ئەڭ - ئەڭ قەدىرلىك ، قەلبىنى ئەڭ
چۈشىنىدىغان ساھىبجامال بىلەن قانغۇچە مۇڭداش بولۇپ ، خارۇ-
زارلىق ، زۇلۇم ، كۈلپەتتە ئۆتكەن ھەسرەتلىك كۈنلىرىنى تولۇق-
لىغۇسى كېلەتتى .

ساۋۇر ئائىلە ئىشلىرىنى ئىنىسى ئابدۇرەھمانغا تاپىلىدى :

— بىز ئۇزاققا قالماي قايتىپ كېلىمىز . ئىش قوغلىشىپ

يىراقتا كېتىپ قالما ، ئانام ئۆيگە قارىسۇن ، بولمىسا رەيھانگۇل كېلىپ قالسا تاپالماي قالىدۇ .

توختى رەيھان بىلەن خوشلاشقاننىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە ساۋۇر بىلەن پەيزاۋاتقا يۇرۇپ كەتتى .

بۇ 10 - ئاي بولۇپ ، هاۋا سەگىگەن چاغلار ئىدى . توختىلار پىيادە يول بېسىپ ، هارغاندا دەرەخ سايىلىرىدا ئارام ئالدى ، هار-دۇقى چىققاندا كېچە - كۈندۈز دېمەي مېڭىپ ، ئاخىر پەيزاۋاتقا يېتىپ كەلدى - دە ، چاڭ شەنسىڭنىڭ ئۆيىگە چۈشتى .

چاڭ شەنسىڭنىڭ ئۆيى پەيزاۋات ئۆتەڭ بازىرىنىڭ رەستە كو-چىسىدا بولۇپ ، قوش قاناتلىق هويلا ئىشىكىدىن كىرىشكىلا ئۇلاپ سېلىنغان تۆت ئېغىزلىق ئۆي ، ئاندىن بىر چەتتىكى ئاتخانا كۆزگە تاشلىناتتى . دەرۋازىنىڭ يېنىدىلا ئىشىكى كوچىغا قارايدىغان گۆ-رۇخانىسى بار ئىدى . ئىككىيلەن هويلىغا كىرىشى بىلەن بويىنىغا ئۇششاق قوڭغۇراقلار ئېسىلغان بىر جۇپ پىستە قاۋاپ كېلىپ ، توختىنىڭ پۇتلىرىنى يالاپ ئەركىلەشكە باشلىدى . ساۋۇر توختى-نىڭ دالدىسىغا ئۆتىۋالدى . ئىتلىرىنىڭ باشتا قاتتىق قاۋاپ ، كې-يىن بىردىنلا توختاپ قالغانلىقىنى سەزگەن چاڭ شەنسىڭنىڭ قى-زى يۇگۇرۇپ چىقىپ توختىنى كۆرۈپ ، كەلگەن پېتى بىلىكىگە ئېسىلىپ توۋلىدى :

— بابا ! نېكەن سۈي لەيلى[①] ؟

توختى بۇ ئۆيگە كەلگەندە چاڭ خۇا تېخى ئالتە ياشتا بولۇپ ، هازىر بويى ئۆسۈپ ، كۆكسى كۆتۈرۈلۈپ ، كۆز چۈشكۇدەك تولغا-نىدى . بىراق ، چاڭ خۇامۇ ئەينى زاماننىڭ فېئوداللىق قائىدە - يوسۇنلىرىدىن چەتتە قالالمايتتى .شۇنداقتىمۇ دادىسى چاڭ شەنسىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولغاچقا ،مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ئانچە ئەمەل قىلىپ كەتمەيتتى . شۇڭا ، قىزىنىڭ پۇتلىرىنى قىزىق سۇغا چىلانغان ماتا بىلەن تېڭىپ ، ئۆچكىنىڭ شاخشىقىدەك هالغا كەلتۈ-رۈپ ، ئىرغاڭلاپ ماڭىدىغان قىلىپ قويمىغانىدى .توختى بىلەن

① «دادا !قاراڭ ، كىم كەلدى ؟» دېگەن جۈملىنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنىشى .

چاڭ خۇا كىچىكىدىن بىر ئۆيدە ئۆسكەچكە ،قېرىنداشلاردەك بىر-
بىرىگە مېھرىبان ۋە ئىناق - ئىجىل ئىدى . توختىمۇ چاڭ خۇانى
ئۆز سىڭلىسىدەك يېقىن كۆرەتتى . ئۇلارنىڭ بىر جايدا تۇرغاندىكى
ھالىتىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم «ئەجەبمۇ ئامراق ئاكا - سىڭىل-
لاركەن »دېمەي قالمايتتى .

چاڭ شەنسىڭ ، ئوغلى چاڭ شۇ ۋە باشقا ئائىلە ئەزالىرى
كەينى - كەينىدىن ئۆيدىن چىقىشىپ ، توختى ۋە ساۋۇر بىلەن
قىزغىن كۆرۈشۈپ ، ھال - ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن ئۆيگە
باشلىدى . توختى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ساۋۇرغا ئۇدۇللۇق تەرجىمە
قىلىپ بەردى . چاڭ خۇا دەرھال يۇز - قول يۇيۇش ئۇچۇن داس ،
لۆڭگە ، سوپۇن ، سۇ تەقلىدى . توختى بىلەن ساۋۇر يۇز- كۆزلىرىد-
نى يۇيۇپ بولۇپ ، شىرەنىڭ ئىككى تەرىپىگە قويۇلغان ئورۇندۇق-
لاردىن ئورۇن ئالدى . چاڭ خۇا پىيالە ۋە چاي ئەكىلىپ قويۇپ ،
بازارغا سامسىغا چىقىپ كەتتى .

— ئەيىۇ !··· توختى ، نەگە باردىڭ ؟— دېدى چاڭ شەنسىڭ
پىيالىلەرگە چاي قۇيغاچ ،— سېنى سۈرۈشتۈرمىگەن يەر قالمىدى .
ئاخىر ئىلاجسىز قېلىپ ، بىرەر يەردىن خەۋىرىڭنى كۈتۈپ يۈرگەن
ئىدىم . بۈگۈن بىزنى تەگرى كۆرۈشتۈردى ، نەچچە ئايلاردىن بۇيان
نەلەردە يۈردۈڭ ؟

— بۇ مېنىڭ ئىزدىگەن توغقىنىدىم ساۋۇر بولىدۇ !—
تونۇشتۇردى توختى ئالدى بىلەن .

چاڭ شەنسىڭ خۇشال كەيپىياتتا ئورنىدىن تۇرۇپ ، ساۋۇر
بىلەن قايتا كۆرۈشتى ، ئاندىن توختى چاي ئىچكەچ پەيزاۋاتتىن
قاڭقىپ چىقىپ يەكەنگە بارغاندىن كېيىن كۆرگەن كۈنلىرىنى بىر-
بىرلەپ خەنزۇچە سۆزلەشكە باشلىدى .چاڭ شەنسىڭ تۇرۇپ - تۇ-
رۇپ «تامادى ! » دەپ يوتىسىغا ئۇرۇپ قوياتتى ، چاڭ خۇا بولسا
قىزلارغا خاس نازۇكلۇق بىلەن ياش كەلكۈنىگە پوتلىسى قوشۇلۇپ
ئېقىپ چۈشمىگۈچە سۈرتمەستىن گەپنى تىڭشاپ ئولتۇراتتى . سا-
ۋۇر بولسا بىردە توختىغا ، بىردە چاڭ خۇاغا قارايتتى ، توختىنىڭ

نېمە دەۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ئىدى . لېكىن ، چاڭ شەنسىڭنىڭ
چىراي ئىپادىسىدىن توختىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە ئېچىنى-
ۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

چاڭ شەنسىڭ ئائىلىسى بۈگۈن خۇشاللىقتا چۆمگەن بولۇپ ،
ئۆي تامىقىدىن سىرت ، بازاردىن ھەر خىل يېمەكلىكلەر كەلتۈرۈ-
لۈپ ، تاماق شىرەسى نازۇنېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇۋېتىلدى . ئائى-
لىدىكىلەر ئىچىدە چاڭ شەنسىڭ ھەممىسىدىن خۇش كۆرۈنەتتى .
توختى يوقاپ كەتكەندىن كېيىن ، كۆپ ئىزدەپ سۈرۈشتۈرگەن
بولسىمۇ ، ھېچ يەردىن خەۋىرىنى ئالالمىدى .يېقىن - يىراق بارمى-
غان يەر قالمىدى . توختى ناھايىتى قائىدىلىك ، ئەخلاقلىق يىگىت
بولغاچقا ، ھەپسىگە كىرىپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى .
چاڭ شەنسىڭ توختىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن
كېيىن غەزەپلىنىپ دېدى :

— ھازىر زۇلۇم چېكىدىن ئېشىپ ، ھۆكۈمەت خەلقنىڭ دۈش-
مىنىگە ئايلىنىپ قالدى . بۈنى خاقان بىلمەيدۇ ،بۇنىڭغا ئوتتۇرا-
تۆۋەن قاتلامدىكى ئەمەلپەرەس ، نەپسانىيەتچى يەرلىك ئەمەلدارلار
سەۋەب بولۇۋاتىدۇ . پۇقرالارنىڭ يا ئۆلۈم ، يا كۆرۈم دەپ پالتا-
كەتمەنلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىشى قاش - كىرپىك ئارىلىقىدا تۇرۇۋا-
تىدۇ . ئەھۋال مۇشۇنداق داۋاملىشىۋەرسە ، خەلق تاقەت قىلىۋەر-
مەيدۇ . بىرەر چاتاق چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن .

چاڭ شەنسىڭنىڭ ۋەزىيەت ئۈستىدىكى بۇ قاراشلىرى رېئال
ئاساسقا ئىگە ئىدى .

توختىنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرى پەيزاۋات بازىرىدىكى تونۇش-
بىلىشلىرىنىڭ قۇلىقىغا تېزلا يېتىپ ، ئەل - ئاغىنىلىرى ئۇچمۇ-
ئۇچ يوقلاپ كېلىشتى ، ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشتى . توختى بىلەن
ساۋۇر داخىل بولغان سورۇنلار قىزىپ كېتەتتى . توختى يەكەندە
كۆرگەن كۈنلىرىنى ، داڭزا ، ھەپسىدە تۇتقۇنلارنىڭ بېشىغا چۈش-
كەن كۈلپەتلەرنى ،ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىيىن - قىستاقلار ،
بىئەجەل ئۆلگەنلەرنىڭ پاجىئەلىرى ۋە قارا دەرۋازا ئالدىدىكى ناله-

پەريادلارنى تەسىرلىك تۇستە سۆزلەپ بېرەتتى . توختىنىڭ تەسىرلىك ھېكايىلىرى سورۇندىكىلەرگە : «ھەي خەلق ! يەنە غەپلەت ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋېرەمسەن ! تېزدىن قوزغىلىپ دۇشمەنلىرىڭنى يوقاتمىساڭ ، ئۇلار سېنى يوقىتىدۇ .ئەمدى نۆۋەت ساڭا كەلدى ! » دەپ چاقىرىق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . ھازىر دېمىسىمۇ توختى ئىلگىرىكى ھېچكىم نەزىرىگە ئىلىپ كەتمەيدىغان گۆرۈخاندىكى چاكار توختى ئەمەس ، بەلكى تەمكىن ، كۆپنى كۆرگەن ، بىلىملىك يولباشچىغا ، قولىغا شەمشەر ئېلىپ زالىملارنى قىرىپ تاشلاپ ، ئاجىز پۇقرالارنى قۇتقۇزىدىغان قەيسەر سەركەردىگە ئوخشايتتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ ھۆرمەت - ئىناۋىتى بىردىنلا ئېشىپ ، شۇنداقلا قول شىلتىيدىغان بولسا ، ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغاندەكلا قىلاتتى .

توختى پەيزاۋاتقا كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ، چاڭ شەنسىڭ بىلەن خالىي قالغان بىر ئەتىگىنى مەسلىھەت سالدى :

— ئاتۇشتا زۆرۈر بىر ئىشىم بار ئىدى ، شۇ يەرگە بېرىپ كەلسەم دېۋىدىم . كىچىكىمدىن ئاتىدارچىلىقىڭىز سايىسىدا چوڭ بولدۇم . ئەمدى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم بىلەن تېپىشتىم . سىزنىمۇ تاشلىماي يوقلاپ تۇرىمەن . چوڭ بولۇپ قالغاندا بىر ئۆيدە تۇرۇۋەرگىلىمۇ بولماس ، شۇڭا ئىجازەت بەرگەن بولسىڭىز .

— بولسىغۇ كەتمىسەڭ ئاتا - بالىدەك ئۆتۈۋېرەتتۇق ، سېنىڭ سۆزلىرىڭمۇ يوللۇق . دەرۋەقە ، ئۆز يولۇڭنى تاپقۇدەك بولغاندا يەنە تۇتۇۋالسام بولماس ، بارغىن ، بالام . بىراق ، ئېھتىياتچان بولغىن ! ئېيتقىنا ، بايا نەگە بارىمەن دېدىڭ ؟

— ئاتۇشقا بارىمەن ، ئاندىن كېيىن يەكەندە تۇرىمەن .

— بوپتۇ ، ئەتە يولغا چىقىڭلار .

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن ، توختى بىلەن ساۋۇر مېڭىشقا تەمشىلىپ ھويلىدا ھەممەيلەن بىلەن خوشلىشىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا ، چاڭ شەنسىڭ :

— قېنى ھېلىقى ؟— دەپ چاڭ خۇاغا قارىغاندى ، قىز يۈگۈ-

روۋپ ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىر ھەمياننى كۆتۈرۈپ چىقىپ دادىسىغا بەردى .


توختى بىلەن ساۋۇر ئىككىيلەن تەئەججۇپلىنىپ تۇرغاندا ، چاڭ شەنسىڭ ھەمياننى توختىغا تۇتقۇزۇپ ، دېدى :

— ئۇزاق يىل ئىشلىدىڭ ، ھەققىڭنى قانچە قىلساممۇ تۈگە- تىپ بولالمايمەن . ئاز بولسىمۇ بۇنى ئېلىۋال . بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە لازىم بولار .

ئۇلار ماڭماقچى بولۇۋاتقاندا ، چاڭ خۇا :

— توختاڭلار ! — دەپ يەنە ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ، كىچىك بىر بوغچىنى كۆتۈرۈپ چىقتى ، — بۇ سىزنىڭ كىيىملىرىڭىز ، يۇيۇپ قاتلاپ قويغانىدىم !

ئەمما ، كىيىملەرنىڭ ئارىسىدا قىز ئۆز قولى بىلەن توختىغا ئاتاپ تىككەن ، چەمىگە «چاڭ خۇا»دېگەن ئىككى خەت كەشتىلەن- گەن لاتا خەينىڭ بارلىقىنى باشقىلار بىلمەيتتى .



## توققۇزىنچى باب

# ئۆلۈم چاڭگىلىدىن قۇتۇلغانلار

توختى بىلەن ساۋۇر پەيزاۋاتتىن ئايرىلىپ، ئاتۇشنىڭ ئاغۇ دېگەن يېرىگە كەلدى. ئۇلار تارقاق ئۆيلەرنىڭ قايسىسى كىچىك ئاخۇننىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، سوراي دېسە بىرەر ئادەم تېخى ئۇچرىماي گاڭگىراپ تۇرغاندا، يىراقتىن ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. كۆپ ئۆتمەي ئېشەكلىك بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بۇ كەچ كىرگەن چاغ بولۇپ، قۇياش تاغ كەينىگە مۆكۈش ئالدىدا تۇراتتى. توختى بىلەن ساۋۇر نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا ئۇ ئادەمنىڭ كېلىپ قېلىشى غەش بولغان كۆڭۈللەرنى ۋاللىدە يورۇتۇۋەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى. ئۇ ئارازىللىق يىگىت بولۇپ، كىچىك ئاخۇننىڭ ئۆيىدىن كېلىۋاتاتتى. ئېشەكلىك ئادەم ئۇلارغا يېقىنلىشىش بىلەن ناخشىنى توختىتىپ، پۇتلىرىنى ھە دەپ لىكىلدىتىپ ئېشەكنىڭ قورسىقىغا دۆشكەلەپ تېزرەك مېڭىشقا زورلايتتى. ئۇ قاراپلا باشلىرىغا بىر خىل قارا نوچى تۇماقنى قاملاشتۇرۇپ قىستۇرۇپ ئىسپانكىدەك يارىشىملىق قىلىپ كىيىۋالغان ئىككى دولانلىقنى كۆردى. ئۇلارنىڭ سىرتتىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ، گەپ - سۆز قىلماي ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، توختى ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دېدى.

ئېشەكلىك ئادەم بېشىنى سەللا مىدىرلىتىپ «سالام»نى ئىلىك ئالدى.

— كىچىك ئاخۇنكامنىڭ ئۆيىگە ماڭغان ئىدۇق ، تاپالماي قالدۇق ، ئۆزلىرى مۇشۇ يۇرتتىن بولسىلىرى بىلەملىكىن ؟— سورىدى توختى .

— «يولۇچى» ئېشەكتىن سەكرەپ چۈشۈپ ئىككىيلەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ، بېشىدىن ئايىغىچە سەپسېلىپ قارىۋېتىپ ، ئاندىن :

— ئىككىلىرى نەدىن كېلىشلىكىن ؟— دەپ سورىدى .

— پەيزىۋاتتىن .

— ئات - ئۇچۇرلىرىنى بىلىشكە بولامدىكىن ؟

— ئىسمىم توختى . كىچىك ئاخۇنكام بىلەن يېقىن ئۆتىمىز .

— ماۋۇ ئىشنى كۆرمەمدىغان ، كىچىك ئاخۇنكام داۋاملىق گەپلىرىنى قىلىپ بېرىدىغان پەيزىۋاتلىق توختى مانجۇ دېگەن كىشى بولمىسىلا يەنە !

—توغرا ، شۇ بولىمەن .

— بەللى ، خۇدا خالاپ مانا بۈگۈن كۆرۈشۈشكە نېسىپ بوپتۇ ، مەن هازىرلا كىچىك ئاخۇنكامنىڭ ئۆيىدىن كېلىشىم ، ئارازىلىغا كېتىۋاتقانىدىم . يۈرۈشسىلە ، مەن باشلاپ باراي . هە ، قانداق بولۇپ بىتۇيۇق كېلىپ قېلىشتىلا ؟

— ئالاهىدە شارائىتتا تونۇشقان ئاكىمىز بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسى ئارامــــمــزدا قويمــاي قەدەم رەنج قىلىپ ، بۇ يۇرتقا ئاياغ باستۇق .

ئۇلار شۇنداق پاراڭلار بىلەن مەهەللىدىن خېلى چەتتىكى بىر ئۆيگە يېتىپ كېلىشتى ، چالما - كېسەك بىلەن سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئالدى سوقما تاملىق هويلا بولۇپ ، ئەپچىلگىنە دەرۋازا ئورنىتىلغانىدى . ئالدىدىكى چوڭ كۆلنى ئايىنغان جىگدىلەر هىمايىسىگە ئېلىپ ،يىراقتىن قارىغان كىشىگە خۇددى بۇك - باراقسان باغدەك كۆرۈنەتتى . دەرۋازىغا يېقىنلاشماستىنلا نېرىدىن ياتنىڭ هىد - تىنۋىشىنى سەزگەن ئالا بويناق ئىككى ئىت قاۋىــغــىــنــچە ئۇلارنــىــڭ ئالدىغا ئېتىــلــىــپ چىقتى . ئارقىدىن : «كەت !»

دېگەن تونۇش ئاۋاز ئاڭلىنىپ، كىچىك ئاخۇن كۆرۈندى. ئۇ،
شۇنداق قاراپلا توختىنى تونۇپ، كەلگەن بويى ئۇزاقتىن كۆرۈشمى-
گەن قېرىندىشىدەك قۇچاقلىدى. كىچىك ئاخۇن قىزغىن سالام-
سەھەت، هال-ئەھۋال سورىشىشلاردىن كېيىن، مېهمانلارنى
ئۆيگە باشلىدى. هويلا-ئارام كەڭتاشا بولۇپ، پېشايۋان، سىلىق
سۇۋالغان دېرىزىلىك ئۆيلەر بۇ ئائىلىنىڭ خېلى هاللىق ئىكەنلىكى-
دىن دېرەك بېرەتتى. شۇ يۇرتقا نىسبەتەن هەشەمەتلىك كۆرۈندى-
غان قورۇ-جاي كىچىك ئاخۇنغا ئاتىسىدىن قالغان بولۇپ، كېيىن
مىراس تالان-تاراجقا ئۇچراش، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك ئاخۇن
ئۈچ يىلغىچە هەپسىدە يېتىش تۈپەيلى ئىگىلىكى خارابلاشقان،
ئاخىر بۇرۇنقىدەك ماغدۇرى يوق، «تېشى پال-پال، ئىچى
غال-غال»غا ئايلانغانىدى. شۇنداقتىمۇ يۇرت، مەهەللىكوي يوق-
سىز دېمەيتتى.

توختى بىلەن ساۋۇر ئوڭ تەرەپتىكى مېهمانخانىنىڭ تۆرىدىن
ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، يول باشلاپ كەلگۈچى:

— هازىرچە خەير-خوش، مەن كەتتىم، ئەتە كۆرۈشەيلى!—
دېدى ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، ئاندىن ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن
قوشۇپ قويدى،— ئوبدان ئارام ئېلىشىسلا، ئەتە-ئۆگۈن ئارازىلغا
ئاپىرىمەن، شۇ چاغدا مۇڭدىشىۋالارمىز.

ئۇ ئەمدىلا دەرۋازا تۈۋىگە بېرىشىغا، كىچىك ئاخۇن
چاقىردى:

— هوشۇرجان!

هوشۇرجان كەينىگە ياندى، كىچىك ئاخۇن ئۇنىڭغا پىچىرلاپ
بىرنېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن «ئەمدى كەتسەڭ بولىدۇ» دەپ
ئۇزىتىپ قويدى، ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، توختىغا
چۈشەنچە بەردى:

— هازىرچە پاراڭ سېلىپ يۈرمىگىن، توختى بىرنەچچە كۈن
ئارام ئېلىۋالسۇن دەپ تاپىلىدىم. بولمىسا كۆرۈشكىلى كېلىدىغان-
لار ئاۋۇپ، ئارام ئالغىلى قويماسمىكىن دېدىم.

— نەدىكىنى ،— دېدى توختى كۆلۈمسىرەپ ،— ئازغىنە يول يۈرگەنگە ھېرىپ كەتسەك قانداق ئوغۇل بالا ھېسابلىنىمىز…
ھەممەيلەن كۈلۈشتى . كىچىك ئاخۇن سورىدى :
— ھە ، ئۆكام ، بۇ يىگىتنى تونۇشتۇرمايسەنغۇ ؟
— ئەيىبكە بۇيرۇماڭ ، يۈز كۆرۈشۈش خۇشاللىقىدا ئۇنتۇپتىمەن . بۇ مېنىڭ يەكەندىكى تۇغقىنىم قۇربان كۇلالچىنىڭ نەۋرىسى ساۋۇر بولىدۇ . تاغام قادىر سېپىل ھاشاسىدا غايىب بوپتۇ . بۇ ئىنىم خۇدانىڭ كارامىتى بىلەن مېنى زىندانغا ئاپىرىش ئۈچۈن سالغان تاۋۇتنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىپتۇ .كېيىن ،ئىچ ئاغرىتىپ يوقلاپ تۇرۇپتۇ .ھېلىقى نامەلۇم شاپائەتچىنىڭ بىرسى مۇشۇ ئىنىم ئىكەن ئەمەسمۇ ؟مېنى قويۇۋېتىدىغاندا كېپىل بولغىلى تونۇش ئادەم تاپالماي ،رۇستەم ئاز - تولا تونۇشىدىغانلىقى يۈزىسىدىن تېپىپ كەپتۇ . ئۇ چاغدا ماڭغۇدەك ھالىممۇ يوق ئىدى . بىر كۈنى مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ گەپتىن - گەپ چىقىپ ، تونۇشۇپ قالدۇق . تەقدىرنىڭ كارامىتى بىلەن دەل ئىزدەپ يۈرگەن تۇغقانلىرىمنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇۋاتقىنىم خىيالىمغا كەلسۇنمۇ !…
— شاپائەتچىنىڭ يەنە بىرسىچۇ ؟ ئۇ ھەقتە تېخى ئېغىز ئاچمىدىڭ !
— شاپائەتچى ؟
توختى شۇئان كىچىك ئاخۇننىڭ رەيھاننى دەۋاتقىنىنى بىلدى . كىچىك ئاخۇن زىنداندىكى چاغلىرىدىمۇ ئۇ قىزنى «شاپائەتچى»دەپ ئاتايتتى .
— ئۇ ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ .
— ئۇ ؟ «ئۇ» دېگىنىڭدىن قارىغاندا گېپىڭنىڭ تېگىدە گەپ باردەك قىلامدۇ نېمە ؟
— نېمە گەپ بولاتتى ، ئۇنىڭ ھەم ئانىسىنىڭ ياخشىلىقىنى بۇ ئۆمرۈمدە قايتۇرۇپ بولالمايمەن .
— ئوچۇقراق دېمەمسەن ؟
— ئۇ ماڭىلا ياردەم بېرىپ قالماي ، ھەتتا ھەممىمىزگە ياردەم

بەردى . ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن زېھنىم ئاچىلدى ، ئاستا ـ ئاستا ئۆگىنىشىممۇ ياخشىلىنىپ خەققە ياللانمايدىغان بولدى . ئانىسى
ھەممىنى بىلىپتۇ ، بۇ نۆۋەت كۆپ ياردەم قىلدى . شۇڭا ، بىز
سەپەرگە خاتىرجەم ئاتلىنىپ ، بۇ يەرگە كېلەلىدۇق .
— مۇنداق ئىش دېگىن ، ئۇ قىزنىڭ سېنى ياخشى كۆرۈپ
قالغانلىقىنى بۇرۇنلا سەزگەنىدىم . ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟
— ئۇنى تاشلىيالمايمەن .
— ئەمىسە نېمىشقا ئۇنى ھىجران ئوتىغا تاشلاپ كەلدىڭ؟
— ئۇنى تاشلىماسلىق ئۈچۈن .
— گېپىڭنى چۈشەنمىدىم ، ئوچۇقراق ئېيتساڭچۇ؟
— مەن ئۇنى تاشلىيالمايمەن ، لېكىن ئۆمۈرلۈك ۋىسال ئۈ-
چۈن خاتىرجەملىك كېرەك . قېنى سوراپ باقاي ، سىز گۇناھ
ئۆتكۈزگەنمۇ؟ مەن گۇناھ ئۆتكۈزگەنمۇ؟ ھەپسىدە ياتقانلارنىڭ
ھەممىسى گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرمۇ؟ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى بىلەم-
سىز؟ قارا دەرۋازا ئالدىدىكى نالە ـ پەريادلارنى ئاڭلىغانمۇسىز؟
كوچىلارغا چىقىپ باقتىڭىزمۇ؟ مەدىكار بازىرىدىكى بىچارىلەرنىڭ
ھالىنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇلارغا ئىش يوق ، بىر پارچە زاغرا ياكى
بىر ھېجىر ئۇماچ كۆزىگە ئوت كۆرۈنىدۇ ،لەۋلىرىدىكى گەز
باغلاپ ، چىرايىنى توپا بېسىپ ، كۈن ـ كۈنلەپ ئاچ ـ زېرىن
ئولتۇرۇشىدۇ ، ئامال قانچە؟ جاھان زورنىڭ ، تاماشا كورنىڭ
بولۇۋاتسا ، ئەركىنلىك پايخان قىلىنىۋاتسا ، ئەل جامائەت يىغلاۋات-
سا بىز قانداق كۈلەلەيمىز؟ كۆرمەسكە سېلىپ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت
سۈرەلەيمىز؟ بىزنىڭ خۇشاللىقىمىز ئەلنىڭ خۇشاللىقى ئىچىدە
بولۇشى كېرەك .
— سۆزلەپلا كەتتىڭغۇ! دەرس ئالدىڭمۇ نېمە؟
— دەرس ئالدىم دېسەممۇ بولىدۇ . ئۇنىڭدىنمۇ ئۆگەندىم . بىر
كۈنى ئۇ ماڭا ناھەقچىلىك توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ ، ئادەم ئۆز
ئەركىنلىكىنى تاپمەن دېسە ، قاندىن ئېزدەش كېرەك . ئەركىنلىك
قانلىق جەڭ بەدىلىگە كېلىدۇ دېگەن ، ئاندىن كېيىن بۇ شېئىرنى

دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەن :

غۇربەتتە غېرىب شادىمان بولماس ،
ئەل ئاڭا رەپىق ، مېھرىبان بولماس .
قەپەس ئالتۇندىن ، ئىچى گۈل بولسا ،
بۇلبۇلغا زىنھار ئاشىيان بولماس .

شېئىرنىڭ مىسرالىرى ھازىرغىچە يۈرەك - باغرىمنى تىترىتىپ ، «ئەركىنلىك ئىزدە ، بۇ جاھان كۆڭۈل ئارزۇلىرىڭغا باقمىغان ئىكەن ، جەڭ بىلەن يوقىتىپ ، ئەركىن دۇنيا قۇر . ئەزگۈچىلەر ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىڭدۇر . سەنمۇ ئېزىلگەنلەرنى خۇڭ شيۇچۈەن ، ياڭ شيۇچىنلەردەك يېتەكلەپ ، پۇقرالارنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىل !» دەپ جەڭگە ئۈندەۋاتقاندەك بىلىنىدۇ ، شۇڭا مەن كۈرەش قىلىمەن ، بىز كۈرەش قىلىمىز . كۈرەش بىلەن يارىتىلغان خۇشاللىق كۈنلەر بىزنىڭ مەركىمىز بولىدۇ .

—نېمە ؟ ئىككى خەنزۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغاندەك قىلدىڭ ، ئۇلار كىم ؟ سېنىڭ مانجۇ قېرىنداشلىرىڭمۇيا ؟— كىچىك ئاخۇن چاقچاق تەرىقىسىدە سورىدى .

— شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ ، ئۇلار بىزنىڭ ئىچكىرىدىكى قېرىنداشلىرىمىز . ئەزگۈچىلەر بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى بولسا ، ئېزىلگۈچىلەرمۇ تەقدىرىمىز ئوخشاش قېرىنداشلار ، ئەلۋەتتە . مىللەت ئايرىمىسى ئوخشىمىغان بىلەن ھەممە ئادەم نىيىتى دۇرۇس بولسىلا ئوخشاش . تىل ، ئۆرپ - ئادەتلىرى پەرقلەنسىمۇ ، يۈرىكى ياخشىلىق يولىدا سوقسىلا قەلبى پەرقلەنمەيدۇ . ھەممە ئىنسانلار ئەركىنلىككە موھتاج ، خۇددى ئۇسسۇزلار سۇغا موھتاج بولغاندەك . مەن بايا تىلغا ئالغان ئىككى ئادەمنىڭ ئىسمىنى چاڭ شەنسىڭنىڭ ئۆيىدىكى بىر خەنزۇچە گېزىتتىن كۆرۈپ بىلىۋالغان . بۇلار ئەسلىدە گۇاڭشى ئۆلكىسىنىڭ گۈيپىڭ ناھىيىسىدىكى جىنتيەن كەنتىدە دېھقانلارنى قوزغاپ ، ئۇلارغا رەھبەرلىك قىل-

لىپ ،بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ،يەنى 1851 - يىلى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، «تەيپىڭ تيەنگو»دۆلىتىنى قۇرۇپتۇ . هازىر ئۇنىڭ تەسىرى 17 ئۆلكىگە كېڭىيىپتۇ . بىزمۇ ئوخشاش ئادەم ، ئۇلار قىلغاننى نېمىشقا قىلالمايدىكەنمىز .

كىچىك ئاخۇن «ئىپادىسىز » ئولتۇرغاندەك قىلغان بىلەن توختىنىڭ سۆزلىرى «يەلپۇگۈچ »لۇك رول ئويناپ ، قەلبىدىكى ئوتنى ئۇلغايتماقتا ئىدى . كىچىك ئاخۇن ئۆز كۆڭلىدە بۇ هەقتە نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرغاندا توختىنىڭ قايىل قىلارلىق سۆزلىرىدىن كۈچىگە كۈچ قوشۇلغاندەك ۋەياكى ئىزدەپ يۈرگەن يېتەكچىنى كۆز ئالدىدا كۆرۈۋاتقاندەك ئۈمىدكە چۆمدى . كىچىك ئاخۇن ئۆز نەزىرىدە توختىنى ئەڭ ئىشەنچلىك سانىسىمۇ ، ساۋۇرنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلمەيتتى . ئەگەر بىرەر ئىش يۈز بەرسە ، نۇرغۇن ئادەمنىڭ بېشى كېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى ، شۇڭا هېچ ئىشنى بىلمىگەن بولۇۋېلىپ ئولتۇرۇۋاتاتتى .

— شۇنداق !— دېدى ساۋۇر توختىنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ ،— هازىر يۇرتىمىز دوزاخقا ئايلاندى ، پۇقرالار دەهشەتلىك ئوت ئىچىدە كۆيۈۋاتىدۇ . ئاتاممۇ هۆكۈمەتنىڭ هاشىرىدا ئۆلدى . بۇنداق تەقدىرگە يولۇققىنى پەقەت بىرلا كىشى ئەمەس ، كۈرمىڭلىغان ئادەملەر ناهەقچىلىككە چىدىماي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە يول ئىزدەپ ، ئۆزىگە يولباشچى تاپالمايۋاتىدۇ . توختى هازىر مانا شۇنىڭغا مۇناسىپ ، خەلق توختى تەرەپتە ، يەكەن ، پەيزىۋات خەلقى ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ . بىز ئىنتىقام ئالىمىز ، جەزمەن دېگەنلىرىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز .

كىچىك ئاخۇن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ بىر يەردىن چىقىۋاتقاندلىقىدىن مەمنۇن بولدى ، كۆڭلى شادلىق ، ئۈمىدۋارلىققا تولدى . «بۇ گەپلەر هەقىقەتەن ئورۇنلۇق ،— دەيتتى كىچىك ئاخۇن كۆڭلىدە ،— بىز قىساس ئېلىشىمىز ، ئۆزگىچە بولغان ئەركىن دۇنيا قۇرۇشىمىز كېرەك… » ئۇ خىياللار ئىلكىدە تۇرغاندا ، قىزى زۇلپىيە داستىخان كۆتۈرۈپ كىردى .

كىچىك ئاخۇن :

— ئاۋۋال قولغا سۇ بەرمەمسەن ،شۇنچىلىك قائىدىنىمۇ بىلـ-مىگىنىنى كۆرمەمدىغان ! «بالا ، قىلغان ئىشى چالا» دېگەن شۇ -ده !— دېگىنىچە كۈلدى .

— مانا هازىر ، گەپ تىڭشاپ ئولـتـۇرۇپ ، ھەمـمـىـنى ئۇنتۇپتىمەن .

— نەدە تۇرۇپ تىڭشىدىڭ ؟

— ياندىكى ئۆيدىچۇ ، تىڭشىغىنىم بولماپتىما ؟

— سەن دېگەن قىز بالا .

—رەيھانمۇ قىز بالىكەنغۇ ، ئۇنىڭ ئاتەشتەك يالقۇنلۇق مىسرا-لىرىنى ئاڭلاپ ، شۇ تاپتا ئىچىمگە ئوت كىرىۋالدى ، كۆرگۈم كېلىپ كەتتى .

— ئۇنى ئىزدەپ كېتىپ قالمىغىن يەنە !—كىچىك ئاخۇن كۈ-لۈپ چىقىشىپ قويدى .

داستىخان سېلىنىپ ، بىر تاۋاقتىن سۇيۇقئاش كەلتۈرۈلدى . داستىخاندا كىچىك ئاخۇنغا شۇنداق ئوخشىشىپ كېتىدىغان ، سا-قال- بۇرۇت قويۇۋالغان بىر كىشىمۇ بار ئىدى . ئۇ گەپ قىلىشتىن پەرھىز تۇتقاندەك ئولتۇراتتى . تاۋاقلارنىڭ بىكارلىنىشىغىلا زۇل-پىيە بىر لېگەن پىشۇرۇلغان گۆش ئېلىپ كىردى . بويىغا يەتكەن بۇ قىز تىلىنىڭ چۈچۈكلۈكى ، خۇشخۇي مىجەزى بىلەن بىر كۆ-رۈشتىلا كىشىگە يېقىپ قالاتتى . كىچىك ئاخۇن تۇنجى پەرزەنتى بولغاچقىمىكىن ، قەۋەتلا ئامراق ئىدى .

— قېنى ئۇكىلىرىم ،تارتىنماي ئېلىڭلار ،يېمىسەڭلار ياراتمى-دى دەپ قالىمەن جۇما !—دېدى كىچىك ئاخۇن ، ئاندىن ئۆزىگە ئوخشايدىغان ئادەمگە قاراپ ئېيتتى ،— ئاكا ،سىز نېمە قاراپ ئول-تۇرىسىز ؟سىز ئولتۇرۇۋالسىڭىز مېھمانلار قورۇنۇپ قالامدۇ ؟

شۇنداق قىلىپ ، بىر- بىرىنى زورلاشلار بىلەن تائام يېيىـ-لىپ ، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ، قوللارغا سۇ بېرىلدى ، ئاندىن مېھمانلار بەھۇزۇر ئولتۇرۇشتى .

— ئەمدى پۈت - قوللىرىڭلارنى سۇنۇپ ، ئوبدان ئارام ئېلىۋې-
لىڭلار ،— دېدى كىچىك ئاخۇن ،— مەن چىقىپ ئىتلارنى باغلىۋې-
تەي . ھېلىقى ئىش يۈز بەرگەندە ، ئىت باقمىغىنىمغا كۆپ پۇشاي-
مان قىلدىم . ئەگەر ئىت بولغان بولسا ، مېنى «ئوغرىلاپ» قاچقى-
نىنى بىرسى كۆرمىسە ، بىرسى كۆرەتتى . ھەسەن «تۈرك» ئىز-
دەپ يۇرۇپ دېرىكىمنى ئېلىپ ، ئاكامغا خەۋەر يەتكۈزمىگەن بولسا ،
بۇ كەمگىچە نېمە بولاتتىمكىنتاڭ ، بىلمەيمەن . بۇگۈنچە مۇشۇنچى-
لىك دەپ تۇراي ، ۋاقىت دېگەن كۆپقۇ ، يەنە پاراڭلىشارمىز .
گېپىنى تۈگىتىپ چىقىپ كېتىۋاتقان كىچىك ئاخۇننىڭ كۆ-
زى بىردىنلا ئويۇق تۆپىسىگە قويۇپ قويغان كىچىككىنە كۆك
ھەمزەك بوغچىغا چۈشۈپ سورىدى :
— توختى ، بۇ سېنىڭمۇ ؟ ئىچىدە نېمە بار ؟
— كىيىم - كېچەكلىرىڭنى يۆگەپ قويدۇق دەپ ئاچىقىپ
بەرگەنىدى ، ئېچىپ قاراپمۇ باقمىدىم ، كونا كىيىملىرىم بولسا
كېرەك .
كىچىك ئاخۇن بوغچىنى مۈجۈپ باققاندىن كېيىن دېدى :
— ئىچىدە قاتتىق بىرنېمە تۇرىدىغۇ ؟
كىچىك ئاخۇن بوغچىنى ئېچىۋىدى ، يىڭى تىكىلگەن كۆڭلەك-
ئىشتان بىلەن بىر جۈپ قوش زىغزىقلىق لاتا خەي چىقتى .
— بەللى ، توختى ، بەللى ! «مانجۇلارنىڭ قىزلىرى ئاشنىسى-
غا خەي سوۋغا قىلىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدىم . قۇشناچىڭغۇ ئۆگىنىپ
قالمىغاندۇ ؟
كىچىك ئاخۇن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . توختىمۇ كۈلدى ،
كۈلكە بىرھازاغىچە داۋاملاشتى . زۇلپىيە خەينى قولىغا ئېلىپ ،
بىلىنەر- بىلىنمەس ، سىپتا يىڭنە ئىزلىرىدىن بۇ بىر جۈپ خەيگە
سىڭدۈرۈلگەن مېھنەت بىلەن سەنئەتنى ھېس قىلدى . توختىنىڭ
ئۇزايىدىن سەل خىجىل بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى . دېمىسىمۇ ،
باشقىلار بىلمىگەن بىلەن خەينىڭ چەمىگە قارا يىپ بىلەن تىكىلگەن
«چاڭ خۇا» دېگەن خەت روشەن چېلىقىپ تۇراتتى . توختى بۇنى

چۈشىنىپ، بېشىدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى، رەيھاننى، ھەممە - ھەم-
مىنى بىر - بىرلەپ ئەسلەپ چىقتى.

قاراڭغۇ چۈشتى، زۆلپىيە كىرىپ ئورۇن سېلىپ بەردى. ئۇلار پىيادە يول يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەچكە، شۇ ئۇخلىغانچە ئەتىسى قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، ئۆي يورۇغاندا ئويغاندى. ناشتىدىن كېيىن كىچىك ئاخۇن بىلەن دەرقەمتە ئولتۇرۇپ كەچۈرمىشلىرىدىن ھې- كايە سۆزلىشىپ، يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتىشتى. توختى بىلەن ساۋۇر كىچىك ئاخۇننىڭ مەھەللە ئىمامى تەرىپىدىن تۇتۇپ بېرىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى ئېچىندى. ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق ئىدى:

كىچىك ئاخۇن ناھايىتى خۇش پېئىل، چىقىشقاق، دۆلەت ئىچى- سىرتىدا كۆپ يەرلەرنى كۆرگەن كىشى بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭ چاقچاقلىرىنى، چەت ئەللەر ھەققىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ ھېكايىلىرىنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدى. مەھەللە ياشلىرى ئۇنى ئۆزد- نىڭ سەرداردەك كۆرۈپ، ھۆرمىتىنى قىلاتتى. ئىشلىرى بولسا مەسلىھەت سالاتتى، ئۇنىڭ يالغۇز ئاغۇدىلا ئەمەس، ئاتۇش، ئارا- زىل، قەشقەر ۋە باشقا جايلاردىمۇ نۇرغۇن ئەل - ئاغىنىلىرى بار بولۇپ، ئۆيگە پات - پات توپلىشىپ كېلىپ، 3 — 4 كۈنلەپ ئويناپ كېتەتتى، بۇ ئىشقا دىققىتى قوزغالغان ئىمام نامازدىن كېيىن جامائەتكە: «بۇ نېمىلەر كېچىلىرى ھاڭرىشىپ مەشرەپ ئويناپ، ئەتىسى مەسچىتكە چىقمايدۇ، بالىلىرىڭلارغا نەسىھەت قىلىڭلار!» دەپ چالۋاقاپ باقتى، ئەمما ئىمامنىڭ سۆزلىرىنى ھېچكىم پىسەنتىگە ئالمىدى. ئاخىر قورساق كۆپۈككە چىدىمىغان ئىمام ئېشىكىنى مىنىپ پاشاپ بېگىنى ئىزدەپ ئاتۇشقا ماڭدى. ئىمام كىرىپ كەلگەندە پاششاپ بېگى بىر ئادەمنى ئېسىپ قويۇپ سوراق قىلىۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بېگىم!— دېدى ئىمام «سوراقخانا» غا ئۇسۇپلا كىرىپ.

پاششاپ بېگى ئىمامنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى ۋە:

— قېنى ، مېھمانخانىغا كىرەيلى !— دېدى ، سوراقتىكى ئادەم شۇ پېتى قالدى .

— بولدى ، ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلغۇدەك ئىشمۇ يوق ،ئالدىراش ئىكەنلا ،ئىككى ئېغىزلا گەپ بارئىدى ،ئۆزى ناھايىتى مۇھىم ،سەمىلىرىگە سېلىپ قويايى دېگەن نىيەتتە كېلىشىم ،— ئىمام بوسۇغىدىن ئاتلاۋېتىپ پاشاپ بېگىگە قارىدى .

— بوپتۇ ئەمىسە ، ئويلىغانلىرىدەك بولسۇن .

— ئاغۇدىن بىرەر چاتاق چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ .

— نېمە چاتاق ؟

— قوزغىلاڭ .

— نېمە دېدىلە ؟— پاشاپ بېگى جىددىيلىشىپ ئىمامنى مېھمانخانىسىغا باشلاپ كىردى ، ئاندىن دېدى ،— ئەمدى ئېيتسىلا ، قوزغىلاڭ دەملا ؟

پاكار بوي ، يوغان قورساق ، تۇرقى خۇددى بوغاز ئۇرۇق ئۆچكىدەك سەت ، تۇڭگان قاپاق ، كەش بۇرۇن ، كالچاڭ ئاغزىنى جىلغا بويلىرىدا ئۆسۈپ قالغان تال - تال گىياھلاردەك شالاڭ ساقال - بۇرۇتلار قاپلاپ تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈۋەتكەن ، مۈشۈكنىڭكىدەك كۆزلىرى ۋەھشىيلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغان پاشاپ بېگى ، ئىمامنىڭ مەلۇماتىغا تەقەززالىنىپ تۇراتتى .

— شۇنداق ، قوزغىلاڭ چىقارمىكىن دەپ قورقۇۋاتىمەن .

— نېمە ۋەجىدىن بۇنچە ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدىلا ؟

— بىزنىڭ مەھەللىدە دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن تارتىپ كۆرمىگەن يېرى قالمىغان كىچىكۋاي ئىسىملىك بىرسى بار ئىدى . ئۇ ئەتراپىغا ئادەم توپلاۋاتىدۇ . ھەدېسە جەدىتلىكنى تەرغىب قىلىۋېرىپ ،ياشلار مەسچىتكە كىرمەس بولدى .يۇرت - يۇرتلاردىن ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ . بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئېشىمىزغا توپا سېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، مەلۇم قىلىپ قويغىلى كەلدىم . ئىشەنمىسىلە ، شۇ تاپتىمۇ ئۇنىڭ ئۆيىدە نۇرغۇن ئادەم بار .

— ياخشى ! ئەگەر گەپلىرى راستلا بولسا ، ئالىدىغان مۇكاپاتـ
لىرى ئاز ئەمەس . دەرھال رەۋزەشەب ئامبالغا مەلۇم قىلاي !
پاششاپ بېگى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ ، ئىمامنى
يولغا سېلىۋەتتى . ئەگەر ئەھۋال ئىمامنىڭ دېگىنىدەكلا بولسا ،
پاششاپ بېگىنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئۆرلىشىدىمۇ گەپ يوق ئىدى .
شۇڭا ئۇ ، ھەممە ئىشنى قويۇپ ، رەۋزەشەب بېگى ھۇزۇرىغا چاپـ
تى . مەلۇماتتىن خەۋەر تاپقان رەۋزەشەب بېگى شۇئان بىر بەن
چېرىكنى پۇقراچە كىيىندۈرۈپ ، پاششاپ بېگىنى مەسئۇل قىلىپ ،
كىچىك ئاخۇننى تۇتۇشقا ئەۋەتتى .ئۇلار كىچىك ئاخۇننىڭ ئىشكى
ئالدىغا كېلىپ ،ھويلىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ۋاراڭ - چۇرۇڭلاردىن
نۇرغۇن ئادەم بارلىقىنى بىلدى - دە ، تەڭ كېلەلمەسلىكتىن قورـ
قۇپ ،يالغۇز كىچىك ئاخۇننىلا چاقىرتىپ ، غەلۋە - غۇدۇرسىزلا
ئېلىپ ماڭدى . ئاتۇشقا كېلىپ ئىمام يەتكۈزگەن مەلۇماتنىڭ راستـ
لىقىنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىن ، كىچىك ئاخۇننى سىياسي مەھـ
بۇس قاتارىدا يەكەنگە يەتكۈزۈپ بەردى .
كىچىك ئاخۇن يوقاپ كەتكەندىن كېيىن ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ
ئىزدىمىگەن يېرى قالمىغان بولسىمۇ ،ھېچ يەردىن ئىز - دېرىكنى
ئالالمىدى . كىچىك ئاخۇن ئائىلىسىدە تۇزۇكرەك ئەمگەك كۈچى
بولمىغاچقا ، تۇرمۇشى كۈندىن - كۈندىن يامانلاشتى . كىچىك ئاـ
خۇننىڭ ئەل - ئاغىنىلىرى ئىچ ئاغرىتقاندىن باشقا نېمە قىلىپ
بېرەلىسۇن؟ پەقەت خوتۇن - باللىرىدىن ھال سوراپ قوياتتى ،
خالاس . كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ ، كىچىك ئاخۇنـ
نىڭ سولاقتا كىرىپ قالغىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشتى .
بىر كۈنى ھەسەن «تۈرك» ئۈچ ئاغىنىسى بىلەن ھارۋا كىرا
قىلىپ ، تاپقانلىرىنى ئېلىپ كىچىك ئاخۇننىڭ خوتۇن - باللىرىـ
دىن ھال سورىغىلى كېلىۋاتقاندا ، ئالدىغا ئىمام ئۇچرىدى . يىگىتـ
لەر ئۇنىڭغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن سالام قىلغانىدى ، سالامنى ئىلىك
ئېلىش ئورنىغا ئۇلاردىن سورىدى :
— نەدىن كەلدىڭلار ؟

— قەشقەردىن !— دېدى ھەسەن تۆرك جاۋابەن .
— نەگە بارىسلەر ؟
— كىچىك ئاخۇننىڭكىگە .
— ئۇ يوق ، بۇ كەمگە زىنداندا ئۆلۈكىمۇ چىرىپ كەتكەندۇ . ئۇ يۇرت بۇزۇقى ، قوزغىلاڭچى ، ياخشىسى ، بارماڭلار ، بولمىسا سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى يەكەندە كۆرۈپ ، ئۇنىڭ كۈنىگە قالماڭلار يەنە !

ئىمامنىڭ ھەممىدىن خەۋەرداردەك سۆزلىرى زىرەك ھەسەن تۆركنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى :

— نەسىھەتلىرى يوللۇق ، ئاخۇنۇم . بىز بۇنى بىلمەيدىكەنمىز ، كونا ئېلىم - بېرىملىرىمىز بار ئىدى . شۇنى سۈيلەپ كەلگەن ئىدۇق . گەپلىرىچە كىچىك ئاخۇن يوق ئىكەن - دە ؟

— شۇنداق ، تۇتقان كېچىسىلا يەكەنگە يالاپ ئېلىپ كەتكەن . بۇنى پاششاپ بېگىم ئۆز ئاغزى بىلەن ماڭا دېگەن ئىدى . مېنىڭ نەسىھىتىمنى ئاڭلاپ ، يېنىغا ئادەم توپلىماي نامىزىنى ئۆتەپ تىنچ يۈرگەن بولسا ، مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالمايتتى . بۇنى ئۆزىدىن كۆرسۇن ! قېنى ، بېرىپ بېقىڭلار ، پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلىرى بولسا ئېلىپ كېلەرسىلەر...

ئىمام يولىغا ماڭدى . ھەسەن تۆرك بىلدىكى ، كىچىك ئاخۇننى ئىمامنىڭ تۇتۇپ بەرگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى . ئۇلار كىچىك ئاخۇننىڭكىدە ئۇزاق تۇرالمىدى . ئاپارغان ياغ - گۈرۈچ ، بىرنەچچە تىزىق يارماق دېگەندەك نەرسىلەرنى خوتۇنىغا بېرىپ ، كىچىك ئاخۇننىڭ يەكەندە ئىكەنلىكىنى يەتكۈزدى . ئەمما ، بۇ خەۋەرنى كىچىك ئاخۇن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۇقۇشنى بىكار ئىدى ، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيتتى . شۇڭا ، كىچىك ئاخۇننى قۇتقۇزۇپ چىقىشنى ھەسەن تۆرك ئۈستىگە ئالدى . شۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ ، ھەسەن تۆركنىڭ ئېسىگە مۇھىم بىر ئىش كەلدى . قەشقەردە ئەفرىدۇن ۋاڭ توغرىسىدا : «ۋاڭ بېگىم سەيىد ئەۋلادىمىش[1] ،

---

① پەيغەمبەر ئەۋلادى دېمەكچى .

قوقەندتىكى ۋەلىخان خوجا بىلەن تۇغقانىمىش .قەشقەردىن بارغانلار ئۇنىڭ قېشىغا زىيارەت قىلىپ كىرگەندە ،〈مەن ئەگەر ئەفرىدۇن ۋاڭ بىلەن تۇغقان بولمىغان بولسام ،سەككىز شەھەرنى ئاللىقاچان قولغا كىرگۈزۈپ ،شەرىئەت تۇرغۇزۇپ بولاتتىم〉 دەپتىمىش »دېگەن پاراڭلار تارقالغانىدى .ھەسەن تۇرك يەنە كىچىك ئاخۇننىڭ ئىككىنـ-چى ئاكىسى كارۋانلارغا ئەگىشىپ ئەنجانغا بارغاندا پېشكەللىككە ئۇچراپ پۇل - ماللىرىدىن ئايرىلىپ ،ۋەلىخان خوجىغا مىراخورلۇق قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى . شۇنداقتــىمۇ ئالدى بىلەن كىـ-چىــك ئاخۇننىڭ ھايات - ماماتلىقىنى ئېنىقلاش زۆرۈر ئىدى . شۇڭا ، قەشقەرنىڭ قۇم دەرۋازىدىكى گۇندىخانىسىدا ئىشلەيدىغان تونۇشى بىلەن كۆرۈشۈپ ، كىچىك ئاخۇننىڭ نەدىلىكىنى دېرەكلەپ بېقىشنى ئۆتۈندى . ئاردىن ھەپتە ئۆتكەندە ھېلىقى تونۇشىنى ئىز-دەپ بېرىۋىدى ، ئېرىشكەن مەلۇماتى ئىمامنىڭكى بىلەن ئوخشاش چىقتى .

ئاڭلىغان بۇ ئۇچۇر ھەسەن تۇركنى ئۈمىدسىزلەندۈرگەن بول-سىمۇ ، بۇرادەرلىرىنى يىغىپ مەسلىھەتلەشتى ، ئەمما ھېچقايىسى ئىشەنچلىك تەدبىر كۆرسىتەلمىدى . ئاخىرقى مەسلىھەت : «كىـ-چىك ئاخۇننىڭ ئاكىسىغا خەۋەر يەتكۈزۈش ، ئۇنى ۋەلىخان خوجىغا ئىلتىماس سۇندۇرۇپ ، ئىنىسى كىچىك ئاخۇننى ئازاد قىلىۋېتىش توغرۇلۇق ئەفرىدۇن ۋاڭدىن خەت ئېلىپ بېرىشكە كۆندۈرگۈ-زۈش ، شۇ ئارقىلىق كىچىك ئاخۇننى قۇتۇلدۇرۇش» بولدى .

شۇنداق قىلىپ ، مەسلىھەت «پېشقان»نىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە ھەسەن تۇرك ھېيتگاھ جامەنىڭ ئالدىغا كېلىپ خەتتات موللامدىن بىرنى تېپىپ ، يۇز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىپ ، قوزغىلاڭچى دەپ تۇتۇپ كېتىلگەنلىكى ، بۇنىڭغا ۋەلىخان خوجىدىن باشقا ھېچكىم ئارىلىشالمايدىغانلىقى ، شۇڭا ئۇنىڭدىن ياردەم سو-راپ ، ئىككىلىك خەت ئېلىپ كېلىشنى ئۆتۈنگەن مەزمۇندا بىر پارچە خەت يازدۇرغاندىن كېيىن لېپاپقا سېلىپ پۇختا يەملەپ ، ئەنجانغا بارىدىغان كارۋان بېشىدىن ئەۋەتتى . خەت كىچىك ئاخۇن-

نىڭ ئاكىسىغا ئۈچ ئايدىن كېيىن تەگدى . بۇ كىچىك ئاخۇننىڭ زىندانىدا يېتىۋاتقىنىغا ئۈچ يىل بولغان چاغ ئىدى . رىھىمجان خەتنى ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ ، ماتەمدارلاردەك چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن ۋەلىخان خوجىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى . ۋەلىخان خوجا ناماز پىشىننى ئۆتەپ بولۇپ ، تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى ، رىھىمجاننىڭ ئالدىغا كىرىپ ، قول باغلاپ تۇردى .

—نېمە گەپ ؟— سورىدى ۋەلىخان خوجا .

ئىنىسىنىڭ زىنداندا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي تەمتىرەپ كەتكەن رىھىمجان ئەگەر ئاغزىنى ئاچسىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك پەرىشان ئىدى . كۆزلىرىدىن غىل - غىل ياش ئاقاتتى . رىھىمجان قوينىدىن خەتنى ئېلىپ ۋەلىخان خوجىغا سۇندى . ۋەلىخان خوجا خەتنى ئوقۇپ ، «قوزغىلاڭچى دەپ زىندانغا سالغان» دېگەن يەرگە كەلگەندە بىردىنلا دىققىتى قوزغىلىپ ، كۆڭلىدە ئۆزدىگە پايدىلىق بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى پەملىدى - دە ، «مەھبۇس »نى زىنداندىن ئازاد قىلىپ ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈشنى ، ۋاقتى كەلگەندە دەرھال يۈرۈش قىلىپ ، جەنۇبىي شىنجاڭنى قولغا كىرگۈزۈشنى ئويلىدى . مانا بۇ ، ۋەلىخان خوجىنىڭ بىردىنبىــر ئارزۇسى ئىدى . كۈتۈلمىگەن بۇ ئىشنى خۇدانىڭ ئۆزىگە بەخش ئېتىدىغان نۇسرىتىنىڭ شەپىسى دەپ بىلگەن ۋەلىخان خوجا خەتنى ئوقۇپ بولۇپ دېدى :

— سەن ئىلكىمدە تۇرغىلى بىر يىلدىن ئاشتى ، خىزمىتىمنى ئوبدان قىلدىڭ . مەن ساداقەتمەنلىكىڭنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلاي . ئۇلارنىڭ ئېيتقىنى راست ، مەن ئەفرىدۇن ۋاڭ بىلەن تۇغقان كېلىمەن ، قاتۇرۇپ خەت يېزىپ بېرەي . مەن ئۇنىڭغا تۇغقان دەپ يۈز قارىمايمەن . ئۇ ئەسلىدە ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا لايىق ئەمەس . ئۇنى تۇرپانغا قوغلىۋېتىدىغانلار چىقسا قوللايمەن . بىز چىقىشالمىغاچقا ، ئانچە ئىزدىشىپ كەتمەيمىز . شۇنداق بولسىمۇ خېتىمنى ئاپىرىپ باق . ئىنىڭغا تاپىلىغىن ، ئەگەر كېيىن - ئىلگىرى بىرەر ئىش يۈز بېرىپ ، قىيىنچىلىق تارتىپ قالسا ئۇدۇللا مېنى ئىزدە-

سۇن . ئەمىسە بىرئاز كۈتۈپ تۇرغىن !
ۋەلىخان خوجا سىياھ قۇتىسى بىلەن قومۇش قەلىمىنى ئەكەلدۇرۇپ ، بىر ۋاراق پالاڭ قەغەزگە خەت يېزىشقا باشلىدى ، ئاندىن پۈتكەن خەتنى بىرقۇر ئوقۇۋېتىپ چىرايلىق قاتلاپ رېھىمجانغا تۇتقۇزدى :
— ساڭىمۇ رۇخسەت قىلدىم ، خەت ئېلىپ كەلگەن كارۋانلارغا قوشۇلۇپ ، يەكەنگە بارغىن . بۇ خەتنى ئاپىرىپ ، ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ئۆزىگە بەرگىن . ئىنشائاللا ، خۇدا كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىپ ، ئىنىڭنى قويۇپ بەرسە ئەجەب ئەمەس .
رېھىمجان ئەمدىلا بوسۇغىدىن چىقىپ ئېلىشىغا ۋەلىخان خوجا چاقىرىپ توختاتتى ۋە ئاستىدىكى كۆرپىنى قايرىپ بىر شوينا يارماقنى ئېلىپ سۇندى .
— ئاله بۇنى خىراجەت قىلىپ كەت ، يەنە كەلسەڭ ئىشىك ئوچۇق . خۇداغا ئامانەت ، يول بولسۇن !
رېھىمجان ياتاقخانىسىغا كىرىپ نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ ، كارۋان سارىيىغا بارغاندا ، يۈك - تاقلار ئات - ئۇلاغلارغا ئارتىلىپ مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى . رېھىمجان دەرھال بېرىپ نەرسە كېرەكلىرىنى ئەكەلدى - دە ، ئۇلار بىلەن يەكەنگە قاراپ يولغا چىقتى . رېھىمجان يەكەنگە كېلىپلا ھارغان - ئاچقىنىغا باقماي ، ۋاڭ ئوردىسى ئالدىغا كەلدى . ئوردىغا كىرىش ئۈچۈن قاتمۇقات دەرۋازىلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى . ھەربىر ئىشىكتە قاراۋۇللار بار بولۇپ ، پۇقرالار ۋاڭ بىلەن خالىغانچە كۆرۈشەلمەيتتى . شۇڭا ، رېھىمجاننىڭ خېتىنى قاراۋۇللاردىن بىرسى ئېلىپ ، ۋاڭنىڭ قېشىغا كىرىپ كەتتى . خەتكە مۇنداق يېزىلغانىدى :

ئەينى جانابى مۆھتەرەم ،ئىززەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك ئىنازچىخان ئەفرىدۇن ۋاڭ ئالىيلىرىغا :
يېتىپ مەلۇم بولغايكى ، بىزنىڭ بىر ئادىمىمىز ، يەنى ئاتۇشلۇق كىچىك ئاخۇن دېگەن كىشى قوزغىلاڭچى دېگەن

بەتنام بىلەن زىندانغا چۈشۈپ قاپتۇ . ئۇنىڭ ئاكىسى مىـ
نىڭ يېنىمدا . بۇلار ئىشەنچلىك كىشىلەر ئىدى . ئاڭلىـ
ساق ، چېقىمچىنىڭ دامىغا چۈشۈپ قاپتۇ . مۇمكىن بولـ
سا ، تۇغقاندارچىلىقنىڭ خاتىرسىنى قىلىپ ، ئاكىسىنىڭ
قولىغا بەرگەيلا...

كەمىنىلىرى : ۋەلىخاندىن .

رەجەبنىڭ 30- كۈنى .

ئەفرىدۇن ۋاڭ خەتنى كۆرۈپ ، رەۋزەشەب ئامبالغا پەرمان قىلدى . ئۇ هاپىزبەگنى ئالدىغا چاقىرتىپ ، كىچىك ئاخۇننى ئاكىسىنىڭ قولىغا بېرىشنى تاپشۇردى .

ئايان بولدىكى ، ئەگەر ھەسەن تۆرك ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى مەسلىھەتلىشىپ ۋەلىخان خوجىنى ئىشقا سالمىغىنىدا ، كىچىك ئاخۇننىڭ ئۆلۈم چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ۋەلىخان خوجا بولسا ئاتۇشلۇقنىڭ قوزغىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى . بىرەر ۋەقە چىققاننى ئاڭلىسىلا ئالتە شەھەر تامان ئاتلىنىشقا تەييار ئىدى . شۇغىنىسى كىچىك ئاخۇن زىنداندىن چىققىلى بىرقانچە ئاي بولغان بولسىمۇ ، بىرەر خەۋەرنىڭ قۇلىقىغا يەتمەسلىكى ۋەلىخان خوجىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇۋاتاتتى . كىچىك ئاخۇنغا بولسا ۋەلىخان خوجىنىڭ يامان نىيەتلىرى نامەلۇم ئىدى ، پەقەت ئاكامنىڭ بىر يىلدىن بۇيان ھەقسىز ئىشلەپ بەرگىنىنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن ياردەم قىلدى دەپ بىلەتتى .

# ئونىنچى باب

# ئاغۇدىكى مەخپىي سۆز

كىچىك ئاخۇن تۇتۇپ كېتىلگەندىن كېيىن ، ئاتۇش تەۋەسىدە
ھەر خىل مىش - مىش گەپلەر تارقىلىپ : « ئاغۇلۇق كىچىكۋاي
دېگەن بىرسى ئۆيىدە مەشرەپ ئۆتكۈزۈۋاتقان كېچىسى يوقاپ كې-
تىپتىمىش ، ئىزدەپ دېرىكىنى ئالالماپتۇ . ئۇ مەسچىتكە دالالەت
قىلغان ئىمام بىلەن تاكاللاشقاچقا ، قارغىۋەتكەنمىش »دېگەن گەپلەر
تېزلا يۇرتنى بىر ئالدى . مەسچىت - خانىقالاردىمۇ ئىماملار بۇنى
دەستەك قىلىپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي : «ناماز ئوقۇمىغانلار ،
شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئويۇن - تاماشا ، مەشرەپكە بېرىلگەن-
لەر ،ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا بويسۇنۇشنى 〈ۋاجىپ〉
بىلمىگەنلەر ئاغۇلۇق كىچىكۋايدەك ئۆزىنىڭ بېشىنى يەيدۇ »دەپ ،
كىچىك ئاخۇننىڭ غايىب بولۇش ۋەقەسى ئارقىلىق خەلققە تەنبىھ
بېرىشەتتى . ۋاقىت ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرار دېگەندەك ، بارا - بارا
بۇ گەپلەرمۇ بېسىقىپ ، كىچىكۋاي ۋەقەسى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن
كۆتۈرۈلۈپ ئۈچ يىلچە ئۆتكەندە ، كىچىك ئاخۇننىڭ ئاغۇغا پەيدا
بولۇشى دوست - بۇرادەرلىرىنى خۇشال قىلىۋەتتى . كىچىك ئاخۇن-
نى يوقلاپ كېلىدىغان ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى .
كىچىك ئاخۇن بولسا ئۈچ يىل مابەينىدە زىنداندا يېتىۋەرگەچكە
كۆزلىرى نۇرسىزلانغان ، ئورۇقلاپ ، بىر تېرە - بىر ئۇستىخانغا
ئايلانغان ، ھايات تۇرۇپ بەدەنلىرى چىرىپ ، چىرايلىرى ساپسېرىق
بولۇپ كەتكەن ، كۆرگەنلەرمۇ دەمال تونۇيالمىغۇدەك ھالغا يەتكەن-

ـدى . كىچىك ئاخۇن ئۆيگە كىرگەندە ھەتتا خوتۇن - بالىلىرىمۇ تونۇيالمىدى ، پەقەت پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىلا كىچىك ئاخۇن ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى . ئەبگار تەقى - تۇرقى يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ ، زالىم زامانغا ، ئەمەلـ-ـدارلارغا بولغان ئۆچمەنـلىكىنى كۈچەيتـتى ، بۇ ئەفرىدۇن ۋاڭ ھاكىمىيىتىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زالىملىقىنىڭ ئەمەلىي پاكىتى ئىدى .

كىچىك ئاخۇننىڭ قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى تېزلا ئەتراپقا تارقالدى . ئۇچىنچى كۈنى كەچقۇرۇن كىچىك ئاخۇن كەچلىك تاماققا داستىخانغا كېلىپ تۇراتتى ، ئىشىك ئالدىدا پاراڭ ئاڭلاندى . زۇلپىيە يۇگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ :

— مېھمان كەلدى !— دەپ خەۋەر قىلدى .

كىچىك ئاخۇننىڭ ھالى ئوسال بولغاچقا ،مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئاكىسى رېھىمجان چىقتى .بىر كەمدە ئۆزئارا تەكەللۇپ - تەكلىپ قىلىشلاردىن كېيىن ، بادام دوپپىلىق ، ئۆڭى ئاق سېرىق ، قوي كۆز ، شاپ بۇرۇت ، ئېگىز بوي ، كۆكرىكى كەڭ ، ناھايىتى تەمبەل بىر يىگىت :

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !— دەپ ئىشىكتىن كىرگىنىچە كىـ-چىك ئاخۇننىڭ قېشىغا كېلىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ، كۆزلىـ-ـرىگە ئىشەنمەيلا قالدى . كىچىك ئاخۇننىڭ شۇنچىلىك ئەبگار ، ھەتتا ئورنىدىنمۇ تۇرالمىغۇدەك ھالىتىگە ھەيرانۇھەس بولۇۋاتقان بۇ ئادەم قەشقەرلىك باتۇر — ھەسەن تۇرك ئىدى ، ئۇنىڭ شۇ تاپتا ئاۋۋال كىچىك ئاخۇننى تۇتۇپ بەرگەن ئىمامنى بوغۇزلاپ ، زەھەر تىلىنى كېسىپ ،ئاندىن بۇلاپ قاچقانلارنى ئىزدەپ تېپىپ قىيما - چىيما قىلغۇسى كەلمەكتە ئىدى . لېكىن ، ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ ، كىچىك ئاخۇننىڭ يېنىدا ئولتۇردى ، بىللە كەلگەن تۆت بۇرادىرىمۇ كۆرپىدىن ئورۇن ئېلىشتى .

— كىچىكۋايىمۇ سەن ، ئاداش !؟— ھەسەن تۇرك ئۇنىڭ قو-لىنى تۇتۇپ تۇرۇپ سورىدى .

— شۇنداق ، نېمانچە يوغىناپ كەتتىڭ ، ھەسەنجان ، 10 ئادەم-نىڭمۇ كۈچى يەتمىگۈدەك ساڭا .

— ئادەم ھەرقانچە يوغان ، كۈچلۈك بولسىمۇ ، ئۇنى ئىشقا سالمىسا بىكار ، بىز 10 ئادەم ئەمەس ، 10 مىڭ ، ھەتتا 100 مىڭ ئادەمگە تاقابىل تۇرىدىغان پەيت بىزنى كۈتۈۋاتىدۇ ! مانا سەن قانداق يىگىت ئىدىڭ ، قارىغىنا ئەپتىڭگە ! بىز نېمە قىلدۇق ؟ مەشرەپ ئوينىغانغىمۇ شۇنچە قىلىش كېتەمدۇ ؟ بىز يەنىلا بىخۇد تۇرۇۋېرسەك ، بۈگۈن ساڭا كەلدى ، ئەتە ماڭا كېلىدۇ ، ئۆگۈنى يەنە بىرسىگە . مەن ئەمدى ئۆلۈمنى ، زىنداننى كۈتۈپ تۇرمايمەن ، ئىنتىقام ئالىمەن !

— راست دەيسەن ،جەزمەن ئىنتىقام ئېلىشىمىز كېرەك !— كىچىكۋاي ھەسەن تۆركىنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ ئېيتتى .

شۇنداق قىلىپ ، ئادەم كۆپەيگەچكە ، قايتىدىن داستىخان سېلىندى ، زۇلپىيە ئانىسى ھەپىزە بىلەن پولۇغا تەرەددۇت قىلدى . ھەسەن تۆركىنىڭ ئادەملىرىمۇ بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان تەمبەل يىگىتلەر ئىدى ، كىچىك ئاخۇننىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتى ئۇلارنىڭ قەلبىدىمۇ يەرلىك ئەمەلدارلارغا بولغان غەزەپ ئوتىنى يالقۇنجاتتى . مېھمانلار تاماقتىن كېيىن كىچىك ئاخۇن بىلەن ھال - مۇڭ بولۇشۇپ بىر ئۆيدە ياتتى . كىچىك ئاخۇن ، ھەسەن تۆرك ئىككىسى مۇڭدىشىپ كېچىنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزۈشتى .

— بىز تەشكىللىنىشىمىز لازىم !— دەيتتى كىچىك ئاخۇن ھاياجانلىنىپ ،— پىچاق سۆڭەككە يەتتى ، زۇلۇم چېكىدىن ئېشىپ ، ھۆكۈمەت خەلقنىڭ دۈشمىنىگە ئايلاندى . خەلق جاننى ئالىقانغا ئېلىپ «يا ئۆلۈم - يا كۆرۈم» دېگەن باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ ، بۇنداق ياشىغاندىن ئۆلۈم ئەۋزەل بولۇپ قالدى . «يېتىپ قالغۇچە ، ئېتىپ قال» دەيدىغان گەپ بار ،سىلەر يەكەن ھەپسىخانىسىدىكى بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ نالە - پەريادلىرىنى ئاڭلايدىغان ، ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى كۆرىدىغان بولساڭلار ئاندىن بىلىسىلەر ، ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ كۆز ئالدىدا شۇنداق ناھەقچىلىكلەر بولۇۋاتقاندا ،

بۇ يەرلەردە نېمە بولماقچى ئىدى ؟ ناھەقچىلىككە ئۇچرىغانلار دەردد-
نى ئېيتقۇدەك بىر ھۆكۈمەت بولمىسا ، شۇمۇ كۈن كەچۈرۈش
بولدىمۇ ؟ بوزەك قىلىنغانلار كىمنى ئىزدەيدۇ ؟ ئەفرىدۇن ۋاكىند-
ما ! ھەممە ئىشنى شۇ قىلىۋاتقان تۇرسا ، بۆرىدىن قويغا رەھىم-
شەپقەت كېلەتتىمۇ ؟ بەلكىم زاماندىن نارازى بولدۇڭ دەپ ھەممە
ئادەمنى ماڭا ئوخشاش ھالغا كەلتۈرەر شۇ ! بىز تەشكىللىنەيلى ،
خەلقنى يېتەكلەپ ئۇلارغا ھۆرىيەت يولىنى كۆرسىتىپ بېرەيلى ،
ئۆلۈپ كەتسەكمۇ ، ئەڭ ئەشەددىيسىدىن بىر — ئىككىنى يەر
چىشلىتىپ ، ئاندىن ئۆلەيلى . بىز خەلق ئىچىگە چۆكۈپ ، ئۇلارنى
غەپلەتتىن ئويغىتايلى ، ئالدى بىلەن زىندانغا ھۇجۇم قىلايلى .
توختى مانجۇدەك ئەل ئوغلانلىرى زىنداندا يېتىۋاتىدۇ . ئۇلارنىڭ
ھەربىرى بىر ئاتەش ،ۋاقتى كەلگەندە مىڭغا تېتىيدۇ ، ۋولقاندەك
پارتلاپ ،زالىملار تەختىنى ئەرەختەم - پەرەختەم قىلالايدۇ .
— راست دەيسەن ،— ھەسەن تۆرك بۇنى تەستىقلايتتى ،—
بىز قوزغىلايلى . ئوبدان تەشكىللىنىپ ، ئالدى بىلەن قەشقەرنى
ئالايلى ، قەشقەر خەلقى مۇشۇنداق بىر پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقد-
نى نەۋاق ، شۇنىڭ ھەيۋىسىدە باشقا يۇرتلارنى ئېلىش ھېچ گەپ
ئەمەس ، چۈنكى مىڭلىغان ئېزىلگەن خەلق بىز تەرەپتە . پۈتۈن
خەلق بىزنىڭ قوشۇنىمىز دېسەك قىلچە خاتالاشمايمىز . مەن ھەر
كۈنى يوقسۇزلارنىڭ ئارىسىدا ، ئۇلار بىزگە ئوخشاش شىر يۈرەك
ئەزىمەتلەرگە موھتاج !
كىچىك ئاخۇن بىلەن ھەسەن تۆرك ئەفرىدۇن ۋاكىنىڭ زۇلۇم-
لىرىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، ئۆز ئازادلىقى ئۈچۈن جەڭگە
ئاتلىنىش ئۈستىدە پاراڭلىشىپ تاڭ ئاتقۇزدى .
ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن كىچىك ئاخۇن :
— بۈگۈن بىز چېكىمىزنى توختىتايلى !—دېدى ھەسەن
تۆرككە ،— ئىككىمىز خالىي جايدا ئايرىم سۆزلىشەمدۇقيا ؟
—خاتىرجەم بول ،ئاغىنىلىرىمنىڭ ھەممىسى ئىشەنچلىك .
—ئۇنداق بولسا ياخشى ، مەن ساڭا ئىشىنىمەن . تۈتۈپ كېتد-

لىشتىن بۇرۇن ئەمەلدار ، ھۆكۈمەت دېگەن بىلەن قىلچە ئاداۋىتىم يوق ئىدى ، تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن شۇنداق ئۆچ بولۇپ كەت-تىمكىن ، تۇرمە جازاسى ئادەمنى ئۆزگەرتىدۇ دېگەنگە قىلچە ئى-شەنمەيدىغان بولدۇم ، مەھبۇسلۇق ئورنىغا چۈشكەن ئادەم قانچە قىيىن - قىستاققا ئېلىنغانسېرى ھۆكۈمەتكە شۇنچە ئۆچلىشىپ كېتىدىكەن . ئەمەلىيەتتە زىندان - ھەپسە دېگەنلەر زالىملارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى دۈشمەن تەربىيىلەيدىغان مەكتەپ ئىكەن . مەن ئەنە شۇ مەكتەپتە ئوقۇپ چىقتىم . قەلبىم جاراھەتلەندى ، «جاراھەت» ساقايسىمۇ ، ئىزى يوقالمايدۇ . ئۇلار ئۆز خىيالىچە قورقۇتۇپ ئۆ-زىمىزگە مايىل قىلىمىز دەيدۇ ، ئەمەلىيەتتە قارشىلىقنى كۈچەيتى-دۇ . بىز ئىككىلەنمەي تەشكىللىنەيلى ، ئاغۇدا بىز دېمەتلىك ئى-شەنچلىك ئاغىنىلىرىمدىن تۇرسۇن ، كېرەم ، ھامۇت ، مەخەت قا-تارلىقلار بار ، ئارازىلدا ئوسمان ، خاسان ، تۇرغانبېكلەر بار . بۇلار-نىڭ ھەربىرى بىردىن قوشۇنغا باشچى بولالايدۇ . مانا بۇ يىگىتلەر-نىڭ ۋۇجۇدىدىنمۇ پالۋانلىق ، جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرۇپتۇ . ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن زىنداندىكى ئازاب چېكىۋاتقانلارنى قۇتقۇزمايمىز .

— مېنىڭچە ،بۇ ئىش ئۇستىدە پۇختا ئويلىنىش كېرەك ، بىز ئاۋام ئارىسىغا يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ ، خەلقنىڭ رايىنى دەڭ-سەپ باقايلى ، قوزغىلاڭ دېگەنلىك — قانغا سەكرەش دېمەكتۇر . قورقۇنچاقلار بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالمايدۇ . بۇگۈن ھېلىقى ئاغۇلۇق تۆت يىگىت بىلەن ئارازىللىق يىگىتلەرنى چاقىرتايلى ، ماڭا ئەگى-شىدىغانلار قەشقەردە نەچچە يۈزگە يېتىدۇ ، ئاشۇ نامراتلار ، دەرد-مەنلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ قوشۇنۇم . ۋاقتى كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن نى - نى ئادەملەر چىقىشى مۇمكىن . لېكىن ، ئىرادىسىز كىشىلەرنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ . جان بېقىش ئۈچۈن خائىنلىق قىلىدىغانلاردىن ھەزەر ئەيلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ . شۇڭا ، ھەر-قانچە غەزەپلەنسەكمۇ ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىشنى بىلىشىمىز لازىم . قوزغىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قابىل بىر يېتەكچى ، باش بولىدى-غان ئادەم كېرەك . كېيىنكى ئىشلارنى نۆۋىتىدە بىرنېمە دېيىش-

سەك ،بۇنىڭغا قانداق قارايسەنكىن ،ئۆز قاراشلىرىڭنى دېگىن !—
ھەسەن تۇرك ئېھتىياتچانلىق بىلەن كىچىك ئاخۇنغا قارىدى .
—شۇنداق بولسۇن !— دېدى كىچىك ئاخۇن ، ئاندىن سەل تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ،— بۇ ئىشنى ئورتاق قىلايلى ، ئەمما تارقاق ئىجرا قىلايلى ،يەنى ھەربىرىمىز بىردىن جايغا مەس-ئۇل بولايلى . مەن تېخى ئەسلىمگە كېلىپ بولالمىدىم .بۇ ھالدا ھازىرچە بىر ئىش قىلالمايمەن ،ئوبدانراق كۈتۈنسەم ئۇزاققا قالماي ئوڭلىنىپ كېتىشىم مۇمكىن ،ئىشنى شۇ چاغدا باشلىساقمىكىن...
— بولمايدۇ !— ھەسەن تۇرك جىددىي ھالدا ئېيتتى ،— تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق ، دەيدىغان گەپ بار ، سېنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىڭ ئاممىنى قوزغاش ، ئۇلارنى غەزەپلەندۇرۇش ئۈ-چۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەت . سېنىڭ بۇ ھالىڭغا دوستۇڭنىڭلا ئە-مەس ، دۈشمىنىڭنىڭمۇ ئىچى ئاغرىيدۇ ، ئەلۋەتتە . شۇڭا ، ئىشنى ھازىردىن باشلاش لازىم . سەن ۋاقتىنچە تۇرالمىساڭ كارايىتى چاغلىق ، ساقلىرىمىز ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمەيلى ، بۇنىڭغىمۇ تەي-يارلىق كېرەك ، قوزغىلىمىز دەپلا يۈگۈرۈپ چىققىلى بولمايدۇ . نۇرغۇن تەييارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ . بۇنىڭغا خېلى ئۇزاق جەريان كېتىدۇ .ھەرقانداق ئىش كىچىكتىن زورىيىدۇ ،ئالدى بىلەن تەشكىللىنىپ تۇرايلى .
— قوشۇلىمەن ، شۇنداق بولسۇن . بۈگۈن يىغىلىش ئۆتكۈ-زۈپ ئورۇنلاشتۇرايلى ئەمىسە .
شۇنداق قىلىپ ، رېھىمجان ئارقىلىق خەۋەر يەتكۈزۈلۈپ چا-قىرىلغانلارنىڭ ئاخىرى چۈشكە يېقىن كېلىپ بولدى . كىچىك ئاخۇننىڭ مېھمانخانىسىدا ئاغۇلۇق تۆت نەپەر ، ئارازىللىق تۆت نەپەر ، قەشقەرلىك بەش نەپەر ، ئاندىن كىچىك ئاخۇن قوشۇلۇپ 14 نەپەر ئادەم داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى . رېھىمجان دەرۋازىغا كۆزەتچىلىككە قويۇلدى . قوزغىلاڭنىڭ تۇنجى قەدىمى ئاخىر بېسىلدى .
— قېرىنداشلار !— دېدى كىچىك ئاخۇن ،— بۈگۈن ناھايىتى

مۇھىم بىر ئىشنى مەسلىھەتلەشمەكچىمىز ، قېنى ھەسەنجان ، مۇددىئانى ئوتتۇرىغا قويغىن .

— سەن دەۋەرگىن ، سەۋەب ، سەن دېگەن شەھەر كۆرگەن ئادەم ، ئۇنىڭ ئۇستىگە خەت ئوقۇيالايسەن . مەن بولسام بىر قاردتۇرۇك① ، سۆزلىگەن بىلەنمۇ قاملاشتۇرالمايمەن .

— ماقۇل ، بۇگۇنكى مەجلىستە توختى مانجۇ بولغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى .ئۇ ناھايىتى بىلىملىك ،مانجۇچە تىل - يېزىقنى بىلىدىغان ، شۇڭقاردەك يىگىت ئىدى ، شۇ تاپتا زىنداندا ياتىدۇ . ئىشىمىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۇرۇش ئۇچۇن ئۇنى قۇتۇلدۇرمىساق بولمايدۇ . بىز قوزغىلىپ ،پۇقرالارنى قىيىنغان ، قاسىغان ، ئۆلتۇرگەن زالىملارنى يوقىتىپ ، ئەلگە ياققۇدەك ھۆكۇمەت قۇرساق دەيمىز . بۇ قولغا قورال ئالماي ، دۇشمەننى تەلتۆكۇس يوقاتماي تۇرۇپ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش . ئۆز تىلىمىزدا بۇنى «قوزغىلاڭ» دەيمىز ، رۇسچە رېۋولىيۇتسىيە ، يەنى ئىنقىلاب دېيىلىدۇ ،— كىچىك ئاخۇن چەت ئەللەردە يۇرگەندە ئۆگىنىۋالغان ئىككى سۆزنى ئالاھىدە قىستۇرۇپ قويدى ، — سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلار بىردىن قوشۇنغا سەركار بولىسىلەر ، لەشكەرلىككە قاۋۇل يىگىتلەردىن تاللايسىلەر ، لېكىن ھازىرچە بىلمەيمىز . ياراملىق ئادەملەرنى خەلق ئارىسىدىن ئۆزىمىز تاپىمىز . تەرغىبات ئارقىلىق خەلقنى دۇشمەنگە قارشى غەزەپلەندۇرسەك بىزگە كېرەكلىك يىگىتلەر ئۆزلىرى مەيدانغا چىقىدۇ ، مۇشۇنداق چوڭ ئىشنى قىلىشقىلالماسلىق سىلەرگە باغلىق . شۇڭا ، سىلەرنى چاقىرتقان ، قېنى ، كۆپىنىڭ ئەقلى كۆپچە بولىدۇ ، گەپ قىلىپ بېقىڭلار ، ھەممىمىز ئويلىغانلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويايلى . ھازىرچە گېپىم تامام ، ئەمدى ھەسەنجاننىڭ سۆزىنى ئاڭلايلى .

—مېنىڭ باشقا گېپىم يوق ، قېنى قوزغىلاڭ قىلىمىز دېگەنلەر قول كۆتۇرۇڭلار !

ھەممەيلەن بىردەك قول كۆتۇردى .

---

① ساۋاتسىز مەنىسىدە

— ئەمدى يەنە بىر مۇھىم ئىش بار !— دېدى ھەسەن تۈرك ،— بىزگە بىر يولباشچى كېرەك . بىزگە توغرا يول كۆرسىتەلەيدىغان ئادەمدىن بىرنى سايلاپ چىقايلى ، قوشۇلامسىلەر ؟

— قوشۇلىمىز !— كۆپچىلىك ئاۋاز قوشتى .

— مەن كىچىك ئاخۇننى كۆرسىتىمەن ، سىلەرچە قانداق ، بۇرادەرلەر !— ھەسەن تۈرك تۇنجى بولۇپ نامزات كۆرسەتتى .

— بولمايدۇ !— كىچىك ئاخۇن رەت قىلدى .

ھەسەن تۈرك :

— مەندە كۈچ بولغان بىلەن ئەقىل كەم ، ئالدىراپ مۇشت ئېتىپ قويىمەن ، مەن ئالدىراڭغۇلۇق قىلغاندا ، «ھاي !» دەپ تەنبىھ بەرگىلى كىچىك ئاخۇندەك ئادەم كېرەك . شۇڭا ، بۇنىڭغا كىچىك ئاخۇن ئەڭ مۇۋاپىق ، شۇنداقمۇ ، كۆپچىلىك ،— دېۋىدى ، ئولتۇرغانلار بىردەك قوشۇلدى .

— ھازىرچە مۇشۇنداق بولۇپ تۇرسۇن ، لېكىن توختى مانجۇ قاچان ئازاد بولىدىكەن ، يېتەكچى سەردار شۇ بولىدۇ . بۇنىڭغا قوشۇلمىساڭلار ، مەن بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن ، بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر ، ئاغىنىلەر ؟ !

— سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولسۇن !— دېيىشتى كۆپچىلىك قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ .

— ئۇنداق بولسا ،— دېدى كىچىك ئاخۇن ،— دەسلەپكى ئىشىمىز خەلقنىڭ رايىنى بىلىش ، ئۇلارغا زۇلۇمنىڭ مەنبەسىنى تونۇتۇپ ، دۈشمەنگە بولغان نەپرىتىنى قوزغاش بولسۇن ، نىشانىنى شەخسىي دۈشمەنگە ئەمەس ، ئومۇمىي دۈشمەنگە ، يەنى ئەفرىدۇن ۋاڭنى يوقىتىشقا قارىتايلى . گەپ - سۆز ، ئىش - ھەرىكىتىمىزنى سىر تۇتايلى ، ئۆزۈڭلارنى ئاشكارىلاپ قويماڭلار . پىكىرىڭلار بارمۇ ؟ سورايدىغان گەپ بولسا سوراۋېرىڭلار . گەپ بولمىسا تارقايلى ، كۆرۈشىدىغاندا توپلىشىپ كەلمەڭلار . بىز ھەسەنجان بىلەن يەنە مۇھىم ئىشلارنى بېكىتىپ ، ئاندىن سىلەرگە ئۇقتۇرىمىز . قايتساڭلار بولىدۇ .

كىچىك ئاخۇن سۆزىنى تۈگىتىشىگىلا بىشىغا ئاق دوپپا ، ئۈچىسىغا قىزىل چەكمەن چاپان كىيىۋالغان ، بۇغداي ئۆڭ ، قارا-قاش ، 30 ياش ئەتراپىدىكى ئاغۇلۇق يىگىت تۇرسۇن قولىنى كۆتۈرۈپ سورىدى :

— قوزغىلاڭنى نېمە بىلەن قىلىمىز ؟

— قورال بىلەن…

— دۈشمەندە مىلتىق ، زەمبىرەكلەر تۇرسا ، بىز قايسى قورال بىلەن ئېلىشىمىز ؟ مەھەللىدىكى ئاشۇ بىرنەچچە تال قارا مىلتىقنى يىغىپ شۇنىڭ بىلەنما ! ؟

— بىزمۇ مىلتىق ، زەمبىرەك بىلەن ئېلىشىمىز - دە !

— چاقچاق قىلمىسىڭىزچۇ ، كىچىك ئاخۇنكا ، مەن راستىنىلا سوراۋاتىمەن .

— مەنمۇ راست گەپ قىلىۋاتىمەن .

— ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ ، ئۇنداق قوراللار نەدە ؟

— دۈشمەنىنىڭ قولىدا .

تۇرسۇن جىم بولۇپ قالدى . كۆڭلىدە «مېنى مازاق قىلدى» دېدىمىكىن ، ئۇزايىدىن شۇنداق ئىپادە چىقىپ تۇراتتى .

— كۆپچىلىك !— دېدى كىچىك ئاخۇن جىددىي هالدا ،— بىز جەڭنى ئوبدانلا پىلانلىيالايدىغان بولساق ، دۈشمەنىنىڭ قولىدىكى قورالنى جەزمەن تارتىۋالالايمىز . شۇڭا ، تۈنجى قەدەمنى ناهايىتى پۇختا بېسىش كېرەك . تۇرسۇن بۇ سوئالنى ياخشى قويدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ئىش ئايدىڭلاشتى .

تۇرسۇن بېشىنى كۆتۈرۈپ يېنىدىكىلەرگە كۈلۈمسىرەپ قارىدى .

— ياخشى تەدبىر زەمبىرەكتىن كۈچلۈك ،— داۋام قىلدى كىچىك ئاخۇن ،— ئۇرۇش «بىرسى جەڭ ، توققۇزى رەڭ» دېگەن گەپ بار . كۆڭلۈمدە سان بار ، ۋاقتى كەلگەندە بىلىپ قالىسىلەر ، پۈتۈن مەھەللىدىكى قارا مىلتىقنىڭ سانىنى ئېلىپ چىقىڭلار ! ئەمدى يەنە پىكىر بارمۇ ؟— كىچىك ئاخۇن كۆپچىلىككە بىر -

بىرلەپ نەزەر سېلىپ چىقتى. كۆپچىلىك بىردەك: «پىكرىمىز يوق!» دېيىشتى. كىچىك ئاخۇن ئېيتتى، — ئەمدى ئۆز پارىڭىمىزغا كېلەيلى، بىرىڭلار ئاكامنى چاقىرىڭلار!

تۇرسۇن ھويلىغا چىقىپلا توۋلىدى:

— رېھىمجان ئاكا! بۇياققا كېلىڭ!

كىچىك ئاخۇن ئاكىسىغا قازناقتىن قوغۇن ئاچىقىپ پىچىشنى ئېيتتى. قوغۇن بىلەن نان يېيىلىپ قورساق ئەستەرلەنگەندىن كېيىن، ئاغۇ، ئارازىلدىن كەلگەنلەر قايتىپ كېتىشتى.

كىچىك ئاخۇننىڭ ھەسەن تۇرك بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرى بار ئىدى. ئىشنى نەدىن باشلاش ۋە قانداق باشلاش كېرەك، ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۇستىدە باش قاتۇرماي بولمايتتى.

كىچىك ئاخۇن تەمكىن تەلەپپۇزدا ئېيتتى:

— ھەسەنجان، بىز بۇرادەرلەرنى قوزغاشنىغۇ قوزغىدۇق، ئۇلارمۇ مۇشۇنداق قىلىشىمىزنى ئۇمىد قىلاتتى. ئەمدىكى گەپ بىز باشلامچىلاردا قالدى، مېنىڭچە ئىشنى كەينىگە تارتماسلىق دەيمەن. قوشۇن جەڭ داۋامىدا كۆپىيىدۇ، نىيىتىمىز توغرا، ئىشىمىز ئادىل بولىدىكەن، خەلق بىزنى قوللايدۇ، گەپ ئۇلارغا دادىل يېتەكچىلىك قىلىشتا. ئەگەر توغرا تەدبىر قوللىنالمىساق، كۆپچىلىكنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىمىز. بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش تەس بولىدۇ. سېنىڭچە ئىشنى قەيەردىن باشلىساق بولار؟

— بۇنىڭغا ئۆزۈڭ بىرنېمە دە، مەنمۇ بىلەلمەيۋاتىمەن. مېنىڭچە ھەممىمىز قەشقەرگە كىرىپ، كېچىسى ھەممە ئادەم ئۇيقۇغا كەتكەندە مۇھىم جايلاردىكى قاراۋۇللارنى بوغۇزلىۋېتىپ، «ئالغا!» دەپ بىرلا چۇقان كۆتۈرسەك، تۆشەكتە ياتقان ئەمەلدار ۋە چېرىكلەر قورقۇپ، جان قايغۇسىدا قورالنى تاشلاپ قاچارمىكىن دەيمەن. باشلىقلىرىنى ئۇجۇقتۇرساق، چېرىك ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، بۇيرۇقسىز ئوق ئاتالمايدۇ. مانا شۇ ئارقىلىق قورالنى قولغا چۈشۈرسەك، ئاندىن كېيىن نېمە قىلىمىز دېسەك قىلالايتتۇق.

ھەسەن تۆركىنىڭ بۇ قارىشى تولىمۇ ئاددىي ۋە ئىشەنچسىز
بولۇپ، ئاغۇ، ئارازىلىدىن تويلانغان ئازغىنە ئادەم بىلەن قەشقەرنى
ئېلىش ئەقىلگە سىغمايتتى. ئەگەر قاراملىق قىلىپ يېڭىلىپ قالـ-
دىغان بولسا، يوشۇرۇنغۇدەك جاي، ھىمايىسىگە ئالىدىغان ئادەم
چىمايتتى. بۇ چارىنى قوللىنىشقا توغرا كەلسە قەشقەر خەلقىنى
قوزغاش ئارقىلىق تېز كېڭىيىپ دۈشمەننى ئۆركۈتۈۋېتىپ، ئەقىل-
ھوشىنى تېپىپ بولغۇچە شەھەرنى ئىشغال قىلىش، بۇنىڭ ئۈچۈن
قوشۇننى يېتەكلەشكە ماھىر، ئەل ئىچىدە ئابرۇيلۇق، كۈچلۈك
تەسىرگە ئىگە، ئاۋام ئەگىشىدىغان بىر ئادەم بولۇشى لازىم ئىدى،
كىچىك ئاخۇن ياكى ھەسەن تۆركلەر پەقەت ئۆز تەۋەسىدە تىلغا
ئېلىنىپ يۈرگەن بىلەن بىرەر چوڭ ئىش قىلىپ باقمىغان. شۇ
ۋەجدىن خەلقنىڭ ئۇلارغا ئەگىشىپ، قان دەرياسىغا سەكرىشى
ناتايىن ئىدى. بۇ جەھەتتىكى ئىشلارنى شەھەر كۆرگەن كىـ-
چىك ئاخۇن ئوبدان چۈشىنەتتى.

— ئۇنداق قاراملىق قىلىشقا بولمايدۇ. بىز بۇ پېتى قەشقەرگە
كىرىدىغان بولساق، خەلق دۈشمەنگە ئەمەس، بەلكى بۇلاڭچى كەپتۇ
دەپ بىزگە ھۇجۇم قىلىشى تۇرغان گەپ، بىز نامى «ئۇلۇغ» بىرەر
ئادەمنى ئۆزىمىزگە باشچى قىلىپ مەيدانغا چىقىشىمىز ۋە يەنە
تەشكىللەنگەن پىيادە، ئاتلىق قوشۇن، مۇكەممەل تەرتىپ - ئىنتىـ-
زاملىرىمىز ھەمدە دۈشمەنلىرىمىزدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان نىشانىمىزنى ئىـ-
پادىلەپ تۇرىدىغان تۇغ - ئەلەملىرىمىز بولۇشى لازىم. شۇ چاغدىلا
كۈچ - قۇدرىتىمىز خەلقنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ. ئاپلا، كەم ئەقىلـ-
لىق قىپتۇق! — كىچىك ئاخۇن سەل تۇرۇۋېلىپ داۋام قىلدى، —
بۇرادەرلەرنى كەتكۈزمىسەك بولغان ئىكەن. بىرلىكتە مەسلىھەتـ-
لەشسەك بىرەر ياخشى تەدبىر چىقىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

— مېنىڭچە، سىز دېگەندەك قىلساق ئانچە ئوبدان بولماسمىـ-
كىن دەيمەن، — دېدى ھەسەن تۆرك، — بۇ كەمدىكى ئابرۇينىڭ
ھەممىسى مۇشتۇمزورلۇقتىن، قورال - ياراغدىن، پۇل - مالدىن،
مەنسەپ - ھوقۇقتىن، سەللە - پەرىجىدىن كەلگەن. ئېيتىپ بېقىـ-

ڭە ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پۇقرالار بىلەن نىيىتى ئوخشاشلاردىن كىم بار ؟ ھەممىسى بىر- بىرىگە ماسلىشىپ جان باقىدىغان چىلبۆرىلەر ، خالاس .ئەگەر ئۇلاردىن بىرەرسىنى كۆتۈرۈپ چىقساق ، ئىش ئوڭ- دىن چىقىپ قېلىپ نۇسرەت قازانساق ، ھەممىمىزنىڭ بېشىغا چىقىۋېلىپ قىلىدىغاننى قىلسا ، ئۇ چاغدا قانداق قىلىمىز ؟ بۇرا- دەرلەرنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمىز ؟ سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزمۇ خاتا ئەمەس . دەرۋەقە ، ھازىر بىزنى كىشىلەر لۈكچەك ، يالاڭتۆش دەپ قاراپ ، ئەگەشمەسلىكى مۇمكىن ، ئەمما مۇشتىمىزنىڭ كىمنىڭ بېشىغا تېگىۋاتقانلىقىنى بىلسىلا ، جەزمەن ئەگىشىدۇ...

ھەسەن تۇركىنىڭ قاراشلىرى كىچىك ئاخۇننى سەگەكلەشتۈر- دى . «ئەگەر قوشۇنغا ئابرۇيلۇقلاردىن بىرەرسىنى سۆرەپ كىرىلىد- غان بولساق ، ھوقۇقنى قولغا ئېلىۋېلىپ قىلىدىغاننى قىلسا ، تۆككەن قانلىرىمىز بىكار كەتمەمدۇ ، بۇنداق قىلىشقا بولمىغۇدەك ! ئەمما مەلۇم تەسىرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن دەسلەپكى باسقۇچتا ئاشۇنداق ئادەمدىن بىرنى تېپىش ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ، ئاندىن بىردىنلا ئۆزىنىڭ زىنداند- دىن قۇتۇلۇپ چىقىشىغا ياردەم بەرگۈچى ۋەلىخان خوجا ئېسىگە كەلدى -دە ، ئۇمىد چىرىغى ۋاللىدە يورۇغاندەك بولدى ، ئۇ ۋەلى- خان خوجىنىڭ رېھىمجاننى ئۆزىتىپ قويغاندا : «بىرەر ئىش چى- قىپ قالسا ، مېنى ئىزدەڭلار ، ئەفرىدۇن بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانچى- لىقىمىز بولغان بىلەن ، ئۇ شەھەر سوراشقا لايىق ئەمەس» دېگەنلە- كىنى ئاڭلىغانىدى .

— ھەسەنجان !— دېدى كىچىك ئاخۇن ،— بىر ئادەم ئېسىمگە كەلدى .

— كىم ؟

—ۋەلىخان تۆرەم .

—گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم . سىزچە ئۇ ئىناۋەتلىكما !؟ ئۇ بىر قاراقچى ، ماراپ چىشلەيدىغان ئىت ، ئۇنىڭ سىز - بىزگە ياردەم بېرىشى قۇترانقۇلۇق بىلەن ئادەم توپلانقۇزۇپ ، ۋاقتى كەل-

گەندە قوشۇندىن پايدىلىنىپ بۇلاڭچىلىق قىلىش . قازى ـ قۇززات ، ئاخۇن ـ ئەشرەپ ، خوجام ـ ئەۋلىيا دېگەنلەرنىڭ يوقسۇزلىرىنى كۆردىڭىزمۇ ؟ ئۇلار تەركىدۇنيالىقنى تەرغىب قىلىدۇ . ئۆشرە ـ زاكات بېرىڭلار دەيدۇ . كىمگە بېرىشنى سورىسا ، پىقىرغا بېرىش كېرەك دەيدۇ ، بۇ خەقنىڭ ئۇستىلىقىنى قارىمامدىغان ! ئۇلارنىڭ «پىقىر » دېگىنى ئىككى خىل مەنىدە بولۇپ ، بىرى ، يوقسۇزلارنى كۆرسەتسە ، يەنە بىرى ، ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ . بىلگەنلەر ئۇچۇن «يوقسۇزلارغا بېرىڭلار » دېگەن مەنىنى بەرسىمۇ ، كۆپىنچە جامائەت-لەر ئۇچۇن «ماڭا بېرىڭلار» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ . بۇ قوش مەنىلىك سۆز بولغاچقا ،بىراۋ چاتاق چىقىرالمايدۇ ،ئۇنىڭ ئۇستىگە كىمگە بېرىش ـ كىمگە بەرمەسلىك نەزىر ـ سەدىقە ، ئۆشرە ـ زاكات بەرگۇچىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارى ـ دە ، كىمگە بەرسە ئۇنى بىركىم توسۇيالمايدۇ . شۇ ئارقىلىق بىزدەك نادانلارنى گوللاپ يەيدۇ . پۇلنى بەرسە ، توڭگۇز گۆشىنىمۇ هالال دەپ پەتىۋا چىقىرىدۇ . بۇلاردا ئىنساپ ، ئادەمگەرچىلىك نېمىش قىلسۇن ! مەن بۇ گەپلەر-نى بىر ئاغىنەمدىن ئاڭلاپ دەسلەپتە چۇشەنمەپتىمەن ، كېيىن ئويـ-لىسام هەممىسى راستكەن ، مەيلى قايسى خوجا ياكى تۆرە بولۇشىد-دىن قەتئىينەزەر هەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى ئىكەن . مەن ئۇلارنىڭ ساختا تەبلىغلىرىگە زادىلا ئىشەنمەيمەن .

— راست دەيسەن ! — كىچىك ئاخۇن تەستىقلىدى ، — ئۇلارنىڭ هەممىسىنىڭ تەبىئىتى ئوخشاش . ئوخشىتىش توغرا كەل-سە ئىتقا ئوخشاتسا جايىدا بولىدۇ . ئىتلارنى ئالساق ، غاجايدىغان سۆڭەك بىر تال بولسا ، نەچچىسى تالىشىپ بوغىشىدۇ ، ئەگەر سۆڭەك كۆپرەك بولسا ، هەربىرى خالىغىنىچە ئېلىپ ، بۇلۇڭ ـ پۇشقاقتا تارقاپ بىردەمدىلا يارىشىدۇ . پايدا ـ مەنپەئەتنى كۆرگەندە ئىنساپتىن كېچىدۇ . ۋەلىخان تۆرىنى ئالساق ، نەپ تەگمەي تەمەدە يۇرگەن ئىتقا ئوخشايدۇ . ئەگەر قورسىقى تويغانغا شۇكۇر قىلماي هەممىگە ئىگە بولۇش كويىدا خىرىس قىلىدىكەن ، ۋاقتى كەلگەندە دۇمبا يەيدۇ . مېنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇم ،

توڭگۈزنى ئىت بىلەن قوغلايلى ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ . ئىت قوناقنى توڭگۈزدىن قوغدىسىمۇ ، ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىۋالغىلى بولمايدۇ . ئۇ- نىڭ ئورنى ھويلىنىڭ بۇلۇڭى ، يېيىشى كېپەك بولىدۇ ، ئەگەر ئۇنى كۆرسەتكەن خىزمىتىگە يارىشا ئۆيگە كىرگۈزۈپ قويساڭ ، ھەرقانچە ياخشى كۈتكەن بىلەنمۇ يەنە ئۆگەنگەن خۇيىنى تاشلىيال- ماي ، نىجاسەت بىلەن داستىخاننى بۇلغايدۇ ، يەنە كېلىپ سەللا دىققەتسىزلىك قىلىنىدىغان بولسا ، ئۆيدىكى بار - يوقنى ئۆز ئۈۋۈد- سىغا توشۇيدۇ . مانا بۇ ۋەلىخان خوجىنىڭ ئالاھىدىلىكى . لېكىن ، ئاكامنىڭ ئېيتىشىچە ، ۋەلىخان تۆرە ئەفرىدۇن ۋاڭغا خىرىس قى- لىۋاتقۇدەك ، بىز بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خەۋەر بېرىدىغان بول- ساق كەلمەي قالمايدۇ ، جەنۇبتىكى ئالتە شەھەر خەلقى ئۇنى پەي- غەمبەر ئەۋلادى ، كەينىگە ئەگىشىپ ئۆلسەك شېھىت ، تىرىك قالساق غازى بولىمىز دەپ قارايدۇ . بىز ئۇنى ئالدىغا چىقىرىپ تۇرۇپ خەلقنى قوزغاپ قەشقەرنى ئېلىۋالساق ، ئاندىن ئۆز يولىغا سېلىپ قويىمىز .

— بۇ بەكمۇ خەتەرلىك ! — دېدى ھەسەن تۆرك ،— گەرچە ۋەلىخان خوجىنى كۆرۈپ باقمىغان بولسامۇ ، ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلى- رىدىن تارتىپ قەشقەردە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ يۈرگەنلىكى توغرىسىدا نۇرغۇن پاراڭلارنى ئاڭلىغانمەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوجى- لار يېغىلىقلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق ، ئۇلار مۇشۇنداق پۇرسەتنى كۈتۈپ ياتىدۇ . بۇنىڭدىن 40 يىل بۇرۇن سامساق خوجىنىڭ كىچىك ئوغلى جاھانگىر خوجا قەشقەر- نىڭ غەربىدىكى تاشمىلىقتا مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن باشلاپ ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادى قەشقەرگە خوجا بولۇش ئۈچۈن توختىماي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ . بۇ قېتىم ۋەلى- خان خوجىنى تەكلىپ قىلىدىغان بولساق ، پۇلۇنى دۈملەپ قويۇپ قاراقچىنى كۈتۈپ ئولتۇرغاندەك ئىش بولارمىكىن . ئەگەر ئۇلار- نىڭ ئىناۋىتىدىن پايدىلانماقچى بولساق ، ۋەلىخان خوجىنى ئەمەس ، جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بۇزرۇكخان تۆرىنى تەكلىپ قىلايلى .

ئۇ مېھرىبان ۋە مۇلايىم بولغاچقا، ئەل ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە. ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىسا، ھەممە ئادەم ئەگىشىدۇ، لېكىن ئاللىقاچان خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن ۋەلىخاننىڭ نامى تىلغا ئېلىنسا، بىزنى ھېچكىم قوللىمايدۇ.

— دېگىنىڭچە بولسۇن، سەن شەھەردە يۈرگەن ئادەم، مەن تېخى ھەپسىدىن يېڭى چىقتىم. ۋەلىخاننىڭ قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشى بىلەن يورۇقلۇققا چىققانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ گېپى ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن يەردە، جەمئىيەتتە چوقۇم ئىناۋەتلىك بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتىمەن. ئۇنداق بولسا، ئىش پۈتكەندە بۇزرۇكخان تۆرىنى ئىزدەيلى.

كىچىك ئاخۇن ھەسەن تۆرىنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. ئەمما، بۇ ئىشنى ئەڭ كېيىنگە قالدۇردى.


ھەسەن تۆرىنىڭ ئېيتقانلىرى تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن ئىدى. خوجىلار ئىلگىرى - كېيىن نەچچە قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مەغلۇپ بولۇپ كەلگەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن 1831- يىلى قوقەند ۋە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرەپ تىنچلىق كېلىشىمنامىسى ئىمزالىغان، ئۇنىڭ 4- ماددىسىدا:

«قوقەند تەرەپ خوجىلارنى باشقۇرۇشى، ئۇلارنىڭ قوقەند زېمىنىدىن ئاتلاپ چىقىپ كېتىشىگە يول قويماسلىقى لازىم. ئەگەر خوجىلار قېچىپ بارسا، قوقەندلىكلەر ئۇلارنى قوبۇل قىلماسلىق كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ 1845- يىلى، تېخى ياش قۇرامىغا يەتمىگەن خۇدايارخان قوقەندتە تەختكە چىققانغا قەدەر خوجىلارنىڭ ھەرىكىتى قاتتىق تەقىب قىلىنغان. 1845 - يىلىغا كەلگەندە، قوقەندتە غەليان يۈز بېرىپ، قوقەندنىڭ خوجىلارغا بولغان تەقىبى بوشاپ قالغانىدى. بۇ غەليان سەۋەبىدىن قوقەند بىلەن قەشقەرنىڭ مۇناسىۋىتى تەسىرگە ئۇچرىدى. قوقەند ھۆكۈمىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى بىلەن ئۇلارنى چەكلەشكە مەسئۇل بولغان ئاقساقال پارا يېگەنلىكتىن بۇ ئىشنى نەزىرىدىن ساقىت قىلدى. نەتىجىدە قوقەندتە يۈز بەرگەن غەليان خوجىلارغا پايدىلىق

بولدى ، 1847 ـ يىلى ئەتىيازدا «يەتتە خوجا» دەپ ئاتالغان كاتتا تۆرە (خوجا تۆرە دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ، ئۇكىسى كىچىكخان تۆرە ، كاتتا تۆرىنىڭ ۋەلىخان تۆرە ، تەۋەككۇل تۆرە ، ئاقتاجىخان تۆرە ، سابىرخان تۆرە ۋە ئىشانخان تۆرە قاتارلىق نەۋرە ئىنىلىرى ئالتە شەھەرگە هۇجۇم قىلىپ قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن قوقەندتىن تاغ ـ لىق جايلارغا قېچىپ بېرىۋېلىپ ، 1000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن تەييارلىدى . ئۇلار چېگرىدىكى قاراۋۇللارنى ئۆلتۈرۈپ قەشقەرگە بېسىپ كىرگەن بولسىمۇ ، بىرىنچىدىن ، يەرلىك خەلقنىڭ قوللى ـ شىغا ئېرىشەلمىدى ؛ ئىككىنچىدىن ، چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سان جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن قورقۇپ ، قەدىمى يەتكەنلىكى جايدا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ توپلىغان بايلىقنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەنىدى . ئاقىۋەتتە خوجىلار سادىر قىلغان جىنايەتلىرى ئۈچۈن خەلقنىڭ كۆچلۈك نەپرىتىگە ئۇچراپ ، جىم يېتىشقا مەجبۇر بولغان بولسى ـ مۇ ، 1855 ـ يىلى ۋەلىخان تۆرە بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى كىچىكخان خوجا قەشقەر چېگرىسىدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ تاكى1856 ـ يىلىغىچە ھەرىكىتىنى توختاتماي پۇرسەت كۈتۈپ يۈرمەكتە ئىدى . ئەگەر كىچىك ئاخۇن باشچىلىقىدىكى يېڭىدىن تەشكىللىنىش ئالدى ـ دا تۇرغان قوشۇن ۋەلىخاننى تەكلىپ قىلمىدىغان بولسا ، ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىق نىيىتىگە ئاجايىپ ماس كەلگەن بولاتتى . شۇڭا ، خوجىلارنىڭ رەھىمسىزلىكلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ، دەر ـ دىنى تارتىپ باققان ھەسەن تۇرك كىچىك ئاخۇننىڭ پىكرىگە قو ـ شۇلمىغانىدى .

ۋەلىخان تۆرىنىڭ كىچىك ئاخۇننىڭ ئاكىسى رېھىمجاننىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ ئىچ ئاغرىتقان تەرزدە ئەفرىدۇنغا خەت يېزىپ بېرىشتىكى مەقسىتى ، قوزغىلاڭچى دەپ ھەپسىگە ئېلىنغان كىچىك ئاخۇننى زىنداندىن قۇتقۇزۇش ئارقىلىق ئۆزىگە چوقۇندۇ ـ رۇش ھەمدە ئىچكى جەھەتتىن قوشۇن توپلاتتۇرۇپ قەشقەرنى قولغا كىرگۈزۈپ ، 1678 ـ يىلى ئاپپاق خوجا دالاي لامانىڭ مەسلىھەتى بويىچە غالدان بۆشۈكتۈنىڭ ياردىمى بىلەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ

ئاخىرقى خانى — رەقىبى ئىسمائىلخاندىن ھوقۇق تارتىۋېلىپ ، بۆشۈكتۈنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە قەشقەرگە خان بولغاندىن باشلاپ ، ئالتە شەھەرنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن توختىماي تۈپىلاڭ كۆتۈرۈپ مەقسىتىگە يېتەلمەي كېلىۋاتقان خوجىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ ، قەشقەرگە خوجا بولۇش ئىدى . كىچىك ئاخۇن بولسا دەل ئۇنىڭ كۆزلىگەن يېرىدىن چىقىۋاتاتتى . ھەسەن تۇرك دەرھال ئاگاھلاندۇرمىغىنىدا ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى .



## ئون بىرىنچى باب

# يېڭى يېتەكچى

كىچىك ئاخۇن ھەپسىدىن چىققاندىن كېيىن، قاراڭغۇ، نەم كامېردا يېتىۋېرىپ لەشلىشىپ كەتكەن يۈز - قوللىرىنىڭ تېرىلىرى قۇياش نۇرىدا كۆيۈپ، بىر قېتىم قاپالچۇقلاپ ساقايدى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، ھەسەن تۇرك ۋە ئاغىنىلىرى، مەھەللىلىك تۇرسۇن، كېرەم، ھامۇت، مەخەت ۋە ئارازىللىق يىگىتلەر بولۇپ 14 كىشى باش قوشۇپ كىچىك ئاخۇننى باشلىق سايلاپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلىشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ بولالمىغانلىقتىن، دېيىلگەن گەپلەر جايىدا قېپقالدى. نېمىشقىدۇر بارا- بارا ئەھۋالى ياخشىلىنىپ ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ قوزغىلاڭ گېپىنى ئانچە قىلىپ كەتمىدى، ئۇنىڭ گەپنى چىقىرىپ قويۇپ يوقاپ كەتكىنىگە ھەسەن تۇركىنىڭمۇ ئىچى پۇشۇۋاتاتتى.

كىچىك ئاخۇننىڭ جىم تۇرۇۋېلىشىغا كەلسەك، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر تېخى ئايدىڭ ئەمەس ئىدى. كىچىك ئاخۇن ئاخىر ئۆزىگە ئوخشاش ئازاب چەككەن، ئۆزىدىن قابىلىيەتلىك بىرەرسىنى تېپىش نىيىتىگە كەلدى، ئاندىن كېيىن ئىش باشلىسا ئۇنۇمى كۆرۈلەتتى. شۇنىڭغىمۇ سۈكۈت قىلماي بولمايتتى. باشقا يىگىتلەرنىڭ ۋۇجۇدى چوغدەك يالقۇنجاپ تۇرسىمۇ، ياندۇرغۇچى بولمىسا يانغىن ھاسىل قىلالمايتتى، تىت-تىت بولۇپ يۈرمەكتىن باشقا ئىلاج يوق ئىدى. مانا مۇشۇنداق

پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ۋولقان ئۈستىگە توختى مانجۇ بىلەن سا-
ۋۇرنىڭ يېتىپ كېلىشى كىچىك ئاخۇننىڭ ئۇلۇغۋار غايىلىرىنى
مىسلىسىز مۇشكۇللىرى ئاسان بولغاندەك زور ئۈمىدكە تولدۇر-
دى . ئەمما ، كۆپنى كۆرگەن كىچىك ئاخۇن ساۋۇردىن ئېھتىيات
قىلىپ توختىغا ئالدىراپ سىر بەرمىدى . توختىنىڭ ئىسيانكارلىق
غايىلىرىنى ئاڭلاپ ئىچىدە ھاياجانلانغان بولسىمۇ ، گەپكە لوقما
سالمىدى . پەقەت ساۋۇرنىڭ سۆزلىرىنى ئىشتكەندىلا كۆز ئالدىدا
ھېچقانداق توسالغۇ تەڭ كېلەلمەيدىغان ئىككى يانار تاغنىڭ تۇرغاد-
لىقىغا كۆزى يەتتى . كىچىك ئاخۇننىڭ كۈتكىنى دەل مۇشۇنداق
پۇرسەت ئىدى .

توختى بىلەن ساۋۇر ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىنى
يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن سۈتلۈك چاي بىلەن ئىسسىق ناندا ناشتا
قىلدى . ئۇلار ئانچە تارتىنىپ كەتمىدى . چۈنكى ، تۇرمىداشلىقنىڭ
ئۆزى سىرداش دېگەنلىك بولۇپ ، قېرىنداش دېسەكمۇ مۇبالىغە
بولمايتتى . بۇنداق ئېغىر كۈنلەردىكى دوستلۇق قېرىنداشلىقتىنمۇ
مىڭ كەررە ئارتۇق ئىدى .

داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ، توختى بىلەن ساۋۇر ئىلگىرى
ئاتۇش دەپ ئاڭلىغان بولسىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بۇ يۇرت خەلقىنىڭ
ئۇلتۇراقلىشىش ئۆزگىچىلىكلىرىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن دەرۋازا
ئالدىغا چىقىپ ، بىر - بىرىگە يىراق - يىراق جايلاشقان تارقاق
ئۆيلەر ، بۈك - باراقسان دەل - دەرەخلەرگە قاراپ تۇرغاندا ، ئىسمى
يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاغۇلۇق يىگىتلەر خۇددى بىر ئۆينىڭ
ئادەملىرىدەكلا چىقىپ كەلدى . ئۇلار ناھايىتى خۇشخۇي ، قەدەملىد-
رى زەبەردەست ئىدى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !

تۇرسۇن بەش قەدەم نېرىدىنلا سالام قىلدى ، ئاندىن كېرەم
قاتارلىقلار ئىككى قولىنى تەڭ سۇنۇپ ، توختى ، ساۋۇر بىلەن
قىزغىن كۆرۈشتى . سالاملىشىش بەجا كەلتۈرۈلۈپ بولغاندىن كې-
يىن ، ئۆزئارا ئەھۋال سورىشىش داۋام ئەتتى . بۇ چاغدا ھويلىدىكى

باغلاقلىق بىر جۈپ ئىت زەنجىرلىرىنى ئۈزۈۋەتكۈدەك تارتىپ ، كۈچەپ قاۋىماقتا ئىدى . ئادەم كەلگەنلىكىنى بىلگەن كىچىك ئاخۇن ئالدىراپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ، ئاغۇلۇق يىگىتلەرنى كۆردى ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەخەت كۆرۈنمەيتتى .
— مەخەت يوقمۇ ؟— كىچىك ئاخۇن ھامۇتتىن سورىدى .
— كېلىۋاتىدۇ ،— كىرەم ھامۇت ئىغىز ئېچىپ بولغۇچە جاۋاب بېرىپ ئۈلگۈردى .
— قېنى ئۆيگە كىرەيلى ،— دېدى كىچىك ئاخۇن دەرۋازىنىڭ ئىككىلى قانىتىنى ئىتتىرىپ ئېچىپ .
شۇ ئەسنادا ئۆچكىنىڭ مەرىگىنى ئاڭلىنىپ ، ئارقىدىنلا ئېـ. شەكنىڭ ئالدىغا بىر ئوغلاقنى ئارتىپ مەخەت چىقىپ كەلدى .
— ئەقلىڭ بار جۇمۇ ،مەخەت ، كۆڭلۈمدىكىنى تاپسەن !— كىچىك ئاخۇن ئوغلاقنى ئالغىلى ماڭدى .
— كۆڭلىڭىزدىكىنى بىلمىسەم سېرىق ئوغلاق ئەكېلەمدىـ. مەن ، ھەقاچان ئەڭگىز تارتىدۇ دەپ سېرىق ئوغلاق بۇيرۇيتىڭىزغۇ دەيمەن !
مەخەت ئېشەكتىن تاققىدە سەكرەپ چۈشۈپ ، ئوغلاقنى چۇـ. شەلگەن پېتى ھويلىغا ئېلىپ كىرىپ ، قىبلىگە قارىتىپ ياتقۇزـ. دى- دە ، غىلاپتىن پىچىقىنى چىقىرىپ بوغۇزلىدى .
بۈگۈن كىچىك ئاخۇنمۇ ، ئۇنىڭ بىر مەھەللىلىك بۇرادەرلىـ. رىمۇ خۇشال ئىدى ،ئۇلار توختىنىڭ بەرجەس قەددى - قامىتىگە ، قاملاشقان تەقى - تۇرقىغا ھەۋەس بىلەن قارىشىپ ،تۇنجى كۆرۈشـ. كەن بۇ ئەزىز مېھمانلاردىن قايسىنىڭ «توختى مانجۇ »ئىكەنلىكىنى بىركىم تونۇشتۇرمىسىمۇ ۋۇجۇدىدىكى باتۇرلۇق ئالامەتلىرىدىنلا بىلىۋالغانىدى .
بۇ 11 - ئاي مەزگىلى بولۇپ ، تالا سوغۇق ئىدى ،شۇڭا كىچىك ئاخۇن مېھمانلارنى ئۇدۇللا مېھمانخانىغا باشلىدى .ھەممەيـ. لەن كۆرپىدىن ئورۇن ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئورنىدىن قوزغىـ. لىپ كىچىك ئاخۇندىن تىنچ - ئامانلىق سورىدى ، ئاندىن كىچىك

ئاخۇن كۆپچىلىككە توختى بىلەن ساۋۇرنى تونۇشتۇردى:
— بۇ كىشى مەن داۋامەت ئاغزىمدىن چۈشۈرمەي كېلىۋاتقان ئوت يۈرەك يىگىت توختى مانجۇ بولىدۇ. بۇ يىگىت بولسا توختىنىڭ تۇغقىنى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، قېرىندىشى، بىزنىڭ زىنداندىكى شاپائەتچىمىزنىڭ بىرسى، ئىسمى ساۋۇر بولىدۇ.
كىچىك ئاخۇننىڭ «شاپائەتچىمىز» دېگەن سۆزى توختىنىڭ ئېسىگە رەيھاننى سالدى. خىيالىدا رەيھان خۇددى «توختىكا!» دەپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك يارقىن سىيما نامايان بولۇپ، ئۇنىڭ خۇشلىقىش ئالدىدىكى كۆز ياشلىرى قەلب تارىنى تىترەتمەكتە ئىدى.
— ئەمدى سىلەرنى تونۇشتۇراي!— دېدى كىچىك ئاخۇن مەھەللىدىكىلەرنى بىر - بىرلەپ ئىما قىلىپ،— بۇ يىگىت تۇرسۇن، تۇرسۇنجان دەپمۇ ئاتايمىز. يېنىدىكىسى هامۇت بولىدۇ. يەنە ئۆلگۈرۈپ كېلەلمىگەن مېھمانلىرىمىز بار. تۇنۇگۇن هوشۇرجاننى ئەۋەتكەنىدىم، بۈگۈن نەدىلا بولسا يېتىپ كېلىدۇ...
كىچىك ئاخۇن گېپىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرگىچە ئارازىلىدىكى ئوسمان، خاسان، تۇغانبېكلەر كىرىپ كەلدى، كىچىك ئاخۇن يېڭى كەلگەنلەرگە توختىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن زىنداندا ئۆتكەن كۈنلىرىنى، تۇنجى قېتىملىق قىيىن - قىستاقتىن كېيىنكى ئىمجان هالىنى تىلغا ئالغاندا كۆز چاناقلىرىدىن تاشقىنلىغان ياشلار ئىڭەكلىرىدىن يامغۇردەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. گەپ ئۆزلىرىگە ئوخشاش يۈزلىگەن گۇناھسىز خەلقنىڭ دەرد - ئازابلىرى، قارا دەرۋازا ئالدىدىكى نالە - زار، قىيا - چىيالارغا كەلگەندە، يىگىتلەر گويا ماتەمدارلاردەك ئېغىر سۈكۈتكە چۆمدى، چوڭقۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشلار ئۆينى بىر ئالدى. ئاق كۆڭۈل ئايال هەپىزەنىڭ ئۆكسۈپ هېقىقداشلىرى خۇددى قىيامەت قايىم بولۇپ يەر - جاهان زىلزىلىگە كېلىۋاتقاندەك، هەممەيلەننىڭ يۈرەكلىرىنى ياپراقتەك تىترىتىپ، داستىخان كۆتۈرۈپ كىرگەن سەبىي قىز زۇلپىيەنىمۇ يىغلىتىۋەتتى. مەسلەكداش دوستلارنىڭ بۈگۈنكى يى-

غىلىشى تەنتەنە ئەمەس، بەلكى بىئەجەل ئۆلگەنلەرنىڭ ماتەمگە ئايلاندى .

— ئىنتىقام ئالىمىز !— بۇ تۇرسۇننىڭ كەسكىن ئاۋازى ئىدى . يىگىتلەر مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگۈپ ئىپادە بىلدۈرۈشتى . بۇنىڭغا ئۇلاپلا :

— جىنىمنى تىكىپ قويدۇم !— دېدى هامۇت .

— ئىنتىقام ئالىمىز ! يا ئۆلۈم - يا كۆرۈم !بېشىمىزغا كەل- گەننى كۆرىمىز ،بەگ - ئەمەلدارلارنى ، مۇتەئەسسىپ هارامزادىلەر- نى ، ئەفرىدۇننى يوقاتماي قويمايمىز ! مەهبۇسلارنى ،زالىملارنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئېزىلگەنلەرنى ئازاد قىلىمىز . هەپسە - زىندانلار- نىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇيمىز !

يىگىتلەرنىڭ كۈچلۈك ئىرادىسى توختى ۋە كىچىك ئاخۇندا زور ئىشەنچ پەيدا قىلىپ ، جەڭگىۋار لەشكىرىي قوشۇنغا ئىگە بولغاندەك مەغرۇرانە هېسسىياتقا كەلتۈردى . كىچىك ئاخۇن ئىشنى نەدىن باشلاشنى ، نېمە دېيىشنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەنىدى ، شۇڭا پەقەت زىنداندا كۆرگەنلىرىنىلا سۆزلەپ بەردى . بۇ ، ئاڭلى- غۇچىلارغا نىسبەتەن ئەڭ جانلىق پاكىت ئىدى . ئەمەلىيەت ئەزگۈ- چى كۈچلەرنىڭ زۇلمى چېكىدىن ئاشقانلىقىنى ، ئەمدى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ يوقاتمايدىغان بولسا ، يەنە تۇمەنلىگەن بىگۇناھ خەلقنىڭ ياشاشقا ئامالسىز قالىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى . يىگىتلەرنىڭ غەزەپ - نەپرەتلىرىدىن خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرەشكە قىزغىن قات- نىشىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولاتتى . ئەمدىكى گەپ تېزرەك تەشكىللىنىپ دەرهال قوزغىلىشتا قالغان بولۇپ ، كېچىكىش پايدى- سىز ئىدى . كۆپچىلىك مۇشۇنداق قىزغىن تالاش - تارتىش قىلى- شىۋاتقاندا قەشقەردىن هەسەن تۇرك تۆت ئاغىنىسىنى ئېلىپ هو- شۇرجان بىلەن يېتىپ كەلدى .مېهمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىۋاتقان كىچىك ئاخۇن ئىشنى تۈگىتىپ چىقىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى . كىچىك ئاخۇننىڭ هويلىسى بايرام تۇسىگە كىرگەنىدى .ئەگەر بۇ- نىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇنقى چاغ بولىدىغان بولسا ئىمام تالىپلىرى

بىلەن گىپىنى بىر قىلىپ ،كىچىك ئاخۇن ئۆيگە توپىلاڭچىلارنى توپلىدى دەپ پاششاپ بېگىنىڭ قېشىغا ئېشىكنى چاپتۇرۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى .بۇگۇن بولسا ئىشلار ئوڭغا تارتقاندەك ئەتراپ شۇنداق تىنچ ، بىرەر غەيرىي ئادەممۇ كۆرۈنمەيتتى . بۇ ، ۋەزىيەت-نىڭ ئۇلارغا پايدىلىق بولۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى .

— ھەسەنجان ، كىم كەلدى ؟ ماڭا قارا ! ساڭا سۆزلەپ بې-رىپ ، كۆرۈشتۇرۇشنى كۈتۈپ كېلىۋاتقان توختى مانجۇ دېگەن مانا مۇشۇ ! قانداق ؟ توغرا دەپتىكەنمەنمۇ ؟

كىچىك ئاخۇن ھەسەن تۇركتىن جاۋاب كۈتمەستىن سۆزلەپلا كەتتى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! يەنە بىر كۆرۈشۈۋېتەيلى ،— ھەسەن تۇرك توختىغا قول سۇندى .

كىچىك ئاخۇن ئارقىدىن ساۋۇرنى تونۇشتۇردى . ئەمما ، ھە-سەن تۇركنىڭ نەزىرى تېخىچە توختىدا بولۇپ ، كۆڭلىدە كىچىك ئاخۇننىڭ قىلچىمۇ ئاشۇرۇۋەتمىگەنلىكىنى جەزملەشتۇرمەكتە ئىدى .

— ئەمدى قوزغىلاڭنىڭ پەيتى كەلدى !— دېدى ھەسەن تۇرك ،— بەش — ئالتە ئايىنىڭزى ھەسرەت يۇتۇپ كېلىۋاتقانىدىم . شۇ تۇرقىدا قانات - قۇيرۇقىمىز يېتىلدى دېسەكمۇ بولىدۇ . قابىل ئىككى يېتەكچىگە ئېرىشتۇق . جەڭ قىلىدىغانغا مانا بىز بار . ھازىر قەشقەر خەلقى مىللىي مۇناپىقلارنىڭ زۇلمىدىن جاق تويدى . ئەگەر شۇنداق قوزغىلىدىغان بولساقلا ، ھەممە ئادەم ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك ئېتىلىپ چىقىپ بىزگە قوشۇلىدۇ . ھەربىرى 100دىن چېرىككە تېتىغۇدەك يىگىتلەردىن مېنىڭ ئىتائىتىمدىكىلىرىلا 100دىن ئاشىدۇ . ئۇلار جېنىدىن كەچسە كېچىدۇكى ، گېپىمنى يىرمايدۇ . ئەمدى كۈتۈپ تۇرالمايمەن . سىلەر يەنە ئىككىلەنسەڭلا-ر ، كۈتۈپ تۇرۇڭلار ، مەن ئۆزۈمنى سىناپ باقاي ، ئەگەر سۆزۈمگە كىرسەڭلار بۇگۇن چىكىمىزنى توختىتايلى . قېنى سىلەرنىڭ نېمە مەسلىھەتلىرىڭلار بار ، ئاڭلاپ باقاي دەپ كەلدىم . گېپىمگە قارىتا

مېھماننىڭ قانداق كۆزقارىشى بار ، ئۇنىمۇ ئاڭلاپ باقساق دەيمەن .
توختى ئېپادە بىلدۈرمەي جىم ئولتۇردى . بىردەملىك سۈكۈت-
تىن كېيىن ، كىچىك ئاخۇن تەمكىن ھالدا ئېغىز ئاچتى .
— مەن ھەممىنى چۈشىنىمەن !— ئۇ دېمەكچى بولغان سۆزىنى
تاپالمايۋاتقاندەك بىردىنلا توختىۋالدى ، ئاندىن ئولتۇرغانلارنى خۇد-
دى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ھەممەيلەنگە بىر - بىرلەپ قاراپ
چىقىپ كەسكىن تەلەپپۇزدا داۋام قىلدى ،— بۇرادەرلەر ! ھەسەن-
جاننىڭ دېگەنلىرى توغرا ، ھەقىقەتەن كىچىكتۇق . ئەمما ، نۇرغۇن
خىزمەت ئىشلەندى . مەن ئالدىرىمايۋاتقىنىم يوق ، ھازىرلا ئېتىد-
لىپ چىققۇم بار . بۇنداق قىلىش ئۆزىنى بىھۇدە ئۆلۈمگە تۇتۇپ
بەرگەنلىك بولىدۇ ! بىزنىڭ كۈچىمىز يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىۋا-
تىدۇ . ھازىر قولىمىزدا تارقاق ھالدا تۇرۇۋاتقان 10 دانە قارا
مىلتىق بار . ئاغۇ ، ئارازىلدىكى ئومۇمىي مىلتىقنى يىغساق ھەممى-
سى 20 ئەتراپىدا بولىدىكەن . ئاتمۇ يېتەرلىك ئەمەس . بىزدە
غەيرەت بولغان بىلەن تەييارلىق ئاجىز ، نىشانىمىز ئايدىڭ ئەمەس .
كىمنى يوقىتىمىز ، قەيەرگە بېرىپ ، قەيەردە توختايمىز ؟ بۇنى
تېخى بېكىتمىدۇق . قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن قابىلى-
يەتلىك يېتەكچى بولمىسا بولمايتتى . شۇ سەۋەبتىن تۇرۇپ قال-
دۇق . مانا ئەمدى ۋاقىت كەلدى . نۇرغۇن جەڭنامىلەرنى كۆرگەن ،
بىلىملىك بىر يىگىتكە ئېرىشتۇق . ئۇ يىگىت مانا بۇ توختى . بىز
ھەسەنجان بىلەن كۆپ باش قاتۇرۇپ ، ئالدىراپ قول سالغىلى
بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن ، ھازىر ئاغۇ ، ئارازىلدا ياش - ئوتتۇرا
ياشلىقلاردىن مەيدىسىگە مۇشتلاپ جەڭگە كىرىدىغانلار 100 گە
يېتىدۇ ، بۇنىڭغا ھەسەنجاننىڭ ئادەملىرىنى قوشساق 200 دىن
ئاشىدىكەن . بىز شەھەر شارائىتىنى شەھەرلىكلەردەك بىلمەيمىز .
يىگىتلىرىمىزگە بىردىن ئات كېرەك ، بۇنى ۋاقتى كەلگەندە ھەل
قىلارمىز ، لېكىن ھەممىمىز نامرات تۇرساق ، بىزدە ئات نېمە
قىلسۇن ؟ ھازىرچە بۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى . بار ئادەملىرىمىزنى
تەشكىللەپ ، قوزغىلاڭ تەييارلىقىنى رەسمىي باشلايلى . بىز توخ-

تىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقان . ساۋۇرنىڭ دېيىشىچە ، پەيزاۋات ، يەكەن ياشلىرىمۇ يولىمىزغا قاراپ تۇرۇپتۇ . ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا باشلىق بولغۇچىنى سايلاپ چىقايلى ، ئاندىن شۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش تۇتايلى . بۇنىڭغا قارىتا كۆپچىلىكنىڭ يەنە قانداق پىكرى بار ، ئاڭلاپ باقايلى .

ئولتۇرغانلار بىر - بىرلىرىگە قارىشىپ «قېنى ، سۆزلىمەمە-سەن » دېگەندەك ئىپادىلەرنى قىلىشىۋاتقاندا ، داستىخان سېلىنىپ ، ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر تەخسە گۆش قويۇلدى . شۇنىڭ بىلەن كۇسۇرلىشىشلار جايىدا توختاپ ، ھەممەيلەن گۆش يېيىش بىلەن بولۇپ كەتتى .

— ئەمدى پارتىيىمىزنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرايلى ،— دېدى كىچىك ئاخۇن دۇئادىن كېيىن كۆپچىلىككە مۇراجىئەت قىلىپ ،— بىزنىڭ بۇنىڭدەك يىغىلمىقىمىز ئاسان ئەمەس . يەنە بىر جەھەتتىن تولا يىغىلىۋەرسەك كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويىمىز . شۇڭا ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، ئالدى بىلەن باشلىق سايلىۋالايلى ، ئاندىن باشقا گەپكە ئۆتەيلى . مەن دەسلەپىدىمۇ «ۋاقتىنچە بولۇپ تۇراي » دېگەنىدىم . ئەمدى ۋاقتىم توشتى ، شارائىتىمۇ پىشىپ يېتىلدى . مېنىڭچە بۇ ئىشنى توختىغا تاپشۇرساق ، قانداق دەيسىلەر ؟ كۆپچىلىك كۆزقارىشىنى قويۇپ باقسۇن !

— ئۇنداق بولسا ، سىزگە بىر ياردەمچى قوشايلى ، ئىككىڭلار باشقۇرۇڭلار ، بۇنىڭدەك خەتىرى چوڭ ئىشقا بىر ئادەمنى ئىگە قىلىپ قويساق بولمايدۇ . بىرەر چاتاق چىقىپ قالسا ، ھەممىمىزنىڭ تۈگەشكىنى شۇ ! قانداق دېدىم ، كۆپچىلىك ؟

— شۇنداق قىلايلى ،— ھەسەن تۇركنىڭ بۇ تەكلىپىگە تۇرسۇن بىلەن كېرەم تەڭلا قوشۇلدى . ئارقىدىن ھەممەيلەن بۇنىڭغا رازىلىق بىلدۈرۈپ ، باشلىق سايلىماقچى بولۇشتى .

— مېنىڭچە ، توختى باش سەردار بولسۇن ! — دېدى كىچىك ئاخۇن ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ .

— قوشۇلىمەن ، كىچىك ئاخۇن ئورۇنباسار بولسۇن ! —

تەستىقلىدى ھەسەن تۇرك .
— ھەسەنجان مەشقاۋۇل بولىغاي . باش سەردارلىرىمىز جەڭ-
گە كىرسە بولمايدۇ . جەڭگە ھەسەنجاندەك باتۇرلار كېرەك !—
قەشقەرلىك كەسكىن تۇردە ئېيتتى .
— شۇنداق بولسۇن ! — تۇرسۇن قولىنى كۆتۈرۈشى بىلەن
باشقىلارمۇ ئوڭ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ قارار قىلىشتى .
توختى ، بۇنىڭدەك چوڭ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن ،
دەپ ھەرقانچە يالتايسىمۇ ، كۆپچىلىك ئۇنىڭ رايىغا باقماي سايلى-
ۋەتتى . ئەمدى قارارنى ئۆزگەرتكىلى بولمايتتى ، يەنە بىر جەھەت-
تىن ئۇنىڭدىكى ئوتتەك لاۋۇلداپ تۇرغان ئىسيانكار قەلب «كۆ-
رەشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن» دېيىشكە يول قويمايتتى . چۈن-
كى ، ئۇ مۇشۇنداق پۇرسەتنى كۈتۈپ كېلىۋاتاتتى . شۇڭا ، كۆپچى-
لىك ئىشەنچ بىلەن كۆتۈرگەن قوللىرىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن
كېيىن ، ئورنىدىن تۇرۇپ سايلامغا ئىپادە بىلدۈردى :
— ئىشەنگىنىڭلارغا رەھمەت ! كۆپچىلىك كۆڭۈل رايى بويىچە
ئەقىدە قىلىپ مېنى سايلىغانىكەن ، مەن ئەلۋەتتە كۈتكەن يېرىڭلار-
دىن چىقىشىم كېرەك . بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن
سىلەر مېنىڭ دېگەن يېرىمدىن چىقمىساڭلار بولمايدۇ ، گېپىم
توغرىمۇ ، كۆپچىلىك ! ؟
— توغرا ،— تەڭلا ئاۋاز قوشتى كۆپچىلىك ، — سەردار
ھەرقانچە قابىل بولغان بىلەن لەشكەرلەر ماسلاشمىسا ، جەڭدە
غەلىبە قىلغىلى بولمايدۇ .
— ئۇنداق بولسا سىلەر نېمە ئىش قىلماقچى ؟— سورىدى
توختى كۆپچىلىككە تەكشى قاراپ .
— سىز نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلىمىز !— ئولتۇرغانلاردىن
بىرسى ئېغىز ئاچتى .
— توغرا ئەمەس ! ھەممىڭلارنىڭ ۋەزىپىسى ماڭا ئوخشاشلا
مۇھىم . بىز يالغۇز جەڭ قىلالمايمىز . سىلەر ئاممىنى ئويغىتىپ ،
زالىملارغا قارشى غەزىپىنى قوزغايسىلەر ، ئازادلىق يوللىرىنى

كۆرسىتىپ بېرىسلەر . لېكىن ، ئۇلارنى زورلاپ باشلاپ كېلىشكە بولمايدۇ ، بەلكى ۋاقتى كەلگەندە «ئالغا !» ساداسىنى ئاڭلاپلا ، ھەممىسى ئۆزلۈكىدىن سېپىمىزگە قوشۇلىدۇ . بۇنىڭغا نىسبەتەن قارىشىمىز ئېنىق بولۇشى كېرەك . بۇ يەردىكى قارا كۆز يىگىتلەر لەشكىرىڭلارنى ئۆزۈڭلار تاپىسلەر . ھەر ـ قايسىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ لەشكەرلىرىڭلارنى تەشكىللەپ سەپ تۈزۈپ ، بۇيرۇقۇم بويىچە ئىش كۆرىسلەر . بۇيرۇققا ئىتائەت قىلماي بىھۇدە ئادەم ئۆلۈشكە سەۋەبچى بولساڭلار ، قاتتىق جازاغا تارتىلىسلەر .

— قوللايمىز !— كۆپچىلىك بىردەك ئىپادە بىلدۈرۈشتى .

— ئۇنداق بولسا ،تۆۋەندە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ قارار قىلىۋالايلى : بىرىنچى ، ئالدى بىلەن ھەرقايسىمىز ـ نىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز ئايدىڭ بولۇشى كېرەك ؛ئىككىنچى ،ھا ـ زىردىن باشلاپ قورال ۋە ئوق-دورا تەييارلىشىمىز لازىم··· شۇنى قايتا تەكىتلەيمەنكى ، جەڭ قىلىش ئۈچۈن قورال بولۇش كېرەك . قورال دېگىنىمدە ھازىرچە ئوۋچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان قارا مىلتىق بولسىمۇ بولىدۇ .لېكىن ،بۇنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىگىسى بار ،سېتىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ .ئەپسۇس ،بۇ يەردە ئولتۇرغانلىرىمىزدا پۇل يوق ،پۇلى بارلارنىڭ دەردى يوق .قانداق قىلىش كېرەك !؟— توختى كۆپچىلىككە تەكشى قارىۋېتىپ ، قوينىدىن رەيھان بەرگەن ھەميياننى ئالدى ،— بۇنىڭدا 30 سەر كۈمۈش بار . قارا مىلتىقتىن 30 نى ياكى ئېپى كېلىپ قالسا 40 نى سېتىۋالغىلى بولىدۇ . ئوق ـ دورا سېتىۋالىمىز دېسەك يەنە پۇل كېتىدۇ . ياخشى يېرى ، دورا ياساشنى ھەممەيلەن بىلىمىز ، قوغۇشۇننىڭ باھاسى ئەرزان ھەم ئاسان تېپىلىدۇ ، تەڭلىك تارتمايمىز ، مېنىڭچە ، بۇنىڭغا بىر ئادەم مەسئۇل بولسۇن ،بەزى ئىشلارنى مەن ئورۇنلاشتۇرىمەن ،— توختىنىڭ خىيالىغا شۇئان زۇمرەتخېنىمدىن ياردەم سوراش ئويى كېلىپ ، ساۋۇرنى ئەۋەتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى .

توختىنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشى كۆپچىلىكتە ئىشەنچ تۇرغۇ ـ زۇپ دىللىرىنى يايرىتىۋەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە توختى كىچىك

ئاخۇندەكلا گەپدان، ناتىق ئىدى، ئارقىدىن كىچىك ئاخۇن سۆز ئالدى. ئىككىيلەننىڭ گېپى بىر يەردىن چىققاچقا، ئولتۇرغانلار ھازىرلا ئۆزلىرىنى ئوق يېغىۋاتقان جەڭ مەيدانىدا تۇرۇۋاتقاندەك، قۇرۇق قول قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ دۈشمەننىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىشتى. توختىنىڭ بۇ يەردىكىلەردىن كىچىك ئاخۇندىن باشقىلار ئۆمرىدە ئىرىشىش تۈگۈل قولىغا ئېلىپ ساناپ بېقىشمۇ نېسىپ بولمىغان شۇنچە جىق پۇلنى ھەميان بىلەنلا قوزغىلاڭ ئۈچۈن بەخش ئېتىشى قاتتىق ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەن يىگىتلەر بىردىنلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، قەسەمياد قىلىشتى:

— جېنىمىز پىدا!

— ئۆلۈمدىن قورقمايمىز!

— زالىملارنىڭ ئەدىپىنى بېرىمىز!

— بىز جەزمەن غەلىبە قىلىمىز!

كىچىك ئاخۇننىڭ مېھمانخانىسى ئاجايىپ جانلىنىپ كەتتى. بۇ ھال توختىنىڭ ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، كۆتكەن ۋاقتىنىڭ ئۇزاق قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. ئولتۇرغانلار ئىچىدىن تۇرسۇن قول كۆتۈرۈپ كەسكىن ئىپادە بىلدۈردى:

— قورال سېتىۋېلىشقا مەنمۇ پۇل چىقىرىمەن. ئاتا - ئانام قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەندىنمۇ بەك تەقەززا. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ئىچى تىت- تىت بولۇۋاتىدۇ. ئائىلىمىزدىكىلەر بار - يوق ئۇلاغ - چارپايلارنى تاغقا ئاپىرىپ قىرغىزلار بىلەن مىلتىققا تېگىشىپ تەقلەپ قويغىنى نىكەم. بىز ئىككى ئوغۇل دادام بىلەن قوشۇلۇپ جەڭگە ئۆزىمىزنى ئاتاپ قويدۇق. ئەمدى بىزگە پۇل - مالدىن زۆرۈرى ئەركىنلىك! ئايرىم بېقىۋاتقان ئىككى قويىنىمۇ قورالغا تېگىشەيلى!

بۇنىڭدىن ئىلھاملانغان كۆپچىلىك بەس - بەستە كۆڭۈل ئىزھار قىلىشتى. ھەممەيلەننىڭ ۋۇجۇدى قوزغىلاڭ ئۈچۈن گۈلخاندەك يانغانىدى. توختى بىلەن كىچىك ئاخۇننىڭ كۆز ئالدىدا يۇزلىگەن - مىڭلىغان ئادەملەر: «ياشىسۇن ئەركىنلىك، ياشىسۇن

مىللىي ئازادلىقىمىز !» دەپ تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك قايىنام ـ تاشقىنلىق كۆرۈنۈش نامايان بولدى .

— رەھمەت سىلەرگە !— دېدى توختى كۆپچىلىككە رازىمەنلىك بىلەن قاراپ ،— بىز خەلقنىڭ ئارقىسىدا قاپتىمىز . ھەربىر ئائىلە بىر گۇرۇپپا جەڭچىلەرگە ئايلىنىپ بوپتۇ . شۇڭا ، تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ ، قوزغالغان خەلققە قوماندانلىق قىلىشىمىز ، تارقاق كۈچنى توپلاپ ، قوشۇننى زورايتىشىمىز لازىم !

ئولتۇرغانلار ھاياجانلىنىپ چاۋاك چېلىشتى .

بايىدىن بېرى زۇۋان سۈرمەي ، تىڭشاپ ئولتۇرغان ھەسەن تۆرك ئېغىز ئاچتى :

— بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزدە ئۈمىد بار . مەن كۆپچىلىكنىڭ قىزغىنلىقىدىن كۈتمىگەن خۇشاللىققا ئېرىشتىم . ھەرقانداق نەرسە يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىدۇ ، ئاندىن شەرت ـ شارائىتنىڭ پىشىپيېتىلىشى بىلەن تەرەققىي قىلىپ زورىيىدۇ ، بىر نىيەتتە ئۇيۇشقان خەلقنىڭ كۈچىگە ھېچ نەرسە تەڭ كېلەلمەيدۇ . گەرچە ھازىر قورال يېتەرلىك بولمىسىمۇ ، قولىمىزدا كەينىدىن ئوقلىنىدىغان مىلتىقتىن بىرقانچىسى ، تەپكىلىك مىلتىقتىن بىرسى بار…

— نېمە؟ تەپكىلىك مىلتىق دېدىڭما !؟— كىچىك ئاخۇن ھاياجانلانغىنىدىن ھەسەن تۆركنىڭ گېپىنى بۆلۈپ سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى يالقۇنجاپ كەتكەنىدى .

— ھەئە ،تەپكىلىك مىلتىق .بىر مانجۇ چېرىكى بىلەن قىمار ئويناپ ئۇتۇۋالدىم ،— ئولتۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى ،— ھەسەن تۆرك سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئېيتتى ،— باشقىلىرىنى رەۋزەشەب يامۇلىنىڭ قورال ئامبىرىدىن بۇرادەرلەر ئوغرىلاپ كەلدى .

— قالتىس ! قالتىس ئىش بوپتۇ . مانا سەن ھەقىقىي قوماندان ! بىزنىڭ قايغۇمىزنى تۈگىتىپ ،ئىرادىمىزنى چىڭىتتىڭ !

كىچىك ئاخۇن ئۆزىنى تۇتالماي قىلىۋاتاتتى . ھەممەيلەننىڭ كۆزى ھەسەن تۆركتە ئىدى . ھەسەن تۆرك شۇ تاپتا ھېچقانداق

كۆچ تەۋرىتەلمەيدىغان سىپەرلىك ئادەمدەك كۆرۈنمەكتە ئىدى، نېمىشقىدۇر چىرايىدا كۆپچىلىكنىڭكىدەك كۈلكە ئەمەس، بەلكى قايغۇ ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان كۆپچىلىك دەرھال كۈلكىدىن توختاپ، ھەسەن تۈركنىڭ ئاغزىغا قارىدى:

— بار قورالنىڭ ھەممىسى ئارانلا 20 تال، — دېدى ھەسەن تۈرك تەمكىن تەلەپپۇزدا، — ئادەم بولسا ناھايىتى كۆپ. قەشقەر خەلقى قوزغىلاڭنىڭ تېزرەك پارتلىشىنى كۈتۈۋاتىدۇ. قوزغىلاڭدا غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن يەنىلا قوراللىنىشقا ئەھمىيەت بەرمىسەك بولمايدۇ. قولىمىزدا بار بولغان ئازغىنە قارا مىلتىق قانائەتلىنىش-كە ئەرزىمەيدۇ، بەلكى ۋاقتى كەلگەندە ئوقياچىلىق كېرەككە كەل-مەسلىكى مۇمكىن. جەڭدە ھەممىدىن مۇھىمى خەلقنىڭ بىر نىيەت-تە قوزغىلىشى، پەقەت خەلق قوزغالسىلا دۈشمەننىڭ زەمبىرەكلى-رىمۇ كېرەككە كەلمەي قالىدۇ. شۇڭا، بۇ ئەتراپلىق ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە دەپ قارايمەن.


يىغىن قىزغىن داۋام قىلغاچقا، كۈننىڭ قانداق كەچ بولغىنى بىلىنمىدى. ئۇلار مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ ئۆيلىرىگە تارقىغاندا، تۈن نىسپىدىن ئۆتكەن بولۇپ، نېرىدىكى تاغ تەرەپتىن بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى تۇرۇپ - تۇرۇپ ئاڭلىناتتى. قەشقەردىن كەلگەنلەر ۋە ئارازىللىق يىگىتلەر قونۇپ قالدى. كۈندۈز يېتىشمەي تۈن نىسپىگىچە داۋاملاشقان ئاغۇدىكى بۇ يىغىلىشتا قوزغىلاڭنىڭ دەس-لەپكى تەشكىلىي قۇرۇلۇشى قارارلاشتۇرۇلۇپ، توختى مانجۇ باش سەردار، كىچىك ئاخۇن ئورۇنباسار سەردار، ھەسەن تۈرك مەشقا-ۋۇل بولدى. قالغان يىگىتلەرگە ئۆز ئالاھىدىلىكىگە يارىشا ئىش تەقسىم قىلىنىپ، ساۋۇر يەكەنگە بېرىپ قوزغىلاڭچى كۈچلەرنى تەشكىللەشكە، تۇرسۇن قاتارلىقلار ئاغۇ خەلقى بىلەن سىردىشىپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئادەملىرىگە مەسئۇل بولغان ئاساستا ئۇلارنى قوراللاندۇرۇپ، بۇيرۇق كۈتۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئوسمان ۋە خاسان قاتارلىقلار ئارازىلغا مەسئۇل بولۇپ، خەلقنى ئومۇمىيۈزلۈك ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈش

بىلەن ، ھەقىقىي ئىشەنچلىكلەرنى قوراللاندۇرۇشنى ؛ ھەسەن تۆرك قەشقەر خەلقىنى قوزغاپ ، جەڭ تەييارلىقى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ ،قوزغىلاڭچىلار قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغاندا ، تەرەپ - تەرەپتىن چىقىپ ماسلىشىشقا يېتەكلەشنى ئۈستىگە ئالدى .

توختى مانجۇ بولسا پەيزاۋات ياشلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشتىن سىرت ، ئالتە شەھەر تەۋەسىدە قەبىھ ئېزىلىشكە ئۇچرىغان نامرات ، ئىسيانكارلىق روھى كۈچلۈك خەلق باتۇرلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ ، ئىشەنچلىك بولغانلىرىغا خەلقنى ئويغىتىش ۋەزىپىسىنى بېرىش ، كەنت - مەھەللىلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى ، ئېرىق - ئۆستەڭ ، دەريا - كۆللىرى ، يول ۋە باشقا ئىستراتېگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى تەكشۈرۈپ خاتىرىگە ئېلىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئالدى .

كىچىك ئاخۇن تەرەپ - تەرەپكە بۇيرۇق يەتكۈزۈشكە مەسئۇل قىلىندى . ئەمما ، قوزغىلاڭنى قاچان ، قانداق باشلاش ئۈستىدىكى پىكىرلەردە تېخى بىرلىككە كەلمىگەچكە ، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار توختى ، ھەسەن تۆرك ، كىچىك ئاخۇننىڭ قارار قىلىشىغا قالدۇرۇلدى .



## ئون ئىككىنچى باب

# ئاخىرقى قارار

يىغلىش توگەپ، ئۆزنىغانلار ئۆيىگە، قالغانلار تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى. توختى نېمىشقىدۇر تاڭ ئاتقۇچە زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇ تۇنۇگۇندىن باشلاپ بۇرۇنقىدەك خالىغان يەرگە بېرىپ، نېمە خىيا-لىغا كەلسە شۇنى قىلىدىغان توختى ئەمەس، بەلكى يۈزلىگەن، مىڭلىغان، ھەتتا ئون مىڭ - يۈزمىڭلىغان خەلقنىڭ ھايات - ماماتىغا مەسئۇل بولىدىغان ئادەمگە ئايلانغانىدى؛ قوزغىلاڭنىڭ چوڭ يانغىن ياكى كەلكۈنگە ئوخشاش دەھشەتلىك ھادىسە ئىكەنلى-كىنى، نېمىلەرنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇپ، نېمىلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرغىلى بولمايدىغانلى-قىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئويلىغانسېرى شۇنچە قورقۇنچ باس-قاندەك بولاتتى، كۆز ئالدىدىن قانغا مىلەنگەن جەسەتلەر نېرى كەتمەيتتى. يىغا - زار، نالە - پەريادلار قۇلىقىدا جاراڭلايتتى. ئۇنىڭ ئېسىگە بىر دىنلا زىندان ھاياتى، نىمجان مەھبۇسلار، ئازاب-قىيناقلار كەلدى - دە، ۋۇجۇدىدا غەيرەت، ئىشەنچ پەيدا بولۇپ، قەلبىدىكى غەزەپ ئوتى لاۋۇلداشقا، شىجائىتى مەۋج ئۇرۇپ دېڭىز-دەك دولقۇنلىنىشقا باشلىدى. خىيال يەلكىنى ھايات كېمىسىنى ماياك تامان ئىلگىرىلەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلى-لەرنىڭ بىرى، قاچان قوزغىلىش؛ يەنە بىرى، زالىملارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش ئىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا بۇنى قايتىدىن مەسلىھەت-لەشمىسە ھەرگىز بولمايتتى.

تاڭ ئېتىپ، بامدات نامىزىدىن كېيىن ناشتىغىچە ئارىلىقتا يەنە تالاش - تارتىش بولدى. توختى مانجۇ بىرىنچى بولۇپ سۆز ئالدى:

— بۇرادەرلەر، بۈگۈن ئىككى مەسىلىنى بېكىتىۋالايلى، ئالدى بىلەن قوزغىلاڭنى قاچان باشلايمىز دېگەن مەسىلىنى قارارلاشتۇرساق دەيمەن. بۇنىڭدا شۇنى نەزەرگە ئېلىش زۆرۈركى، ھازىر 11- ئايغا 28، دېمەك ئىككى كۈن ئۆتسە 12 - ئاي كىرىدۇ، تەييارلىق تېخى پۈتمىدى. ئەگەر سوغۇق چۈشۈپ كەتسە، جەڭنى ئۆيدە ئولتۇرۇپ قىلىمىزمۇ؟ قوزغىلاڭچى قوشۇن پۈتۈنلەي نامراتلاردىن تەركىب تاپقان، قەھرىتان قىشتا تالا - تۈزلەردە يېتىپ بەرداشلىق بەرمەك قىيىن، شۇڭا قىشنىڭ چىقىشىنى كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا زادى قاچان، قايسى كۈنى قوزغىلىمىز؟ بۇنى ئايدىڭلاشتۇرىۋالغاندىن كېيىن ئىككىنچى مەسىلىگە ئۆتىمىز. قېنى، بىر - بىرلەپ پىكىر بايان قىلايلى، كىچىك ئاخۇنكا، گېپىم توغرىمۇ؟

— مېنىڭچە، — دېدى كىچىك ئاخۇن، — رامىزاندىن كېيىن باشلىساقمىكىن.

— رامىزان قاچان؟ — سورىدى توختى.

كىچىك ئاخۇن بارماقلىرىنى پۈكۈپ ساناپ، جاۋاب بەردى:

— 4- ئاي، بۇ چاغدا سوغۇق بوشايدۇ، يېنىك كىيىم بىلەن سىرتتا يانسا توڭلاپ قالمايدۇ، توڭ ئېرىپ، ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە سۇ كېلىدۇ. تۇرمۇش قولايلىق بولىدۇ.

— شۇنداق بېكىتەيلى! — ھەسەن تۇرك ئاۋاز قوشتى، — دەرۋەقە يۇقىرىقى ئىككى مەسىلە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، 4- ئايدا قوزغىلىش قارارلاشتۇرۇلدى. توختى يەنە بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— رامىزاندىن كېيىن قوزغىلىشنىغۇ بېكىتتۇق. ئەمدى كۈنمۇ ئايدىڭ بولۇپ كەتسۇن!

— روزى ھېيتىنىڭ 15- كۈنى بولسۇن . بۇ چاغدا ئاي تولۇپ ، سۈتتەك ئايدىڭ بولىدۇ . خېلى يىراقتىكى ئادەمنىڭ قولىدا نېمە بارلىقىنى بىلمەك ئاسان ، ئادەملىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە مىلتىق بولۇشى ناتايىن . ئايدىڭدا «قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ» دەپ ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەيۋىسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەنلەر ئادەملىرىمىزنىڭ قولىدىكى تاياق - كالتەكلەرنىمۇ مىلتىققا ئوخشىتىپ قېلىپ شىجائىتى يىمىرىلىدۇ ، يەنە بىر جەھەتتىن ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىنى پەرق ئېتەلەيدۇ ، ئەگەر قاراڭغۇدا قوزغىلىپ قالساق ، تەربىيىلەنمىگەن قوشۇنىمىز ئوقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا پاتپاراق بولۇپ ، ئاسانلا قولغا چۈشىمىز ، قانداق دېدىم ؟— كىچىك ئاخۇن ئۆز مۇھاكىمىسىدىن مەمنۇن بولغاندەك ئەتراپىغا قاراپ قويدى .

— بۇ پىلان بولىدىكەن ، سىزچە قانداق ؟— توختى ھەسەن تۆرككە تىكىلدى .

— شۇنداق بولسۇن ، مېنىڭچە قوزغىلاڭنىڭ كونكرېت ۋاقتىنى روزى ھېيتىنىڭ 15- كۈنى يېرىم كېچىگە بېكىتەيلى . قارشى پىكىر بولمىسا ، قولۇڭلارنى كۆتۈرۈڭلار .

شۇنداق قىلىپ ، قوزغىلاڭنى 1857- يىل 4- ئايدا باشلاشتىن ئىبارەت بىرىنچى مەسىلە قارارلاشتۇرۇلدى .

— ئىككىنچى مەسىلە ،— دېدى توختى ،— بىزدە قورال ئاز ، يەنە كېلىپ شۇ ئازغىنە قورالنىڭمۇ ھەممىسى قارا مىلتىق . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەملىرىمىز تەربىيىلەنمىگەن ، سان جەھەتتىن كۆپ ئەمەس . يامان يېرى بىزنى خەلق تونۇمايدۇ ، خەلقنى ئۆزىمىزگە مايىل قىلالمىساق مەغلۇبىيەت كۈتىدۇ ، خالاس . ئەگەر قەشقەر خەلقى بىزگىمۇ 1847 - يىلى ئەتىيازدا كاتتا تۆرە باشچىلىقىدىكى يەتتە خوجا يېغىلىقىدا كاتتا تۆرە تاكى قورغاننى ئالغانغا قەدەر شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرمىگەندەك پوزىتسىيە تۇتسا قانداق قىلىمىز ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ، قوزغىلاڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە قەشقەر ئاھالىسىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىشىمىز ھەممىدىن مۇھىم ، بىراق بۇ ئۇنداق ئاسانغا توختايدىغان ئىش ئەمەس . بۇنىڭ

چارىسى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى بىر ئادەمنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، شۇنىڭدىن پايدىلىنىشتۇر.

بىردەم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئىلگىرىمۇ بىر نۆۋەت كىچىك ئاخۇن بىلەن ھەسەن تۆرك تالىشىپ بىرلىككە كېلەلمىگەن بۇ ئىشتا «ھە - ھۇ» بىلەنلا بىرلىككە كېلىش ئوڭاي توختىمايتتى. توختى مانجۇنىڭ بۇ مەسىلىنى ئالاھىدە مۇزاكىرىگە قويۇشى ھازىر ھەسەن تۆرككە ئاشۇنداق بىر ئادەمنىڭ بولۇشى زۆرۈرلۈكىنى تونۇتتى. كىچىك ئاخۇن بولسا بۇرۇندىن ئويلاپ كەلگىنى بىلەن كىمدىن پايدىلىنىشنى بىلەلمەي كېلىۋاتاتتى. بىرپەس داۋاملاشقان سۈكۈتتىن كېيىن ھەسەن تۆرك ئېغىز ئاچتى:

— بىز بۇرۇنمۇ بۇ ئىش ئۈستىدە تالىشىپ بىرلىككە كېلەلمىگەنىدۇق. گەپنىڭ راستىنى دېسەم، مېنىڭ زادىلا قوشۇلغۇم يوق ئىدى. ئەمدى ئويلىسام شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدىكەن. خۇراپاتلىق ئىسكەنجىسىدىكى ئالتە شەھەردە، بېشىغا سەللە ئورىۋېلىپ، تېرىسىنى تەتۈر سويسىمۇ جەننەتكە كىرگۈزۈپ قويىدىغان بولدى، دەپ جىم يېتىپ بېرىدۇ، قەشقەر ئاھالىلىرىگە تېخىمۇ گەپ توغرا كەلمەيدۇ. بۇنىڭغا خوجىلارنىڭ ۋەھشىيانە قىلمىشى مىسال بولالايدۇ. يەرلىك مۆتىۋەرلىرىمىز «پەيغەمبەر ئەۋلادى» دېگەن پەتىۋانى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئەقىلگە سىغمايدىغان ئەپسانىلەرنى ئۇلارنىڭ كارامىتى دەپ مۇبالىغە قىلىدۇ. ئاپپاق خوجىنىڭ كۆپتۈرۈلۈشى بۇنى ئىسپاتلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بىزنى گادايلىققا ئۇندەپ، ئۆزلىرى بۇلاڭچىلىق ئارقىلىق مال - دۇنيا توپلايدۇ، يەرلىك ئەمەلدار ۋە ئۆلىمالار ھەققىدىمۇ ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس! كۆپ ئويلاندىم، ئەگەر ئىجتىمائىي ھۆرمىتى چوڭ بىرەرسىنىڭ نامىدىن پايدىلىنىش توغرا كەلسە، پەيغەمبەر ئەۋلادى دېيىلگەنلەردىن جاھانگىر خوجىنىڭ يالغۇز ئوغلى بۇزرۇكخان تۆرىنى تەكلىپ قىلساقمىكىن دەيمەن. ئاڭلىشىمچە، ۋەلىخانمۇ بۇزرۇكخاننىڭ نامىدىن پايدىلىنارمىش. بۇزرۇكخان تۆرە مېھرىبان، مۇلايىم بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ياخشى پەزىلىتى بىلەن يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگىمىش. قەش-

قەر خەلقى بۇزرۇكخاننىڭ ئېتى چىقسا ،گويا نۇشىرۋاندەك تەرىپلە-
شىدىكەن...
كىچىك ئاخۇن ھەسەن تۇرك بىلەن ئىلگىرى قىلىشقان تالاش-
تارتىشلاردىن كېيىن ، كۆپ ئويلىنىپ ، ھەسەن تۇركنىڭ دېگەنلى-
رىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەسكەن دېگەن يەرگە كەلگەنىدى .
شۇنداقتىمۇ ، ئەل - جامائەت ئېتىراپ قىلىدىغان بىرەر ئابرۇيلۇق
كىشىنىڭ نامى بىلەن مەيدانغا چىققاندا ، خەلقنىڭ قوللىشىغا ئې-
رىشكىلى ، دۈشمەننى يېتىم قالدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلى-
دى . بۇ ئىش ئۇستىدە بېشى قېتىپ ، قانداق قىلىشنى بىلمەي
تۇرغىنىدا ، توختى مانجۇمۇ بۇ ئىشنى ئوتتۇرىغا قويدى . كىچىك
ئاخۇن ھەسەن تۇركنىڭ گېپى تۈگىگەندىن كېيىن ئېيتتى :
— مەن قارىشىمنى دەپ باقاي . بىز ئىلگىرىمۇ بۇ ھەقتە بىر
نۆۋەت تالاش - تارتىش قىلىپ بىرلىككە كېلەلمىگەنىدۇق . دەرۋە-
قە ، بىزنى ھېچكىم تونۇمىغان ، نىيەت - ئىقبالىمىزنى چۈشەنمە-
گەن ئەھۋال ئاستىدا ، تەسىر كۈچى بار بىرەر نام بىلەن ئوتتۇرىغا
چىقىپ ، ئاممىنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرمەي ئامال يوق .
مەنمۇ ھەسەنجاننىڭ قاراشلىرىغا قوشۇلىمەن .
توختى مانجۇ ياش جەھەتتىن ئىككىسىدىن كىچىك بولسىمۇ ،
بىلىم جەھەتتە ئۇستۇن ئىدى . ئۇ ئۇستازى ھەم خوجايىنى چاڭ
شەنسىڭدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغان بولۇپ ، خەنزۇچە تارى-
خىي كىتابلارنى قىزىقىپ ئوقۇيتتى . ئۇنىڭ قارىشىچىمۇ بۇزرۇك-
خان نۆۋەتتىكى قوزغىلاڭدا پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق
شەخس ئىدى . بۇزرۇكخاننىڭ بوۋىسى سامساق خوجا ، ئاتىسى جا-
ھانگىر خوجىلار ئالتە شەھەر خەلقىگە ئوبدان مۇئامىلىدە بولغانلار
بولۇپ ، ھەر مىللەت خەلقىنى باراۋەر كۆرگەچكە ، خەلق پەقەت
زالىملار ئۇستىدىنلا ئىسيان كۆتۈرەتتى . ئاتىسى جاھانگىر خوجا
1826 - يىلى ئالتە شەھەرگە باستۇرۇپ كەلگەندە ، پۇقرالارنى
قاقتى - سوقتى قىلىپ زار قاقشاتقان قەشقەرنىڭ قۇمۇللۇق بېگىنى
شەرىئەت بويىچە ئۆلۈمگە بۇيرۇغانىدى ، ئۇ مۆتىدىل سىياسەت

يۇرگۈزۈپ ، قەشقەرنىڭ يەرلىك بېگىدىن باشقا ھەممە بەگلەرنىڭ
ئەسلىدىكى ۋەزىپىلىرىنى ساقلاپ قېلىپ ، چىڭ پەرەسلەرنى ئۆزىگە
مايىل قىلىش بىلەن پۇقرالارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشكەن . يېڭى-
سار ، يەكەن ، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەردىكى پۇقرالارمۇ جاھانگىر
خوجىنىڭ قەشقەرنى ئالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپلا تۇشمۇتۇشتىن
قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ جاھانگىر خوجىنى قوللىغانلىقتىن «سەييىد
جاھانگىر سۇلتان »دەپ نام ئالغانىدى . جاھانگىر خوجا 1827- يىل
2 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن بولغان جەڭدە يېڭى-
لىپ ، ئەسىر سۈپىتىدە بېيجىڭغا ئاپىرىلغاندا ، ئوردا ئۇلۇغلىرى
جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئۆزلىرىنىڭ ئالتە
شەھەر خەلقىگە سالغان زۇلۇملىرى سەۋەب بولغانلىقىنى خان جا-
ھانگىر خوجىنى سوراق قىلغاندا بىلىپ قېلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ جازا-
لىنىشىدىن ئەنسىرەپ جاھانگىر خوجىغا ئوغا بېرىپ گەپ قىلالماس
ھالغا كەلتۈرۈپ قويمىغان بولسا ئىدى ، خان ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيى-
رۇپ ، بەدەنلىرىنى خامتالاش قىلىپ ، ئىتقا تاشلاپ بەرمىگەن
بولاتتى . ئەكسىچە ، 1826- يىل 6- ئايلاردا يۈز بەرگەن چىڭ
سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن بولغان 70 كۈنلۈك جەڭدە قەشقەر
«گۈلباغ » قورغىنىدىكىلەر تەسلىم بولۇپ ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈ-
مىتىنىڭ بۇ يەردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆلۈۋې-
لىشى ۋە 8 — 10 مىڭ چېرىك ئىچىدىكى 400 تۇڭگان ۋە ئىسلام
دىنىغا بەيئەت قىلغان بىر تۈركۈم ئادەمدىن باشقا ھەممىسىنىڭ
ئۆلتۈرۈلۈشى ئۆزىگە ئارتىلىشى ، بەلكى يوشۇرۇنچە زۇلۇم يۈر-
گۈزگەن ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن نەچچىسى جاھانگىر خوجىغا ئوخ-
شاشلا غالجىر ئىتلارغا تۆئمە بولۇشى مۇمكىن ئىدى . مانا بۇ
تەسىرلىك تارىخنى خەلق ئاممىسى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى . جاھان-
گىر خوجىنىڭ ئوغلى بۇزرۇكخان خەلققە يۈز كېلەلمەيدىغان بىرەر
ئىش كەلتۈرۈپ چىقارمىدى ، ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى قىسمەن ئا-
جىزلىق ۋە قابىلىيەتسىزلىكنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندا ، ئالىيجا-
نابلىقى ۋە مېھرىبانلىقى بىلەن خەلق ئىچىدە داڭق چىقىرىپ ،

يۈكسەك ئابرۇيغا ئېرىشكەنىدى . ئەگەر بۇ قوزغىلاڭ ئۇنىڭ نامىـ
دىن پايدىلىنالىسىلا ئالتە شەھەر خەلقى ئۆزلۈكىدىن قوزغىلاڭغا
قاتنىشىشى مۇمكىن ئىدى . شۇڭا ، توختى ئىككى بۇرادىرىنىڭ
قارىشىغا قوشۇلغان بولسىمۇ ، ئۈمىد چوڭ ئەمەس ئىدى ، ئەگەر
ئۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىسا ، يەنىلا تەۋەككۈلىسىگە ئىش ئېلىپ
بارماي بولمايتتى .

توختىمۇ ھەسەن تۆرك بىلەن كىچىك ئاخۇنلارنىڭ پىكرىگە
قوشۇلۇپ ئىپادە بىلدۈردى :

— مەنمۇ قوشۇلىمەن ، شۇنداق بېكىتتۇق ئەمىسە ، ئەمما
ئۇنىڭ قېشىغا كىم بارىدۇ ؟

— مەن باراي !— دېدى كىچىك ئاخۇن بىردەملىك سۈكۈتتىن
كېيىن .

— يەنە ئويلىنايلى ،— توختى كىچىك ئاخۇننىڭ بېرىشىغا
قوشۇلمىغاندەك پوزىتسىيىدە ھەسەن تۆرككە قارىدى .

— مېنىڭچە ،— ھەسەن تۆرك دەرھال ئىپادە بىلدۈردى ،—
رېھىمجان بارسۇن . ئۇنىڭ ھازىرچە ۋەزىپىسى يوق . يەنە بىر
جەھەتتىن ، چوڭ كارۋان بىلەن نەچچە قېتىم قاتنىغاچقا ، ئەھۋالـ
لارنى بەش قولدەك بىلىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە نەچچە يىل
شۇ تەرەپتە تۇرۇپتۇ .

— بوپتۇ ئەمىسە ، رېھىمجان ئاكام ئۆزى نېمە دەيدۇ ئاڭلاپ
باقايلى ، سىزچە قانداق ؟— توختى كىچىك ئاخۇنغا قارىدى .

— شۇنداق بولسۇن ، ئاكا !… قېنى سىز بۇياققا كىرىڭ !
رېھىمجان كىردى .

— بۇياققا كېلىڭ ! — توختى يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى ،
سىزگە ھاجىتىمىز چۈشۈپ قالدى .

— قېنى ، ئاڭلاپ باقاي ، قولۇمدىن كېلىدىغانلا ئىش بولسا ،
مانا مەن تەييار !

توختى ئۇدۇللا ئېيتتى :

— سىزنى قوقەندكە بېرىپ كەلسە دېيىشتۇق .

— نېمە ۋەجدىن ؟
— بۇزرۇكخان بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىسىز .
— تۇرار جايى نەدىكىن ؟
— بىلمەيمىز .
— بوپتۇ ، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ، تاپالمىسام ۋەلىخان تۆرەم بىلمەي قالمايدۇ ، يوقلاپ ئۆتكەچ ئۇنىڭدىن سورارمەن . قاچان يولغا چىقىمەن ؟
— بۇگۇنلا قەشقەرگە كىرىپ ، سارايۋەنلەر بىلەن كۆرۈشۈڭ . ئىشلەپ يۈرۈپ ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ ، بولمىسا چاندۇرۇپ قويىمىز . ئۇنىڭ ئۇستىگە بېرىدىغان راسخوتمۇ كۆپ ئەمەس . قېنى ، كىچىك ئاخۇنكا ، ھېلىقى قورال ئالىدىغان كومۇشتىن ئاز - تولا ئايرىپ بېرىڭ ، سىلەرچە يەنە نېمە ئىشلار قالدى ؟ — توختى ئىككىيلەنگە قارىدى .
— رېھىمجان پىلانىمىزنى ئېنىق بىلىشى كېرەك . بۇزرۇكخان تەكلىپىمىزنى قوبۇل قىلىپ ۋەدە بەرمىگۇچە سىر بەرمىسۇن . نامدار زاتلار سۆزىدىن يانمايدۇ . ئۇ ۋەدە بېرىپ بولغاندىن كېيىن پىلانىمىزنى بىلسۇن . ئۇنىڭ يەنە قانداق ياخشى پىلانى بار ، رېھىمجان بىلگەچ كەلسۇن . كېلىش ۋاقتىنىمۇ ئۆزى بېكىتسۇن ، ھازىرچە باشقا گەپ يوق ، — دېدى ھەسەن تۇرك .
مەقسەت - مۇددىئالار تۇگەللەنگەندە كۇن چۇش بولغانىدى ، رېھىمجان ھەسەن تۇركلەر بىلەن قەشقەرگە ماڭدى . ساۋۇرنى ھەمراھ قىلىپ يولغا چىققان توختى ئۆزىنىڭ پەيزاۋات ، دولان ياكى يەكەن دىيارلىرىدىن قايسىسىغا بېرىشنى بىلمەيتتى . ئۇ ئاخىر ئەڭ مۇھىم ئىش قورال غەملەش ئىكەنلىكىنى ئويلىدى . ھازىرقى بار قوراللار 40تىن ئاشمايتتى ، يەنە سېتىۋېلىش ئۇچۇن پۇل كېتەتتى ، بىراق بۇنچە پۇل نەدە ؟ رەيھان بەرگەن 30 سەر كومۇشكە چاڭ شەنسىڭ بەرگەن 20 سەرنى قوشقان بىلەنمۇ ئىش پۇتمەيتتى ، جەزمەن بىرەر چارە تېپىش لازىم ئىدى . توختى ئاشۇنداق چىگىش خىياللار ئىلكىدە كېتىۋاتقاندا ، ساۋۇر زېرىكىشلىك جىملىققا خاتى-

مە بەردى :
— نەگە بارىمىز ؟
— هازىرچە ئېنىق ئەمەس .
ئۇلار ئۇن- تىنسىز خېلى ماڭغاندىن كېيىن ، ساۋۇر تىت- تىت بولۇپ يەنە سورىدى :
— دېسەڭچۇ ، نەگە بارىمىز ؟
— هازىرچە پەيزىۋاتقا بارىمىز .
— ئاندىن كېيىنچۇ ؟
— بىلمەيمەن .
— نېمە ئۇچۇن ؟
— بىزگە پۇل بولسا بولاتتى . قورال ئېلىشقا پۇل كېتىدۇ . لېكىن ، ئۇنچىۋالا پۇل نەدە ؟
— قورالنى يىگىتلەر ئۆزلىرى هەل قىلسۇن .
— هەسەن تۇركتەك ئوغرىلاپما ! ؟
— شۇنداق قىلالىسىغۇ بەك ياخشى بولاتتى . نېمىدېگەن يۈرەكلىك ئادەم ئۇ ، كۆرگەن ئادەمنىڭمۇ تېنى ئەيمىنىدىكەن . مەنمۇ دەسلەپتە كۆرۈپلا هەيران قالدىم .
— مېنى دېمەمسەن ؟— توختىمۇ كۈلۈپ كەتتى ،— شۇنداقمۇ قاۋۇل ، ئۇستىخانلىق ئادەملەر بولىدىكىنە جاهاندا ، ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋىدى ، يۈرىكىم ئېغىپ كەتتى . ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى ، سېنىڭچە ئامال تېپىلارمۇ ؟
— بۇ مەسلىهەتنى رەيهانغا سالغىن .
توختى دەل مۇشۇنداق جاۋابقا تەشنا ئىدى . چۈنكى ، پۇل مەسىلىسىدە رەيهاندىن باشقىسىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى . پۇل بولمىسا قوشۇننىڭ ئىنتىزامىغا كېپىللىك قىلىشمۇ تەس ئىدى . تەربىيە كۆرمىگەن قوشۇن قورسىقى ئاچقاندا ئالدىغا ئۇچرىغاننى بۇلاپ - تالاپ يەپ ، خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشسە ، مەغلۇبىيەت كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى .
— شۇنداق بولسۇن ، لېكىن...

— «لېكىن» نىڭ كەينىسىنى يوتۇۋەتتىڭغۇ ، نېمە دېمەكچىسەن ؟— سورىدى ساۋۇر .

— نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن .

— بىلەلمەيدىغان نېمىسى بار ؟

— رەيھاننى ئىزدىسەك ئىزدەيلى ، ئەمما پەيزىۋات ياشلىرىنى تەشكىللەپ قويۇپ ، ئاندىن ماڭساقمىكىن دەيمەن .

— ھېلىقى چاڭ خۋا دېگەن قىزنىمۇ كۆرگىلى بارىدىغانسەن ھەقچان ؟

— نەدىكى گەپنى قىلما !— توختى ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى . ئەمما ، يۈزلىرى بويىنىغىچە قىزىرىپ ئۇيىلىدىش تۇسىنى ئالدى .

— بولدى قورقما ، رەيھانگۈلگە دېمەيمەن .

— بولدىلا ، چاقچىقىڭنى قوي !

ئىككىسى ئۆزئارا بېقىشىپ بىرھازا كۈلۈشتى .

— راست گەپنى قىل ، ئاۋۋال نەگە بارىمىز ؟

— يەكەنگە ،— دېدى توختى جاۋاب بېرىپ ، شۇئان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا رەيھاننىڭ سىيماسى گەۋدىلەندى ، شېرىن ئارزۇلار يەلكىنى يەكەنگە تېزرەك يېتىپ بېرىپ ، رەيھاننىڭ گۈزەل جامالىنى كۆرۈش ۋۇجۇد كېمىسىنى ئالدىراتماقتا ئىدى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار سەپەر مەنزىلىنى يەكەنگە بېكىتتى .

# ئون ئۈچىنچى باب

## كۈتۈش

توختى بىلەن ساۋۇر ئاغۇدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، يەكەنگە بېرىشقا ئانچە ئالدىراپ كەتمىدى . يول ئۈستىدە پەيزاۋاتنى ئارىلىدى ،يوپۇرغىنىڭ سىيەك ،ئەشمە ،ئاچچىق ،تېرىم ، ئاخۇنلۇقۇم... مارالبېشىنىڭ مەكىت كەنتى ، پوسكام ، يەكەن ، قاغىلىقنىڭ دولانلىقلار ئولتۇراقلاشقان نامرات يېزا -كەنتلىرىدە تۇغقان ئىزدەش باھانىسى بىلەن ئايلىنىپ يۈرۈپ ، قاتناش ، يەر تۈزۈلۈشى ، ئىجتىمائىيەت ، پۇقرالارنىڭ ھال - كۈنى ، خەلقنىڭ دەرد - ئەھۋالىنى چە ئىگىلىدى . ئاڭغۇچە 1857 - يىل كىرىپ ، 1 -ئايمۇ ئاخىرلاشتى . ئارىلىقتا ساۋۇر يېڭى مەلۇماتلاردىن خەۋەر تېپىش ئۈچۈن ئاغۇغا ئىككى قېتىم بېرىپمۇ كەلدى . ئۇ ئېلىپ كەلگەن خەۋەردە ، ئاغۇ ، ئارازىل خەلقى قوزغىلىپ ، پارتلاش ئالدىدىكى بومبىدەك قوزغىلاڭنى تەقەززا بولۇپ كۈتۈۋاتقانلىقى ، قورال سانى 60 قا يەتكەنلىكى مەلۇم قىلىنغانىدى . ھەسەن تۈركىنىڭ مەلۇماتىدىمۇ ، نەق بار قوراللاردىن باشقا ، بىر بۆلەك قىلىچ ، نەيزە... تەييارلىنىۋاتقانلىقى ئېيتىلغانىدى . بۇ ئاخباراتلار توختىنىڭ تېخىمۇ ئىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، كېيىنكى ئىشلارغا دادىل يېتەكچىلىك قىلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى . توختى زىمىسىدىكى ۋەزىپىنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىرلىقىنى ئويلىغىنىدا ،كېچە- كېچىلەپ ئۇيقۇسى كەلمەيتتى .چۈنكى ،كەلگۈسىدە نەچچە ئون مىڭلىغان ئادەمنىڭ ھاياتىغا كېپىللىك قىلىش ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن بولۇپ ،ئۇلارنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئاق

باغلاپ ، ئېچىنىشلىق يىغا ـ زار قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈشنى خالىمايت-
تى . بۇنى خىيالىغا كەلتۈرسىمۇ يۈرىكى تىترەيتتى . ئۇرۇشتا قان
تۆكۈلىدىغانلىقى ئېنىق ، لېكىن غەلىبە ماتەمنى تەنتەنىگە ئايلاندۇ-
رالايدۇ ، بىراق مەغلۇبىيەت مەڭگۈلۈك مۇسىبەت ، غەم ـ قايغۇ ،
ھەسرەت ـ نادامەتتە قالدۇرىدۇ ، بۇ ھەقىقەتنى توختى ئوبدان بىلەت-
تى . شۇڭا ، كەلگۈسى جەڭنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن ئىشلار-
نى ئىنچىكە پىلانلىماي بولمايتتى . ئالدىراڭغۇلۇق پۇشايمان ئېلىپ
كەلمەي قالمايتتى .

توختى بىلەن ساۋۇر يەكەنگە قايتىپ كەلگەندە 2 ـ ئايغا 15
بولغان ، يوللارنىڭ نەم جايلىرى پاتقاقلىشىشقا باشلىغانىدى . دېھ-
قانلار ئەمدىلا ئۇستى ئېرىگەن يەرلەرگە توڭغا يۆلەپ يازغى بۇغداي
تېرىۋاتاتتى . ئاسمان بۆرە تېرىسىنى كىيىپ ، كۈندە دېگۈدەك چىد-
قىپ تۇرىدىغان ئەتىيازنىڭ بورىنى ئەتراپنى كۆرگۈسىز چاڭ -
توزان بىلەن قاپلىغانىدى .

زەينەپخان ئانا بىلەن ئابدۇرەھمان توختى ساۋۇرنى ئېلىپ
چىقىپ كەتكەن ئۈچ ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارنىڭ دېرىكىنى
ئالالمىدى . رەيھان بولسا كۈن ئاتلىماي زەينەپخان ئانىنىڭ قېشىغا
كېلىپ سۈرۈشتۈرەتتى ، لېكىن بىرەر ئۈچۈر بولمىغاچقا ، ئۈمىد-
سىزلىنىپ كېتىپ قالاتتى . ئاخىر تاقەتسىزلەنگەن رەيھانگۈل زەي-
نەپخان ئانا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئابدۇرەھماننى پەيزاۋاتقا ئەۋەت-
تى . ئابدۇرەھمان نەچچە كۈنلەردىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ، توخ-
تى بىلەن ساۋۇر چاڭ شەنسىڭنىڭ ئۆيىدە بىرقانچە كۈن تۇرغاندىن
كېيىن خوشلىشىپ ئاتۇشقا كەتكەنلىكىنى ، چاڭ شەنسىڭنىڭ يۇز-
لىرى ئوخشىتىپ قويغان ئۆپكىدەك ، قامىتى ئاجايىپ قاملاشقان ،
ساھىبجامال ، چاڭ خۇا ئىسىملىك بىر قىزى بولۇپ ، ئۇ ئابدۇرەھ-
مانغا ئالاھىدە تاپىلاپ ، توختىنى تاپقان ھامان ھازىرقى ئەھۋالىدىن
ئۈچۈر بېرىپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئۆيغۇرچە راۋان
ئېيتقانلىقىنى ئىشتكەن رەيھاننىڭ ۋۇجۇدى رەشك ئوتىدا يې-
نىپ ، يۈرىكى تۇز قويغاندەك ئېچىشتى ، بۇنىڭغا ھىجران ئازابى

قوشۇلۇپ ، بورانغا يولۇققان مەجنۇنتالدەك قەددى پۈكۈلدى ، ھېچ-
نېمىنى ئاڭقىرالماي گاڭگىرىغىنىچە بېرىپ سۇپىنىڭ قىرىدا ئول-
تۇرۇپ قالدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ بەدىنىگە خەنجەر ئۇرسىمۇ
سەزمەيتتى . ئۇ بىرھازادا ئېسىنى تاپتى ، كۆز ئالدىدىكى قىزىل-
لىق ئاستا - ئاستا سۇزۇلدى . «مەن نېمە بولدۇم ؟— دېدى ئۆز-
ئۆزىگە ،— ياق ، توختى مېنىڭ ، ئۆز ۋاقتىدا ماڭا ۋەدە بەرگەن .
توختى بولمىسا ماڭا ھاياتنىڭ نېمە كېرىكى ؟ ھايات - ماماتىمىز
باغلانغانغۇ ! توختى سۆزىدە تۇرىدۇ . ھېلىقى خوجايىنىنىڭ قىزىغا
كەلسەك ، كىچىكىدىن بىر ئۆيدە چوڭ بولغاچقا ،بەلكىم مېھرى
چۈشۈپ قالغاندۇ ياكى ئاكا - سىڭىللىق رىشتى باغلىنىپ ، كەتكى-
نىگە كۆزى قىيمىغاندۇ . ‹ ياخشىنىڭ نامى ئۆچمەيدۇ ،يامانىنى ئەس-
لىمەس ھېچكىم › دېگەن شۇ .ئۇنى مەنمۇ ياخشى كۆرىمەن ، باشقى-
لارمۇ ياخشى كۆرىدۇ ، چۈنكى قىزىلگۈلگە بۇلبۇل ئاشىق بولغان-
دەك… » رەيھان شۇنداق خىياللار بىلەن ئۆزىنى بەزلەپ ، زەينەپ-
خان ئانىدىن ئابدۇرەھماننى يەنە ئەۋەتىپ ،ساۋۇر بىلەن توختىنى
تاپتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ ،چوڭقۇر ئەندىشىلىك غەم - قايغۇ
ئىچىدە كېتىپ قالدى . رەيھاننىڭ غەمكىن تۇرقى ، سارغايغان
چىرايىنى كۆرگەن ئانىسى زۇمرەتخېنىممۇ يالغۇز قىزىدىن ئەنسى-
رەپ ، گاھىدا تۇن بويى كۆز يۇماي چىقاتتى . ھاپىزبەگ بولسا ،
رەيھاننى ئاغرىق دەپ بىلەتتى ، كۆپ تەدبىر قوللىنىپ باقسىمۇ
بىرەر ياخشىلىنىش ئىپادىلىرى كۆرۈلمىگەچكە تىت - تىت بولات-
تى . ئاخىر ئۇ ، ھەجگە بېرىش ھەۋىسى بىلەن رامىزاننى مەككىدە
ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىققا تۇتۇندى .

توختى قايتىپ كەلگەندە ، ھاپىزبەگنىڭ ھەجگە سەپەر قىلغى-
نىغا ئەمدىلا ئۈچ كۈن بولغانىدى . ئابدۇرەھمان دەرھال بېرىپ
رەيھانغا توختىنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزدى ، ئانىسى زۇم-
رەتخېنىم بىلەن توختىنىڭ ئىز - دېرىكى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋات-
قان رەيھان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندا كۆز ئالدى بىردىنلا يورۇپ ،
ئۇزاقتىن بۇيان بۇلۇتلار ئارىسىدا پىنھان بولغان قۇياش ئېغىر

پەردىنى قايرىپ جامالىنى كۆرسەتكەندەك شادلىق تۇيغۇسىغا چۆم-
دى .شۇ خۇشاللىقىدا ئېتىلىپ بارغىنىچە زۇمرەتخېنىمنىڭ مەڭ-
زىگە نەچچىنى سۆيۈۋەتتى ، ئاندىن ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ تۇزدەك
ياسىنىپ ،توختىنىڭ قېشىغا راۋان بولدى .بۇ هال زۇمرەتخېنىمنى
هەيران قالدۇرمىدى .چۈنكى ،بۈگۈن رەيھاننىڭ زارىقىپ كۈتكەن
ئارزۇسى چېچەك ئاچقانىدى .ئاق كۆڭۈل يالغۇز قىزىنىڭ تۈنجى
تەنتەنىسى زۇمرەتخېنىمنىڭ دىلىنىمۇ ئېرىتمەي قالمىدى .قىزى-
نىڭ ئازابلىرىغا تەڭ شېرىك ئانا «بىچارە قىزىم ! »دېگىنىچە ئارقى-
سىدىن قاراپ قالدى .ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولۇپ ،چانقىدىن
تاشقان ئۈنچىلەر مەڭزى بويلاپ دومىلىماقتا ئىدى .

توختىمۇ رەيھاننى كۆرگەندە ئۆزىنىڭ قانداق بولۇپ كېتىشى-
نى بىلمەيتتى . كۆز ئالدىدا نە ئادەم ، نە ئۆي - ئىمارەتلەر مەۋجۇت
ئەمەس ، گويا پەرى پەيكەردەك گۈزەل نازىنىن مەهبۇب كېپىنەك-
تەك پىلدىرلاپ كېلىۋاتاتتى . بۇلبۇلنىڭ خەندان ئۇرۇشى قىزىل-
گۈلدىن بولسا ، گۈل قېتىنىڭ يىرتىلىشى بۇلبۇلدىن بولغاندەك ،
بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ جۇدالىق ئوتىدا پۇچىلانغان يۈرىكى
ۋىسال دەملىرىگە تەلپۈنۈپ تەڭ سوقماقتا ئىدى .

مانا كۈتكەن پۇرسەت يېتىپ كەلدى . ئىككىسىنىڭ دىدارلى-
شىشى ئارزۇ پىيالىلىرىنى شادلىق شارابى بىلەن تولدۇردى . زەي-
نەپخان ئانا ، ساۋۇر ،ئابدۇرەهمانلار چاڭقىغان ۋۇجۇدلارغا پۇرسەت
بېرىپ ،ئۆزلىرىنى چەتكە ئالدى . ئىككى تەن بىر -بىرلىرىگە چىر-
مىشىپ ، جۇدالىق كۈنلەرنى ئەسلەپ يىغلاشسا ، شېرىن ۋىسال
دەملىرىگە ئېرىشكىنىگە ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇشاتتى . شۇن-
داق قىلىپ ، توختى ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بايان ئەيلەپ ،
ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ئۇلۇغۋار پىلانلىرىنى ئەسكەرتتى . شۇ
تاپتا رەيھان توختىنىڭ هەرقانداق بۇيرۇقى ئالدىدا پەرمانبەردار
ئىدى . شۇڭا ، مەقسىتىنى دەرهال چۈشەندى ، پاك ۋىجدانى ، باتۇر-
لۇق جاسارىتى ،پارلاق نىيەت- ئىقبالى ئۈچۈن ، ئاشىقىنى باغرىغا
كۈچەپ تارتتى .

— توختى !—رەيھان ياش يۇقى كۆزلىرىنى گويا يامغۇردىن كېيىنكى گۈل قۇياشقا باققاندەك تىكىپ ئىلتىجا قىلدى،— مەنمۇ جەڭ قىلالايمەن . داستانلارنى كۆرگەنمەن ، خۇددى تۇمارىسقا ئوخ- شاش قورقۇمسىز قىزلارنى تەشكىللەپ جەڭ مەيدانىغا چۈشۈپ ، تۇمارىس خىسراۋنىڭ كالللىسىنى قانغا چىلاپ قويغاندەك ، ئەفرى- دۇن ۋاڭنىڭ بېشىنى قانغا چىلايمەن . مېنى بوش چاغلىماڭ ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىزنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن .سىزدىن پەخىرلى- نىمەن .سىز بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ئۆمۈرلۈك بەخت - سائادىتى- مىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن !

رەيھاننىڭ تال - تال كىرپىكلىرىدىكى ياش مونچاقلىرى خۇد- دى سەھەردە ئېچىلغان قىزىلگۈل بەرگىدىكى شەبنەمدەك يالتىراپ تۇراتتى . توختى ئۇنىڭ سەممىيلىكىدىن ، باتۇرلارغا خاس غەيى- رەت- شىجائىتىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا ئالقىنىنى ئاپىرىپ ، تۇما- رىسىمان قەيسەرلىكىدىن ئەنداز ئالماقچى بولۇۋاتقاندەك ياش دانى- چىلىرىنى ئاۋايلاپ ئالىقانلىرىغا سىڭدۈرۈۋالدى .

— سىز ھازىرمۇ بىز بىلەن بىر سەپتە !— دېدى توختى پەخىرلىك تەلەپپۇزدا ،— سىزنىڭ تۆھپىڭىز بار .

رەيھان دەماللىققا چۈشەنمەي ، چاقچاق قىلىۋاتىدۇ ، دەپ ئوي- لاپ سورىدى :

— مېنىڭما ؟

— شۇنداق .

— چاقچاق قىلىشقا ئۇستىكەنسىز .

— چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق ، سىز بەرگەن پۇلغا سېتىۋالغان قوراللار يىگىتلىرىمىزنىڭ قولىغا تەگدى .

— شۇنداقمۇ ؟

— توغرا ، پۇل بولمىسا قورال نەدىن كېلىدۇ . قورال بولمى- سا دۈشمەننى قانداق يوقاتقىلى بولىدۇ . قورالليق دۈشمەنگە مۇشت بىلەن تەڭ كەلگىلى بولاتتىمۇ ؟ ! دېمەك ، سىز ئالللىقاچان جەڭ مەيدانىغا قەدەم باستىڭىز . مەن كۆيچىلىك نامىدىن سىزگە رەھمەت

ئېيتىمەن .

رەيھان توختىغا يوللۇق تۇتقان بىر ھەميان پۇلنىڭ بۇنچىۋالا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشىنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەنىدى . ئۇ توختىنىڭ رەھمەت سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، چەكسىز شادلىققا چۆمدى :

— مەن يەنە ياردەم قىلىمەن ، ئەگەر زۆرۈر بولسىلا !

— ھېلىمۇ رەھمەت ، ئەمدى سىزنى خىجىل قىلىشنى خالىمايمەن .

— مەن سىناپ باقاي ، ئانامىمۇ سىلەرنى قوللايدۇ ، جەزمەن ياردەم بېرىدۇ .

ئىككىسىنىڭ پاركى قىزغىن داۋاملىشىۋاتقاندا ، لەمپە تام ئۈستىدە سۆيۈشۈۋاتقان بىر جۈپ پاختەكنىڭ تۇيۇقسىز ئۈركۈپ ئۇچۇپ كېتىشى دىققىتىنى بۇزدى . ساۋۇر بىلەن دەرۋازا ئالدىغا كەلگەن زەينەپخان ئانا ئۈنلۈك ئاۋازدا ئىككى قېتىم يۆتىلىپ ، ھويلىغا كىردى . ئاڭغۇچە توختى بىلەن رەيھانمۇ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈشكە ئۈلگۈرگەنىدى . رەيھان ھازىر ئىلگىرىكىدەك غەمكىن ، يىغلاڭغۇ قىز ئەمەس ، بەلكى نۇزۇگۇم سۈپەت باتۇر ئىسيانكارغا ئوخشايتتى . ئۇ كۆڭلىدە : «توختىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە جەزمەن ياردەم بېرىمەن ، ئەگەر ئاشۇ زىنداندىن ئىبارەت رېئال دوزاخنى يوقىتىدىغانلا بولسا» دېگەنلەرنى ئويلىدى .

ئۇلار ئىلھامبەخش پاراڭغا ئىچكىپ كېتىپ قۇياشنىڭ پەسلىگىنىنىمۇ سەزمەي قالدى . رەيھان ئۆيگە قايتقاندا يېقىندىكى بىر مەسچىتتە مەزىنىنىڭ ناماز ئەسىرگە توۋلىغان ئەزىنى ئاڭلاندى . ئادەتتە ئەزان قۇلىقىغا كىرىشى بىلەن يول يۈرۈۋاتقانلار ، پاراڭلىشىۋاتقانلار ئورۇنلىرىدا جىم ئولتۇرۇپ ، ئەزان تۈگىگەندە ئالىقانلىرىنى يۈزىگە سۈۋاپ دۇئا قىلىشىپ ، ئاندىن ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇراتتى . رەيھان شۇ تاپتا شېرىن خىياللار ئىلكىدە ھەممىنى ئۇنتۇغانىدى . رەيھان ئۆيگە يېتىپ بېرىشى بىلەن ئەنسىرەپ دەرۋازا تۈۋىدە يولغا قاراپ تۇرغان زۇمرەتخېنىم ئۇنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىقنى كۆرۈپ يېنىك تىندى ۋە :

— كەلدىڭمۇ ، قىزىم !— دەپ ماڭلاي چاچلىرىنى سىلىدى .
— كەلمىسەم بولامىدۇ ، ئانا !— رەيھان زۇمرەتخېنىمغا ئەركىلىدى .
— ئۇنى ماڭا كۆرسەتمەمسەن ؟
— جەزمەن كۆرسىتىمەن !— رەيھان ئاپتاپتەك كۈلۈپ ئېيتتى ،— ھازىر ۋاقتى ئەمەس .
— نېمە ئۈچۈن ؟
— ئۇ خاتىرجەم ئەمەس .
— يەنە نېمە ئىش ؟
— چوڭ ئىش ، ئانا ، چوڭ ئىش !
— سەن بىلەمسەن ؟
— ئەلۋەتتە بىلىمەن .
— ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمسەن ؟
— ياردەم بېرىشكە ۋەدە بەرسىڭىز ئېيتىپ بېرىمەن .
— تېزرەك دېگىن ، ياردەم بېرىمەن .
— بىزگە پۇل كېرەك .
— نېمىگە ئىشلىتىسىلەر ؟
— ساۋابلىق ئىش ئۈچۈن .
— ئۇچۇق دېگىن ؟
— دېيەلمەيمەن ، ئانا ! مېنى قىستىماڭ ، كېيىن بىلىپ قالىسىز .
— قانچە پۇل كېتىدۇ .
— ئىلتىپات سىزدە ، لېكىن ئامال بار كۆپرەك بولغىنى ياخشى .
— ئاتاڭ نۇرغۇن پۇلنى ھەجگە ئېلىپ ماڭدى . ئۆيدە يەنە يېتەرلىك بار . بۇ پۇللارنى سېنىڭ ئۈچۈن يىغقان . قاچانلا ئىشلەتسەڭ ساڭا مەنسۇپ ، شۇنىڭدىن يېتەرلىك ئېلىپ ، توختىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇر .
— ھازىرچە 100 سەر ئالاي .

— شۇنچە كۆپما !؟
— سىتىۋالىدىغان نەرسە قىممەت .
زۇمرەتخېنىم رەيھاننىڭ نېمە سېتىۋالماقچى ئىكەنلىكىنى نە-
دىن بىلسۇن؟ ئۇ ھەيرانلىقىنى چاندۇرماي رازىلىق بەردى :
— بوپتۇ ئالغىن . ئەته ئاپىرىپ بەر .
رەيھان خېلىدىن بۇيان بۇنچىلىك خۇشال بولۇپ باقمىغانىدى .
زۇمرەتخېنىم ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ، قانداقتۇر بىرەر مۇھىم
ئىشنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزدىيۇ ، ئەمما سوراشتۇرۇپ يۈر-
مەي ، ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى .
رەيھان كېچىنى تۈرلۈك خىياللار بىلەن تەستە ئۆتكۈزۈپ ،
ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ساۋۇرنىڭ ئۆيىگە پۇلنى ئېلىپ بارغان-
دا ، ئۇلار ئەمدىلا ناشتا قىلىپ بولۇپ داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋاتات-
تى . رەيھان 100 سەر كۈمۈش ئورالغان تۈگۈچنى ئېچىپ توختى-
نىڭ ئالدىغا قويۇۋىدى ، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ھەيرانلىقتا قاراپ قې-
لىشتى ، توختى رەيھانغا ۋە زۇمرەتخېنىمغا يېنىشلاپ رەھمەتلەر
ئېيتتى . رەيھان توختىدىن ئايرىلىشقا قىيمىسىمۇ ئۇنىڭ چوڭ بىر
ئىشنى تەۋرەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتى . شۇڭا ، پۇلنى خى-
راجەت قىلىپ ، تەييارلىقنى ۋاقتىدا پۈتكۈزمىسە بولمايدىغانلىقىنى
ئويلاپ ، سورىدى :
— يەنە ئىش بارمۇ ؟
— بار ، بولغاندىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئىش دەڭە ، مەن دەرھال
ئاتۇشقا بېرىشىم كېرەك . يەكەندىكى ئىشلار ساۋۇر بىلەن ئىككى-
لارغا قالدى . زۆرۈرىيەت تۇغۇلسا ئابدۇرەھماننى ئەۋەتىڭلار .
مېنى كىچىك ئاخۇنكامنىڭ ئۆيىدىن ئىزدىسۇن . تەپسىلىي ئىش-
لارنى ساۋۇر بىلىدۇ .
— بولىدۇ ، بىزمۇ تەييارلىق قىلىمىز . پۇل كېتىدىغان ئىش
بولسا ، يەنە مەن تەييار . ئۇنداق بولسا ، ۋاقتىدا يولغا چىقىڭ .
بىز قاچان كۆرۈشىمىز ؟
— ھازىرچە بىرنېمە دېمەك تەس ، ئىشقىلىپ ، ئۇ-

زاققا كەتمەيدۇ .

— سىزگە ئىشىنىمەن .

— رەھمەت !— دېدى توختى ،ئاندىن ساۋۇرغا تاپىلىدى ،— ئىشلار ساڭا قالدى . مەن خەۋەرچى ماڭدۇردىمەن .ئېھتىيات قىلىڭلار .

ئەتىسى ئەتىگەندە رەيھانمۇ ئاتايىن كېلىپ توختىنى بىرلىكتە يولغا سېلىپ قويدى . رەيھان توختىنىڭ ئىشلىرىدىن يۈزەكى خەۋەر تاپقان بولسىمۇ ، زىممىسىدىكى ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلىقىنى ۋە خەتەرلىكلىكىنى تولۇق بىلىپ كەتمەيتتى . توختى بولسا بۈزرۈك خوجىنىڭ قېشىغا كەتكەن ئالاقىچىنىڭ كەلمىگەنلىكىدىن ئەنسىرەپ ، خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتى . ۋاقىت قىستاپ رامىزان ئېيى بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى .

توختى نەچچە كۈن پىيادە يۈرۈپ كىچىك ئاخۇننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە ، ھەسەن تۆرك بىلەن كىچىك ئاخۇن توختىغا خەۋەرچى ماڭدۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى . توختىنىڭ كىرىپ كېلىشى ئۇلارنىڭ مۈشكۈلىنى ئاسانلاشتۇرغانىدى .

توختى ئىشىك ئالدىغا كېلىشىگە كىچىك ئاخۇننىڭ ئىتلىرى دەرۋازىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقتى . كىچىك ئاخۇن توختىنىڭ ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالغىنىدىن بىرەر ھادىسە يۈز بەردىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ ، چىرايىغا سەپسالدى . توختى شۇنچە يولنى پىيادە يۈرگەن بولسىمۇ ، ناھايىتى روھلۇق كۆرۈنەتتى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !— توختى نېرىدىنلا سالام قىلغىنىچە كېلىپ كىچىك ئاخۇن بىلەن ئىككىسى قول ئېلىپ كۆرۈشۈپ ، سورىدى ،— بۇرادەرلەر تىنچلىقمۇ ؟ تەييارلىقلار پۈتتىمۇ ؟

— ئىشلار ياخشى كېتىۋاتىدۇ .

— ھەسەنجانچۇ ؟

—ئۇمۇ بايىلا كەلدى .

— ياخشى بوپتۇ ، رېھىمجان ئاكىدىن خەۋەر بارمۇ ؟

— ھازىرچە يوق .

ئىككىسى ھويلىدا مۇشۇنچىلىكلا ئەھۋاللىشىپ ئۆيگە كىرگەندە، توختىنى كۆرگەن ھەسەن تۈرك دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ قىزغىن قول سىقىپ كۆرۈشتى، ئاندىن تىنچلىق سوراپ، ئۇنى سېغىنغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئۆيدە يەنە ھەسەن تۈركنىڭ ئىككى ئادىمىمۇ ئولتۇراتتى. توختى ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ بولغۇچە ھەسەن تۈرك:

— بۇ ئىككى پالۋان ھېلىقى قوراللارنى ئوغرىلاپ چىققان ئەزىمەتلەر! — دەپ تونۇشتۇردى.

ھەممەيلەن تەڭلا كۈلۈشتى.

— قېنى، توختى، نېمە خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭىز؟ ئاڭلاپ باقايلى، — كىچىك ئاخۇن توختىغا سوئال نەزىرىدە قارىدى.

توختى جاۋاب ئورنىغا بېلىدىكى يەكەننىڭ بالداقلىق يۇڭ بەلۋېغىنى يېشىپ، بىر ئۇچى تەرەپكە تۈگۈچلەنگەن خالتىنى يەرگە قاراتقاندى، ئىككى دانە ھەميان شاراقىدە يەرگە چۈشتى. ئۆيدىكىلەر بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ئېسەنگىرەپ تۇرۇشقاندا، توختى ھەميانىنى كىچىك ئاخۇنغا سۇنۇپ دېدى:

— پۇلىنى ساناپ تاپشۇرۇۋېلىڭ، زۆرۈر ئىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ رەيھان بەرگەن 100 سەر كۈمۈش ئىدى.

— سىزمۇ ئوغرىلىقنى بىلەمسىز نېمە؟ — ھەسەن تۈرك توختىغا چاقچاق قىلغانىدى، ھەممەيلەن كۈلۈشتى.

— بىلمەيمەن، بۇنى بىرسى ئىئانە قىلدى.

— مېنىڭچە، ھېلىقى شاپائەتچى قىز ئىئانە قىلدىغۇ دەيمەن؟ — كىچىك ئاخۇن توختىغا مەنىلىك نەزەردە قارىدى.

— تاپتىڭىز، ئۇنىڭ ئىسمى رەيھان. ئۆتكەندىكى 30 سەرنىمۇ شۇ بەرگەن. بۇ قېتىمقىنى ئانىسىنىڭ رازىلىقى بىلەن بەردى.

— پاھ! نېمىدېگەن سېخىيلىق بۇ! — ھەسەن تۈركنىڭ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

— ئۇ دېگەن زىندان بېگىنىڭ قىزى، ئاتىسى ھۆكۈمەت

ئىشىدىن بىزار بولۇپ ھەجگە كەتتى . بۇ پۇلنى ئايالى بەردى . ئەمەلدارلارنىڭمۇ ھەممىسىنى زالىم دېيىش خاتا . ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ خەلقپەرۋەرلەر بار . بىراق ، كۆڭلىدە ھېسداشلىق قىلسىمۇ ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىپادىلىيەلمەيدۇ . رەيھان مەنسەپدارنىڭ قىزى بولسىمۇ ، تونۇشقاندىن بۇيان بىزنى قوللاپ كېلىۋاتىدۇ . ئەينى چاغدا ھاياتىمىزنى ساقلاپ قالغان ، ھېلىھەم يەنە ھاياتىمىزغا كېپىللىك قىلىش يولىدا بايلىق ، مەنمەنلىكلەردىن كېچىپ ، بىز بىلەن بىر سەپتە كۈرەشكە ئاتلىنىۋاتىدۇ . ئانىسىنىڭمۇ ئايانماي شۇنچە ياردەملەرنى قىلىۋاتقانلىقىدىن قارىغاندا ، قوزغىلاڭنى قوللىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق . ھەپسىدىمۇ ئاتىسى ھاپىزبەگنىڭ بىۋاستە جازاسىغا ئۇچرىمىدۇق . بۇنى بۇرادەرلەرنىڭ چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن .

توختىنىڭ رەيھان ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشى ئورۇنلۇق ئىدى . دېمىسىمۇ توختى ئېلىپ كەلگەن كۆمۈش نۇرغۇن خىراجەتلەرگە يېتەتتى . بۇنىڭ بىر قىسمىغا قورال ئالسىمۇ ، قالغىنىنى ياردارلار ئۇچۇن دورا ، قاتناش ۋاستىسى ، تەمىنات قاتارلىقلارغا ئىشلەتسە بولاتتى . بۇنىڭغا ھازىرچە تۇرسۇننى ۋاقىتلىق مەسئۇل قىلدى . چۈنكى ، تۇرسۇن كونا مەكتەپتە ئوقۇپ ، خەت يېزىش ۋە ھېسابات ئىشلىرىنى ئاز ـ تولا ئۆگىنىۋالغانىدى . ئەمدىكى مۇھىم ۋەزىپە قوزغىلاڭ تەييارلىقىنى جىددىي پۈتكۈزۈپ ، ئىشنى پىلان بويىچە باشلاش بولۇپ ، توختىنىڭ ئاغۇدا تۇرۇپ قېلىشىغا توغرا كەلدى . بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ ۋە كىچىك ئاخۇن ، ھەسەن تۇرك قاتارلىق قوزغىلاڭ باشچىلىرىنىڭ پاش بولۇپ قالماسلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ۋاستە ئارقىلىق ئاممىنى قوزغاش ، قورال تەييارلاشقا كىرىشتى ، تېخىمۇ مۇھىمى رېھىمجاننىڭ كېلىشىنى كۈتتى .

# ئون تۆتىنچى باب

## شەۋۋالنىڭ 15 ـ كۈنى

بۇزرۇكخان خوجىنىڭ قىشقا كەتكەن رىھىمجاننىڭ شۇ كەمـ
گىچە كەلمىگەنلىكى توختى قاتارلىقلارنى ئەنسىرەتمەكتە ئىدى .
ئاتۇش ، ئاغۇ ، ئارازىل خەلقى تەپكىنى باسسىلا ئىتىلىدىغان ئوقـ
تەك بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى . مۇھىم تەييارلىقلار پۈتكەن
بولۇپ ، بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە بۇزرۇكخانغا قارىماستىن ئىشنى
باشلىماي بولمايتتى . رىھىمجاننىڭ كەتكىنىگە بىر ئايدىن ئېشىپ
كەتكەن بولسىمۇ ، بىرەر ئۇچۇر يوق ئىدى . بۇ ھال ئەندىشە پەيدا
قىلماي قالمايتتى . تەقەززالىققا ئاخىر خاتىمە بېرىلدى . 1857 ـ
يىلى روزى ھېيتنىڭ 10 ـ كۈنى رىھىمجان قايتىپ كەلدى . بۇ
4 ـ ئاي ئىدى .

رىھىمجان توختى ۋە كىچىك ئاخۇنلار بىلەن كۆرۈشۈپ ھالـ
ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئىغىز ئىچىشىنى كۈتمەي
كىچىك ئاخۇن تەقەززالىق ئىلكىدە سورىدى :

— ئاكا ، قېنى ، نېمە خەۋەر بار ؟ يولىڭىزغا قاراپ كۆزىمىز
تۆت بولۇپ كەتتى !

رىھىمجان جاۋاب بېرىش ئورنىغا بەلۋېغىنىڭ بىر ئۇچىغا تۈـ
گۈلگەن بىر تۈگۈچنى يېشىپ ، بىر پارچە پالاڭ قەغەزگە يېزىلغان
خەتنى ئېلىپ ، كىچىك ئاخۇنغا سۇندى . كىچىك ئاخۇن خەتنى
ئېچىپ ئۈنلۈك ئوقۇدى . خەت مۇنداق يېزىلغانىدى :

«ئاتۇشلۇق دېھقان قېرىنداشلارغا : يېتىپ مەلۇم بولسۇن-
كى ، سىلەرنىڭ قىلماقچى بولغان ساۋابلىق ئىشلىرىڭلار-
دىن خەۋەر تاپتىم .مېنىڭ قان تۆكۈلىدىغان ئىشقا رايىم
يوق ئىدى .بىراق ،بەل باغلىغىنىڭلار ناھايىتى ئۇلۇغ ئىش
ئىكەن… سىلەر روزا ھېيتىنىڭ 15- كۈنى قەشقەر شەھىرى-
گە يوشۇرۇنۇڭلار ، مەنمۇ ئاز - تولا ئادەملىرىم بىلەن
يېتىپ بارىمەن . ئوردىدا مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ ، مې-
نىڭ نامىم بىلەن چۇقان كۆتۈرۈلگەن ھامان ، سىلەرمۇ
تەرەپ - تەرەپتىن ئوردىنى قورشاپ ، مېنىڭ نامىمنى تىلغا
ئېلىپ شوئار توۋلاپ ئوق چىقىرىڭلار . شۇ ئارقىلىق شە-
ھەرنى ئالىمىز ، ئاندىن خاتىرجەم يۈز كۆرۈشۈپ ، كېيىن-
كى ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىمىز .

كەمىنە بۇزرۇكخاندىن .

ھىجرىيە 1273-يىل رامىزاننىڭ 15-كۈنى .»

كىچىك ئاخۇن بىلەن توختى خەتنى كۆرۈپ كۆزلىگەن مەق-
سەتكە يەتكەندەك بولدى ۋە شۇئان ھەسەن تۈرككە كىشى ئەۋەتتى .

— بۈگۈن ھېيتنىڭ نەچچىنچى كۈنى ؟— سورىدى توختى
كىچىك ئاخۇندىن .

— بۈگۈن ،— كىچىك ئاخۇن بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن
جاۋاب بەردى ،— ئون بىر .

— بېكىتىلگەن ۋاقىتقا تۆت كۈنلا قاپتۇ ، ئادەملەرنى تەشكىل-
لەيلى ، يېتەكچىلىرى ئېنىق بولسۇن . دەل تۆتىنچى كۈنى كېچىسى
ھۇجۇم باشلىنىدۇ . كېلىدىغان خەۋەر كىچىكىپ كەتكەچكە ئالدى-
راپ قالىدىغان بولدۇق .

— يەنە نېمە گەپ بار ؟— توختى رېھىمجاندىن سورىدى .

— دەپ كەلسەم تۈگىمەيدۇ ، ئۇكام ، مەن قەشقەردىن چىقىپلا
ئالدى بىلەن ۋەلىخان خوجامنى تېپىپ ، شۇ ئارقىلىق بۇزرۇكخان
خوجىنىڭ دېرىكىنى ئېلىش خىيالىدا ۋەلىخان خوجامنىڭكىگە بار-

سام بىر يەرگە كەتكەنىكەن . بۇزرۇكخان خوجامنىڭ تۇرار جايىنى بىلمىگەچكە ئىلاجسىز كۈتمەي بولمىدى . بىر كۈنى ئۇنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئالدىغا چىقتىم ، ماڭا قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ ئەھۋال سورىدى ، ئاندىن ئۆيگە كىرىپ كېتىپ نەچچە سائەت-تىن كېيىن ، بىر خىزمەتكارنى چىقىرىپ ، مېنى چاقىرتىپتۇ . مەن ھۆرمەت يۈزىسىدىن پەستە قول باغلاپ تۇرسام ، ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بېرىپ سورىدى :

— نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ ؟

— بۇزرۇكخان خوجامنى ئىزدەپ كەلگەن .

— نېمە ۋەجدىن ؟

— ناھايىتى مۇھىم ھەم جىددىي بىر ئىش بىلەن .

— بۇزرۇكخاننى تونۇمسەن ؟

— ياق .

— ئۇنداقتا سېنى قوبۇل قىلىشى ناتايىن . بۇزرۇكخاننىڭ تۇرار جايىنى بىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس . مۇھىم ئىش بىلەن يىراق-تىن كەپسەن ، مەن ياردەم قىلاي .

— رەھمەت ، خوجام !

— ئۇنىڭ قېشىغا ئادەم ماڭدۇراي ، مەقسەتنى ماڭا دېگىن . خەۋەر كەلگۈچە تەخىر قىلىپ تۇرغىن ، خەۋەر كەلگەندە سېنى ئۆزۈم يولغا سېلىپ قويىمەن .

مەن ھەممىنى ئېيتتىم ، ئۇ بىر مۇلازىمنى چاقىرىپ ، مېنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى تاپىلىدى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ۋەلىخان خوجامنى كۆرمىدىم . بىر ھەپتىدىن كېيىن بىرەيلەن : «خوجام چاقىرىدۇ» دەپ ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ كىردى . ئۇ ماڭا بۇ خەتنى بېرىپ ، دەرھال قايتىشىن دېدى . نەچچە كۈن كارۋانلارنىڭ مېڭىشىد-نى ساقلاپ ، مىڭ بىر مۇشەققەت بىلەن ئەمدى كېلىشىم···

رېھىمجان باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتتى .

خەۋەرچى كەلگەندىن كېيىن ، كىشىلەر جىددىيلىشىپ قالغان بولسىمۇ ، كۈتۈۋېرىپ ناھايىتى تەقەززا بولغاچقىمىكىن ئاخىرقى

تۆت كۈن تولىمۇ ئاستا ھەم سۈرلۈك ئۆتتۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى . ھەممەيلەن ئۆز تەييارلىقى بىلەن ئىدى . مىلتىق يەتمىگەنلەر كالـ تەك ، نەيزە ، قىلىچ دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن قوراللاندى . ئاخىر كۈتكەن كۈن يېتىپ كەلگەندە ، بەللىرىگە نانلىرىنى تۈگۈپ ، بازار- چى سۈپىتىدە ئىلگىرى - كېيىن مېڭىپ ،قەشقەر شەھىرىگە كىـ رىپ ،يامۇل ئەتراپىغا تارقاپ كۈننى كەچ قىلدى .قەشقەردەك قويـ نى كەڭ شەھەردە سەككىز — توققۇز يۈز ئادەمگە ھېچكىم دىققەت قىلىپ كەتمەيتتى .ھېيتگاھ جامەنىڭ ئالدىدىمۇ ھۆپىگەر تىجارەتـ چىلەر ،ئالارمەن - ساتارمەن ،يىراق - يېقىن يېزا - قىشلاقتىن كەلگەن ئادەملەر بىرەر مىڭدىن ئېشىپ كېتەتتى . بۇنداق ئەھۋالدا ، 1000 ئەتراپىدىكى ئاتۇش ، ئاغۇ - ئارازىللىقلار قەشقەر شەھىرىگە سىڭىپلا كېتەتتى ، ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايتتى ، پەقەت قوراللا ئاشكارىلانمىسا باشقا چاتاق چىقمايتتى . قورالنىڭ ئاز - تولا ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىنمۇ قورقۇش ھاجەتسىز ئىدى . چۈنكى ، بەزىلىرىنى تۆمۈرچىلەر سوقۇپ ، ئۇۋچىلار بىلەن ئاشكارا سودىلىـ شاتتى ، ھەتتا كوچىلاردا كۆتۈرۈپ يۈرۈپمۇ ساتاتتى . شۇنداقتىمۇ بىپەرۋالىق بىلەن تۇپلىشىپ كۆتۈرۈپ يۈرسە ئەلۋەتتە گۇمان پەيدا قىلىشى مۇمكىن ئىدى . ھېيتگاھدا ھەر ئاخشىمى دېگۈدەك ئەر- ئايال ، چوڭ - كىچىك نەچچە مىڭ ئادەم يىغىلىپ تاكى يېرىم كېچىگىچە بازار قىلاتتى . كېچىلىك بازار شۇنداق قىزىپ كېتەتتىـ كى ، بىرەر ئادەمنى تېپىش دېگىنىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىش ئىدى . مانا بۇنداق ئەۋزەل شارائىت قوزغىلاڭچىلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى .

قەشقەر كوچىلىرىدىكى كېچىلىك بازار ئاخىرلىشىپ ، ھۆپىـ گەرلەر دۇكانلىرىنى تاقىدى ، رەستىلەردە ھېچكىم قالمىدى . بۇ چاغدا قوزغىلاڭچى قوشۇن ئۇ يەر - بۇ يەردە ئارام ئېلىشىۋاتاتتى . يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ، ھاكىم ئوردىسىنىڭ ئالدىدا «ياشىسۇن بۇزرۇكخان تۆرە ! » دېگەن شوئارلار توۋلىنىپ ، قىقاس - چۇقانلار شەھەر ئاسمىنىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى . بۇنى ئاڭلىغان توختى

باشچىلىقىدىكى قوشۇن يوشۇرۇنغان جايدىن چىقىپ ئۇ يەرگە يېتىپ باردى . ئارقا ـ ئارقىدىن ئېتىلىۋاتقان ئوقنىڭ ئاۋازى پۈتۈن شەھەرنى ئويغىتىۋەتتى . تەرەپ ـ تەرەپتە ئىتلار قاۋشىپ ، توخۇلار چىللاشماقتا ئىدى . قەشقەر خەلقى ئۇزاقتىن كۈتكەن ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقى روھلىنىپ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلدى . ئوق ئاۋازلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ ، سېپىل دەرۋازىلىرىنىڭ كۆيۈـ شىدىن كۆتۈرۈلگەن يالقۇن كۆككە ئۆرلىمەكتە ئىدى . كېچە ئىككەنـ لىكىگە باقماي شەھەر كوچىلىرى ئادەمگە تولدى . ئۇيقۇدىكى ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە چېرىكلەر هودۇققان هالدا تۆشەكتىن ئالدىراپ قوپۇپ سىرتقا يۈگۈرۈشتى . ئەتراپ قوزغىلاڭچىلار بىلەن قورشالـ غان بولۇپ ، مىلتىق ئېتىلىۋاتاتتى ، قاراۋۇللار كۆرۈنمەيتتى ، شۇ تاپتا خەبەر ئامبال مەهكىمىسى (مانجۇ قوراللىق قىسمى )بىلەن ئالاقىلەشكىلىمۇ بولمايتتى . پىداكارلىق كۆرسەتكەن يەرلىك چېـ رىكلەرنىڭ جەسەتلىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا دەسسىـ لىپ ياتاتتى . مانجۇلار ئالاقزادە بولۇپ كەتكەنلىكتىن قەشقەر قورـ غىنىغا ئارانلا كىرىۋالدى ، قۇتۇلۇپ قالغانلىرى ناهايىتى ئاز ساندا ئىدى . كۆپچىلىكى قورشاۋدىن چىقىپ بولغۇچە ئوق تېگىپ ئۆلـ دى . ۋەلىخان تۆرە بىمالال ئوردىغا بېسىپ كىرىپ تەختتىن ئورۇن ئالدى . ئوردا قورغىنى ئىچىدىكى قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلەر بىلەن قاچقانلارنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى «قىر ـ چاپ» قىلدۇرۇپ هېچـ كىمنى تىرىك قويمىدى . ئۇ ناهايىتى تەدبىركارلىق بىلەن ئۆز ئادەملىرىنى مۇهىم قوۋۇقلارغا پاسىبانلىققا ئەۋەتىپ ، شەهەرنى تولۇق ئىگىلىدى ، ئەگەشمە قوشۇنلىرىغا ئايرىم بۇيرۇق بېرىپ ، تاڭ ئاتقۇچە شەهەردىكى مانجۇ مەمۇرلىرىنى ۋە سودىگەرلەرنى پۈـ تۈنلەي قىرىپ تاشلىدى . تاڭ ئېتىپ ، ئالەم يورۇغاندىمۇ نېمىشقىـ دۇر ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا ئالدىراپ كەتمىدى . كېچىلىك قوزغىلاڭـ غا قاتناشقانلار ئىچىدە ئاتۇش قوشۇنلىرىدىن باشقا ، جاي ـ جايلارـ دىن كەلگەن هەر تەبىقىدىكى ئاهما بار ئىدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى بۇزرۇكخان قىياس قىلىپ ، قارىغۇلارچە ئۇنىڭ بايرىقى ئاسـ

تىغا ئۆيۈشتى . ئۇ ناھايىتى چېۋەرلىك بىلەن ئۇلاردىن بىر قوشۇن تەشكىللىدى . بۇ قوشۇن تەركىبىدە پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر بار ئىدى . قوشۇن يەنە ئايرىم - ئايرىم قىسىملارغا بۆلۈندى ، قىسىملارنىڭ بايراقلىرى بىر - بىرىدىن پەرقلىنەتتى . ھەربىر قىسىمدا 500 دىن ئادەم بولۇپ ، بىردىن پانسات قويىدى . ئاتۇش ، ئاغۇ ، ئارازىل قوشۇنلىرى ئىككى قىسىمغا بۆلۈندى ، بۇنىڭغا توخ- تى بىلەن كىچىك ئاخۇن پانساتلىققا تەيىنلەندى . قەشقەر پىدائىي- لىرىدىن تەشكىللەنگەن قىسىمغا ھەسەن تۇرك پانسات بولدى .

ئۆپچۆرىدىكى يېزىلار ۋە شەھەرلەردىن توپلانغان پىدائىيلارغا ۋەلىخان تۆرە چېگرىدىن ئۆتكەندە ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن قىرغىزلار ۋە ئۆز ئادەملىرى ئىچىدىن تاللاپ پانسات قويىدى . لېكىن ، شۇ چاغقىچە ۋەلىخان تۆرە ئۆزىنى ئاشكارىلىمىدى . بۇ ئىشلارنىڭ ھەم- مىسىنى ۋەلىخان تۆرە باشلاپ كەلگەن ئىشەنچلىك ناتۇنۇش ئادەم- لەر بېجىردى . قوشۇن تەشكىللىنىپ بولغاندىن كېيىن ئوردىنىڭ ئالدىغا رەتلىك تىزىلدى . ئالدى تەرەپكە يوغان بىر كات قويۇلۇپ ، ئۈستىگە زىلچىلار سېلىنىش ئارقىلىق سەھنە ياسالدى ، ئاندىن ئورۇندۇقلار تىزىلىپ ، بېشىغا سەللە ئورىغان ، ئۇچىسىغا بەقەسەم تون كىيىپ ، بەللىرىنى چاكان ياغلىق بىلەن چىگكەن 10 نەچچە ئادەم ئوردىدىن چىقىپ ئۆز سالاھىيىتى بويىچە ئورۇن ئالدى . ئۇلار ئارىسىدا بېشىدىكى ئۇچلۇق كۇلاسىغا مەللە رەڭ سەللە ئورى- ۋالغان ، ئەنجان بەقەسەمدىن تون كىيىپ ، بېلىنى گىلاۋا ياغلىقى بىلەن باغلىۋالغان ، سېرىق يۈز ، ئۇزۇن ئېڭەك ، چېقىر كۆزلىرى- دىن ياۋا مۈشۈكتەك ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان 40 — 45 ياشلار ئەتراپىدىكى ئېگىز بوي ئادەم ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇراتتى . ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ ئالدىغا ئۆتۈپ ، پۈتۈن قوشۇنغا سەپسېلىپ چىقتى ،قۇياش تېخى ئەتىگەن بولۇشىغا قارىماي كىچىنىڭ زۇلمەت پەردىسىنى قايرىپ گويا قىزىل ياغلىق چىگكەن قىزدەك جىلۋە بىلەن شەرق ئۇپۇقىنى يورۇتقانىدى .گەۋدىلىك ئادەم بىردەم تۇرۇ- ۋالغاندىن كېيىن ،قوشۇنغا كوماندا بەردى :

— كۆپچىلىك ، دىققەت !

كىيىنىشى ھەر خىل ، ئېرىسى ئىلتىقتىن تارتىپ بېرىسى كالتەك - چوماققىچە قوراللانغان دېھقانلاردىن تەركىب تاپقان بۇ قوشۇن قەددىنى رۇسلاپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىدى . ئەتراپتا باللار ۋە قېرى- چۈرىلەرمۇ بار ئىدى ، ئاندىن «گەۋدىلىك» ئادەم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— كۆپچىلىك ! مەن بۇزرۇكخان تۆرەم ئەۋەتكەن قەشقەر ئالتە شەھەرنىڭ خانى ۋەلىخان تۆرە بولىمەن !

كۈتۈلمىگەندە قوشۇن ئىچىدە بىردىنلا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى . ۋەلىخان تۆرىنىڭ «دىققەت»كە ئۇندەشلىرىمۇ ھېچكىمنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى . ۋەزىيەتنى ئالدىن مۆلچەرلەپ ئۇلگۇرگەن ۋەلىخان تۆرە ئالدىبۇرۇنلا تەپكىلىك مىلتىق بىلەن قوراللانغان قوغداش قوشۇنلىرىنى ئەتراپقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى . ھەرقايسى قىسىملارنىڭ ئارىلىقلىرىدا يەنە پاترۇللارمۇ بار ئىدى . ئۇلار ھەيۋە بىلەن كۆپچىلىكنى تىنجىتتى . ۋەلىخان تۆرە سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى :

— ئالتە شەھەرنى باشقۇرۇشنى بۇزرۇكخان تۆرەم ماڭا تاپشۇردى . ھازىردىن باشلاپ ھەممە شەھەر - يېزىلار ماڭا بەيئەت قىلىشى شەرت . كىمىكى ناقايىللىق بىلەن بويۇن تولغايدىكەن ، بۇنداق جاھىل باشلارنى كېسىپ ، مۇنار قوپۇرىمەن ! قوشۇنغا كىرگەن ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بۇيرۇقنى رەت قىلىش ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن چىقىپ كېتىش ھوقۇقى بولمايدۇ . زۆرۈر تېپىلغاندا ، ھەممە ئادەم جەڭگە چاقىرىلىدۇ . ئۆلگەنلەر شېھىت ، قالغانلار غازى بولىدۇ ! بۈگۈندىن ئېتىبارەن پايتەخت قەشقەر بولىدۇ . بۇيرۇق قىلىمەنكى ، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا يېڭىسارغا قاراپ ئاتلىنىمىز ، ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ بۇيرۇق بېرىلىدۇ . ھازىر ھەرقايسى پانساتلار بۇيرۇق كۈتسۇن !

ۋەلىخان تۆرە قەشقەر خەلقىنىڭ ئۆزىنى قوللىمايدىغانلىقىنى بىلەتتى . شۇڭا ، ئادەملىرىنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنلارغا بېكىتىپ

بولغاندىن كېيىن ، ئۆزىنى ئاشكارىلاپ ، خان دەپ ئېلان قىلدى ، ئۆپچۆرىدىكى يېزىلار ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى . ئەمدى ۋەلىخان تۆرە ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن تەشكىللەنگەن قوشۇنىنى قەشقەر-نى قوغداشقا قالدۇرۇپ ، قەشقەر ۋە ئاتۇش قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇم نىشانىنى يېڭىسارغا قاراتتى . بۇزرۇكخان خوجىنىڭ نامى قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا تىلغا ئېلىنمىدى ، شۇنداقلا ئۆزىمۇ كۆرۈنمىدى . بۇ ھال ،پۈتۈن قوزغىلاڭچى ئاممىنى ھەيران قالدۇرسىمۇ ، ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشەنمىگەچكە گۇمانلانغان-لارمۇ ئانچە سۈرۈشتۈرۈپ كەتمىدى . ئەمدى ۋەلىخان تۆرىگە ئە-گەشكۈسى كەلمەي ، تارقاپ كېتىمىز دېيىش خام خىيال ئىدى . بۇ نۇقتىنى ۋەلىخان تۆرە ئاللىبۇرۇنلا ئويلاپ يەتكەن بولۇپ ، قوشۇننى ئالدىراپلا نەچچە قىسىمغا بۆلۈپ ، ئىشەنچلىك ئادەملەرنى پانساتلىققا تەيىنلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ قوشۇندىكىلەرنىڭ ئىختىيارىي تارقىلىپ كېتىشىگە يول قويماسلىق ئۈچۈن ئىدى . توختى ، كى-چىك ئاخۇن ، ھەسەن تۇرك قاتارلىقلار بۇنىڭدىن ھەيرانلىققا چۆ-مۈپ ، قاتتىق چۆچۈدى . توختى باشچىلىقىدىكى ئاتۇش قىسىملىرى پىيادە قىسىمغا ئايرىلغانىدى . كېچىلىك ئېلىشىشتا قولغا چۈشكەن قوراللارنىڭ ھەممىسى يىغىۋېلىنىپ ، ئۆزى تەشكىللىگەن قوشۇنغا تارقىتىپ بېرىلگەنلىكىدىن ئەجەبسىنگەن توختى شۇئان كىچىك ئاخۇن بىلەن ھەسەن تۇركلەرنى چاقىرتتى . ئۇلار كېچىكىپ بىلدى-كى ، رېھىمجان ئېلىپ كەلگەن خەت ساختا ئىدى .

— ئىست ! بىز ئالدىنىپتۇق ،— دېدى توختى ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ،— ئۇچىغا چىققان ياۋۇز باندىتنىڭ يۇرتىمىزغا بېسىپ كىرىپ ، خەلقىمىزنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا ھەمكارلىشى-دىغان بولدۇق ، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلىشىش ئۈچۈن سىلەرنى چاقىردىم . بىز خاتالىق ئۆتكۈزۈپتۇق . تېزدىن تەدبىر قوللانمىساق بولمايدۇ !

— ۋاقتى ئۆتتى ،— دېدى كىچىك ئاخۇن ئۈمىدۋار ھالدا ،— ئۆتكەن ئىشنى ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ . ھازىر

يېڭىسارغا يۈرۈش قىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز . يېڭىسارنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە يۈرۈش قىلىمىز . ۋەلىخان تۆرىنىڭ ئادەملىرى بۇ يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى بىلمەيدۇ ، شۇڭا ئۇرۇشقا ئالدى بىلەن بىزنى سېلىشى مۇمكىن . شۇ پۇرسەتتە بىز ئۇنىڭ قول ئاستىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئۆز ئالدىمىزغا ھەرىكەت قىلايلى . بىز خەلقنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك ئىش قىلساق ، خەلق ئاممىسى بىزنى قوللايدۇ ،بىز قانات- قۇيرۇقىمىزنى يېتىلدۈرىۋالغاندىن كېيىن ،ۋەلىخانىنىمۇ سۈپۈرۈپ تاشلايمىز .قېنى ھەسەنجاننىڭ نېمە تەدبىرى باركىن ، ئېيتىپ باقسۇن .

ئەزەلدىنلا ئادەم تەكلىپ قىلىشقا قوشۇلمىغان ھەسەن تۇرك پەقەت بۇزرۇكخان تۆرىنى تەكلىپ قىلىشقىلا رازىلىق بەرگەنىدى . ئەمدى ئىشنىڭ باشقىچە بولۇپ چىقىشى كىچىك ئاخۇننىڭ دەسلەپكى قارىشىنى ئىسپاتلىدى . بۇ ھال ، ھەسەن تۇركنى گۇمانلاندۇردى ، يەنە بىر جەھەتتىن ، دەسلەپتە بۇزرۇكخان تۆرە ئېغىزغا ئېلىنىپ ، كېيىن ۋەلىخان تۆرىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنىڭ دەسلەپكى كۆزقارىشىنى رەت قىلاتتى . ئاخىر رېھىمجان ئېلىپ كەلگەن نامەنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى :

— بۇرادەرلەر !— دېدى ئۇ جىددىي تەلەپپۇزدا ،— رېھىمجان ئېلىپ كەلگەن خەت ساختا ئىكەن . بىز ئالدىنىپتىمىز . بىزلا ئەمەس ، پۈتۈن قەشقەر خەلقى ئالداندى . ۋەلىخان تۆرىدىن ئىبارەت بۇ ياۋۇز قاراقچى بىزنىڭ قارارىمىزدىن پايدىلىنىپ ، بۇزرۇكخان تۆرىنىڭ نامىنى سۈيئىستېمال قىلدى . ئەگەر ئۇ بۇزرۇكخانىنىڭ نامىنى تىلغا ئالمىغان بولسا ئىدى ، 1847 - يىلى ئەتىيازدا قوزغالغان «خوجىلار يېغىلىقى»دا ئۆزلىرىنىڭ ۋەھشىيلىكى بىلەن سېسىق نامى پۇركەتكەن خوجىلارنىڭ بىرسى بولغان ۋەلىخان خوجىغا ھېچكىم ئەگەشمىگەن بولاتتى . ئەمدى كېيىنكى قەدەمنى كىچىك ئاخۇن ئويلىغاندەك باسماي ئامال يوق . ۋەلىخان ھازىرلا بىزنى يەكلەپ ، ئولجا ئالغان قورالنىمۇ ئىختىيارىمىزغا بەرمىدى . ئۇنىڭ غالجىرلىقى تۇتۇپ ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنى قىرغىن قىلدى ،

مىنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى . ئەڭ ياخشىسى ، بۆلۈنۈپ كېتەيلى .

ئۇلارنىڭ مەسلىھىتى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، دۇمباق ئۇرۇلۇپ ، قىسىملارنىڭ يىغىلىشقا ئاتلىنىشىغا بۇيرۇق چۈشتى .

ئەسلىدە ھەسەن تۇركنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا ئىدى . رېھىمجان بۇزرۇكخاننىڭ نەدىلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ۋەلىخاننى ئىزدەپ بارغاندا ، ۋەلىخان قەشقەر چېگرىسىدا ئازغىنە ئادەملىرى بىلەن پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ ، ئالتە شەھەرگە بېسىپ كىرىپ ئادەم توپلاپ توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى . ئىشى ئوڭدىن كەلمەي ئۇۋۇسىغا قايتقان ۋەلىخان تۆرە رېھىمجاننى كۆردى . رېھىمجان ئېلىپ بارغان خەۋەرنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى بىلىپ ئىچىدە خۇشال بولدى ـ دە ، نەچچە كۈنلەردىن كېيىن ئۆزى بىر پارچە خەتنى تەييارلاپ بۇزرۇكخان تۆرە نامىدىن رېھىمجانغا بەردى . رېھىمجان بارغان كۈنلەردە بۇزرۇكخان تۆرە تاشكەنتتە بولۇپ ،بۇ ئىشلاردىن زادىلا خەۋىرى يوق ئىدى .ۋەلىخان تۆرە خەتنى رېھىمجانغا بېرىپلا ، ئۆزى دەرھال قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىپ ،نەچچە كۈنلەردىن كېيىن چېگرىدىكى بىرىنچى قاراۋۇلخانا — مىڭيولغا يېتىپ كەلدى . بۇ يەردىكى بىرەر يۈزچە قاراۋۇل چېرىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ چېگرىدىن ئۆتۈپ ، يول بويى بىر تۈركۈم ئادەملەرنى ئۆزىگە تارتتى . ھەر خىل تەبىقىدىكى بۇ كىشىلەرنىڭ سانى 300 گە يەتمەيتتى . ۋەلىخان ئۆزىنى يوشۇرۇپ ، نامىنى بۇزرۇكخان دېۋالدى . بۇزرۇكخاننىڭ نامىنى ئاڭلىغان خەلق ھۆرمەت يۈزىسىدىن پۇل ، ئات قاتارلىقلارنى تۇتتى . شۇنىڭ بىلەن ۋەلىخان ئادەملىرىنى بىردىن ئاتقا ئىگە قىلىپ ، دەرۋازا تاقىلىشتىن بۇرۇن شەھەرگە كىرىۋالدى ، تۈن نىسپىدىن ئۆتۈپ ، ھەممە ئادەم شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندە ، بەلگىلەنگەن پىلان بويىچە ھۇجۇم قىلدى . ۋەلىخاننىڭ ئاتۇش قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ جەڭ لايىھىسىدىن پايدىلىنىپ ، بۇزرۇكخان تۆرىنىڭ نامىنى كۆتۈرۈپ چىقىشى ئۇنۇم بەردى ، بىر كېچىدىلا ئۇنىڭ بايرىقى ئاستىغا يىغىلغانلارنىڭ سانى

نەچچە مىڭغا يەتتى . ئەمدى ئۇ كىشىلەرنىڭ نارازىلىق بىلدۈرۈشىگە
يول قويمايتتى ، شۇنداقتىمۇ ئاتۇش قوزغىلاڭچىلىرىدىن ئىھتىيات
قىلىپ ، ئۇلارنىڭ تولۇق قوراللىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن جەڭدە
غەنىيمەت ئالغان قوراللارنى ئىلكىگە ئىلىۋالدى . ئۇنىڭ نىيىتى
ئۇلارنى ھۇجۇمدا ئالدىدا ماڭدۇرۇپ ، قارشى تەرەپكە يەم قىلىپ
بېرىش ئىدى .
بۇگۈنمۇ يېڭىسارغا قىلغان يۈرۈشتە توختى مانجۇ ، كىچىك
ئاخۇن ، ھەسەن تۇركىنىڭ قىسىملىرىنى قوشۇنىنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا
بۇيرۇدى . ۋەلىخان تۆرىنىڭ ئويى باشقا بولسىمۇ ، قىسىمنىڭ
روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى . قىسىم قەشقەردىن چىقىپ كۆپ ماڭماس-
تىنلا خەۋەر يېڭىسارغا يەتتى . قەشقەردىكى قىرغىنچىلىقنىڭ جەر-
يانىدىن ۋاقىپلانغان لاۋا خەلقى مۇسىبەت قايغۇسىغا چۆمدى . يېڭى-
سار ھاكىمى شۇئان ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ پاناھلىق ئىزدەپ
يەكەنگە قاچتى .

# ئون بەشىنچى باب

## دەسلەپكى چېكىنىش

ئۈزاق تارىختىن بۇيان ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكى بىلەن تونۇلۇپ كەلگەن قەدىمىي شەھەر يەكەن يەنىلا گۈزەللىكىنى يوقاتمىغانىدى . پۈتۈن ئەتراپىنى قاپلاپ تۇرغان بۈك - باراقسان ئورمانلار ، ئەگرى - بۈگرى كوچىلار ، بالىخانىلىق ئۆيلەر ، كۆڭۈلۈك ئازادە هويلىلار ، يوللارغا سايە تاشلىغان قېرى ئۈجمە دەرەخلىرى ، قارىياغاچلار ، هەيۋەتلىك ئوردا - قەسىرلەرگە سىڭىشتۈرما بولغان قىڭغىر تامىلىق ئېگىز - پەس ئۆيلەر ، سودا دۇكانلىرى ، كۆڭۈردىلىك سېپىللار بۇ شەھەرنىڭ قەدىمىيلىكى بىلەن مىللىيلىقىنى ئىسپاتلىسا ، جەننەتكە تىمسال باغلاردىن گۈپۈلدەپ دىماغقا ئۇرۇلىدىغان چېچەكلەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى گويا ئەتتار دۇكىنىنى ئەسلىتەتتى .

شۇنداق ئۇزاق ئۆمۈر ، مۇناسىپ گۈزەللىك نېسىپ بولغان قەدىمىي شەھەر نېمىشقىدۇر خورلۇق هېس قىلىۋاتقاندەك ، ناپاك تائىپىلەرنىڭ تاپىنى ئاستىدا قالغىنىغا ئەپسۇسلىنىۋاتقاندەك ، چىرايلىرى تۇتۇلغان ، غەمكىن هالەتتە ئىدى .

روزا هېيت كەلگىنىگە خېلى كۈنلەر بولغان بولسىمۇ ، ئەمما يىراق - يېقىندىكىلەر تېخىچە هېيتلىشىپ بولالماي ، قولتۇقلىرىغا داستىخانلىرىنى قىسىپ ئۇيان - بۇيان مېڭىۋاتقان ئەر - ئاياللار ، توپ- توپ ئوغۇل - قىزلار ،كۆرۈشكۈچىلەرنىڭ بىر - بىرلىرىنى مۇبارەكلەشلىرى روزا هېيتنىڭ هېلىھەم داۋاملىشىۋاتقانلىقىدىن

دېرەك بېرەتتى. دېمىسىمۇ، بۇ شەھەردە روزا ھېيت شەۋۋالنىڭ ئاخىرىغىچە تۈگىمەيتتى.

يەكەن خان ئوردىسىدىمۇ ھېيت قىزغىن داۋام ئېتىۋاتاتتى. شەھەر - شەھەرلەردىن ھېيت باھانىسى بىلەن ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ھېيتىنى مۇبارەكلەپ كېلىۋاتقان سوۋغىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۆزىنى شاھلارنىڭ شاھىدەك ھېسابلايدىغان ئەفرىدۇن ۋاڭ گويا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ھايات - ماماتلىقى چاڭگىلىدا تۇرغاندەك مەغرۇر ۋە خاتىرجەم ئىدى. شەھەر - شەھەرلەردىن سۇدەك ئېقىپ كېلىۋاتقان ئالتۇن - كۈمۈشلەر ئۇنىڭدا يېڭىدىن - يېڭى ئويلارنى پەيدا قىلىپ، ۋېنزۇڭ (ئىسىنگورويجۇ) خان (1851— 1861)نى يوقلاپ كېلىش ئىستىكىنى تۇغدۇردى. ئۇ كۈز ئايلىرىنىڭ ئارامبەخش كۈنلىرىدە يولغا چىقىشنى پىلانلاپ، مۇشۇ پۇرسەتتە يەرلىك فېئودال - ئەمەلدارلارنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارغا يېڭى مەنسەپلەرنى بېرىش ئارقىلىق ئۆزىگە مايىل قىلىش غەرىزىدە يۈرەتتى. بىراق، تەختىنى كۆزلەپ كېلىۋاتقان «توپان» بالاسى ياكى يەر- جاھاننى يالمىغۇدەك دەھشەتلىك ياڭغىننىڭ شىددەت بىلەن يېقىنلاۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى.

ئەفرىدۇن بۈگۈن بامداتتىن كېيىن ئەتىگەنلىك ناشتىنى قىلىپ، قوبۇلخانىغا چىقتى. سالامغا كەلگەنلەر تەقەززالىقتا رەت - رەت تىزىلىپ كۈتۈپ تۇراتتى. ئەفرىدۇن كېلىشى بىلەن بەگلەر قول باغلاپ، ئۇزاق ئۆمۈر، سالامەتلىك تىلىدى. ئەفرىدۇننىڭ كەيپى چاغ ئىدى، بەگلەرنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ، تارقىلىشقا ئىجازەت بەردى. بەگلەر 4 — 5 قەدەمچە ئارقىسىچە چېكىنىپ ئەمدىلا ئۆرۈلۈپ مېڭىشىغا ئەفرىدۇن ۋاڭ خەزىنىچى ۋەزىر مەغرۇلبەگنى چاقىردى.

ئەفرىدۇن ۋاڭ مەغرۇلبەگ بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇش ئالدىدا تۇرغاندا، قوبۇلخانىنىڭ ئىچىگە:

— ۋاڭ ئالىيلىرى! ۋاڭ ئالىيلىرى!...— دېگىنىچە يېڭىسار ھاكىمى كىرىپ كېلىپ، ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى.

مانجۇچە فورمىلىرىنى تاشلاپ پۇقراچە كىيىنگەن ، يۈز - كۆزلىرد-
نى چاڭ باسقان ، پۇت - قوللىرى دىرىلداپ ماغدۇرىدىن كېتەي
دەپ قالغان ھاكىم قار - يامغۇر ياش تۆكۈپ ، سەجدىدىن باش
كۆتۈرمەي داۋام قىلدى ، — شەھەر قولدىن كەتتى ، ئالىيلىرى ،
شەھەر قولدىن كەتتى !

ئەفرىدۇن بولسا بۇ يىل كۈزدىكى بىيجىڭغا بېرىش سەپىرىدە
خانغا تارتۇق قىلىدىغان سوۋغا ئۈچۈن توپلانغان نەرسىلەرنى سۈ-
رۈشتۈرۈپ ، كۆڭلىنى تىندۇرماقچى بولۇپ تۇراتتى . مۇشۇنداق
چاغدا كەلگەن شۇم خەۋەردىن كەيپى ئۇچۇپ ، چۆچۈش ، غەزەپ
ۋە ئەندىشىدىن كۆزلىرىنى چەكچەيتتى ، مىخقا ئولتۇرۇپ سالغاد-
ـدەك ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى :

— نېمە گەپ ، تېز سۆزلە !

— قەشقەر قولدىن كەتتى !

— قاچان ؟

— شەۋۋالنىڭ 15 - كېچىسى .

— يېڭىسارچۇ ؟

—...

—تېز ئېيت !

— ھازىرچە تىنچ .

— نېمىشقا كەلدىڭ ؟

— خەۋەر قىلغىلى .

— شەھەر كىمگە قالدى ؟

—...

— ئادەم بارمۇ ! ؟

قوبۇلخانىنىڭ ئىككى تېمىغا تارتىلغان ئۈزۈن پەردىنىڭ ئار-
قىسىغا يوشۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇلغان قوغدىغۇچىلاردىن تۆتى ئېتى-
لىپ چىقتى .

— بۇنى ئېلىپ چىقىپ كۆزدىن يوقىتىڭلار !

ئەفرىدۇن پەرمان چۈشۈرۈپ تۇرۇشىغا ، قوبۇلخانىغا يەنە بىر-

قانچىسى ئۇسۇپ كىرىپ :

— پاناھ بولغايلا ، ئالىيلىرى !— دېگىنىچە ۋاڭنىڭ ئايىغىغا باش قويدى .

بۇلار يېڭىسارنىڭ ھۆكۈمدارلىرى (شەرىئەت ، ھۆكۈمەت پەرمانلىرىنى چۈشۈرگۈچىلەر ) بولۇپ ، قاچقۇن ھاكىمنىڭ ئارقىسىدىنلا ئوردىغا يېتىپ كەلگەنىدى .

— جانابىي ۋاڭ ئالىيلىرى ! قەشقەر قولدىن كەتكەندىن كېيىن ، قوزغىلاڭچىلار ئاتلىق ، پىيادە يېڭىسارغا ھۇجۇم باشلىدى . بۇنىڭغا سەل قاراش بەك خەتەرلىكتۇر . بىز جېنىمىزنى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى ئالىيلىرىنى ۋاقىپلاندۇرۇپ ، يۇرتنى قوغداپ قېلىش مۇددىئاسىدا ھاكىمغا ئەگىشىپ ھۇزۇرلىرىغا يېتىپ كەلدۇق . بۇ ئاپەتنىڭ يۈز بېرىشى تەقدىردىن كەلگەن قازادۇر . دانالار :

قازا گەر يەتسە كۇھ[1]ھەم كاھ [2] بولۇر ،
گەر فىلاتۇن بولسىمۇ ئەبلەھ[3]بولۇر .

دەپتىكەن ، ئۆزلىرىنىڭ مىسلىسىز ئەقىل - ئىدراكلىرى بىلەن تەقدىرگە تەدبىر قىلىپ ، يۇرتىمىزنى توپىلاڭچىلاردىن ئامان قىلغايلا .

بايا ھودۇقۇپ كەتكەن ئەفرىدۇن ئەمدى سەل ئېسىنى تاپتى . ئۇ ، پەسكارىغا چۈشۈپ ، تېخى ھېلىلا ھاكىمنى كۆزدىن يوقىتىشقا پەرمان چۈشۈرگەن تۆتىگە تاپىلىدى :

— يېڭىسار بەگلىرى ئوبدان كۈتۈلۈپ ، سارايغا ئورۇنلاشتۇرۇلسۇن !

ئەفرىدۇننىڭ ئىنايىتىگە ئېرىشكەنلىكىدىن تەسىرلەنگەن بەگلەر كۆز يېشى قىلىشىپ ، سارايغا يول ئېلىشتى .

---

① كۇھ — تاغ .
② كاھ — سامان .
③ ئەبلەھ — دۆت .

ۋاڭ ئوردىسىدا بولسا تېخى 10 نەچچە مىنۇتنىڭ ئالدىدىكى خاتىرجەملىك ، خۇشاللىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى . ئېغىر غەم-قايغۇغا چۆمكەن ئەفرىدۇننىڭ خىيالىغا قوزغىلاڭچىلار قىيان سۇيىدەك دەرۋەپ يەكەن شەھىرىنى بېسىۋېلىپ ، ئوردىنىڭ ئىچى قان كۆلچىكىگە ئايلانغان مۇدھىش مەنزىرە كېلىۋالدى .

كۇتۇلمىگەندە لاۋا شەھىرىنىڭ ئاخۇن - ئەشرەپلىرى ۋە يەنە نەچچىلىگەن بەگلەر مال - دۇنيالىرىنى تاشلاپ ، جان قايغۇسىدا ئاھۇپەرياد چېكىپ ، ئەفىرىدۇن ۋاڭنىڭ ئايىغىغا ئۆزلىرىنى ئېتىشتى :

— ئى باھادىر ۋاڭ ئالىيلىرى !— دېدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ياشتا ھەممىدىن چوڭ ، لاۋا شەھىرىنىڭ ئاخۇنى ،— يېڭىسار قولدىن كەتتى . قوزغىلاڭچىلار توسقۇنسىزلا كىرىپ ، شەھەرگە بەخىرامان ئورۇنلاشتى . بىز نېمە قىلىشىمىزنى ، قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلمەي ، خەۋەر يەتكۈزگىلى كەلدۇق .

ئەفرىدۇنغا قەشقەر ، يېڭىسارنىڭ قولدىن كەتكىنى ئېنىق بولغانىدى . ۋەلىخان تۆرە ھېچبىر چىقىمسىزلا مۇداپىئەسىز شەھەر يېڭىسارنى قولغا كىرگۈزۈپ ، قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىشنى جىددىي تۇتۇۋاتاتتى . ئۇ يەنە قەشقەر ۋە لاۋا خەلقىگە پەرمان چۈشۈرۈپ ، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ باش كىيىم ۋە ئۇستۋاشلىرىنى بىر خىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ھۈنەرۋەنلەرنى ئۇيۇشتۇردى . ئۇنىڭچە ، قوشۇننى بىر خىل فورمىدا كىيىندۈرگەندە مۇنتىزىم تۈس ئالغان جەڭگىۋار ھالەت شەكىللىنىپ ، دۈشمەنلىرىگە ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى . ئەكسىچە ئەھۋالدا ، ھەرەڭ - سەرەڭ كىيىنگەن بۇ دېھقانلارنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . لايىھە بويىچە بېشىغا ئېگىز يېڭىسار تۇمىقى ، ئۇچىسىغا ئالا چاپان تەييارلاش بېكىتىلدى . قوشۇن بىر خىل فورمىغا ، روشەن بەلگىلەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش قارار قىلىندى .

ئەفرىدۇن كۆڭۈلسىز خەۋەرنى ئاڭلاپ ، ئوردا ئەكابىرلىرىنى كېڭەشكە چاقىردى ، ئۆز دەرىجىلىرى بويىچە ئولتۇرغانلارغا بىر-

بىرلەپ سەپسىلىپ چىقىپ ، جىددىي تەلەپپۇزدا چاقىردى :

— شاھمەنسۇربەگ !

— خوش !— دېگىنىچە ئالدىغا چىقتى يۈز - كۆزلىرىنى قويۇق ساقال باسقان ، جۇۋەك بىر ئادەم .

— پەرمان ! دەرھال 2000 لەشكەر بىلەن يولغا چىقىپ ، كۆكرەباتتا① ئىستىھكام قۇرۇپ ، دۈشمەننىڭ يولى توسۇلسۇن !

— خوپ !— شاھمەنسۇربەگ بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىپ ، سو- رۇندىن چىقىپ كەتتى .

— ۋاڭ ئالىيلىرى !— دېدى يېڭىساردىن قېچىپ كەلگەنلەر- دىن بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ ،— قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى بەك كۆپ ، قورالىرى خىل ، شۇڭا 2000 لەشكەر ئازلىق قىلارمى- كىن ، ئويلاپ كۆرگەيلا .

ئەفرىدۇن ئۇنىڭ تەكلىپىنى مۇۋاپىق كۆردى . يەكەندە بەدەخ- شان ، ھىندىستان ، كەشمىردىكى مەشھۇر جەڭلەردە ئەلەمدار بو- لۇپ داڭق چىقارغانلىقى بىلەن ماختىلىپ يۈرىدىغانلار بار ئىدى . ئەفرىدۇن ئۇلارنى ئەلەمدارلىققا بەلگىلەپ شاھمەنسۇربەگكە قوشۇپ يولغا سالدى .شاھمەنسۇربەگنىڭ ئادەملىرى كۆكرەباتقا يېتىپ بار- غاندا ،قارا مىلتىق ، نەيزە ، قىلىچ ، ئايپالتا قاتارلىقلار بىلەن قو- راللانغان قوزغىلاڭچىلار گويا كەلكۈندەك دەۋرەپ كېلىۋاتاتتى . بۇنى كۆرگەن بەدەخشانلىق سىپاھ تېخى بىر پاي ئوقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماي تۇرۇپلا تىكىۋەتتى ، شاھمەنسۇربەگ قارىسا ، ئۇ ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى . شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەر قاچ -قاچ بولۇپ ، كۆكرەباتنى تاشلاپ چېكىندى . بۇ خەۋەرنىڭ ئوردىغا يېتىپ كېلى- شى ئەمىر مەھرەمبېگى مۇھەممەت يۇسۇپبەگ بىلەن نېمە ئۈستىدە- دۇر مەسلىھەتلىشىۋاتقان ئەفرىدۇننى ۋەھىمىگە سالدى . ئۇ پەرمان قىلدى :

— كۆكرەباتتىن چېكىنگەن قوشۇن دەرھال كېل- ىپ «بىگىل» دە مۇداپىئەدە تۇرسۇن ، پەرمان يەتكۈزۈلسۇن !

---

① كۆكرەبات — ھازىرقى ئاتىلىشى كۆرەۋات .

قوزغىلاڭچى قوشۇن بولسا شىددەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. توختىنىڭ قوشۇنى باش ئەلەمدار بولۇپ ئالدىدا، كىچىك ئاخۇن بىلەن ھەسەن تۇركلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىۋاتاتتى. ئەگەر ئوخشىتىش توغرا كەلسە، توختى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن يالماپ كېلىۋاتقان بىر ئوت، ئەفرىدۇن قوشۇنلىرى بولسا كۆك قومۇش ئىدى. توختى باشچىلىقىدىكى قوشۇن ھۇجۇم بىلەن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، بېگىلىدىن ئۆتۈپ، ئۆلكىگە يەتتى.

ۋەلىخان تۆرە يېڭىسارنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەتتە خوجا يېغىلىقىدىكى جەڭ تەجرىبىسىنى ئېسىگە ئالدى. خوجىلار قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ كاتتا تۆرە قورغانىنى ئالغانغا قەدەر شەھەر ئاھالىسى ئۇنىڭغا دەرۋازىنى ئېچىپ بەرمەي، 8 - كۈنى قوقەندلىك ئاقساقال نامەتخان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شەھەر دەرۋازىسىنى ئاچقانغا قەدەر كىرەلمىگىنىدەك ساۋاقلار ۋەلىخاننىڭ يادىدا ئىدى. شۇڭا، قەشقەر ئاھالىسىنىڭ دەرۋازىنى تاقىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يېڭىسارنى ئىلكىگە ئېلىپ بولۇپلا قەشقەرگە قايتىپ، ھاكىم ئوردىسىدىن ئورۇن ئالدى. قەشقەر بىلەن يېڭىساردا مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا بولاتتى. لېكىن، ۋەلىخان تۆرە قەشقەرگە ئۇزاق مۇددەتلىك خان بولالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى. ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى مەقسىتى بايلىق توپلاش ئىدى. شۇڭا، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئاتۇشلۇق دېھقان قوزغىلاڭچىلارنى جەڭگە كىرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئەگەشمە قوشۇنلىرىنى زاپاس قالدۇردى؛ ئىككى شەھەرگە مۇستەھكەم ئورۇنلىشىۋېلىپ، دەسلەپىدە ئۆلتۈرۈلگەن مانجۇ مەمۇرلىرى، سودىگەرلەر، گۆرۈكەشلەرنىڭ ئوقەتلىرىنى «مۇسادىرە» سۈپىتىدە ئىگىلىۋالدى. قالغانلىرىنى داۋاملىق ئۆلتۈرگەندىن باشقا، پۇقرالارغا نەق پۇل، ئاشلىق سېلىقى قويدى، يېڭى نىزاملارنى بەلگىلەپ، يۈزىنى ياپمىغان ئاياللارنىڭ چېچىنى كېسىش، ئالتە ياشتىن يۇقىرى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى بېشىغا سەللە ئوراپ مەسچىتكە بېرىپ، كۈندە بەش قېتىم ناماز ئوقۇش، خىلاپ-

لىق قىلغانلارنى ئېغىر جازالاش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى . پۈتۈن ئادەمنى ھاشارغا ھەيدەش ئارقىلىق قىزىل دەرياسىنىڭ سۈيىنى توسۇپ ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى يېڭىشەھەرنى سۇغا باستۇرۇشقا كىرىشتى . بۇ چاغدا قوزغىلاڭچى قوشۇن يەكەنگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى . ئەفرىدۇن ۋاڭ ئۇرۇشقا ئۆزى قوماندانلىق قىلدى . ئوردىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى «شەيخ ئىسلام ساھىب كەرەم» بىلەن «ئاخۇن مۇنەججىم زامان» ئىككىسى ئىلمىي نۇجۇم بىلەن كارامەت كۆرۈپ ، كېيىنكى غايىب ئىشلار ئۈستىدە خەۋەر بەرمەكتە ئىدى .لېكىن ، ئۇرۇش ئەھۋالى ئۇلارنىڭ دېگىنىگە ئوخشىمايۋاتاتتى .

بۈگۈن بامداتتىن كېيىن بەگلەر قوبۇلخانىدىن تارقاپ تۇرۇشىغا ، باش مىرزىبەگ كىرىپ كەلدى :

— ئۇرۇش مەيدانىدىن خەۋەر كەلدى !— دېدى ئۇ سەجدىگە باش قويۇپ .

ئەفرىدۇن بىردىنلا جىددىيلىشىپ ئىجازەت بەردى :

— ئىجازەت ! قېنى تۇرۇپ سۆزلەڭ !

— توپىلاڭچى ئوغرىلار ھۇدۇتسىز كۆپ ئىكەن . توسالغۇسىز باستۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ .

— قانداق قىلىمىز ، تۆرىلىرىم ؟— ئەفرىدۇن بۇرۇلۇپ ساھىب كەرەم بىلەن مۇنەججىم زامانغا تەنە نەزىرىدە قارىدى .

باشلىرىغا قازاندەك سەللىنى ئوراپ ، ئاق يەكتەك بىلەن گويا بىر ئانىدىن تۇغۇلغان قوشكېزەكلەردەك ئولتۇرغان ئاپئاق ساقاللىق بۇ ئىككى زات دەمال جاۋاب بېرەلمىدى . بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ، مۇنەججىم زامان ئېغىز ئاچتى :

— بىز قىلىدىغان تەدبىرنى قىلدۇق . خەبەر ئامبال جاڭجۇنگە ئىلتىماس سۇنايلى .

— توغرا گەپ بولدى ،— دېدى ساھىب كەرەم مۇنەججىم زاماننىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلىپ ،— ھازىر شەھىرىمىز خەتەر ئاستىدا تۇرغاندا ، خەبەر ئامبال جاڭجۇن قولاق يوپۇرسا بولماس ،

دەرهال ئۇنىڭدىن ياردەم سورايلى .
— شۇنداق بولسۇن !— دېدى ئەفرىدۇن ۋاڭ ۋە شۇئان فور-مىسنى كىيىنىپ مېڭىشقا تەييارلاندى .
ئەفرىدۇن ۋاڭ يېڭىشەھەر قورغىنىغا كەلگەندە ، مانجۇ قىد-سىملىرىمۇ جىددىي ھالەتتە ئىدى . ئۇ مەيىسى بىلەن ئىچكىرىلەپ كىرىپ ، خەبەر ئامبال جاڭجۇن مەھكىمىسى ئالدىغا بارغاندىلا چۈشتى ، مۇلازىم قاراۋۇللار ھەمراھلىرىنى سىرتتا قالدۇرۇپ ، ئۆزىنىلا جاڭجۇنىنىڭ قېشىغا باشلاپ كىردى .
خەبەر ئامبال ئىشىنىڭ مۇشۇ دەرىجىگە يېتىشىنى ئالىلىقاچان بىلىپ ئۆلگۈرگەنىدى . بۈگۈن ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ئىزدەپ كېلىشى دەل ئۇنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقتى . ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ كەلگەن-لىكى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن ، خەبەر ئامبال ئۇنى كۈتۈۋالغىلى ئىشىك ئالدىغا چىقتى .
— خەبەر ئامبال جاڭجۇن جانابلىرى !— دېدى ئەفرىدۇن ۋاڭ قول باغلاپ تۇرۇپ ،— قەشقەر ، يېڭىسار قولدىن كەتكەندىن كې-يىن ، توپىلاڭچىلار كۆكرەبات ۋە بىگىلدىن ئۆتۈپ ، ئۆلكىگە بې-سىپ كىردى . پات ئارىدا يەكەن شەھىرىگە ئاياغ باسسا ، ھەممىمىز ساق قالماسلىقىمىز مۇمكىن . مېنىڭچە ، پۈتۈن ئۇلۇغ - ئۇششاق ئاۋامنى شەھەر ئىچىگە جۇغلىساق ، دەرۋازىنى چىڭ ئېتىپ ساقلى-ساق ، ئاتارمەن ، چاپارمەن بولۇپ 1000 كىشى چىقارساق ، ھىندى ۋە كەشمىرلىكلەرنىڭ ئەلچىخانىلىرىدا 500 — 600چە قوراللىق كۈچ بار . ئۇرۇش جابدۇقلىرى تەل . قوشۇنغا مانجۇ قىسىملىرى-نىڭ چېرىكلىرىدىن قوشۇپ ئەۋەتسەك ، دەيمەن . شۇنداق قىلمىغۇ-چە ئامان قالماقنىڭ ئامالى بولماس .
— ناھايىتى ياخشى !— دېدى جاڭجۇن يوتىسىغا ئۇ-رۇپ ،— شەھەرنى ئالالمايدۇ بىز تۇرۇپ ، مەن چىقىراي 500 چېرىك ، ھىندى ، كەشمىرلىك بىلەن قوشۇلۇپ ، ئوغرىلاردىن بىرنىمۇ قويمىسۇن تىرىك . بىراق ، بۇ قوشۇنغا شاھ ئورنىدا كىم تۇغدار بولۇپ تۇرىدۇ؟ بۇنىڭغا قابىل كىشى بولۇشى كېرەك .

— قوۋۇق بېگى (ئىشىك ئاغىسى) چىقسۇن !— دېدى ئەفرىدۇن ۋاڭ .

جياڭجۇن بىلەن ئىككىسى قوۋۇق بېگىنى سەردارلارغا باش قىلىپ ، ئەلەمدار ، سەرۋازلارنى تەيىنلىدى . تولۇق قوراللانغان بىرلەشمە قوشۇن گويا پۇتون ئالەمنى سۇپۇرۇپ ماڭىدىغاندەك ھەيۋەتتە قوزغىلاڭچىلارغا قارشى ئاتلاندى . ئۇلاردىكى قوراللارنى تېخى كىشىلەر كۆرۈش تۇگۇل خىيالىغا كەلتۇرۇشكىمۇ ئۇلگۇرمىگەنىدى . بىرلەشمە قوشۇن شۇ ئاتلانغانچە يۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدىنى توستى . سول تەرەپتە مانجۇ قىسىملىرى جاڭ ئۇرۇپ سەپراس تۇرسا ، ئوڭ تەرىپىدە ئاۋغانلار ناغرا چالماقتا ئىدى . بۇ ئىككى قوشۇننىڭ روبىروسىدا توختى مانجۇ قوماندانلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن جەڭ دۇمبىقىغا سۇنايىنى تەڭكەش قىلاتتى . جەڭ ساداسىدىن ئىلھاملانغان توختىنىڭ ئاتلىق يىگىتلىرى قوشۇندىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ، قوللىرىدىكى ئۆتكۇر نەيزىلەرنى پۇلاڭلاتقان ھالدا ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ جەۋلان قىلغىنىچە سەپ تۈزۈپ تۇرۇشتى .

تۇيۇقسىز چىڭ لەشكەرلىرى مەخپىي يوسۇندا يۆتكەپ كەلگەن تەيفو بىلەن زەمبىرەكلەرنى قوزغىلاڭچى قوشۇنغا قارىتىپ ئېتىشقا باشلىدى . بۇنىڭغا مىلتىق ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ دەھشەتلىك گۇمبۇرلەش ساداسى پەيدا قىلدى . ھاۋانى ئىس - تۇتەكلەر قاپلىدى . چىڭ قوشۇنلىرى تەيفو - زەمبىرەكنىڭ ھىمايىسىدە بىردەك ئات سېلىپ ، ھۇجۇمغا ئۆتتى . چاڭ - توزانلار دەستىدىن خېلى يېقىندىكى ئادەملەرنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى . شىددەتلىك ئېتىشىش بىرپەس داۋاملاشقاندىن كېيىن ، ئوق ئاۋازى ئازايدى . كۆچەپ ئۇرۇلغان جاڭ ئاۋازى بىلەن لەشكەرلەر ئۆز سەپلىرىنى تاپتى . ھاۋا سۇزۇلگەندە مەلۇم بولدىكى ، قوزغىلاڭچى قوشۇن ئاللىقاچان چېكىنىپ كەتكەن ئىدى ،پەقەت ئۇلاردىن تالاپەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ بىرقانچە جەسىتىلا تۇراتتى . بۇ قېتىمقى جەڭدە توختى مانجۇ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ ، زىيان

ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى . ئەگەر ۋاقتىدا چېكىنمىگەندە ئاددىي قوراللانغان قوزغىلاڭچىلار تامامەن قىرىلىپ تۈگىگەن بولاتتى .
قوزغىلاڭچى قوشۇن شۇ چېكىنگىنىچە كۆكرەباتتىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى . يىغىلىشقا سۇناي چېلىنغاندا ، ۋەلىخان تەرەپتىن قوشۇلغان لەشكەرلەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى . ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يېڭىسار قورغىنىغا قاراپ قاچقان بولۇپ ، بەزىلىرى خېلىدىن كېيىن يوشۇرۇنغان جايلىرىدىن چىقىپ كېلىشتى .
— قېرىنداشلار !— دېدى توختى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئوڭ قولىدىكى مىلتىقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇلاڭلاتقان هالدا . ئۇ مىندۇالغان تورۇق ئارغىماق جەڭگە ئىنتىلىپ چاپچىيتتى . ئەپتىدىن لەشكەرلەر تويىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ ، جەڭگە ئاتلانماقچى بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى ،— بىزنىڭ چېكىنىشىمىز يېڭىلگەنلىك ئەمەس ، بەلكى زۆرۈرىيەت ! جەڭ دېگەن شۇنداق بولىدۇ ، گاھىدا چېكىنىمىز ، گاھىدا هۇجۇم قىلىمىز . ئۆزىمىزنى قوغداپ دۈشمەننى يوقىتىش جەريانىدىكى قېچىشمۇ ، قوغلاشمۇ ئوخشاشلا غەلىبە . بىز بۈگۈن ئازراق بەدەل بېرىش هېسابىغا دۈشمەن تەرەپنى ئىككى هەسسە ئارتۇق زىيانغا ئۇچرىتىپ ، 25 دانە پەرەڭ مىلتىقى ئولجا ئالدۇق . شۇنى جاكارلايمەنكى ، چېكىنىش بۈنىڭدىن كېيىن بۈگۈنكىدەك بولماسلىقى كېرەك . هۇجۇممۇ - چېكىنىشمۇ بۇيرۇق بىلەن بولىدۇ . ئەگەر جەڭدىن قورقىدىغانلار بولسا شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا كېتىشكە رۇخسەت . جەڭ مەيدانىدىن ئىختىيارىي قاچىدىغانلار دۈشمەن قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ . پىكرىڭلار بارمۇ ؟
قوزغىلاڭچىلار تەڭلا ئىنكاس قايتۇرۇشتى :
— يوق ! ئەفرىدۇن ۋاڭنى يوقىتايلى ! ئۇنىڭ غالچىلىرىنى يوقىتايلى ! يوقالسۇن زالىم ئەمەلدارلار !
شوئار ساداسى قوزغىلاڭچىلارغا غەيرەت - جاسارەت بەخش ئەتتى . يىگىتلەر جەڭگىۋار هالەتتە ئىدى . توختى هەرقايسى قىسىملارنىڭ پانساتلىرىنى چاقىرىپ ، ئادەملەرنى تەرتىپكە سېلىشنى تاپشۇرماقچى بولدى . ئۇنىڭ يېنىدا كىچىك ئاخۇن بىلەن هەسەن

تۇركلا قالغان بولۇپ ، پانساتلاردىن بىرسى ئۆلگەن ، بىرسى ئازراق ئادەملىرى بىلەن يېڭىسارغا قاچقانىدى .شۇنىڭ بىلەن «ئىگىسىز » قوشۇندىن بىر قىسىم تەشكىللىنىپ ، تۇرسۇن پانساتلىققا تەيىنلەندى .قەشقەر تەرەپتىن ھېچقانداق خەۋەر يوق ئىدى .يېڭىسار بىلەن بولغان ئارىلىق تېخى يىراقلىشىپ كەتكەن ،قوشۇن زاپاس تەييارلىۋالغان تەمىنات يەنە 1 — 2 كۈنلۈك بولاتتى . ئەگەر ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئۆلكىگە ئۇلاشمىغاندا ، قوزغىلاڭچىلار ئاچ قېلىپ ئۆزلۈكىدىن تۈگىشەتتى . بىر تۈركۈملەرنىڭ قەشقەرگە چېكىنىشى ، بىر قىسىملارنىڭ تارقىلىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققىدىغان قوشۇننىڭ پارچىلىنىش خەۋپى توختىنى ئەنسىرەتتى . ئۇ ئادەملەرنى ئىستىراھەتكە قويۇپ بېرىپ ، پانسات ، يۈزبېشى ، ئونبېشى قاتارلىقلارنى يىغدى .

— قېرىنداشلار !— دېدى ئۇ ۋەزمىن تەلەپپۇزدا ،— بىز دەسلەپتە غەلىبە قىلغان بولساقمۇ ، بۇ نۆۋەت كۈچلۈك دۈشمەنگە تاقابىل تۇرالمىدۇق . ئۇلار قورالىلىرىنىڭ ئىلغارلىقى بىلەنلا ئەمەس ، بەلكى ئادەملىرىنىڭمۇ بىزدىن نەچچە ھەسسە كۆپلۈكى بىلەن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغاچقا ، چېكىنىپ بەردۇق . ئەتە يەنە يۈرۈش قىلىمىز . يامان يېرى ، تەمىنات ئۈزۈلدى . بۇنى قانداق ھەل قىلىمىز ؟ تەدبىرلەر ئۈستىدە مەسلىھەتلىشەيلى...

توختىنىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا كۆلتېرىم تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى . كېلىۋاتقانلارنىڭ دۈشمەن قوشۇنى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان پانسات - يۈزبېشىلار ئۆز ئادەملىرىنى «دىققەت» كە چاقىرىپ ، جەڭ تەييارلىقى ھالىتىگە ئۆتتى . چاڭ - توزانلار بارغانسېرى يېقىنلىشىپ ، نۇرغۇن ئادەم ۋە ئات - ئېشەكنىڭ قارىسى كۆرۈندى . يېقىنلاپ كەلگەندە ئايدىڭلاشتىكى ، ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم ئۇلاغ - چارۋىلارغا نەرسە -كېرەكلەرنى ئارتىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇلار ئارىسىدىن قارا نوچى تۇماقنىڭ ئالدى تەرىپىنى قىستۇرۇپ كىيىپ ، ئۆشنىسىگە قارا مىلتىق ئېسىۋالغان 30 ياشلار چامىسىدىكى قارىمۇتۇق تەمبەل يىگىت ئالدىغا ئۆتۈپ سورىدى :

— توختى مانجۇ دېگەن كىم؟
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! توختى مانجۇ مەن بولىمەن،— توختى خۇش چىراي ھالدا ھېلىقى يىگىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ، كۆرۈشۈش ئۈچۈن قول تەڭلىدى.
يىگىتمۇ دەرھال قول بېرىپ كۆرۈشتى:
— مېنىڭ ئىسمىم يولۋاس،— دېدى ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ،— بۇلار موغال، كۆلتېرىملىق دولانلار بولىدۇ. بىز تۇرۇۋاتقان ئىككى كەنتنىڭ يېرى قەشقەرگە، سۇيى يېڭىسارغا تەۋە ئىدى. بىز دولانلىق بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ھەر ئىككى يۇرتتىن يەكلىنىپ، بىر خىل سېلىقنى ئىككى يۇرتقا تەڭ تۆلەپ، ياشىغۇدەك ماجالىمىز قالمىدى. سۇ بەرمەي دېھقانچىلىق قىلالمىدۇق. يېقىندا، توختى مانجۇ دېگەن كىشى پۈتۈن يوقسۇزلارنىڭ ھاكىمى بولۇپ، ئەزگۈچىلەرنى جازالىغىلى تۇرۇپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇق. شۇڭا، يىگىتلەرگە ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ، سېپىڭلارغا قوشۇلۇشقا كەلدۇق.
يولۋاسنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن ئادەملەر:
— زالىم ئەمەلدارلارنى يوقىتايلى!
— ئەفرىدۇن ۋاڭنى يوقىتايلى!
— ياشىسۇن ئەركىنلىك!— دەپ شوئار توۋلاشتى.
ئۇلار 600 ئەتراپىدا ئىدى. بىرەر يۈزچە ئېشەك، 30 نەچچە ئاتقا ئارتىپ ئەكەلگەن ئاشلىق قوزغىلاڭچىلارنىڭ زاپاس تەمىناتى قىلىندى. بۇ، قوزغىلاڭچىلارغا نىسبەتەن «خۇدا كەچ قويسىمۇ ئاچ قويماس» دېگەندەك زور خۇشاللىق ئىدى.
— ئۆزىڭىز بۇلارنىڭ باشچىسىمۇ؟— توختى يولۋاستىن سورىدى.
— مەن ئىككى كەنتنىڭ يىگىتۋېشى.
— سىلەرنى قارشى ئالىمىز، قېنى كۆپچىلىك، يېڭى كەلگەن قېرىنداشلىرىمىزنى قارشى ئالايلى!

قوزغىلاڭچىلار خېلى ئۇزاققىچە چاۋاك چېلىشتى .

— كۆپچىلىك !— دېدى توختى تەمكىن هالدا ،— موغال ، كۆلتېرىم پىدائىيلىرىغا ئىككى يۇرتنىڭ يىگىتۈيشى يولۋاسنى پاذ-
ـسات بېگى قىلىپ تەيىنلىسەك قوشۇلامسىلەر ! ؟

«قوشۇلىمىز ! »دېگەن ئاۋاز تەڭلا ياڭراپ ، يىراق - يىراقلارغا كەتتى . كۆكرەباتتا ئۇلجا ئېلىنغان مىلتىقلار يولۋاسنىڭ ئادەملىد-
ـرىگە يېتىشىچە تارقىتىپ بېرىلدى . ئاتلار ئاتلىق قىسىمغا ، ئېي-
ـشەكلەر بولسا ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرىغا ئىشلىتىشكە ئورۇن-
ـلاشتۇرۇلدى . قىسىملار باشقىچە روهلانغان بولۇپ ، «ئېزىتقۇ»غا يۇرۇش قىلىش تەييارلىقىغا چۈشۈپ كەتتى .

# ئون ئالتىنچى باب

## ئادەتتىكىدىن قىسقا بىر كۈن

قوزغىلاڭچى قوشۇن يەكەندە تۇرۇۋاتقان مانجۇ قىسىملىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ كۆكرەباتقىچە چېكىنىپ، مۇھاسىرە رايونلىرىدىنى قولدىن بېرىپ قويىدى. جەڭدە ئۆلگەنلەر 20 ئەتراپىدا بولۇپ، زىيان ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، قەشقەردىكى 15 - شەۋۋال غەلىبىسىدىن كېيىن قوشۇلغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر قىسمى قايانقىدۇر قېچىپ كەتكەن، يەنە بىر قىسمى يېڭىسار قەلئەسىنى كۆزلەپ تىكىۋەتكەنىدى، ئۇرۇش مەيدانىدا ئاتۇش دېھقانلىرىنى ئاساس قىلىپ قەشقەر ۋە يېڭىسار يېزىلىرىدىن قوشۇلغان 3000 ئەتراپىدىكى ئاتلىق، پىيادىلەر يەنىلا جەڭگىۋار ھالىتىنى ساقلاپ تۇراتتى.

نۆۋەتتىكى جەڭ غەلىبىسى چىڭ قوشۇنلىرىنى شادلاندۇرغان بولسىمۇ، نامەلۇم قورقۇنچ خۇشاللىقنى بېسىپ چۈشەتتى. زەپەر قازانغان مانجۇ قىسىملىرى شەھەرگە يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ پەرمانى بىلەن پۈتۈن ئاھالە يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تىزىلىپ تۇرغانىدى. مانجۇ قىسىملىرى كېلىشى بىلەن تاكى ئۆتۈپ بولغۇچە چاۋاك بىلەن قارشى ئېلىندى. چېرىكلەر يېڭىشەھەرگە جۆنىگەندىن كېيىن، ئەفرىدۇن ۋاڭ ئوردىنىڭ ئەكابىر - ئەشرەپلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قوبۇلخانىغا كىردى. ئۇنىڭ چىرايىدا تېخى بىرنەچچە مىنۇت ئىلگىرى خەبەر ئامبال جاڭجۈن بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ كۈلۈشكەن چاغدىكى خۇشاللىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ بې-

سىپ كېلىشىدىن قورقۇپ قوزغالغان يۈرىكى ئورنىغا چۈشمەي ،
ھېلىھەم ئەندىشىلىك سوقۇۋاتاتتى . ئۇ ساڭگىلىغان قاپاقلىرى-
نى تۈرۈپ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن :

— بۈگۈن دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ ، يۇرتىنى ئامان
قىلدۇق ،— دېدى ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان ئەمەلدارلارغا تەكشى
قاراپ چىقىپ ،— توپىلاڭچىلارنىڭ كۆزدىن يوقالغانلىقى يامان
نىيەتلىرىدىن يېنىپ تارقاپ كەتكەنلىكىمۇ ياكى يوشۇرۇنۇپ پۇر-
سەت كۈتۈۋاتقانلىقىمۇ ، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس . ھازىردىن باشلاپ
پۈتۈن سەركەردە - سەرۋازلار قول ئاستىدىكى لەشكەرلەرنى سەپ-
راس قىلسۇن . چېرىكلەر تارقاقلاشتۇرۇلۇپ يول - يوللارغا ئو-
رۇنلاشتۇرۇلسۇن . مۇھىم نىشان كۆكرەبات بىلەن كۆلتېرىم بول-
سۇن . بۇ جايلارغا لەشكەرلەرنىڭ ئاساسلىق قىسمى بىلەن بەگ-
لەرنىڭ ئەڭ يارامىلىقلىرى تەيىنلەنسۇن . پەرمان تېزدىن
ئىجرا قىلىنسۇن !

ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ يارلىقى بىلەن قىلىچ ،نەيزە ،تۆپەڭ بىلەن
قوراللانغان لەشكەرلەر ۋە كالتەك - چوماق بىلەن قوراللانغان
ئاۋامدىن بولۇپ كۈچلۈك پىيادە - ئاتلىق قوشۇن توپلاندى .

كۆلتېرىمغا مېھتەر ئۆمەر بارىدىغان بولدى ، ئۇنىڭغا 1000
چېرىك بېرىلدى . ئەڭ مۇھىم ئېغىزلارنىڭ يەنە بىرسى بولغان
ئېزىنتقۇغا مىردىۋان شېرىپبەگ بىلەن مەنسۇرقازى 1000 لەشكەر-
نى باشلاپ بېرىشقا تەيىنلەندى . ھەقىقەتەن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى-
نىڭ بارغۇسى يوق ئىدى . شۇڭا ، ئۆمەربەگ كۆلتېرىمغا ئەمەس ،
بەلكى دوزاخقا كېتىۋاتقاندەك ئىلاجسىزلىق ئىچىدە ماڭدى ، شې-
رىپبەگ بىلەن مەنسۇرقازى ئېزىنتقۇدا مۇداپىئەدە تۇردى . قالغان
بەگلەر ئۆزىگە تەۋە قوشۇنلارنى باشلاپ يەكەننىڭ چوڭ - كىچىك
يول ئېغىزلىرىنى ساقلاشقا يۈرۈپ كەتتى .

ئۆمەربەگنىڭ كۆلتېرىدىم تەرەپكە كەلگۈسى يوق ئىدى .
«خۇدا ،— دەيتتى ئۇ ئىلتىجا قىلىپ ،— ھەممە قۇدرەت ئۆزۈڭ-
نىڭ ئىلكىدىدۇر ، ئامانلىق بەرگەيسەن !» ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ۋەھى-

ـمە ئىگىلىگەن بولۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سايىسىنى كۆرمەي تۇ-
رۇپ يېمەك - ئىچمەكتىنمۇ قالغانىدى.

— بېگىم، مەلۇم بولغايكى!— خەۋەرچى يۈگۈرگىنىچە كە-
لىپ مەلۇمات يەتكۈزدى،— بىز تەرەپكە قاراپ بىر توپ ئادەم
كېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ، چاڭ - توزاننىڭ ئارىسىدا پەرق ئېتەلمە-
دۇق.

بۇ خەۋەر ئۆمەربەگكە گويا بېشىغا گۈرزە بىلەن ئۇرغاندەك
تۇيۇلۇپ، كۆزلىرىگە قىزىللىق تىقىلدى، بەدەنلىرىنى تىترەك
باستى، خىيالىدا خوتۇن - بالىلىرى مۇسىبەتكە چۆمۈپ ياقا يىرتىپ
يىغلىشىۋاتقان كۆرۈنۈش پەيدا بولۇپ، تېخىمۇ ۋەھىمە باستى.
ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانلىرى بار ئىدى: «ئەگەر دۈشمەن
كېلىپ قالغۇدەك بولسا، جېنىمنى ساقلاپ قېلىشىم كېرەك!» ئۇ
شۇنداق روھىي بېسىم ئىچىدە يۈرگەندە ئىشتىكەن بۇ خەۋەر خۇددى
ئۇۋدىن قاچقان توشقاندەك ئۈركۈتۈۋەتتى. بىچارە «توشقان» چات-
قاللار ئارىلاپ قېچىۋېرىپ، ئادەمزات يوق بىر دەشتكە چىقىپ
قالدى. دەشتتە نەچچە كۈن يۈردى. يول تاپالماي گاھىدا شەرققە،
گاھىدا غەربكە ماڭاتتى. ئاچ - زارلىقتىن ماغدۇرىدىن كەتكەندە
ئاخىر بىر چىغىر يولنى تاپتى- دە، مۆدۈرۈپ - چوقۇرۇپ ئېرىنتقۇ-
غا كەلدى.

ئۆمەربەگ يېتىپ كەلگەندە، يەرلىك بەگلەرمۇ قاتتىق ۋەھى-
مىدە قالغانىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!— سالامىنىڭ چوڭىنى قىلدى ئۆمەر-
بەگ. ئۇنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر شۇملۇقنىڭ ئالامەتلىرى چىقىپ
تۇراتتى.

— نەدىن كەلدىڭلە؟— سورىدى قازىبەگ ئەنسىرىشىگە-
لىك تەلەپپۇزدا.

— توپىلاڭچى دولانلىقلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ھۇدۇدىنى بىلگىلى
بولماس. ئۇلار قومۇشلۇقتا تۇتاشقان ئوتتەك قەھر - غەزىپى بىلەن
بۇ تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ، بۇرادەرچىلىكنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئۆزلە-

-رىنى خەۋەرلەندۈرگىلى كەلدىم .

ئۆمەربەگ يەتكۈزگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان قازى شۇ كۈندىن باشلاپ لەشكەرلەردىن يىراق تۇردى .

ئۆمەربەگنىڭ كۆرگەنلىرى توختى مانجۇ قوشۇنىغا قېتىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان موغال ۋە كۆلتېرىملىق پۇقرالارنىڭ ئىككىنچى تۈركۈمى بولۇپ ،غەزىپى تاشقان ئەر - ئايال ، قېرى - ياشلاردىن تەركىب تاپقان ، نەيزە ، كالتەك - چوماق بىلەن قوراللانغان دېھقان-لار ئىدى .

يول ھارغىنلىقى يەتكەن ئۆمەربەگ سەھەرنىڭ ئۇيقۇسىدا يات-قاندا ، دولانلىق قوزغىلاڭچى قوشۇن بىردىنلا ھۇجۇم سىگنالى ياڭراتتى . ئۆمەربەگنىڭ خەۋىرى دەھشەتكە پاتۇرغان قازى مەنسۇر بىلەن مىردىۋان شېرىپبەگ لەشكەرلەردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ ياتقانىدى . تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن پىتراپ كەتكەن باشلىقسىز لەش-كەرلەر ئۇيقۇدىن ئۆندەرەپ تۇرۇپلا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قې-چىشقا باشلىدى .

باشلىقسىز قالسا گەر جاھان لەشكىرى ،
ئازغىنا ئادەمنىڭ بولۇر ئەسىرى .
تولا قويغا گەر بولسا بىر پاسىبان ،
نەچچە بۆرىدىن تاپقۇسىدۇر ئامان .

دېگەندەك ، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا نەچچە يۈز ئەسكەرنىڭ جەستى ئاياغلار ئاستىدا پايمال بولدى ، پەقەت ئاز بىر قىسمى قېچىپ ، يەكەنگە تىكىۋەتتى .

دولانلىق قوزغىلاڭچىــلارنىڭ قەھر - غەزىپىنى كۆرۈپ جان- ئىمانى چىققان شېرىپبەگ شەھەرگە قاراپ قاچتى ،قازىبەگ بولسا ،ئارقىسىدىن تاپ بېسىپ ئەگەشتى .شېرىپبەگ جېنىنى ئاران قۇتقۇزۇپ ،ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى - دە ، بېشىغا چۈشكەن قىسمەتنى زارلاندى :

— ئالىيلىرى ، توپىلاڭچىلار بۇ تەرەپكە توپان بالاسىدەك باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ ، ئۇلارنى توسۇش يولىدىكى جەڭدە لەشكەر-لەردىن نۇرغۇنى ئۆلدى ، قورالّلار ئولجىغا كەتتى . پېقىر ئالىيلى-رىغا بىرەر خەۋەر يېتىشىدىن ئەنسىرەپ ، جاننى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ خەۋەر يەتكۈزگىلى كەلدىم .

ئۇشتۇمتۇت كەلگەن ۋەھىمىلىك خەۋەردىن چۆچۈگەن ئەفرى-دۇن پەرمان چۈشۈردى :

— ئوردا ئۇلۇغ - ئۇششاقلىرى ھازىرلانسۇن !

خۇددى ئىنىك تۇۋىدە كۈتۈپ تۇرغاندەك نەچچە مىنۇت ئىچى-دىلا ئوردا ئەكابىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنۇپ بولدى .

— قېنى قايسىڭلار ئاتلىنىپ توپىلاڭچىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرە-لەيسىلەر ! ؟ دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇپ ، يۇرتىنى ساقلاپ قال-غانلار ئالىي ئىنئام بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ !— دەپ چاقىرىق قىلدى ئەفرىدۇن ۋاڭ .

يىغىلىشتا كەشمىرلىك ئەھمەد ئەلى ۋە يەنە بىرقانچە ھىندى ، كەشمىر ، كابۇللۇقلارمۇ بار ئىدى . ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن : «مەن باراي ! مەن باراي !…» دېيىشىپ ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىشتى .

شۇنداق قىلىپ ، ئەفرىدۇن ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئۇلارنى قوشۇپ قوشۇن تەشكىللىدى . ئۇلار قورالّلانغان پەرەڭ قورالّلىرى چىڭ قوشۇنلىرىدىمۇ يوق ئىدى ، بۇ «پىدائىيلار» نىڭ ھەرقايسىسى ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ فورمىسىدا ھەيۋەتلىك كىيىنىپ كېلىپ ، ئەفرىدۇن ۋاڭدىن ئىجازەت سورىدى .

— سىلەرگە ئۇتۇق تىلەيمەن !— ئەفرىدۇن ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى .

ئۇلار ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە چىقىپ كەتتى . توختى مانجۇ-نىڭ قوشۇنلىرىمۇ ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتاتتى . ئىككى قوشۇن تاغار-چىدا دوقۇرۇشۇپ ، بىر - بىرىگە ئات سالدى . ئەفرىدۇن تەرەپتىن كەلگەنلەر ئىچىدە دانۇ ھىندى دەپ بىر پالۋان بار ئىدى ، ئۇنىڭ يوغان گەۋدىسى بىلەن قاپقارا چىرايى گويا ئوت كەتكەن دەرەخكىلا

ئوخشايتتى . ئۇ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئىتنى چاپتۇرغىنىچە توختىنىڭ ئالدىغا باردى . ئىتنى بورانداك چاپتۇرۇپ كەلگەن توختى قورال ئىشلەتمەيلا ئۇنى بىر پەشۋا بىلەن موللاق ئاتتۇردى ، ئاندىن كېيىن ئىتنى قايدۇرۇپ كېلىپ بىر نەيزە ئۇرۇپلا بېشىنى ئىككى پارە قىلىۋەتتى . ئىتىشىش - چېپىشىش شۇنداق كەسكىن داۋام ئەتتىكى ، توختىنىڭ ئۇدۇلى ۋە ئىككى يېنىغا روبىرو بولغان-لارنىڭ بىرسىمۇ ساق قالمىدى . ئۇنىڭ بىر قولىدا قىلىچ ، بىر قولىدا نەيزە بار ئىدى . زەربە يېگەن دۈشمەننىڭ بەدىنىدىن ئىتىل-ىپ چىققان قانلار كىيىم - كېچەكلىرىنى قىپقىزىل قىلىۋەتتى . ئادەم ئۆلۈكلىرىدىن ئۆتۈش تەسكە توختىدى . قوزغىلاڭچىلار دۈش-مەنگە جان تىكىپ هۇجۇم قىلىپ ، بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلەتمىدى . ئەتىگەندىن تاكى كەچكىچە داۋاملاشقان كەسكىن جەڭدە دولان قو-شۇنلىرىدىن 500 ئەتراپىدا ، دۈشمەن تەرەپتىن بولسا 1500دىن ئارتۇق ئادەم هاياتىدىن ئايرىلدى . ئاخىرىدا دۈشمەن تەرەپنىڭ ئۆلمەي قالغان 200چە ئادىمى قاچتى .

قوزغىلاڭچىلار قاچقانلارنى قوغلىماستىن ، ئۆلگەنلەرنىڭ قو-راللىرىنى يىغىۋېلىشقا كىرىشىپ ، 1300دىن ئارتۇق پەرەڭ مىلتى-قى ۋە خېلى كۆپ ئوق - دورىلارنى غەنىيمەت ئالدى . جەڭ ئاخىر-لاشقاندىن كېيىن ، توختى تەرەپ ئۆلگەن ئادەملىرىنىڭ جەسەتلىرى-نى تېپىپ ، دەپنە قىلدى . كىچىك ئاخۇن ، هەسەن تۇرك ، تۇر-سۇن ، يولۋاس پانساتلارمۇ يۈزلەپ دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ ، جەڭدە نۇسرەت قازانغانىدى . قوزغىلاڭچىلار ئۆز سەردارلىرىنىڭ پالۋانلى-قىنى كۆرۈش بىلەن غەلىبىگە بولغان ئىشەنچى ئېشىپ ، ئەتىكى جەڭگە تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى . ياردارلار بىخەتەر جاي-لارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى .

دانۇ هىندىنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تاپقان ئەفرىدۇن ۋاڭ خەبەر ئامبال بىلەن كۆرۈشۈپ لەشكىري ياردەم تەلەپ قىلدى . خەبەر ئامبال بۇنىڭغا جىددىي پوزىتسىيە تۇتۇپ ، تولۇق قوراللانغان نەچچە مىڭ ئاتلىق ، پىيادە چېرىكنى كېچىلەپ جەڭ مەيدانىغا يولغا سال-

دى . چېرىكلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاخىرى باغدا بولسا ، بېشى چۆل-
لۈككە ئۇلاشتى .ئۇلار تاڭ ئېتىشىغىلا ئۇرۇش مەيدانىغا يېتىپ
كەلدى . كەسكىن ئېلىشىش يەنە باشلىنىپ كەتتى .مەيدانىنى جەسەت
ۋە داد- پەرياد قاپلىدى .ياردارلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى .قوزغىلا-
ڭچىلاردىن 300چە ، دۈشمەن تەرەپتىن1800ئەتراپىدا ئادەم چىقىم
بولدى . ئاخىر چىڭ قوشۇنلىرى چېكىنىش ھىيلىسىنى ئىشلى-
تىپ ،تەيفو - زەمبىرەك ،تۆپەڭ بىلەن ھۇجۇم قىلدى . كەچ كىرد-
شى بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز تۇرالغۇلىرىغا ياندى .دۈشمەن
تەرەپنىڭ ئادەملىرىدىن تولىسى ئۆلۈپ ،ئازراقلىرىلا تەيفو - زەمبى-
رەكنىڭ ھىمايىسىدە تىرىك قالغانىدى .توختى بۇرادەرلىرى بىلەن
جەڭ مەيدانىنى ئارىلاپ ، كەشمىرلىك نەبىنىڭ جېنى تېخى چىقمى-
غانلىقىنى بايقىدى . ئۇنىڭ بىر قولى مۈرىسىدىنلا كېسىپ تاشلان-
غان بولۇپ ، توختى كۆرۈپلا تونۇۋالغانىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ زەئىپلى-
كىگە باقماي قىلىچىنى ئوينىتىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋىدى ، توختى
مانجۇ بىر زەرب بىلەن يەنە بىر قولىنىمۇ مۈرىسى بىلەن قوشۇپ
ئۈزۈپ تاشلىدى . جەڭ مەيدانىدا خارتىلداپ ياتقان چالا ئۆلۈك ئات ،
ئىڭراۋاتقان چەت ئەللىك ياللانمىلارنىڭ ئۆز تىللىرى بويىچە نېمى-
لەرنىدۇر سۆزلەپ ۋايساشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . توپ - زەمبى-
رەكلەرنىڭ تۈتۈنلىرى ، ئادەملەرنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدىن كۆتۈ-
رۈلگەن چاڭ - توزانلار تەسىرىدىن كۈندىكىدىن بالدۇر قاراڭغۇ
چۈشكەندەك بىلىنەتتى . قوزغىلاڭچى قوشۇن ھەرقايسىسى ئۆزلى-
رىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكلىرىنى چىقىرىپ قورساق ئەستەرلەشكە
كىرىشتى . قاراڭغۇ چۈشكەندە ئەتراپقا قاراۋۇللارنى قويۇپ ، چاپان-
لىرىنى بېشىغا قويۇپ ئۇيقۇغا كېتىشتى .

بىر كۈنلۈك كەسكىن جەڭدە ھارغىنلىق يەتكىنىگە قارىماي ،
ئۇيقۇسى قاچقان توختى يىگىتلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ ، كىچىك ئاخۇن
بىلەن ھەسەن تۇركىنى تاپتى :

— بۇرادەرلەر !— دېدى ئۇ سەپداشلىرىغا مەسلىھەتسىلىپ ،—
بۈگۈن جەڭگە ئاتلانغىنىمىزغا 10 نەچچە كۈن بولدى . نۇرغۇن

قېرىنداشلاردىن ئايرىلدۇق ، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر سېپىمىزگە
قوشۇلدى . ئىشتىلىگەن خەۋەردە ، ۋەلىخان تۆرە قەشقەر ، يېڭىسار
ئەتراپىدىكى يېزا ـ كەنتلەردىن ۋە تاغدىكى قىرغىز ، قازاقلاردىن
توپلىغان لەشكىرىنى 20 مىڭغا يەتكۈزۈپتۇ . لەشكىرىي تەمىناتنى
ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ساقلاۋاتقانمىش . ئەمما ، قوشۇنلىـ
ـرى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىۋەرگەچكە ، پۇقرالارنىڭ دۈشمەنىگە ئايلىـ
ـنىپتۇ . بىز ئالدىنقى سەپتە قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتساق ، ۋەلىـ
خاننىڭ ئادەملىرى ئارقىمىزدىن بۇلاڭچىلىق قىلغىلى تۇرۇپتۇ .
بىلىشىمىز كېرەككى ، ئىلگىرى دۈشمىنىمىز ئەفرىدۇن ۋاڭ ۋە
ئۇنىڭ غالچىلىرى ئىدى . ئەمدى ۋەلىخانمۇ دىققىتىمىزنى قوزغاۋاـ
تىدۇ . بۇ ئەھۋالدىن سىلەرنى ۋاقىپلاندۇرماقچىمەن . ئىككىنچى
ئىش ، ئەمدى توپلىشىپ جەڭ قىلىش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتەيلى ،
قوشۇن ئۈچكە بۆلۈنسۇن ، كىچىك پانسات قوشۇنلىرىنى باشلاپ
مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ ئۆتەر يولىنى توسسۇن ؛ ھەسەن پانسات چۆل
تامان ئاتلىنىپ ، ئارقا تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئالسۇن ؛ زاپاس قىـ
ـسىم بولسا بۇيرۇق كۈتسۇن . بىرى ، كۆلتېرىم ، يەنە بىرى ،
كۆكرەبات تەرەپتىن قىستاپ ، دۈشمەنگە قورشاپ ھۇجۇم قىلايلى .
زاپاس قوشۇندىن بىر بۆلەك ئادەم ئاجرىتىپ قارىقۇم ، تاغارچى
تەرەپكە ئەۋەتەيلى . شۇ ئارقىلىق مانجۇ چېرىكلىرىگە زەربە بېرىپ ،
ئۇلارنى بىر قەدەم ئىلگىرىلىگۈسىز قىلىۋېتەيلى...
توختى مانجۇنىڭ گېپى تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى ، كىچىك
ئاخۇن لوقما سېلىپ ئېيتتى :
— ئادەملىرىمىز كۆپ تالاپەتكە ئۇچرىدى . چارە ـ ئامال
تېپىپ تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ . سۆتلۈك مازار ، ئاجرىتقۇ ، سۆـ
گەتلىك ، جاھانباغ قاتارلىق جايلاردا دېھقانلار ئۆزلىرى تەشكىللىـ
ـنىپ ، ئەمەلدارلارنى ئۇرۇپ ، ئۆلتۈرۈپ ، قوزغىلاڭنى باشلىۋېـ
ـتىپتۇ . بىز تېزدىن ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى قوراللاندۇرۇپ ، قىـ
ـسمىغا قوشۇشىمىز زۆرۈر . شۇنداق قىلغاندا ، دۈشمەنلەرنىڭ سېـ
ـپىلدىن باش چىقىرىشى مۇمكىن ئەمەس .

— شۇنداق ،— دېدى توختى مانجۇ كىچىك ئاخۇننىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ ،— خەلق ئۆز دۈشمەنلىرىنى تونۇپ يېتىدۇ . ھەممە يەردە ياخشى كىشىلەر بار ، مانا ، ھەتتا يەكەن شەھىرىنىڭ ئىچىدىمۇ بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز بار ، ھەتتا يەكەن شەھىرىنىڭ ئىچىدىمۇ...

توختى بىردىنلا توختاپ قالدى . يەكەننى تىلغا ئېلىشى ھامان ئېسىگە رەيھان ، ساۋۇرلار كەلگەندى ، كۆز ئالدىدا رەيھان پەيدا بولۇپ ، «توختىكا !...» دەپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك ، جەڭ مەيدانىدا يۈزلىرىگە قونغان چاڭ - توزانلارنى مەڭزىنى مەڭزىگە ياققاندا ئاققان ئىسسىق ياشلىرى بىلەن يۇيۇۋاتقاندەك ، تەشنالىقتىن قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىگە ئوتتەك لەۋلىرىنى جۈپلەپ ھاياتلىق سۈيى بىلەن نەمدەۋاتقاندەك گۈزەل كۆرۈنۈشلەر لىپ قىلىپ ئۆتتى . رەيھاننىڭ ئايرىلىدىغان چاغدا ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالماي پەقەت كۆز ياشلىرى بىلەنلا ئىپادىلىگەن يۈرەك سىرلىرىنى ئەسلىگىنىدە يۈرەك - باغرى ھىجران ئوتىدا كاۋاپتەك پۇچىلاندى . توختى رەيھاننىڭ كىچە- كۈندۈز ۋىسال ئىزدەپ قانچىلىك ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەتتى ، ئۆزى يۇقىرى تەبىقىدىن بولسىمۇ ، زالىملارغا ئۆچلۈكىنى ، پۇقراپەرۋەرلىكىنى بىلەتتى . ئۇنىڭ ۋىجدانىنى ئۆزىنىڭكىدىن ھەرگىز كەم كۆرمەيتتى . شۇ ۋەجدىن ، يەكەن شەھىرى قوينىدىمۇ ئەفرىدۇن ۋاڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈچلەرنى تەشكىللەۋاتقانلىقىغا ئىشىنىپ ، يەكەن شەھىرىنىڭ ئىچىدىمۇ بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز بار دېمەكچى ئىدى .

توختى ھەرگىز خاتا پەرەز قىلمىغانىدى . رەيھان توختىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن ھەر كۈنى دېگۈدەك زەينەپخان ئانىنىڭكىگە كېلىپ تۇردى . ساۋۇر ، زەينەپخان ئانا ، ئابدۇرەھمانلارنى كۆرسە خۇددى توختىنى كۆرگەندەك بولۇپ ، كۆڭلى ئاز - تولا تەسەللى تاپاتتى . ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ باسقان ئىزلىرىمۇ گۈل كۆرۈنگەندەك ، زەينەپخان ئانىنىڭ كىچىككىنە ھويلىسى ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك قەسرىدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق بىلىنەتتى . چۈنكى ، بۇ يەردە ئاشىقىنىڭ باسقان ئىزلىرى بار ئىدى .

توختى مۇشۇنداق شېرىن ھەم ھەسرەتلىك ئەسلىمىلەر قايىنـ-
مىدا ئۈزۈۋاتقاندا، ھەسەن تۆرك قوشۇمچە قىلدى:
— بىز دەسلەپتە ئەفرىدۇن ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى يەرلىك ئەمەلدارلارنىلا دۈشمەنلىرىمىز دەپ تونۇپ، پەقەت شۇلا-رنى يوقىتىپ ئورنىغا ئادالەتپەرۋەر كىشىلەرنى دەسسىتىش نىيىتىدە قوزغالغانىدۇق. ئەمدى بىلدۇقكى، ئەفرىدۇن ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ غالچىسى بولۇپ، چىڭ ھۆكۈ-مىتى خەلقنىڭ رايىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزى چەتتە تۇ-رۇپ، يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئەمەل - مەنسەپ بىلەن گوللاپ، شۇلارنىڭ قولى بىلەن بىزنى ئەزگىلى تۇرۇپتۇ. بىز بۇنى بىلمەي، ئۇيغۇر بەگلىرىدىن كۆرە مانجۇلارنىڭ ھوقۇق تۇتقىنى ياخشى ئىدى دەپ يۈرۈپتىمىز. نۆۋەتتىكى جەڭدە ئەفرىدۇنغا ئوق ئاتساق، ئۇلار «ئەيىۋ»لاپ چىقىۋاتىدۇ. بۇ، سىنىڭ پۇتۇڭغا سانجىلغان تىكەن، مېنىڭ كۆزۈمگە كىرگەن بىلەن ئوخشاش دېگەنلىكقۇ؟ مەن ئىلگىـ-رىمۇ ئېيتقانىدىم، ۋەلىخان تۆرىمۇ مانجۇلار بىلەن ئوخشاش، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ قەبىھ ھالدىكى ئۈچىنچى چىققان زالىم. بىز بۇ دۈشمەنلەر بىلەن كۆرەش قىلىپ يوقاتمىساق، ئۇلار بىزنى يوقىتىـ-دۇ. مانجۇلار ئەفرىدۇندىن پايدىلانغاندەك ۋەلىخان تۆرە بىزدىن پايدىلانماقچى بولۇۋاتىدۇ. لېكىن، ھازىر ئۇنىڭغا قارشى جەڭ قىلىدىغان چاغ بولمىسىمۇ، يامان نىيەتلىرىگە ھوشيار تۇرۇشىمىز كېرەك. بىز يۇقىرىقى پىلان بويىچە بۆلۈنۈپ يولغا چىقىپ، يېزا-كەنتلەرنى ئىگىلىشىمىز، ئۆزىمىزگە تۇرغۇدەك جاي، چېكىنگۈ-دەك يول تەييارلاپ قويۇشىمىز كېرەك، بىراق ئۆز ھەلەكچىلىكىـ-مىز بىلەن بولۇپ كېتىپ، بىزنى قوللىغان پۇقرالاردىن دۈشمەنـ-نىڭ ئۆچ ئېلىشىغا ئىمكان بەرسەك ھەرگىز بولمايدۇ. قالغان ئىشلارنى توختىنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىشىنىمەن.
— مەسلىھەت شۇنداق بولسۇن! — دېدى توختى، — ھازىر ئادەملىرىڭلارنى پەم بىلەن ئويغىتىپ، شەپىسىز يولغا چىقىڭلار، كىچىك ئاخۇن پانسات قوشۇننى باشلاپ كۆكرەبات تەرەپ بىلەن

ماڭسۇن ! ھەسەن پانسات كۆلتېرىم بىلەن ماڭسۇن ! ئىككى قىدىسىمىنىڭ ئۇچرىشىدىغان نىشانى تاغارچى بولىدۇ .
توختى پىلان بويىچە ھەرقايسى قىسىملارنى بىر - بىرلەپ ئورۇنلاشتۇردى . قوشۇن ئىچىدە پىدائىي بولۇپ چىققان خوتۇن- قىزلارمۇ بىرەر يۈزدىن ئاشاتتى . ئۇلار ياردارلارنى پەرۋىش قىلىش ، ئورۇنلاشتۇرۇش ، ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرى مۇلازىمىتىگە قالدۇرۇلدى .
دۈشمەن تەرەپكە كەلسەك ، بۇگۇنكى مەغلۇبىيىتىدىن ئەنسىرەشىگە چۈشكەن ئەفرىدۇن ۋاڭ خەبەر ئامبالغا مەلۇم قىلىشقا ئادەم ئەۋەتتى ، ئارقىدىن مەيگە ئولتۇرۇپ كېچىلەپ ئۆزى باردى . بۇ چاغدا خەبەر ئامبال مەسلىھەتچى ئەمەلدارلىرى بىلەن سۆھبەت ئۈستىدە ئىدى .
ئەفرىدۇن ئىشىكتىن كىرىپلا :
— خەبەر ئامبال جانابلىرى !— دېگىنىچە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشتى ، ئاندىن ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن يېنىدىن ئورۇن ئېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى ،— جانابلىرى ، بىز جەڭدە شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ ئارقا - ئارقىدىن تالاپەتكە ئۇچراپ ، يېزا- كەنتلەرنى قولدىن بېرىپ قويدۇق . يېزا قولدىن كەتسە ، سىلەرگە تاپشۇرىدىغان ئوزۇق - تۈلۈك ، ئوتۇن - سامان ، پۇل - مالغا تەسىر يېتىدۇ . ھازىر ھەممىمىز بىر - بىرىمىزنى ئەمەس ، ئۆز مەنپەئىتىمىزنى قوغداۋاتىمىز دېسەكمۇ بولىدۇ . يەكەننىڭ ۋەزىيىتى قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتىدۇ . قەشقەر بىلەن يېڭىسار ۋەلىخان تۆرىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتتى . ئۇچتۇرپان ، ئاقسۇ ، كۇچا ، قاراشەھەرلەرنىڭ يوللىرى توسۇلۇپ قالغاچقا ، بىزگە تاپشۇرىدىغان ئولپاننى يەتكۈزۈپ بېرەلمىدى . خوتەندىن كېلىدىغانلارمۇ ئۆتەلمەپتىمىش . مۇشۇنداق خەۋپ خىرىس قىلىۋاتقاندا ، تەدبىر قوللانمىساق بولماس . شۇڭا ، ئىزدەپ كەلدىم .
— بىزمۇ ئاشۇ مەسلىھەت ئۈستىدە ئىدۇق ،— دېدى خەبەر ئامبال تولا چوتكىلاپ گۆشلىرى قاچقانلىقتىن قېرى ئېشەكنىڭكىدە

ـدەك بولۇپ كەتكەن ھىڭگاك چىشلىرىـنـى كۆرسىتىپ يالغاىـدىن كۈلۈپ ،— سىز ناھايىتى ۋاقتىدا كەلدىڭىز . بىز سوغۇققانلىق بىلەن مەسلىھەتلىشەيلى...

ئامبالنىڭ بايىقى كۈلكىسى بىردىنلا غايىب بولۇپ تەلەتى سۆرۈنلەشتى ، دورداي كالپۇكلىرى تۆمۈر رەڭگە كىردى ، پاناق بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى كېڭەيدى ، ياپما قاپاقلىرى كۆتۈرۈلۈپ ، گازىر كۆزلىرىنىڭ پاختىسى گەۋدىلەندى ، قىلچىسمان قاشلىرى ، ساقال دىدارى يوق ئېڭەكلىرى غەلىتە تۈس ئالدى . ئالۋاستى سىياقىدىكى بۇ ئادەم جىددىي تەلەپپۇزدا ئەفرىدۇندىن سورىدى :


— نېمە دېمەكچىسىز ؟

— مېنىڭچە ، سىزنىڭ قىسىملىرىڭىزدىن ئىككى گۇرۇپپا لەشكەر كونىشەھەرنى قوغداپ ، پاسىبانلىق قىلسا دېمەكچىمەن . چۈنكى ، قوراللىرىڭلار بىزنىڭ يەرلىك قىسمىنىڭكىدىن خىل ھەم تولۇق . ھەرقانچە كۈچلۈك دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ كەلسە ، زەربە بېرەلەيدۇ .

— دېگىنىڭىزدەك بولسۇن ! بىر قىسىم لەشكەرلەر شەھەرنىڭ سىرتىغا ئورۇنلاشسۇن ، يەنە بىر قىسىم چېرىكلەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ ، بىر تۈركۈمى بىگىل يولىنى ، يەنە بىر تۈركۈمى تاغارچى يولىنى توسسۇن . مىشار كۆۋرۈكى ۋە جاھانباغقىمۇ مەلۇم ساندا چېرىك ئورۇنلاشتۇرۇلسۇن . بۇلار كېچە - كۈندۈز ھوشيار تۇرۇپ ، يېڭىشەھەر بىلەن كونىشەھەرنىڭ پاسىبانلىقىنى قىلسۇن .

يەكەن تەۋەسىدىكى كەنتلەرنىڭ كۆپ قىسمى توختى مانجۇ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار قولىغا ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئىككى شەھەر يەنىلا دۈشمەن ئىلكىدە ئىدى . يەنە كېلىپ شەھەر ئەتراپى مانجۇ قىسىملىرىنىڭ مۇھاسىرىسىدە بولۇپ ، مۇداپىئەسى مۇستەھكەم ئىدى . شۇڭا ، قوزغىلاڭچىلار كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ كۆرگەن بولسىمۇ ، مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى بۆسەلمىدى .نەتىجىسىز ئۇرۇنۇش بىلەن نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى .قوزغىلاڭچىلاردا زەمبىرەك ، تەيفو بولمىغاچقا ، شەھەر سېپىلىگە ھۇجۇم قىلىش

تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئاخىر توختى مانجۇ چارە ـ تەدبىر ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا كىرىشتى .



## ئون يەتتىنچى باب

# ئۆز مۇشتىدا يېرىلغان باش

يەكەن يېزىلىرى ئاساسەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىشغالىيىتىگە
ئۆتۈپ ، دۈشمەن قوشۇنلىرى ئىككى شەھەرنىڭ ئەتراپلىرىدىلا قال-
دى ، ھاۋا كۈندىن - كۈنگە ئىسسىپ ، دېھقانلار تېرىقچىلىقنى
باشلىۋەتتى . دېھقانلارنىڭ كۆزدە جۇغلىۋالغان ئاشلىق - تۈلۈكلى-
رىمۇ تۈگەش ئالدىدا تۇراتتى . بۇ ئەھۋال قوزغىلاڭچى قوشۇن
ئۈچۈنمۇ پايدىسىز ئىدى . ئۆزىنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەركىبى چاغ-
لايدىغان ۋەلىخان تۆرە قەشقەردىن بىر قېتىممۇ تەمىنات ئەۋەتىپ
باقمىدى . ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايتتى . نەچچە مىڭ
ئادەمنىڭ ھايات - ماماتى توختى قاتارلىق بىرنەچچە باشچىغا باغلىق
بولۇپ قالدى . دۈشمەن تەرەپ جىم تۇرۇۋالغاچقا ، ئىستىھكاملىرى-
نى بۇزۇش ئاسانغا چۈشمەيتتى . ئاخىر توختى تەدبىر ئويلاپ ،
ئاتۇشلۇق يىگىتلەردىن بىرسىنى دۈشمەننى ئالداپ ئېلىپ چىقىشقا
ئورۇنلاشتۇردى . بۇ ۋەزىپىگە تاللانغىنى بەشيۈزبېشى كېرەم ئى-
دى . كېرەم شۇ كۈنىلا يولغا چىقىپ ، چەت كەنتلەر بىلەن يۈرۈپ ،
دۈشمەن قىسىملىرى تۇسۇپ تۇرغان جايدىن ئۆتۈپ ، يېڭىشەھەر
دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا باردى . دەرۋازىنى پاسىبانلار مەھكەم قوغدا-
ۋاتاتتى .

— مېنىڭ مۇھىم بىر سۆزۈم بار ئىدى !— دېدى ئۇ قورۇق-
چىلارغا ،— بۇنى پەقەت خەبەر ئامبال جاڭجۈنگە دەيمەن ، مېنى
ئۇنىڭ قېشىغا باشلاپ كىرىڭلار . كېچىكىشكە زىنھار بولمايدۇ .

— يوقال !— دېدى قاراۋۇل قاپىقىنى تۈرۈپ .
— بوپتۇ ، ئۆزۈڭگە پايدىلىق ئىشقا يول قويۇشمۇ-دۇق !— دېدى كېرەم ئارقىسىغا يېنىپ ، — خەبەر ئامبال كاللاڭ-نى ئالسا ئۆزۈڭدىن كۆر !
— توختا !— قاراۋۇل كېرەمنى توختىتىپ سورىدى ،— شۇنداق مۇھىم نېمە گەپ ئىدى ؟
— مەلۇمات .
— ئېيتە ، مەن يەتكۈزسەممۇ بولىدۇ .
— مەلۇماتنى خەبەر ئامبالنىڭ ئۆزىگە دېگەن بولسام ، ئۆل-تۈرسىمۇ ، ئىلتىپات قىلسىمۇ ئارمىنىم قالمايتتى . ئەگەر بۇنى سىرتتا ئېغىزدىن چىقىرىپ ، ئىش بۇزۇلسا كىم ئىگە ؟
پاسىبان چېرىك شېرىكىگە بىرنېمىلەرنى دېدىيۇ ، كىرىپ كەتتى . بىردەمدىن كېيىن قايتىپ چىقىپ كېرەمنى باشلاپ ماڭدى :
— مەن بىلەن ماڭ !
ئۇلار دەرۋازىدىن كىرىپ خېلى ماڭدى ، ئاندىن لەشكەرلەر گازارمىسىدىن ئۆتۈپ ، خەبەر ئامبالنىڭ تۇرارگاھىغا كەلدى . كې-رەم بوسۇغىدىن كىرىپلا ئالدىراپ سەجدىگە باش قويۇپ ئېيتتى :
— ياشىغايلا ! ياشىغايلا ! تۈمەن مىڭ يىل ياشىغايلا !
كېرەمگە «ياشىغايلا » دېگەن خەنزۇچە سۆزنى توختى ئۆگىتىپ قويغانىدى .
كېرەمنىڭ نەچچە ئېغىز مەدھىيە سۆزى خەبەر ئامبالنى سۆ-يۈندۈرۈۋەتتى . ئامبال ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن ھىيلىگەرلىك ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ، ئىجازەت بەردى :
— ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ، قانداق گېپىڭ بولسا ئېيتىۋەر !
— مەن ئاتۇشتىن كەلدىم . ئاتۇشنىڭ كۆكبېشى ئىدىم . بىز يۇرت بەگلىرى ۋاڭ خوجامنىڭ سايىسىدا كۆپ راھەت كۆرگەن بولساقمۇ ، ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان-

دۇق . ھازىر ئوردىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەنلىكىنى ، خەبەر ئامبال
جاڭجۈن كۈچ چىقىرىپ يەكەننى قولدىن بەرمەي ساقلاپ تۇرۇۋاتقاند-
لىقىنى ئاڭلاپ ، ئاتۇشنىڭ بايلىرى ۋە پۇقرالار بىرلىكتە نەچچە
ئون جىڭ ئالتۇن - كۈمۈش ، نۇرغۇنلىغان ئاشلىق ، چارۋا تەييارلا-
پ ، قەشقەرنىڭ سىرتىدىكى يول بىلەن يەكەنگە مېڭىش ئالدىدا
تۇرغاندا ، ئارىمىزدىن خائىن چىقىپ ۋەلىخان خوجىنى باشلاپ
كېلىپ ، مال- مۈلۈكلەرنى ئىگىلىۋالدى . ئۇ ھازىر ئاتۇش خەلقىنى
باي كۆرۈپ ئۆيمۇئۆي ئاختۇرۇپ بۇلاۋاتىدۇ . كۆپچىلىك مەسلىھەت-
لىشىپ خىزمەت كۆرسىتىش پەيتى كەلگەنلىكىنى بىلىپ ، قانداق
قىلىش ئۈستىدە ئۆزلىرىگە مەسلىھەت سالغىلى مېنى ئەۋەتتى .
ھازىر ئاتۇشتا ۋەلىخان خوجىنىڭ 400دەك ئادىمى بار . لېكىن ،
قوراللىرى خىلدەك قىلىدۇ . ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسىلە ، زەمبىد-
رەك ، تەيفو ، تۆپەڭ بىلەن قوراللانغان چېرىكتىن نەچچە مىڭنى
ئەۋەتسىلە ، بىزگە يىراقتا تۇرۇپ مەدەتكار بولۇپ بەرسە ، ۋەلىخان
خوجىنىڭ ئادەملىرىنى ئاتۇشلۇقلار ئۆزىمىز تۇتۇپ ، ۋەلىخان خو-
جىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ ئالدىلىرىغا ئېلىپ كېلىمىز .
ۋەلىخان خوجا ئۆلسىلا ، قەشقەر ئۆزلۈكىدىن قوللىرىغا قايتى-
پ كېلىدۇ ، ئەمما بۇنىڭغا ھەمدەم بولمىسىلا ، ئۆزلىرى-
گە تەۋە جۇغلانمىنى ۋەلىخان خوجا ئېلىپ كېتىدۇ . قاراپ
تۇرۇپ شۇنچە دۇنيانى ئۇنىڭغا بەرسەك قانداق بولىدۇ ؟ بۇنىڭ-
دىن كۆرە ئۆلگىنىمىز ياخشى ئەمەسمۇ !

پۇل بىلەن ئاشلىقنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئامبال تاقەتسىزلى-
نىپ تۇرالماي قالدى . ئۇ خۇشاللىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ پايپاس-
لاپ بېرىپ ، كېرەمنى ئۆزى يۆلەپ تۇرغۇزدى ۋە سورىدى :

— بۇ كەمگىچە تىكىۋەتكەن بولسا قانداق قىلىمىز ؟

— ئاتۇش خەلقى يول - يوللارنى توسۇپ تۇرۇۋاتىدۇ . ۋەلى-
خاننىڭ مىڭ جېنى بولغان تەقدىردىمۇ قاچالمايدۇ .

— ناھايىتى ياخشى !— دېدى ئامبال چىرايى ئېچىلغان
ھالدا ،— بىرىڭلار كىرىڭلار !

فورما كىيگەن بىرسى كىرىپ كەلدى. ئامبال بۇيرۇق چۈشۈردى:

— بۇ ئادەمگە بىر يامبۇ ئىنئام بېرىلسۇن!

مۇلازىم دەرھال يامبۇدىن بىرنى ئېلىپ كىرىپ كېرەمگە بەردى. كېرەم يېنىشلاپ «رەھمەت» ئېيتىپ مانجۇچە تەزىم بەجا كەلتۈردى.

— بۇ ئازغىنە كۆڭلۈم، — دېدى خەبەر ئامبال، — ئىش روياپقا چىققاندىن كېيىن ساڭا يەنە مەنسەپ بېرىمەن، ئاتۇش خەلقىنىڭ ھەممىسىنى تارتۇقلايمەن. چېرىكلەر سەن بىلەن يولغا چىقىپ، ئاتۇشتىكى ئوغرىلارنى تۇتۇپ، ۋەلى خوجىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كەلسۇن. بۇگۈن تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، ئەتە ئاتلىنىڭلار!

شۇنداق قىلىپ، كېرەمنىڭ ھىيلىسى خەبەر ئامبالنى ئىشەندۈردى، ھەتتا ئۇنىڭ ئىنئامىنى ھەم مەنسەپ ئۈچۈن بەرگەن ۋەدىسىنىمۇ ئالدى. كەچ كىردى، كېرەم كېچىنى لەشكىرىي گازارمىدا ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى سەھەردە خىل قوراللار بىلەن قوراللانغان 3000 چېرىكنى باشلاپ ئاتۇشقا قاراپ يولغا چىقتى. زەمبىرەك، تەيفولىرىنى ئاتلارغا سۆرىتىپ ئىلگىرىلەۋاتقان چېرىكلەر يېڭىشەھەرنى كەينىدە قالدۇرۇپ تېز سۈرئەتتە كېتىپ باراتتى. قۇياش تىكلەشكەنسېرى ئاپتاپ تەپتىدىن بوشاشقان چېرىكلەرگە قوراللىرىمۇ ئېغىرلىق قىلىپ، ھارغىنلىق يەتمەكتە ئىدى. ئالدى تەرەپتە كىچىككىنە بىر ئېرىق بارلىقىنى بىلگەن كېرەم ئۇلارنىڭ باشلىقىغا:

— بۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتسەك خېلى ماڭغىچە سۇ يوق. لەشكەرلەر بىرئاز ئارام ئېلىۋالغاچ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇۋالسا بولارمىكىن! — دەپ مەسلىھەت سالدى.

شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن لەشكەرلەر قوراللىرىنى قويۇپ، ئېرىق بويىدا يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇشقا كىرىشتى. پۇرسەتنى كۈتۈۋاتقان توختى مانجۇنىڭ بۆكتۈرمە قوشۇنلىرى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا

تەرەپ - تەرەپتىن پەيدا بولۇپ ، چېرىكلەرنى قورشاپ چاناشقا باشلىدى . ھودۇقۇپ كەتكەن چېرىكلەر مىلتىقلىرىنى ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي پىتراپ قېچىشقا باشلىدى . ئالاھازەل بىرەر سائەتچە داۋاملاشقان قىر- چاپتا 3000 چېرىكتىن پەقەت ئاز قىسمىلا قې- چىپ كېتەلىدى . توختى مانجۇ تەرەپتىن بولسا بىرمۇ ئادەم چىقىم بولمىدى . 3000 مىلتىق باغلانغان 14 سولۋاس[①] ،تۆت دانە زەمبى- رەك ، تۆت دانە تەيفو ، تۆپەك قاتارلىقلار ئولجا ئېلىندى . قوشۇن كەينىدىن ئېلىپ مېڭىلغان 80 تۆمۈر ھارۋىدىكى تاغارلاپ ئۈن - گۈرۈچ ، تۇڭلاپ ياغ قاتارلىق تەمىناتلار قولغا چۈشتى ، يەنە خېلى كۆپ راسخوت خىراجەتلىرىمۇ بار بولۇپ ، ئاتۇشنى ئېلىپ بولغان- دىن كېيىن قەشقەرنىمۇ قايتۇرۇۋېلىش خام چوتى بويىچە ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلىق چوڭ قىلىنغانىدى .

ئەفرىدۇن سالامەت قېچىپ بارغان چېرىكلەردىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ، سېپىل دەرۋازىسىنى مەھكەم تاقاتتى . خەبەر ئامبال ئال- دانغانلىقىنى بىلىپ ھەرقانچە ئەپسۇسلانسىمۇ ئورنىغا كەلمىدى ، بەلكى توختى مانجۇ ھازىرلا كېلىپ بوغۇزلاپ تاشلايدىغاندەك ۋەھى- مىگە چۈشۈپ ، شەھەر دەرۋازىسىنى تاقاتقاننىڭ ئۈستىگە تۇرالغۇ- سىدىن چىقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى . توختى ئادەم تەشكىللەپ مەھەللىلەرنى ئارىلاپ ، جەڭدە ئۆلگەنلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى يوقلىدى . قېرى- چۈرى ، يوقسۇزلارغا مېھىر - شەپقەت يەتكۈزدى . ئۇنىڭ نامى جەڭدىكى باتۇرلۇقى بىلەنلا خەلققە پۇر بولۇپ قالماس- تىن ، ئىنسانپەرۋەرلىك خىسلىتىمۇ ئەتراپقا تارقالدى .

دۈشمەن قوشۇنلىرى سېپىلنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ چىققىلى ئۇنىمايۋاتاتتى . توختى مانجۇ دۈشمەننى ئىندىن چىقىرالماي جىلە ئىدى . توساتتىن ئېشەكلىك بىر قېرى بوۋاي پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ جۇل - جۇل قىشلىق كىيىملىرى ئاقۇالداققىلا ئوخشايتتى . ئۇ ئەسلىدە پەيزاۋاتقا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان دولانلىق بو- لۇپ ، بۇ يۇرتتىن چىققان توختى ئىسىملىك پالۋاننىڭ يەكەننى

---

① سولۋاس — ئوت قويۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قورال .

قولغا كىرگۈزۈپ ، پۈقرالارغا راپاۋەتچىلىك قىلغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايەتلەر قۇلىقىغا يەتكەن . نەتىجىدە ، يەكەنگە بېرىپ بىر كۆ-رۈشمەك ئىستىكى قەلبىنى ماكان ئەتكەن . ئۆزى بىلىملىك كىشى بولغاچقا ، «قۇرۇق قول» دىدارلىششقا رايى قويماي ، بىر پارچە شېئىرىي ئەرزنامە پۈتكەن . ئۇنىڭ بۇگۈن يەكەن دىيارىغا ئاياغ بېسىپ قوزغىلاڭچى قوشۇننى تاپقاندىن كېيىن ئىزدەپ - سوراپ يۈرۈپ توختىنىڭ قېشىغا كېلىشى ئىكەن . ئۇنىڭ ئېچىنىش-لىق تۇرقىغا كۆزى چۈشكەن توختى ئەھۋالنى ئۇقۇش ئۈچۈن ئالدىغا بېرىشىغا ، ئۇ قوينىدىن چىرايلىق قاتلانغان ۋاراقچىنى ئېلىپ سۇندى . قەغەزگە مۇنۇلار يېزىلغانىدى :

«پەيزاۋاتتىن چىقىپتۇدەك توختى باتۇردەك تۆرە ،
قىلغىنى خاندىنمۇ ئارتۇق قەھرىمانلىقتا ئۆرە .
ئاڭلىدۇق خاننى بېيجىڭدا ، خەلىپىنى رۇمدا دەپ ،
نېمە پايدا سورىمىسا ياتتىڭمۇ دۇم يا ئوڭدا دەپ .
توختى مانجۇ[1]باتۇرۇمغا مەن پېقىرنىڭ ئەرزى بار ،
توغرىسى ، مەنلا ئەمەس ئامۇخاسنىڭ دەردى بار .
ھۇزۇرۇڭغا تەستە كەلدىم ئەرزۇھالىم ئېيتقىلى ،
پەھلىۋانىم ، رەھىم ئەيلەپ ئەتكىن خالاس دەردتىن مېنى .
«ئىشى ئوڭ»نىڭ ئېتىزىدا تۇرسا قىردىن تېشىپ سۇ ،
مەن بىچارە سۇ تۇتالماي بولدى يېرىم پوستەك — شو .
يەردىن ھوسۇل چىقتى ئاز ، ئالۋانغا بەردىم بارىنى ،
ئاق ئاشلىقنى ساڭغا تۆكتۇم ، باللار يېدى چالىنى···
يەرنى ئاران قىلسام ئوسا چاچقىلى يوقتۇر ئۇرۇق ،
تولا قاتراپ ئۆتتىگە يالاڭ تاپان بولدى يورۇق .
تەستە بىر قوش ئۇينى تاپسام يوق ئىكەن بۇقۇسىسى ،
قىلغۇچە تەل ئۇنى ، ھەيھات ! كەتتى يەرنىڭ ئوسىسى .
نېمە يوق ئېتىزنى ھەيدەپ سۇندى بۇقۇسا چىشى ،

---

[1] مانجۇچە تىل بىلگەچكە «مانجۇ» دەپ لەقەم قويۇۋالغان .

ئۆي ئورۇقلۇقتىن ماڭالماي تىربدى يەرنى بېشى .
سالغۇلۇق مۇمكىنمۇ سۆرەم تۇرسا ئېتىز چالمىلىق ،
تاشلىۋەتسەم شۇ پېتى ئاپتاپتا بولغاي سالمىلىق .
ئاش ۋە نان پىشۇرغۇدەك يوقتۇر بىساتىمدا ئوتۇن ،
بەش قىزىم يانتاق چېپىپ ،چاۋار تېرەر تىنماي خوتۇن…
ئىلتىپاتىڭ بىزگىمۇ يەتسۇن دىبان قىلدىم دۇئا ،
مەن كەبى بىچارىلەر كۇتىدۇ سەندىن پاناھ .»

ناتۇنۇش يۇرتداشىنىڭ بۇ ئەرزنامىسى باتۇرلارغا مەدھىيە ، قوشۇنغا ئىلھام ئىدى . كۆپچىلىك تەسىرلىنىپ ، ئاتىغانلىرىنى ئىئانە قىلىشتى . توختىمۇ ئۇنىڭغا يېتەرلىك خىراجەت بېرىپ چىرايلىق ئۇزىتىپ قويدى . ئۇ توقۇغان بېيىتلار شۇنىڭدىن باشلاپ خەلق ئەدەبىياتىدىن ئورۇن ئالدى . بۇنىڭ مۇئەييەن تەشۋىقاتلىق رولى بولۇپ ، ۋەلىخان تۆرە دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋېلىپ ، بۇلاڭچىلىق ، قىرغىنچىلىق قىلمىشى ئارقىلىق خەلقنىڭ ئەركىنلىك يولىدا زۇلۇمغا قارشى جەڭدە تۆككەن پاك قانلىرىنى بۇلغاۋاتقان بىر پەيتتە ، قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ ئىناۋىتىنى تىكلەش ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى . بۇ ھېكايە دولان تەۋەسىگە تارقىلىش بىلەن زور بىر تۈركۈم دېھقان ياشلىرى ئىختىيارىي ھالدا كېلىپ سەپكە قوشۇلدى . توختى مانجۇنىڭ قوشۇنلىرى ۋەلىخان تۆرە بىۋاستە باشقۇرىدىغان قوشۇنلاردىن پەرقلەنسىمۇ ، قەشقەر تەرەپتە يەنىلا ۋەلىخان تۆرە قوشۇنلىرى دېگەن نامدا ئاتىلاتتى . ۋەلىخان خوجا بۇ قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىنى بىلگەچكە يۈز ئۆرۈپ كېتىشتىن قورقۇپ ، ئارىلىشىۋالمىدى . ئەمما ، تەمىنات ۋە خىراجەت بەرمەي ، قۇدرەت تېپىشىغا ئاستىرتتىن توسالغۇلۇق قىلىپ تۇردى . ئەمەلىيەتتە ۋەلىخان خوجا بىلەن ئاللىقاچان چەك ـ چېگرا ئاجراتقانلىقى ئېنىق ئىدى . ۋەلىخان تۆرىنىڭ كۆزلىگىنى بىلەن دېھقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ مەقسىتى تۈپتىن ئوخشىمايتتى . لېكىن ، بىلمىگەنلەر بۇنى دەماللىققا

پەرق ئېتەلمەيتتى .

ئەفرىدۇن ۋاڭ بولسا ، شەھەرگە بېكىنىۋالغانچە قارىسىنى كۆرسەتمەيۋاتاتتى . شۇنداقتىمۇ ئەتراپنى مۇستەھكەم قورشاۋغا ئالغان قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ قوراللىرى سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇللارغا بەتلەكلىك ئىدى .

## ئون سەككىزىنچى باب

# تاقالغان شەھەر

خەبەر ئامبال خىللانغان 3000 كىشىلىك قوشۇننى ئاتۇشقا يولغا سالغاندىن كېيىن ، ئۆزىگە تاغدەك ئىشەنچ باغلاپ «بۇلارنىڭ ئاتۇش ، قەشقەر ، يېڭىسارنى قايتۇرۇپ ئېلىشىغا يەكەندىن قوشۇن چىقىرىپ ، قوزغىلاڭچىلارنى بىراقلا تازىلاپ تۈگىتىدىغان بولدۇم» دېگەن خام خىيال بىلەن ، قىزغىن شىشخال ئويناپ ئولتۇراتتى ، تەرلىگىنىدىن سۇغا پىشىلغان ئىتتەكلا بولۇپ كەتكەن ئۈچ نەپەر چېرىك بوسۇغىدىن پۇت ئېلىپلا تۇۋلاشتى :

— جاڭجۈن ئالىيلىرى ! جاڭجۈن ئالىيلىرى…

ئۇلارنىڭ چىرايلىرى تاتىرىپ ، ياغاق يۈزلىرى تېخىمۇ تارتىشىپ كەتكەنىدى .

ئەنسىز ۋارقىرىغىنىچە كىرىۋاتقان ئۈچ چېرىكنى كۆرگەن ئامبال شىشخالنى تاشلاپ ئورنىدىن تۇردى . چېرىكلەر ئۇچىسىدىكى فورمىسى بىلەنلا قالغان بولۇپ ، مىلتىق ، بېشىدىكى موزىلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى . بۇنىڭدىن بىرەر يامان ئەھۋالنىڭ يۈز بەرگەنىنى سېزىش تەس ئەمەس ئىدى . ئۇلار ئامبالنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— دوكلات !— دېگىنىچە سالام بېرىپ تىك تۇرۇشتى .

— بىرىڭ سۆزلە !— دېدى خەبەر ئامبال تاقەتسىزلىنىپ .

— قوشۇن يول ئۈستىدە قوزغىلاڭچىلارنىڭ بۆكتۈرمىسىگە ئۇچراپ ، قارشىلىق بىلدۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمەي پۈتۈنلەي دېگۈدەك قىرىلىپ تۈگىدى ، بىز يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ناھايىتى قىيىندا قې-

چىپ كەلدۇق .

— يول باشلىغۇچى چەنتۇ قېنى ؟

— قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى .

ئامبال بۇنى ئاڭلاپ ، ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قالدى .

— يوقىلىش !— دەپ ۋارقىرىدى ئۇ چېرىكلەرگە .

ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قىزىللىق تىقىلغان ، يۈزلىرى تاتارغان بولۇپ ، تۇرغان جايىدىن جىددىي قەدەم بىلەن ئالدى - كەينىگە ماڭاتتى . تامغا ئېسىقلىق قىلىچنى زەرب بىلەن ئېلىپ قىنىدىن يېرىم سۇغۇرۇپ يەنە قىنىغا سېلىپ قوياتتى . غەزەپتىنمۇ ياكى قورقۇنچتىنمۇ ، ئەيتاۋۇر ، پۇت - قوللىرى بەزگەك كېسىلى تەگكەندەك تىترەيتتى . بۇنداق كەيپىيات نەچچە مىنۇت داۋاملاشقاندىن كېيىن بىردىنلا گويا چىقىپ كەتكەن ھېسسىياتىنى تىزگىنلەپ ، ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلىغىنىچە ئولتۇردى . ئاڭغۇچە شىشخال ئوينىشىپ بېرىۋاتقان ئولپەتلىرى ئۇنىڭ قەھرىدىن قورققان بولسا كېرەك ، بىر - بىرلەپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئالغانىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن 3000 كىشىلىك خىللانغان قوشۇن ، ئىلغار قورال - ياراغ ۋە قاپ - قاپلاردىكى تەمىناتلار نېرى كەتمەيتتى . تۇرۇپ - تۇرۇپلا « خېي !… » دەپ يوتىسىغا شاپىلاقلايتتى . مىجەزى بىردىنلا غەلىتىلىشىپ ، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا توختىماي ماڭاتتى .

ئامبال نۇرغۇن ئويلىنىشلاردىن كېيىن ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى تەن ئېلىپ ، قوزغىلاڭچىلارغا چېقىلىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى . چۈنكى ، قوزغىلاڭچى قوشۇن ھازىر بۇرۇنقىدەك تاياق- توقماق بىلەن قوراللانغان بىر توپ تەرتىپسىز دېھقانلار ئەمەس ، بەلكى باشلىرىغا بىر خىل قارا نوچى تۇماق كىيگەن ، ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىمۇ ئوخشاش ،ئادەم سانىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان رەڭگارەڭ تۇغ- ئەلەملەرنى كۆتۈرگەن ، قورالىرى خېلى ئىلغار ، مۇكەممەل تەرتىپ- ئىنتىزامغا ئىگە يېرىم ئارمىيە قاتارىغا كىرىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭ لەشكەرلىرىنىڭ بۇ قېتى-

تىمقى مەغلۇبىيىتى ئادەتتىكى قوراللاردىن باشقا، تەيفو - زەمبە-
رەك، تۆپەڭ، 14 دانە سولۋاس بىلەن تەمىن ئەتكەندىن باشقا،
3000 ئادەمنىڭ بىر ئايدىن ئارتۇق تەمىناتىغا يەتكۇدەك ئاشلىق
ۋە خىلى كۆپ نەق پۇلغا ئىرىشتۇرگەنىدى.

خەبەر ئامبال مەھكىمىسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۇچىنى مۆل-
چەرلەپ، ھازىرچە سىپىلنى تاقاپ مۇداپىئەدە تۇرۇش، ئىلى جاڭ-
جۇنىگە مەلۇمات يوللاپ ئادەم تەلەپ قىلىش قارارىغا كەلدى.

ئامبالنىڭ چاقىرىشى بىلەن كاتىپ يۈگۈرۈپ كىردى.

— بۇيرۇق!— دىدى ئامبال قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، —
ھازىردىن باشلاپ شەھەر دەرۋازىلىرى تاقىلىپ، قاراۋۇللۇق كۇ-
چەيتىلسۇن! ھەرقانداق ئادەمنىڭ يول خېتىسىز شەھەرگە كىرىش-
چىقىشى مەنئى قىلىنسۇن! قارشىلىق بىلدۇرگەنلەر ئېتىپ تاشلان-
سۇن! لەشكەرلەر قوۋۇقلارغا بۆلۈنۈپ، سىپىل ئۇستىگە ئورۇن-
لاشسۇن! ئىچكى توپلاڭدىن ساقلىنىش ئۇچۇن، شەھەر خەلقىمۇ
ياخشى نام بىلەن سىپىل ئۇستىگە ئېلىپ چىقىلىپ كونتروللۇقتا
تۇتۇپ تۇرۇلسۇن! پۈتۈن قىسىم جىددىي ھالەتكە ئۆتۈپ، ئۇرۇش
تەييارلىقىدا تۇرسۇن! پەرمان ئەفرىدۇن ۋاڭغا يەتكۇزۇلۇپ، ماس-
لىشىپ ئىجرا قىلىنسۇن!

كاتىپ خەبەر ئامبالنىڭ بۇيرۇقىنى تولۇق خاتىرىلەپ، چىد-
قىپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا شەھەر دەرۋازىسى تاقىلىپ،
كىرىش - چىقىش مەنئى قىلىندى. چېرىكلەر توپ- توپ بولۇشۇپ
سىپىل ئۇستىدىن ئورۇن ئېلىشتى. شەھەر خەلقى ئەندىشىگە چۈ-
شۇپ، كېيىنكى كۇنلىرىدىن ئەنسىرىمەكتە ئىدى.

شەھەر دەرۋازىسى تاقىلىش بىلەن تەڭ سودا دۇكانلىرىمۇ
ئېچىلمىدى. بىر ھەپتە ئىچىدە پۈتۈن تىجارەت توختاپ، قەدىمدىن
تارتىپ گۈزەللىكتە ۋە تۇرمۇش ئاسايىشلىقى جەھەتتە جەننەتكە
تىمسال يەكەن شەھىرى ئىمارەتلىرىنىڭ قۇببە - پەشتاقلىرىدا ھۇۋ-
قۇش سايرايدىغان غەمخانىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. يوقسۇزلارنىڭ
كۇن ئۆتكۇزمىكى قىيىنلىشىپ، نارازىلىق كۇندىن - كۇنگە كۆپە-

يىۋاتاتتى ، غەلۋە ـ ماجىرا ھە دىگەندە يوز بىرىپ تۇراتتى . بۇنىڭ-دىن خەۋەر تاپقان ئەفرىدۇن ۋاڭ چوچۇش ئىچىدە دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ ، كۆپ ئويلىنىشلاردىن كىيىن تەدبىر قوللىنىش قارارى-غا كەلدى . ئۇنىڭچە ، ئامال تىپىپ شەھەر خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ھۆكۈمەتكە مايىل قىلىش ، پۇقرالارنى تەشكىللەپ ، باشقۇرۇشنى ئەمەلدارلارغا تۇتقۇزۇش ، قالغان ئىشنى ئاللادىن تىلەشتىن باشقى-سى ياخشىلىق ئىلىپ كەلمەيتتى . يەكەن شەھىرىدە خەلقنىڭ ھۆر-مىتىگە سازاۋەر ئىككى كىشى بار ئىدى ، ئۇنىڭ بىرى ، قازى كالان بولۇپ ، يەكەن خەلقى دانىشمەنلىكتە خوجا جۇمھۇرغا ، ئادالەتپەر-ۋەرلىكتە نۇشىرىۋان ئادىلغا ئوخشىتاتتى ؛يەنە بىرى ، كىشىلەر ئۇ-لۇغ ھىساپلاپ چوقۇنىدىغان ھەزرىتىم دىگەن كىشى بولۇپ ، دۇئا ۋە قارغىشلىرىغا پەۋقۇلئاددە ئىتىبار بىلەن قارىشاتتى .

ئەفرىدۇن ۋاڭ بىشىغا كۈن چۈشكەندە بۇ ئىككى كىشىدىن پايدىلىنىش نىيىتىگە كەلدى ، ئۈچ ئات تەييارلاپ ،قازى كالاننى ئوڭ تەرىپىگە ، ھەزرىتىمنى سول تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ ، كو-چىمۇ ـ كوچا يۈرۈپ ، پۇقرالارنى خاتىرجەملەندۈرمەكچى بولدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، بارغانلا يىرىدە مەسچىت ـ مەسچىتلەرنىڭ ئالدىغا جامائەتنى يىغدۇرۇپ ئۆزى ۋەز ئىيتاتتى :

— ئەي خالايىق !— دەيتتى ئۇ كۆپچىلىككە مۇراجىئەت قىلىپ ،— سىلەرگە شۇنى جاكارلايمەنكى ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئە-مەلدارلار سىلەرنىڭ دەرد ـ ھالىڭلارنى ماڭا يەتكۈزمەپتۇ . مەن ئۇلارنى جازالايمەن . مانا ھازىردىن ئىتىبارەن سىلەرنى ئۆزۈم يوقلاپ تۇرىمەن . مەندىن ئۆتكەن سەۋەنلىكلەرنى كۆڭلۈڭلاردىن چىقىرىۋىتىپ ، توپىلاڭچىلارغا يانتاياق بولماڭلار .سىلەرگە خۇدانى گۇۋاھ قىلىپ كىپىللىك بىرىمەنكى ، بۇگۈندىن باشلاپ پۈتۈن شەھەر خەلقىگە باي- كەمبەغەل دىمەستىن قارىقويۇق تۇرمۇش پۇلى تارقىتىپ بىرىلىدۇ . بۇنىڭغا يىنىمدا تۇرغان قازىكالان بىلەن ھەز-رىتىم گۇۋاھتۇر .

ئەفرىدۇن دىگىنىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۈچۈن خەزىنىنى

ئېچىپ ھەممە ئادەمگە پۇل تارقاتتى . ئەمەلدارلارغا خەلققە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ ، ئۆزىگە مايىل قىلىشنى تاپىلىدى .

بىر كۈنى ئەفرىدۇن ۋاڭ كۆڭلى بىئارام ھالدا سارىيىدا خەبەر ئامبال بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇراتتى ، توساتتىنلا كىرىپ كەلگەن خەزىنىچىبەگ مۇھەممەتئىمىن ئېيتتى :

— ۋاڭ ئالىيلىرى ! شەھەر خەلقىگە پۇل تارقىتىش تېخى ئاخىرلاشماستىنلا خەزىنىنىڭ يېرىمى تۈگىدى . شۇڭا ، پۇل تارقىتىشنى توختاتساقمىكىن دەيمەن .

— بولمايدۇ !— دېدى ئەفرىدۇن ۋاڭ ،— داۋاملاشتۇرۇلۇپ ئاخىرى ئۈزۈلسۇن . تارقاتقان پۇل شەھەردىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ . ۋاقتى كەلگەندە بىرىگە 10نى قېتىپ قايتۇرۇۋالىمىز .

ئەفرىدۇن ئۆز سۆزىنى تەستىقلاتماقچى بولغاندەك خەبەر ئامبالنىڭ كۆزىگە قارىغانىدى :

— شۇنداق !— دەپ ئىپادە بىلدۈردى خەبەر ئامبال ،— بۇ پۇللارنى سىز تاپقان ، يەنە تاپالايسىز . سىز ئامان بولسىڭىز ، بىز ھەم خاتىرجەم .

مۇھەممەتئىمىنبەگ «خوپ !» دېگىنىچە چىقىپ كەتتى .

ئەفرىدۇن ۋاڭ بىلەن خەبەر ئامبال كېيىنكى ئىشلار ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىشكە كىرىشتى ، گەرچە ئەفرىدۇن ئۆزىنى «پادىشاھ ، خان» دەپ بىلسىمۇ ، خەبەر ئامبال خۇددى گەجگىسىگە بەتلىنىپ تۇرغان تاپانچىدەك ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى نازارەت قىلىپ ، باسىدىغان قەدىمىدىن تارتىپ ھەربىر ئېغىز سۆزلىرىگىچە بەلگىلەپ بېرەتتى ، يەرلىك ئەمەلدارلارنى مانجۇلار ئۆزلىرىنىڭ توقال خوتۇنىغا ئوخشاش كۆرۈپ ، لازىم بولغاندا ئىشلىتەتتى ، ئېھتىياجى تۈگىگەندە كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايتتى . خەبەر ئامبال ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ چىقىپ كەتتى . نېمىلا بولمىسۇن ھازىرقى مۇھىم ئىش شەھەر مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ئىدى . شۇڭا ، خەبەر ئامبال دىۋانبېگى ، باش مىرزىبەگ ۋە چوڭ - كىچىك ھەممە بەگلەرنى تىزىملاپ ، سېپىل دەرۋازىسىنى بېقىشقا تەيىنلەشنى ئەف-

ـرىدۇنغا تاپىلىدى . ئەفرىدۇن ۋاڭ خەبەر ئامبالنىڭ دىگىنى بويىچە
بەگلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئورۇنلاشتۇردى .
ئەفرىدۇن ۋاڭ مەرتىۋىلىك بەگلەردىن بىرقانچىنى ئەگەشتۈ-
رۈپ ، ئاۋۋال «دەرۋازەئى ئالتۇن»غا باردى ، ئاندىن باش مىرزى-
بەگكە پەرمان چۈشۈردى :
— تىزىم بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلسۇن !
مىـرزىـبەگ ھەرقـايـسى ئورۇنـلارغـا بىـر ـ بىـرلەپ
ئادەم بەلگىلىدى :
— «دەرۋازەئى ئالتۇن»غا لاۋا ھاكىمى مەسئۇل بولۇپ قارا-
ۋۇللۇق قىلسۇن !شاڭ بەگلىرىگە باشچىلىق قىلىپ ،كېچە ـ كۈن-
دۈز پاسىبانلىقنى بوشاشتۇرمىسۇن !شەھەر خەلقى كالتەك ـ چو-
ماقلىرىنى ئېلىپ ، سېپىل ئۈستىدە كۆزەتچىلىك قىلسۇن ! ئاخۇن-
لار «ۋەزائىف» ئوقۇپ ، مۇشكۇل ئىشقا ئاسايىشلىق تىلىسۇن !
بۇ يەرگە تەيىنلەنگەن چېرىكلەر مەسئۇل بەگنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت
قىلىپ ، جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرسۇن !— مىرزىبەگ تىزىمنى ئوقۇپ
تۈگىتىپ ، ۋاراقچىنى قاتلاپ قوينىغا سالدى ، ئاندىن ئەزان ئېيت-
قاندەك توۋلىدى ،— تەيىنلەنگەن ئادەملەر ۋاڭ ئالىيلىرىنىڭ كۆز
ئالدىدا پاسىبانلىق ئورۇنلىرىغا قارار تاپقاي !
ئىسمى تىلغا ئېلىنغانلار شۇئان ھازىر بولدى .
ئەفرىدۇن ۋاڭ «دەرۋازەئى ئالتۇن»دىن ئايرىلىپ ، «دەرۋا-
زەئى خانىقا»غا كەلدى . بۇ يەردە ئىنايەتبەگ ئىسىملىك بىرسى بار
بولۇپ ، يېڭىسار ھاكىمىدەك شەھەرنى تارتقۇزۇپ قويۇپ قېچىپ
كەلگەن ئىدى . ئۇ تېبابەت ئىلمىدىن خەۋەردار بولغاچقا ، كۆزەتچى-
لەرنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈشكە تەيىنلىدى . شەيخۇلئىسلام
ساھىب كىرام بىلەن ئاخۇن مۇنەججىم زامانىنى ئىلمى نۇجۇم ئاسا-
سىدا ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىپ ، كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان
ئىشلاردىن خەۋەر بېرىپ تۇرۇشقا بەلگىلـىدى . بۇ جايغا تەيفو ۋە
نەيزىلىـك لەشكەرلەرنـى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، پات ـ پات ئوق چى-
قىرىپ ، ھەيۋە كۆرسىتىشنى تاپىلىدى .

«دەرۋازەئى قابغات»قا ئەلەم ئاخۇننى مەسئۇل قىلىپ، يېتەر-لىك لەشكەر ئاجرىتىپ بەردى. شاھ نەسەبىدىن بولغان زاھىت خوجامنى نىگاھبان (قاراۋۇل)لىققا ئورۇنلاشتۇردى. خەزىنىچى مۇھەممەتئىمىنبەگنى ئەلەمدارلىققا تەيىنلەپ، قولىغا نۇرغۇن چېـ-رىك تۇتقۇزۇپ، پاترۇللۇق ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. قاراۋۇللۇققا قويۇلغانلار ئىچىدە يەنە ئۇلۇغ - ئۇششاق بەگلەر، ئاخۇن، موللا - ئىماملارمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيتتى.

«دەرۋازەئى مەسخىرە»گە مۇپتى ئاخۇن (قەبرىسى ھازىر سىپ-سىق كۆلدە) سەردار، خاتىپ ئاخۇن ۋە خەزىنىچى مەغرۇلبەگ ئىككىسى ياردەمچى بولدى. بىر بۆلەك چېرىك ھەمدە شەھەر ئاھا-لىسى قاراۋۇللۇققا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

«تېرەكباغ دەرۋازىسى»غا قازى ئاخۇن مەسئۇل قىلىنىپ، زەپەر ئاخۇن دېگەن تېۋىپ كىشى يانداپ بېرىلدى. ئۇ كېسەلنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ ھەممىسىگە ئوخشاشلا «قەشرىماش» بۇيرۇش بى-لەن مەشھۇر ئىدى، ئەلەمداربەگ شاھ مەنسۇر بۇ يەردىكى ئەلەمدار ۋە چېرىكلەرگە مەسئۇل قىلىندى. پاششاپ بەگ نەئمان مىراب ئەتراپىقا مەخپىي ئادەم چىقىرىپ، جاسۇسلۇق قىلىشقا قويۇلدى. بۇ ئەتراپ ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، روبىروسىدىكى «سۇتلۇك ما-زار»دا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئادەملىرى بار ئىدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، مۇھىم دەپ قارالغان جايلارغا كۆپلەپ قاراۋۇللار قويۇلدى. مەسچىتنىڭ ئىماملىرى كېچىنى مەسچىتتە ئۆتكۈزۈپ، ئاللادىن ھۆكۈمەتكە بىخەتەرلىك، پادىشاھغا نۇسرەت تىلەشكە بۇيرۇلدى. شەھەردىكى ئاخۇن - ئەشرەپلەرمۇ نامىزىدا دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئامانلىقىغا ئاللادىن مەدەت تىلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىشلار قانائەتلىنەرلىك ئورۇنلاشتۇ-رۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەفرىدۇن ئوردىغا قايتتى، ئەمما نې-مىشقىدۇر كۆڭلى تىنمايۋاتاتتى.

— پەرمان!— ئەفرىدۇن باش مىرزىبەگكە بۇيرۇق چۈ-شۈردى،— پۈتۈن مازار، مەسچىتلەردە داشقازان ئېسىلىپ، خەت-

مىقۇرئان قىلىنىسۇن، مەسچىت - خانىقالاردا خەتمە باشلانسۇن. تالىبۇل ئىلىملەر يىغىلىپ كېچە - كۈندۈز ئۇزۇلدۇرمەي «ۋەزاـ ئىف»، «ئەۋراد» ئوقۇپ، ئامانلىقىمىز ئۇچۇن ئاللاغا ئىلتىجا قىلىـ سۇن. بارلىق تەلەپكارلار پادىشاھغا ئامانلىق تىلەپ، ھەممە كارىـ بارىغا خەيرىيەت تىلىسۇن. پەرمان دەرھال ئىجرا قىلىنسۇن!


مىرزىبەگنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شۇ سائەتنىڭ ئۆزىدىلا جاكارچىلار كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

«ئى خالايىق! قۇلاق سېلىڭلار، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، ھازىردىن باشلاپ ئۆي - ئۆيدىن قازان ئاچىقىپ زاراتگاھلىقتا، مەسچىت - خانىقالارنىڭ ئالدىلىرىغا ئېسىپ زاراخەتمە قىلىنىپ خەتمىقۇرـ ئان ئوقۇلسۇن!»

شۇنداق قىلىپ، قۇرئان ساۋاتى بارلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ مەسچىت - مەسچىتلەردە خەتمە باشلاندى، قارىي - موللىچاقلارنىڭ قىرائەت ئاۋازلىرى شەھەرنى لەرزىگە سالدى. «پىرىيانە يەكەن» دۇئا - تىلاۋەت ساداسىدىن زىلزىلىگە كېلىپ، ئامۇخاس يەتمىش ئىككى مىڭ مالائىكىنىڭ ھەممىسى ئەرشتىن چۈشۈپ، ئۆزلىرى ھەمداستىخان بولۇپ ئولتۇرغاندەك ھاياجانغا چۆمدى. تېخى نەچچە سائەت ئىلگىرىلا ئەفرىدۇن ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىغا قارغىش نەپرەت ياغدۇرۇپ غەزەپلەنگەنلەر قىرائەتنىڭ مۇڭىدىن دىللىرى ئېرىپ، ھېساب - كىتابلىرىنى قىيامەتكە قالدۇرۇشتى.

پۈتۈن شەھەر خەلقى چېرىكلەر بىلەن بىر قاتاردا سېپىل ئۈستىگە ھەيدەپ چىقىلدى. پۇقرالارنىڭ قولىغا چوماق، كالتەكـ لەر تۇتقۇزۇلغانىدى. نۇرغۇن ئائىلىلەردە ئاشلىق ئۈزۈلۈپ قالـ غاچقا، باللار ئاچلىقتىن قىرىلىپ كېتىۋاتاتتى. چوڭلار ئىچىدىمۇ ئۆلۈم - يېتىم كۆنسېرى كۆپىيىۋاتاتتى. دەرۋازىسى مەھكەم تاقالـ غان يەكەن شەھىرى گويا دېڭىزدىكى يېگانە كېمىدەك قوزغىلاڭچىـ لارنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە قالغانىدى. توختى مانجۇنىڭ قوشۇنـ

لىرى ئىككى شەھەر ئارىلىقىدا ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈپ دۈشمەننى
جەڭگە چاقىرىپ ، مازاق قىلاتتى . خورلۇققا چىدىمىغان ئەفرىدۇن
ۋاڭ سېپىل ئۈستىدە تۇرغانلارغا : «ئېتىڭلار !» دەپ ۋارقىرايتتى ،
ئەمما سېپىل ئۈستىدىن ئېتىشقا جۈرئەت قىلغانلارنى قوزغىلاڭچى-
لار ئۇدۇللۇق ئۇجۇقتۇرۇۋېتەتتى . ئاخىر ئەفرىدۇن تەرەپ ھىند-
دى ، ئاۋغان ، بالتو ، پەنجابىلاردىن 1000 كىشىلىك ئاتلىق قو-
شۇن تەييارلاپ ، قوزغىلاڭچىلارغا قارشى ئاتلاندۇرغانىدى ، ئۇلار-
نىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئۆلۈپ ، تىرىك قالغانلىرى ئې-
غىر يارىلىنىپ شەھەرگە ئاران كىرىۋالدى . قوزغىلاڭچىلار شە-
ھەرنى ئالالمىغىنىغا خاپا بولسا ، شەھەر خەلقى قاپسىلىپ قالغىنىغا
خاپا ئىدى . ئىككى تەرەپنىڭ تەقەززالىقىغا ھېچنېمە توغرا كەلمەيت-
تى . ئۇرۇشنىڭ ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىشى شەھەر خەلقى ئۈچۈن-
مۇ ، دېھقانلار ئۈچۈنمۇ پايدىسىز ئىدى . بۇنى ھېس قىلغان توختى
مانجۇ پانساتلار بىلەن كېڭىشىپ ئىشنى باشقا تەرەپتىن باشلىماقچى
بولدى .



# ئون توققۇزىنچى باب

# ئوت ئىچىدىن كەلگەن كۈلكە

ياز پەسلى كىرىپ ، ئېكىنزارلىقلار يېشىللىققا پۈركەنمەكتە
ئىدى . باغلاردا غورىلارنىڭ ئالدى سارغىيىشقا باشلىدى . لېكىن ،
يەكەن شەھىرىنىڭ ئورمانزارلىق ئارىسىدىكى قەبرىستانلىقتەك
جىمجىتلىقى ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇراتتى . بۇرۇنقىدەك ھەر يىلى
5 - ئاينىڭ 18 - كۈنلىرىدىن باشلاپ ئۈجمە يېگىلى سەھراغا
ماڭىدىغان باللار ، ئۈجمە سەيلىسىدىكى چېلىشنى قىزىتىش ئۈ-
چۈن ئالدىرايدىغان تەمبەل يىگىتلەر ،ئەپكەشلىرىگە ئالا غورا قاچى-
لانغان سېۋەتلەرنى ئېلىپ ،ئەپكەشنىڭ سىلكىنىشىگە پۈتىنى كەل-
تۈرۈپ يېنىك دەسسەپ كېتىۋاتقان باققاللار ،ئۈستۈبېشى ئاددىي ،
يۈزلىرى يېرىم يېپىقلىق قېتىقچى قىز - جۇۋانلار ،ھەر ھەپتىنىڭ
بازار كۈنلۈكى يوللارغا سىغىشماي شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىپ-
چىقىۋاتقان ھارۋىلار ، مەپىلەر ، ئاتلىق - پىيادىلەر ، «پوش -
پوش ! » دەپ ۋارقىرايدىغان ئوتۇنچىلار ،ئۇلاغ بازىرىغا چارۋا ھەي-
دەپ ماڭغان دېھقان - چارۋىچىلار ، يول بويلىرىدا باشلىرىغا تېۋەڭ-
لىرىنى ئېلىپ «يوغان نان ! » دەپ كۆتۈرۈپ يۈرگەن ناۋايلار...
نىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى . چىڭ لەشكەرلىرى سېپىل ئەتراپىدى-
كى ئۆيلەرنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ ، باغ- ئورمانلارنى بۇزۇپ تۈزلە-
ۋەتكەچكە ، نەچچە يۈز مېتىرلاپ ئارىلىقتا تۈزلەڭلىك ھاسىل بول-
غانىدى .

شەھەردىكى ئەرلەر ھەر كۈنى ئەتىگەندە سېپىل ئۈستىگە ھەي-

دەپ چىقىلاتتى . ئۇلارنىڭ قوللىرىغا تۇتقۇزغان ئاق كالتەكلەر يىراقتىن كۆز پەسلىدىكى ئورۇلۇش ئالدىدا تۇرغان پالاكسىز قوناق شاخلىرىدەك كۆرۈنەتتى .ئەمەلدارلار خەلقنى زورلاپ قوزغىلاڭچى قوشۇننى تىللاتقۇزاتتى . ئەمما ، قوزغىلاڭچى قوشۇن تەرىپىدىن بىر پاي زەمبىرەك ئوقى ئېتىلىشى هامان «مىڭ قاغىغا بىر كېسەك ئېتىپتۇ» دېگەندەك ، ھەممىسى دۇم يىتىۋېلىشاتتى . يەنە بىر كەم-لەردىن كېيىن پەيدا بولۇپ چۇقان سېلىشاتتى . نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۆزلىرىدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيتتى . بۇنىڭغا جاۋابەن قوزغىلاڭ-چى قوشۇن ئىنكاس قايتۇرمايتتى ياكى بىرنەچچە پاي ئوق چىقى-رىپ قوياتتى .

ئالاھازەل سېپىل دەرۋازىسى تاقالغىنىغا بىر ئايدىن ئېشىپ كەتتى . شەھەر خەلقى سېپىل ئىچىگە قامىلىپ ، سىرت بىلەن مۇناسىۋىتى ئۈزۈلدى . مەنسەپدار ، چېرىكلەرمۇ شۇ قاتاردا بۇغنۇ-قۇۋاتاتتى . قوزغىلاڭچى قوشۇن شەھەرنى ھەر تەرەپتىن قورشاپ ، بىرقانچە نۆۋەت ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ ، بۆسۈپ كىرەلمى-دى ، بۇنداق بولۇۋەرسە قوزغىلاڭچى قوشۇنغىمۇ پايدىسىز ئىدى . قوزغىلاڭچىلار دېھقانلاردىن تەشكىل تاپقاچقا ، بىر جەھەتتىن بەزى-لىرىنىڭ يەرلىرى تېرىقسىز ، بەزىلىرىنىڭ ئائىلىسىدە قېرى - چۆرىلەرگە قارايدىغان ئادەم يوق بولۇشتەك ئەھۋاللار ئۇلارنى خا-تىرجەمسىزلەندۈرسە ، يەنە بىر جەھەتتىن قوشۇن ئىچىدە پىدائىي قېرى - ئاجىزلارمۇ بار ئىدى . ۋاقىت ئۇزىرىپ كەتسە ، كۈتۈلمى-گەن قىيىنچىلىقلارنىمۇ يۈز بەرمەيدۇ دېگىلى بولمايتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزاققا سوزۇلغان جەڭنى كۈتۈپ تۇرۇش ئۈچۈن قوزغى-لاڭچىلاردا دۈشمەن قوشۇنلىرىدىن ئولجا ئالغان ئاشلىقتىن باشقا ، زاپاس ئوزۇق - تۈلۈك يوق ئىدى . ۋەلىخان تۆرە بولسا قەشقەر ، يېڭىسار ، ئاتۇش يېزىلىرىغا قەدەم بېسىپ ، بىر تەرەپتىن چېرىك توپلىسا ، يەنە بىر تەرەپتىن خەلققە ئالۋان سېلىپ بايلىق توپلاۋاتات-تى . قوزغىلاڭچىلار يېڭىساردىن يەكەنگە يۈرۈش قىلغاندىن باشلاپ ۋەلىخان تۆرە ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى قالدۇرۇپ قېلىپ ، توختى

باشچىلىقىدىكى جەڭ قىلغۇاتقان قوشۇنغا يېقىن تۇرمىدى . ھازىر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇناسىۋەت قالمىدى دېيىشكىمۇ بولاتتى ، لېكىن ۋەلىخان تۆرىنىڭ ئۇلارنى ئالدىراپ قويۇۋەتكۇسى يوق ئىدى . چۈنكى ، توختى باشچىلىقىدىكى قوشۇننىڭ يەكەننى ئىشغال قىلىپ تۇرۇشى ۋەلىخان تۆرىنىڭ قەشقەردىكى ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن خاتىرجەملىك بېرەتتى . بۇنىڭغا چېتىشلىق ئىشلارنى ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرى بىلىشەتتى .

توختى مانجۇ تولىمۇ زېرەك ، ئەقىللىق يىگىت ئىدى . تەدبىر قوللىنىپ پايدىسىز ۋەزىيەتنى ئوڭلاش ئۇنىڭ قولىدىن كېلەتتى .

ئادەملەر نۆۋەت بىلەن غىزالىنىپ ، ھەرقايسىسى ئۆز ئورۇنلىرىدا دۈشمەننى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندا ، توختى خەۋەرچى ماڭدۇرۇپ ، «ئونبېشى»دىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەرنى چاقىرتتى :

— قېرىنداشلار !— دېدى ئۇ سالماق تەلەپپۇزدا ،— بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىمىزغا بىر ئايدىن ئاشتى . قوشۇنىمىزدىكى 3500 دىن ئارتۇق ئادەم ئىچىدە قېرىلار 500 دىن ئاشىدۇ ، ياربدارلارمۇ بار ، جەڭگە يارايدىغانلار 2500 ئەتراپىدا كېلىدۇ . ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تاماق يېيىشى لازىم . بىراق ، يەكەننىڭ زاپاس ئاشلىقى شەھەر ئىچىدە ، مەن مۇنداق بىر لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن :

بىرىنچى ، قېرى - چۆرىلەرنى قىسقارتىپ ، ئائىلىسىگە قايتۇرۇپ خاتىرجەم تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىش ؛

ئىككىنچى ،قىسمىنى ئىككىگە ئايرىش : بىر بۆلىكى داۋاملىق شەھەرنى قورشاپ دۈشمەنگە زەربە بېرىش ؛يەنە بىر بۆلىكى دەريادىن ئۆتۈپ دولان دىيارىغا تارقاپ ،ھەرقايسى يېزا - كەنت ئەمەلدارلىرىنىڭ هارام ماللىرىنى خەلققە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ ، يۇقىرالارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ؛

ئۈچىنچى ، قاغىلىق ، پوسكام ، گۇما قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ ، ھۆكۈمەت ئامبىرىدىكى ئاشلىقنى قولغا كىرگۈزۈپ زاپاس ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاش ، مالىيەدىكى پۇلنى خىراجەت قىلىپ ، كېيىمنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارقىلىق تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى

کۆچەيتىش ؛
تۆتىنچى ، پىدائىيلارنى قوبۇل قىلىپ ، ئادەملىرى-
مىزنى تولۇقلاش .

ئەگەر يۇقىرىقى لايىھىگە قوشۇلساڭلار ، مەخپىيەتلىكنى قات-
تىق ساقلاپ ، كېچىسى يول يۈرۈپ ، تاڭ سەھەردە دەريادىن
ئۆتىمىز .

توختىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىرى ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىگە يې-
قىپ ، كۆپچىلىكنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتتى .

— ھەسەن پانسات بىلەن كىچىك ئاخۇن پانسات يەكەن شە-
ھىرىنى داۋاملىق قورشاشقا مەسئۇل بولىدۇ !— دېدى توختى
بۇيرۇق قىلىپ ،— كېرەم بىلەن تۇرسۇننىڭ قىسىملىرى دەريادىن
ئۆتۈپ بۇيرۇق بويىچە ھەرىكەت قىلسۇن !

— پىكرىم بار !— دېدى ھەسەن تۇرك ،— كۈتۈپ يېتىۋېرىپ
ئىچىم تىتىلداپ كەتتى . ھېچبولمىغاندا دەريادىن ئۆتىدىغان قى-
سىمنى ئۆزۈم باشلاپ قويسام دەيمەن .

— بولمايدۇ !— توختى ئۇنىڭ پىكرىنى كەسكىن رەت
قىلدى ،— يەكەننى مۇھاسىرە قىلىش ھەممىدىن مۇھىم ، بۇي-
رۇقنى ئىجرا قىلىڭ .

— خوپ !— ھەسەن تۇرك بۇنىڭدىن باشقا زۇۋان سۈرمىدى .

ئەمدىكى ئىش دەريادىن ئۆتۈش مەسىلىسى ئىدى . دەريانىڭ ئۇ
تەرىپىدە دولانلىقلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ ، يەكەنگە كىرىپ-
چىقىدىغانلار دەريانىڭ شەرق تەرىپىدىكى كېمىدىن ئۆتمەي
مۇمكىن ئەمەس ئىدى . دەريا دولقۇنلاپ ئاقاتتى ، سۇنىڭ شىددى-
تىگە گەپ توغرا كەلمەيتتى . شۇ سەۋەبتىن ، كۆۋرۈك سېلىش
مۇمكىن بولمىغاچقا ، ھۆكۈمەت چوڭ - كىچىك كېمىدىن ئالتىنى
ئورۇنلاشتۇرۇپ ، 1000 چېرىكنى كېچە - كۈندۈز قاراۋۇللۇق
قىلىشقا قويغانىدى . كېمىلەر يىغىشتۇرۇۋېتىلسىلا يەكەنگە كىرىش-
كە بولمايتتى . دەريا بويىغا سېلىنغان ھەربىي گازارمىدىكى قوشۇن
كۈچلۈك قوراللانغانىدى . قوزغىلاڭ يۈز بېرىپ ، شەھەر خەۋپ

ئاستىدا تۇرغان مەزگىللەردە ئەفرىدۇن ۋالىڭ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ، يەنە 500 چېرىك بىلەن خىل قوراللارنى ئەۋەتتى . بۇنىڭ-دىن يەنىلا خاتىرجەم بولالمىغان مىڭبېشى ئەتراپقا چارلىغۇچى ماڭدۇرۇپ ، نۆۋەتتە قوزغىلاڭچىلارنىڭ مۇددىئاسى شەھەرنى ئې-لىش بولۇپ ، دەريادىن ئۆتۇش غەربىي يوقلۇقىدىن خەۋەر تاپتى . شۇنداقتىمۇ ، بىرەر پېشكەللىك يۈز بەرسە ، كېمىلەرنى تاشلاپ قېچىشنى پىلانلاپ قويغانىدى .

كېرەم بىلەن تۇرسۇنلار ئىلگىرى بۇ تەرەپلەرگە كۆپ كەلگەچ-كە جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىدىن خەۋەردار ئىدى . ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ ، چېرىكلەر ئۇيقۇغا پاتقاندا شەبخۇن ئۇرۇپ ، كې-مىلەرنى قولغا كىرگۈزۈش قارارىغا كەلدى - دە ، كېچىلەپ يۇرۇپ سۇبھى يورۇشتىن بۇرۇن دەريا بويىغا باردى . بۇ چاغدا ، مىڭبېشى تېخى ئۇخلىمىغانىدى . كېرەم پەم بىلەن قاراۋۇلنىڭ ئارقا تەرىپى-دىن كېلىپ ، ۋارقىراپ بولغۇچە كانىيىدىن بوغۇپ ، بىقىنىغا شەمشەر تىقتى . بۇنى سېزىپ قالغان ئىككىنچى قاراۋۇلنى ئوقيا بىلەن ئاتتى ، قاراۋۇل نەچچە قەدەم قېچىپلا يىقىلدى . ئاڭغۇچە قوزغىلاڭچى قوشۇن گازارما ئەتراپىنى قورشاپ ، تەرەپ - تەرەپتىن ئوق چىقاردى . ئالاقزادە بولغان مىڭبېشى ۋە چېرىكلەر باشلىقلىرى-دىن بىرنەچچىسى قېچىپ كەتتى . باشلىقسىز قالغان چېرىكلەر پىتىراپ قالايمىقان ئوق چىقىرىشقا باشلىدى ، قېچىشقا ئۈلگۈرمى-گەن چېرىكلەردىن نۇرغۇنى ئۆلدى . ئوق ئاۋازلىرى ئەتراپنى زىل-زىلىگە كەلتۈردى . يورۇق چۈشكەندە دەريا بويىدا چېرىكلەردىن بىرسىمۇ قالمىغانىدى . ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان مەكىت ، تاسقىمە خەلقى تەرەپ - تەرەپتىن يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ، قوزغىلاڭچى قو-شۇنلار بىلەن كۆرۈشتى . بىلىقچىلار قايغۇچاقلىرىنى سۆرىشىپ كېلىشتى . قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئادەملىرى ئالتە كېمىگە پات-مايتتى . دېھقانلار ياغاچ كەلتۈرۈپ سال ياسىدى . شۇنداق قىلىپ ، دولانلىقلار 1000 كىشىلىك قوشۇننى قارشى ئېلىپ ، كېمە ، قاي-غۇچاق ، ساللارغا ئولتۇرغۇزۇپ تۆۋەنگە ئاقتۇرۇپ ، مەكىت تەۋە-

سىگە ئېلىپ باردى . ئۇلار كېمىدىن چۈشۈپ مەكىت بازىرىغا كىرگەندە ، نەچچە يۈزلىگەن كىشىلەر ئالدىغا چىقىپ قارشى ئال-دى . بۇلار دولانلىق دېھقانلار بولۇپ ، دەريا تەرەپتە ياڭرىغان ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، مەكىت بازىرىدا تۇرۇشلۇق مەمۇرىي ئەمەلدارلار بىلەن چېرىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ ، پىدائىي بولۇش ئۈچۈن تەييارلىنىپ تۇرغانىدى . قوزغىلاڭچىلار يېڭى قوشۇلغانلار بىلەن بىرلىشىپ بەشكەنت بازىرىغا باردى . ئۇ يەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ مال- مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ يوقسۇزلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى . قوزغىلاڭچى قوشۇن يوسكامغا يېتىپ بارغاندا ، مەمۇرىي ئەمەلدار-لار چېرىكلەرنىڭ ھىمايىسىدە قاغىلىققا قاچقانىدى . قوزغىلاڭچى قوشۇن يوسكامنى ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن ، مۇۋاپىق ئادەم قالدۇرۇپ ، «ئىككىسۇ» ئارىسى بىلەن قاغىلىققا يۈرۈپ كەتتى .

قاغىلىق ئەڭ گۈزەل يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ :

«ئېتى قاغىلىق ، لېكىن بۇلبۇلغا جاي ،
بۇلبۇلغا ئەمەس ، بەلكى جايى ھۇماي .»

دېگەن مىسرالار تەرىپىگە مۇۋاپىق ئىدى ، مۇداپىئەسى جەھەتتىنمۇ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغاچقا ، قاچقان ئەمەلدارلار ۋە چېرىكلەر ئەمىر مەھرەمنى پاناھ تارتىپ ئۇنىڭ قول ئاستىغا توپلانغانىدى . بۇ يەردىكى 2000 چېرىككە مۇھەممەت يۇ-سۇپ مىڭبېشى پانسات بولغىنىغا ئۇزاق بولمىغانىدى . قوزغىلاڭچى قوشۇن كېلىشتىن بۇرۇن بازارنىڭ دوقمۇش - دوقمۇشلىرىغا پو-تەي سېلىنىپ ، كېچىلىرى خەلقنىڭ كوچىلارغا چىقىشى چەكلەن-دى . ئاتلىق چېرىكلەر بازار ئەتراپىدا ئات چاپتۇرۇپ كۆزەتچىلىك قىلىپ ، گۇمانلىق ئادەمنى ئۇچراتقان ھامان تۇتۇپ باغلاپ ، مىڭ-بېشىغا تاپشۇراتتى . مۇشۇنداق ئەنسىزلىك قاپلىغان قاغىلىققا بىر كۈنى سەھەردە قوزغىلاڭچىلار بېسىپ كىردى . ھەر ئىككى تەرەپ

تەڭ ئوق ياغدۇرۇپ ئاھالىنى تېخىمۇ پاراكەندىچىلىككە سېلىۋەت-
تى . ئەمما ، ئۆزاقتىن بۇيان يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ زۇلمىغا چى-
دىماي قارشىلىق كۆرسىتەي دېسە قولىدا قورال بولمىغاچقا ، ئامال-
سىز يۇرۇۋاتقان بىر تۈركۈم ياشلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، قوزغى-
لاڭچىلارنىڭ يېتىپ كېلىشى تاغدەك ئىشەنچ بەخش ئەتتى . ئۇلار-
نىڭ بارات ئىسىملىك يىگىتۋېشى بولۇپ ، قاغىلىق خەلقى ئۇنىڭ
سۆزىگە كىرەتتى . مۇھەممەت يۇسۇپ مىڭبېشى قول ئاستىدىكى
چېرىكلىرىنى ئىشقا سېلىپ ، قوزغىلاڭچى قوشۇننى ئىلگىرىلىگە-
لى قويماي قاتتىق جەڭ قىلىۋاتقاندا ، بارات بىر قانچە چېۋەر يىگىت-
نى تاللاپ ،بەگ ئوردىسىغا قاراپ يۈگۈردى . چېرىكلەرنىڭ ھەممى-
سى جەڭدە بولغاچقا ئوردىدا 10 نەچچە بەگ بىلەن ئەمىر مەھرەم
بېگىلا قالغانىدى . يىگىتلەر قولىدىكى كالتەك- چوماقلار بىلەن
بەگلەرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى ، بارات ئەمىر مەھرەمنى تۇتۇۋېلىپ ،
شەمشىرى بىلەن مالنى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلىۋەتتى . يىگىتلەر
ئۇنىڭ بېشىنى ئۇزۇن خادىغا ئېسىپ ، كوچا ئېغىزىدا جەڭ قىلى-
ۋاتقان مۇھەممەت يۇسۇپ مىڭبېشىنىڭ ئارقىسىدىن خەلقنى ئە-
گەشتۈرۈپ چۇقان كۆتۈرگىنىچە باستۇرۇپ كەلدى . مۇھەممەت
يۇسۇپ مىڭبېشى كۈتمىگەندە ئۆزلىرىنىڭ قورشاۋ ئىچىدە قالغانلى-
قىنى ، چېكىنىش يوللىرىنىڭمۇ ئۈزۈلگەنلىكىنى كۆردى - دە ،
چېرىكلەرگە بەلگە بېرىپ ،بۆسۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى . چې-
رىكلەر ئەھۋالنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسىزلىقىنى بىلىپ تەمتىرەپ
تۇرغاندا ، قوزغىلاڭچى قوشۇن ھۇجۇمغا ئۆتتى .تۇرسۇن ئېتىنى
چاپتۇرۇپ كېلىپ ،قېچىپ كېتىۋاتقان مىڭبېشىنى بىر نەيزە ئۇ-
رۇپ ئاتتىن يىقىتتى ،ئاندىن ئاتتىن چۈشۈپ بوغۇزلىۋەتتى . مىڭ-
بېشى ئۆلگەن ھامان چېرىكلەرنىڭ سېپى قالايمىقانلاشتى .قوزغى-
لاڭچى قوشۇن ئۇلارنىڭ بىرسىنىمۇ تىرىك قويماي قىرىپ تاشلاپ ،
خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى ،قاغىلىقنى غەلىبىلىك قولغا كىر-
گۈزۈپ ، باراتنى بەگ قىلىپ تەيىنلىدى ، ئاندىن كېرەمنى قاغىلىق-
تا قالدۇرۇپ ،تۇرسۇننى گۇمىنى ئېلىشقا ئەۋەتتى .

ئەمىر مەھرەم بىلەن مۇھەممەت يۇسۇپ مىگبېشى ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ئۇزاق يىلللىق سىناقلىرىدىن ئۆتكەن سەركەردىلىرى ئىدى .ئۇلارنىڭ پاجىئەسى ئەفرىدۇننى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىۋەتتى .ۋاڭنىڭ ئوردىسىدا موللا ئابدۇغاپپار ،موللا ياقۇپ مىكروپى دەپ ئىككى شائىر بار ئىدى ،ئۇلارنىڭ كۆنى ئەفرىدۇن ۋاڭ ۋە خەبەر ئامبال (خان ئامبال )نى ماختاش ـ مەدھىيىلەش بىلەن ئۆتەتتى .خۇشامەتچىلىكتە شۇنچىلىك ۋايىغا يەتكەن ئىدىكى ،ئۇلارنىڭ پوقىنى «ئالتۇن» ، سۈيدۈكىنى «ئابىھايات» دېيىشتىن يانمايتتى . ئەمەلدارلارنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ ماختاپ ، ئەمگەكچى خەلقنى ئەڭ پەسكەش ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇشاتتى . ھەرئىككىسى ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ پۇشتىدىن قىز بولۇپ تۇرىلىپ ، خەبەر ئامبالغا خوتۇن بولالمىغىنىغا ئەپسۇسلىنىدىغانلاردىن ئىدى .

— موللا ئابدۇغاپپار !— ئەفرىدۇن ۋاڭ چاقىردى .

— خوش !

— بۇگۈنكى جەڭ خاتىرىسىگە مەھرەم بېگى بىلەن مۇھەممەت يۇسۇپ مىگبېشىنىڭ نام ـ شەرىپلىرى يېزىلسۇن !

— خوپ !— موللا ئابدۇغاپپار قەسىدە دەپتىرىنى ۋاراقلاپ ئاق بېتىنى تېپىپ مۇنداق يازدى :

«دەرىخاكى ئەيلەپ ئازابى شەدىت ،
تۇتۇپ مىرمەھرەمنى قىلدى شەھىت .
مۇھەممەت يۇسۇپ مىگبېشى دەرىخ ،
تۇتۇپ بى دەرىخ ھەلقىگە سۇردى تىغ .»

موللا ياقۇپ مىكروپى ھەم شۇ يەردە ھازىر ئىدى ، ئۇمۇ خاتىرىسىگە نەزم پۈتۈشتىن قىسىر قالمىدى :

«قاغىلىقتا ئىشقاۋۇل ئەمىر مەھرەمنى دولانلار
شاھادەتكە يەتكۈزدى بوغۇزلاپ نابىكار ئىسيان ،

مىگىبىشى يۇسۇپ بىلەن ۋە باشقا نەچچە مىڭ چېرىك
شېھىت بولغاچ جەڭلەردە خۇدايىم بىرىدۇئىمان .»

— يازغىنىڭلارنى ئوقۇڭلار !— دېدى ئەفرىدۇن ۋاڭ كۆزىنى مۇشۇكتەك يۇمۇپ ئولتۇرۇپ .

موللا ئابدۇغاپپارنىڭ نەزمىسى تۈگەپ ، موللا ياقۇپ ئوقۇۋاتاتتى ، تىڭشاپ ئولتۇرغان ئەفرىدۇن ۋاڭ ئېيتتى :

— ئاخىرىغا يەنە ئىككى مىسرا قوشۇلسۇن !

— خوش !— موللا ياقۇپ ئەفرىدۇننىڭ مۇددىئايىنى ئاڭقىرالماي توختاپ قالدى .

ئەفرىدۇن ۋاڭ چاقىردى :

— موللا ئابدۇغاپپار !

— خوش !

— «قاراقچىلار ھۇجۇم قىلىپ شەھەرگە يېتىپ كەلسە ، ئۆچىنى ئالۇر بىر كۈن خەبەمبان شاھ باھادىرخان» دەپ يازساق بولامدۇ ؟

خۇشامەتچىلەر ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ تالانتىنى شۇنداق ماختاشتىكى ، بىرسى «پاساھەتلىك» دېسە ، بىرسى «يارقىن» دەيتتى . ئىشلەتمىگەن تىللىرى قالمايۋاتاتتى .

قوزغىلاڭچىلارغا كەلسەك ، كېرەمنىڭ قوشۇنلىرى قاغىلىقتا قالدى . تۇرسۇن قوشۇنلىرىنى باشلاپ گۇمىغا يول ئالدى . مۇساپە سايلىق ، قۇملۇق بولسىمۇ قوشۇننىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىدى . ئۇلار يېتىپ كەلگەندە شەھەر قۇرۇقدىلىپ قالغان ، ھەممە ئادەم تاغقا قېچىپ كەتكەنىدى . ئۇلار «قاچقۇن»لارنىڭ مۆككەن جايلىرىنى تېپىپ ، چېرىكلەرنى ئۆلتۈردى ، خەلقنى ماكانىغا قايتۇرۇپ كەلدى .

شۇنداق قىلىپ ، تۇرسۇن بىلەن كېرەمنىڭ قوشۇنلىرى مەكىت ، تاسقىمە ، بەشكەنت ، پوسكام ، ئىككىسۇ ئارىسى ، قاغىلىق ، توققۇزكەنت ، كۆكيار ، يولئېرىق ، شىخو ، چىغان ، ئازغان ، سال-

كوس ، كۆلياڭ ، سانجۇ ، شىخشۇ ، ئوساس ، قوش ئەرەپ ، راباتـ
چى ، يېڭىئاۋات ، سۇلتانئېرىق ، قىزىلمەسچىت ، ئالبۇقچە ، خانـ
ئېرىق ، ئوتۇنچىلىق ، كامىرا ، ئوردا ئۆستەڭگى ، ئارال ، تاتار ،
سوپىلانە ، ئاسلانبېغى ، يارباغ ، ياڭاقلىق ، دارخانىشە ، قارازاغ ،
قورۇلچاش ، تاغارچى ، چىغىرىمشار ، ئېزىنتقۇ ، موغال ، كۆلتېـ
رىم قاتارلىق جايلارنى چاقماق تېزلىكىدە ئىگىلىدى ، يېڭىدىن
قوبۇل قىلىنغان پىدائىيلارنى قوشقاندا ئادەم نەچچە مىڭغا يەتكەن
بولۇپ ، قوزغىلاڭچىلار ھەيۋەتلىك زور قوشۇنغا ئايلانغانىدى . ئالـ
دىدا تۇغ - ئەلەمدارلار ، ئارقىدىن خىللانغان قوراللىق قىسىم ،
ئاندىن يېڭى ئەسكەرلەر ، ئاتلىق قىسىم ، ئاشلىق ھارۋىلىرى رەتـ
رېتى بىلەن زەپەر مارشى ياڭرىتىپ ماڭغاندا ، دولان خەلقى ئۆز
يىگىتلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك جاسارىتىنى كۆرۈپ ، ھەركىم
تاپقىنىنى ئايىماي ، كۆڭۈللىرىنى ئىزھار قىلىشتى .

ئازغىنە ۋاقىتتا قازانغان غەلىبە قوزغىلاڭچى قوشۇننى غەيرەتـ
كە كەلتۈرۈپ قالماي ، يەكەن خەلقىدە ئىشەنچ پەيدا قىلدى . بۇنىڭـ
دىن ئىلگىرى ، بىر تەرەپتىن ۋەلىخان تۆرىنىڭ قەشقەردىكى زالىمـ
لىقى ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەفرىدۇن ۋاڭ تەرەپدارلىرىنىڭ قوزغىـ
لاڭچى قوشۇننى «بۇلاڭچى قوشۇن» دەپ قارىلاپ تەرغىبات تارقىـ
تىشى نەتىجىسىدە يەكەن خەلقى گۇمانلىنىپ يۈرگەنىدى . يەكەن
شەھىرىدە ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلارنىڭ ئىغۋالىرىغا ئىشىنىپ ،
قوزغىلاڭچىلارنى يامان ئادەملەر بولسا كېرەك ، دەپ قارايدىغانلارنى
يوق دېگىلى بولمايتتى . پەقەت ساۋۇرنىڭ بىرەر يۈز ئەتراپىدىكى
مەسلەكداشلىرى بىلەن رەيھان ۋە ئۇنىڭ ئانىسى زۇمرەتخېنىملا
توختى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى
چۈشىنەتتى . بۈگۈن كېرەم ، تۇرسۇنلارنىڭ سەپەرۋەر قىلىشى بىـ
لەن گۇما ، قاغىلىق ، پوسكام ، مەكىت قاتارلىق ئۇلۇسلاردىن
قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلغان پىدائىي يىگىتلەرنىڭ بىر قىسمى
يەكەن سېپىلى ئەتراپىغا جەم بولدى . ساۋۇر بىلەن ئىنىسى ئابدۇـ
رەھمانمۇ سېپىل ئۈستىگە مەجبۇرىي ھەيدەپ چىقىلغانىدى . ساۋۇر

قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئۇياقتىن- بۇياقا ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەنلىكىنى ، رەڭگارەڭ تۇغ - ئەلەملەر ئاستىدا قوراللىرىنى سىپىلگە قارىتىپ كۈتۈپ تۇرغان قوزغىلاڭچىلارنى كۆرگىنىدە ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇغان هالدا هاياجانغا چۆمدى : «ئۇ يەردە توختى بار ، ئۇ قوزغىلاڭچىلارنى يېتەكلەپ جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ .ئەنە ئاۋۇلار بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز ، بايلار ، زالىم ئەمەلدارلار پەس كۆرۈپ كەلگەن دولان يىگىتلىرى ! ئەمدى ئەمەلدارلار خەلقنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى كۆرۈپ قويسۇن ،ئوقلىرىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقسۇن ،نېمىدېگەن هەيۋەتلىك تۇغ - ئەلەملەر ، بىر خىل كىيىنگەن سەر خىل جەڭچىلەر ! ئەمدى گەپ بىزدە قالدى . دەرۋازىنى ئېچىپ بېرەلىگەن بولساقلا ئىش پۈتەتتى . بىراق ، بىز يەنىلا مانجۇلارنىڭ كونتروللۇقىدا تۇرۇۋاتىمىز . رەيھان قانچە ئازابلىنىۋاتىدىغاندۇ ، ئۇنى تاپاي ، تەسەللى بېرەي ، ئۇ هازىر بەك يالغۇز ، بىچارە.... » ساۋۇر خىياللار قاينىمىدا ئۈزۈۋاتقاندا ، كىمدۇر بىرسى ۋايساش تەلەپپۇزىدا :

— قاراڭلار ، ئوغرىلارغا ئەلەم كۆتۈرگەن يەنە نۇرغۇن ئوغرىلار قوشۇلدى !—... دېدى .

ساۋۇر يېنىغا قاراپ ، يالاڭ ئاياغ ، ئاق ماتادىن ئۈزۈن كۆڭلەك ، سوغىدەك ئاق دوپپا كىيگەن 25 — 30 ياشلاردىكى بىرسىنىڭ قولىنى شىلتىپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئەمما ، شۇنچە ئادەملەردىن هېچكىم ئۇنىڭ سۆزىگە ئىپادە بىلدۈرۈپمۇ قويمىدى .

— ئۇنداق ئەمەس !— دېدى ساۋۇر ،— ئۇلار سىز - بىزگە ئوخشاش نامراتلار ، ئۇلارنى «ئوغرىلار » دېگەندىن كۆرە «ئوغرىلار»نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلار دېسىڭىز جايىغا چۈشەتتى .

— ئۇنداقتا ئوغرىلار كىم ؟— سورىدى هېلىقى ئادەم .

— پۇقرالارنىڭ تاپقانلىرىنى بۇلاپ - تالىغانلار بولمامدۇ !

— ئۇنداقتا...

ساۋۇرنىڭ قىسقا ، ئەمما چوڭقۇر مەنىلىك بۇ جاۋابى هېلىقى ئادەمنى ئېسەنگىرىتىپ قويدى . يېنىدا تۇرغانلار ساۋۇرغا قاراش-

تى . ئۇلارنىڭ بۇنداق سۆزلەرنى يەنە قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك ئاڭلىغۇسى باردەك قىلاتتى . «ئارتۇق گەپ ئىشەككە يۈك» دېگەندەك ، ساۋۇر باشقا گەپ قىلمىدى .

— بۇ يىگىت ئوبدان جاۋاب بەردى !— دېدى چارساقال بىر كىشى ،— كەتمەن چاپقانلار نېمە ئۈچۈن نامرات ؟ قامچا ، قورال تۇتقانلار ، مۆھۈر تۇتقانلار نېمە ئۈچۈن باي ؟ ئەمگەكچىلەرنىڭ قانتەر ئاقتۇرۇپ تاپقىنى نەگە كەتتى ؟ بايلارنىڭ مال - دۇنياسى نەدىن كەلدى ؟ بۇنىڭ تەكتىگە يەتسەكلا ، كىمنىڭ ئوغرى ، كىمنىڭ توغرىلىقىغا جاۋاب تاپالايمىز .

— ئۇنداقتا ، ئۇلارچۇ ؟— سورىدى ئارىدىن بىرسى .

— ھېساباتچــى دېيىش كېرەك ،— چارســاقــال ئادەم جــاۋاب بەردى ،— ئۇلار ھېساب - كىتاب قىلىمىز دېيىشىۋاتىدىغۇ !

— كىم بىلەن ؟

— ئوغرى بىلەن ، ئوغرىلارنىڭ ئەڭ چوڭى بىلەن - دە !

مەنىلىك سوئال - جاۋابلار كىشىلەرنىڭ دىققىتىــنى تارتىۋاتقاندا ، ئۇزۇن كىرىــچ قامچا كۆتــۈرۈۋالغان يۈزبېشى توپلىنىۋالغانــلارغــا ۋارقىرىدى :

— نېمە گەپ ! ؟

— ئوغرىنىڭ گېپى ، بېگىم !— ھېلىقى چارساقال ئادەم جاۋاب بەردى .

— قايسى ئوغرىنىڭ ؟

— قولىدا قامچا ، ئاستىدا ئات بار ، مىلتىق ، تەيفو - زەمبىرەكلەرگە ، زورلۇق - زومبۇلۇققا تايىنىپلا تەشنالىقى ئۈچۈن قان ئىچىدىغان ئوغرىلارنىڭ .

— ياخشى ! ئوغرىلاردىن نەپرەتلىنىش كېرەك !

يۈزبېشى شۇنداق دەپ ئارقىسىغا يېنىشىغا ، تۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى . بۇ كۈلكىنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى ئاڭقىرىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى . شۇڭا ، كۆپچىلىككە قوشۇلۇپ كۈلۈپ قويۇپ يولىغا ماڭدى . كۈلكە بارغانسېرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلمەكتە

ئىدى. يۈزبېشى بىردىنلا ئەقلىنى تاپقاندەك بولدى - دە، ھېلىقى ئادەم سۆزىنى ئۆزدىگە ھەم ئەفرىدۇن ۋاڭغا دارىتمىلىغانلىقىنى بىلدى. بىراق، بۇنى ئىسپاتلىيالمايتتى، چۈنكى قوزغىلاڭچى قوشۇندىمۇ ھېلىقى ئادەم ئوتتۇرىغا قويغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەۋجۇت ئىدى، يۈزبېشى ئويلىدىكى، شۇنچىلىك ئوخشىتىشلارنى تۈيدۇرماي جايىغا تەگكۈزۈپ قىلغان ئادەم ھەرقانداق سوراقتا سوراقچىنى تەمتىرىتىپ قويالايتتى. يۈزبېشى پات - پات ئارقىسىغا قارىغىنىچە توپىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

كەچ كىرىپ، ناماز ئەسىر ۋاقتى بولغانىدى، ساۋۇر ئادەملەرنى ئارىلاپ تەكشۈرۈپ يۈرگەن ئونبېشىنى تاپتى، ئۇ بىر مەھەللىلىك بولغاچقا، ساۋۇرغا تونۇش ئىدى.

— بېگىم! ئانام ئاغرىپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېگۈدەك نەرسىمۇ قالمىغان، كۆرۈپ كېلەي دېگەنىدىم، — رۇخسەت سورىدى ساۋۇر.

— بارغىن! — دېدى ئونبېشى رۇخسەت بېرىپ، — ئەتە كەلسەڭمۇ بولىدۇ، — ئاندىن ساۋۇرغا سېپىلدىن چۈشۈش باغاقچىسىنى بەردى.

ساۋۇرنىڭ ئۆيگە بېرىش نىيىتى يوق ئىدى. ھاپىزبەگ ھەجگە كەتكەندىن كېيىن زۇمرەتخېنىم بىلەن رەيھانىنىڭ ئوتتۇن - ياغاچ، يېمەك - ئىچمەككە ئوخشاش ئۆي ئىشلىرىدىن رۇستەم خەۋەر ئالغاندىن باشقا، ئۆز ۋاقتىدىكىدەك سۆيۈنۈپ خۇشامەت قىلىپ بوسۇغىدىن كەتمەيدىغانلارنىڭ ئەمدى قارىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. ساۋۇر ياكى ئابدۇرەھمان زۇمرەتخېنىملارنىڭ يىرىقىنى يېقىن قىلىپ بېرىپ يۈرۈپ، بۇ ئائىلە بىلەن ئوبدانلا چىقىشىپ قالغانىدى. ساۋۇر كېتىدىغان چاغدا زۇمرەتخېنىم: «ئانىڭىزغا ئالغاچ كېتىڭ» دەپ گاھىدا يېمەكلىك، گاھىدا كىيىم - كېچەك قاتارلىقلارنى كۆتۈرتۈپ قوياتتى. سېپىل تاقالغاندىن بۇيان نۇرغۇن شەھەرلىكلەر تەمىناتلىرى تۈگەپ سېرىقتال ھالغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ساۋۇرنىڭ ئۆيىدىكىلەر تېخى بىر كۈن ئىلگىرى ئۆيىدە

يىگۈلۈك قالمىغان تۈل خوتۇن زەيتۇنخان بىلەن يەنە بىر قوشنىسى-غا بىرەر ھەپتە يەتكۈدەك ئاق ئۇن ، ياغ قاتارلىقلارنى ھەدىيە قىلدى . بۇ ئەسلىدە زۇمرەتخېنىم بەرگەن نەرسىلەر ئىدى .

ساۋۇر سېپىل ئۈستىدىن چۈشۈپ ئۇدۇللا ھاپىزبەگنىڭ قەس-رىگە باردى . ساۋۇر كىرىپ كەلگەندە رەيھان كىتاب كۆرۈپ ئولتۇ-راتتى ، ساۋۇرنى كۆرۈپلا كەلگەن بەتكە خەتچۈك قىستۇرۇپ قو-يۇپ ، ساۋۇرنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى :

— ئابدۇرەھمانچۇ ؟

— سېپىل ئۈستىدە .

— قانداق كەلدىڭىز ؟

— رۇخسەت سورىدىم .

— ئىش بارمىدى ؟

— يوق ، توختىنى ئەسلەپ قالدىم . ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا يەنە نەچچە مىڭ ئادەم قوشۇلدى ، تۇغ - ئەلەملىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن قارىغاندا ئادەم بەك نۇرغۇن بولسا كېرەك . ئەپسۇسكى ، بىز ھېچ ئىش قىلالمىدۇق . سىزدىن ئەنسىرەپ تۇرالماي…

ياندىكى ئۆيدە گەپ تىڭشاپ تۇرغان زۇمرەتخېنىم چىقىپلا ساۋۇرنىڭ سۆزىنى بۆلدى :

— سىلەر نېمە ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلالمايسىلەر ؟قىلاي دېسەڭ-لار ئىش دېگەن كۆپقۇ ؟ توختى نېمە ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ ، بىلەم-سىلەر ؟

— خەلقنى قۇتقۇزىمەن دەپچۇ !— دېدى رەيھان .

زۇمرەتخېنىم سورىدى :

— سىلەرچۇ ؟ ئۇنىڭ قىلغىنىنى قىلالامسىلەر ؟

— بىز قانداق قىلالايمىز ، ئانا ! ؟— رەيھان كۆڭلىدە ئانىسى-نى بىزنى مازاق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ ئاغزىنى ئۇمچەيتتى .

— ساۋۇر ! گەپ قىلمايسەنغۇ ؟— دېدى زۇمرەتخېنىم .

ساۋۇر زۇمرەتخېنىمنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى (قوللاۋاتامدۇ ياكى مەسخىرە قىلىۋاتامدۇ ) بىلەلمەي ، يەرگە قاراپ تۇراتتى .

— سىلەرمۇ خەلقنى قۇتقۇزۇڭلار-دە !— زۇمرەتخېنىم جىد-
دىي تەلەپپۇزدا ئېيىتتى ،— بېگىم ئۆزىنى قۇتقۇزغىلى پۇل -
پۇچەكنى كۆتۈرەلىشىچە ھەجگە ئېلىپ ماڭدى . مەنمۇ ئاخىرەتلى-
كىمگە ئاز - تولا تەييارلىق قىلىپ قويايمىكىن دەيمەن . ئاڭلىشىم-
چە ، سوئال - سوراق پەرىشتىلىرى يېمەيمىش - ئىچمەيمىش ،
ئۇلارغا پەقەت ساۋابلىق كېرەكمىش . شۇڭا ، مەنمۇ ئاران قالغان
جېنىمنى تىكىپ سىلەرگە ئەگىشىپ ، توختى پالۋاندەك خەلقنى
قۇتقۇزايمىكى دەيمەن .

زۇمرەتخېنىمنىڭ ھۆكۈدىن پوك چىققاندەك بۇ سۆزلىرى سا-
ۋۇر بىلەن رەيھاننى ھەيران قالدۇردى ، ساۋۇر كىنايە قىلىۋاتسا
كېرەك دېگەن مەنىدە چۈشەندى . ئەمما ، ئاغزىنى ئېچىپلا قالغان
رەيھانغا ئانىسى ئاغزىغا كەلگەننى دەۋاتقاندەك بىلىنەتتى .

— ئەجەبلىنىۋاتامسەن ، قىزىم !— زۇمرەتخېنىم رەيھاننىڭ
كۆڭلىدىكىنى سېزىۋالغاندەك ئېيتتى ،— مەن چاقچاق قىلمىدىم ،
راست گەپ قىلىۋاتىمەن . سەن ئۈچۈن بولسىمۇ شۇنداق نىيەتكە
كەلدىم . سېنىڭ باتۇرلۇڭ ئاجايىپ قەيسەر يىگىت ، ئۆچمەس ئىز
قالدۇردى ، ئۇنى تاللاپ توغرا قىپسەن . ئۇنىڭدىن مېنىڭمۇ پەخىر-
لەنگۈم كېلىۋاتىدۇ . ئۇ ھازىر يېڭىلمەس قاپلانغا ئايلاندى . ۋاڭ
غوجام قورقۇپ سېپىلنىڭ ئىچىگە مۆكۈۋالدى . قانداق ، گېپىم
توغرىمۇ ؟ !— ساۋۇر بىلەن رەيھان تەڭلا كۈلۈشتى . زۇمرەتخېنىم
سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ،— قىزىم ، سەن ئۇنى تاللىغان ئىكەنسەن
ئۆلۈمدىمۇ - كۆرۈمدىمۇ بىللە بولۇشۇڭ كېرەك . ئۇمىدىم ، سى-
لەرمۇ ئەلنى قۇتقۇزۇڭلار . ئەل - يۇرت سىلەردىن رازى بولسۇن !

— نېمە دەيدىغانسىز ،ئانا ،مېنى گاڭگىرىتىپلا قويدىڭىزغۇ !—
رەيھان ئەركىلەپ ئانىسىنىڭ بېلىگە ئېسىلدى ۋە ئۇنىڭ مېھرىباز-
لىقىدىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ ، يۈزىنى كۆكسىگە ياقتى .

ئانىنىڭ قەلبى شۇتاپتا يالغۇز قىزىنىڭ ئىسسىق ياشلىرى
بىلەن پۇچىلانماقتا ئىدى . كۆڭلى بۇزۇلغان ئانا روملىنىڭ ئۇچى
بىلەن يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ئېيتتى :

— يىغلىما ، قىزىم ، قەيسەر بول ! سىلەرمۇ توختىدەك جېنىڭلارنى تىكىپ خەلقنى ئازابتىن قۇتقۇزۇڭلار . شەھەر دەرۋازىسى تاقالغىلى ئىككى ئاي بولاي دېدى ، شۇنىڭدىن بېرى ئېلىم-سېتىم توختىدى . ئاچارچىلىق باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ ، تىلەمچىلەر ئاۋۇپ قاپتۇ . مەن بۈگۈن ئارقا - ئارقىدىن ئۇن نەچچىنى ئۇزاتتىم . سۈرۈشتۈرسەم ، ئۆمرىدە تىلەمچىلىك قىلىپ باقمىغانلار ئىكەن . بىزدە ئاشلىق - تۈلۈك ، پۇل - پۇچەكلەر ئاز- تولا بار . سىلەر ئوزۇق- تۈلۈكى تۈگەپ جان تەلپۈزىدە قالغانلارنى قۇتقۇزۇڭلار .مەن ساۋۇرنى مىڭبېشىدىن ئۆي خىزمىتىگە سورايمەن . مېنىڭچە ، بۇمۇ ئوخشاشلا جەڭ ، لېكىن ھەممىسى مەخپىي بولسۇن . ماڭا ئىش تېپىپ بەرمەڭلار ، مېنىڭ بەرگەنلىكىمنى ھېچكىم بىلمىسۇن ، قانداق ؟

زۇمرەتخېنىمنىڭ مۇنداق دېيىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان رەيھان بىلەن ساۋۇر خۇشاللىقلىرىدىنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلەلمەي قېلىشتى .

شۇنداق قىلىپ ، رەيھان بىلەن ساۋۇر يەنە بىرقانچە ئىشەنچلىك بۇرادەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ يوشۇرۇن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ ، قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى . رەيھان مۇشۇ ئارقىلىق توختىنى ياخشى كۆرگەنلىكىنى ، قوللىغانلىقىنى ، سېغىنغانلىقىنى ئىپادىلىمەكتە ئىدى . رەيھاننىڭ توختىغا بولغان مۇھەببىتى شۇنداق پاك ئىدىكى ، ئۇنىڭغا كېلىۋاتقان ھەرقانداق ئاپەت ئۇچۇن ئۆز جېنىنى پىدا قىلىشتىن يانمايتتى . بۇنى زۇمرەتخېنىم ئېنىق چۈشىنەتتى . شۇ ۋەجدىن يىلدىن - يىلغا ئېشىپ تۇرىدىغان زاپاس ئۇن ، ياغ ، گۈرۈچ ، پۇل قاتارلىقلارنى ئاچ - زار بىچارىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى . ئۇنىڭ بۇ سېخىيلىقى قىزىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنمۇ ياكى ئاخىرەت ئۈچۈن ساۋابلىق ئىزدىگەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى .

## يىگىرمىنچى باب

# بوھراندىكى نالە - زار

يەكەن شەھىرى كۈندىن - كۈنگە چۆلدەرەپ، ئاپتاپ تەپتىدىن كۆيۈپ سارغايغان سېپىل تاملىرى 1000يىللاردىن بۇرۇنقى كونا قەلئە سىياقىغا كىرىپ قالغانىدى. تۆت ئەتراپى تۈپتۈز، ئادەمزاتسىز بولۇپ، ئۇچار قاناتلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. بۇنداق غېرىبانە ھالى بىلەن ئۇ گويا «مىڭبىر كېچە» ھېكايىلىرىدىكى سىرلىق شەھەرگە ئوخشايتتى. سېپىل دەرۋازىلىرى بىر تاقالغىنىچە ئېچىلمايۋاتاتتى.

قوزغىلاڭچى قوشۇن سېپىل ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ ئەگرى - بۈگرى خەندەك كولاپ سۇ توشتۇرۇۋېتىپ، يىراقتىن دۈشمەن ھەرىكىتىنى كۆزەتمەكتە ئىدى، ئۇلار كۈندە كۈتۈۋېرىپ جېلە بولۇشاتتى. بەزىلىرى كەلگۈسى ئارزۇلىرىنى ئويلاپ شادلانسا، بەزىلىرى ئۆتمۈشنى ئېسىگە ئېلىپ غېرىبلىق تۇتۇپ، پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتىشاتتى. غىڭشىپ ئېيتىلىۋاتقان مۇڭلۇق ناخشا بۇرادەرلىرىنىڭ دىللىرىنى ئېرىتەتتى. بەزىلەر تەقدىرىنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن زارلىناتتى، ئاھ ئۇرۇپ ئاللاغا ئىلتىجا قىلىشاتتى.

سېپىل ئىچىدە بولسا ئەھۋال تېخىمۇ بەتتەر ئىدى. شەھەر خەلقىنىڭ تارتىۋاتقان كۈنلىرىگە تاقەت قىلغىلى بولمايتتى. شەھەر دەرۋازىسى تاقىلىپ، كىرىپ - چىقىش چەكلەنگىنىگە توپتوغرا ئىككى ئاي بولغان بولۇپ، كۆپلىگەن ئۆيلەردە يېگۈلۈك تۈگەپ، ئوچاققا ئوت يېقىلمىدى. كۆللەر قۇرۇپ كەتتى. كىشىلەر شەھەرنىڭ تېگى قۇرغاق بولۇشىغا قارىماي ئۆيلىرىگە قۇدۇق قېزىشتى.

بۇرۇنقى تۈگمەنلەرنىڭ ئورنىدا قۇيۇنلار پەقىرايتتى . ئاندا - ساندا ئۆيلەردە ئىلگىرىكى چاقنىڭ ئورنىنى يارغۇنچاق ئېلىپ ، غولدۇر-لىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى . تۈزسىز يارما ئېشى يېلىنگداپ كەتكەن قورساقنى ئېسىپ ، ئۇچەيلەردە «هارۋا» ھەيدەيتتى . گۆش توغرال-غان ئاش دورىلىققىمۇ تېپىلمايتتى . ماش - كۆكتات دېگەن نەرسى-دىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . كۆكتات يېگۈسى كەلگەنلەر ئىككى ئاي ئىلگىرى تاشلىۋېتىلگەن قۇرۇق چامغۇر كۆكلىرىنى تازىلاپ يەيت-تى . بىر باش پىياز بەرگەن كىشىنىڭ ئېتى «سېخىي» دەپ ئاتىلىپ ، «ساھىب نىياز» دېگەن نام بېرىلەتتى .ئوتۇن يوقلۇقىدىن ئۆي - ئۆيدە تېزەك قالانغاچقا ،سىرتنىڭ ھاۋاسى قىغ پۇرايتتى . ئات - ئېشەكلەرمۇ ئاچ قېلىپ ، قورساقلىرى قۇرۇق ساناچقا ئايلان-غانىدى . پۈتۈن شەھەر خەلقىدە ئاشلىق غېمى ئەۋج ئېلىپ ، ئاشلى-قى بارلارمۇ كېچىلىرى ئۇخلىماي ئۆيلىرىنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ ، ئۈتتۈرلۈق ئېلىپ يەيتتى . ئەگەر بىرەر ئۆيدە بولمىسا مىڭ پاتمان ئاش ، بىراۋنىڭ ئاچلىقتىن جان تالىشىۋاتقىنىنى كۆرسىمۇ بەر-مەيتتى بىر تال ماش . شەھەردە قەھەتچىلىك بولۇپ ، پۇلغا ھېچكىم نەرسە ساتمىدى . ساڭدىكى ئاشلىقلارنى چېرىكلەر يەپ تۈگەتتى . باشقا شەھەرلەردىن كېلىدىغىنى توختىدى . بىچارە شەھەر ئاھالىسى كېچىنى ئاچ قورساق تەستە ئۆتكۈزۈپ ، كۆزى مىڭ تەستە ئۇيقۇغا بېرىپ بولغۇچە مەزىنلەرنىڭ ئەزانلىرى ئاڭلىناتتى .تەيەممۇم قى-لىپ نامازنىڭ رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ ئۈلگۈرگۈچە ،سېپىل ئۈستىگە ھەيدىلەتتى .قورساقنىڭ ئاچلىقى ئادەملەرنى دۇمچەيتىپ قويغاچقا ،چوڭ - كىچىك ھەممىسىنىڭ قولىدا بىردىن ھاسا ،پۈتۈن ئادەم بوۋاي - موماي لارغا ئايلانغانىدى .

ئاخۇن - ئەشرەپلەرنى ، موللا - ئىماملارنى خەبەر ئامبال ئوبدان تويدۇرۇپ ئەل ئارىسىغا چىقىرىپ ، خەلقنى كۆرگەن كۈند-گە شۈكۈر قىلىشقا ئۈندەش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغانىدى . ئۇلار دەيتتى :

— ئى خالايىق ! سىلەر نامازغا چىقماي ، ئۆشرە - زاكات

بەرمەي ، ئەرلەر سەللە ئوراشتىن ، ئاياللار يۈزىنى يېپىشتىن باش تارتىپ ، ئىنساپ كۆتۈرۈلگەنلىكتىن ئاللا سىلەرنى جازالىدى . مۇشۇ ئالەمدە چىداپ گۇناھىڭلارنى تۈگىتىۋالساڭلار ، ئۇ ئالەملەـ كىڭلەر ئوبدان بولىدۇ ، پۇلسىراتتىن ئاسان ئۆتەلەيسىلەر ، كۆرۈـ ۋاتقان كۈنۈڭلار ئاللانىڭ سىلەرگە قىلغان سىناق ئىلتىپاتىدۇر !

ئەر ـ ئايال ، چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئادەم ئاخۇن ـ ئەشرەپ ، ئىمام ـ مەزىنلەرنىڭ دالالىتى بىلەن ئەمەلدارلارغا ماسلىشىپ ، ئېتىقاد يۈزىسىدىن ساۋابلىق تېپىشقا كىرىشكەنىدى .ئۇلار جېنىمۇ ئېغىر كېلىۋاتقىنىغا قارىماي سېپىل ئۈستىگە خىش ،تاش توشۇشقا مەجبۇرلىناتتى .ئەمەلدارلار ئادەم بېشىغا ۋەزىپە قويۇپ ،ئورۇندىـ غانلارغا بىردىن نان مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى .خەلق ھالىدىن كېتىپ ماغدۇرسىزلانغان بولسىمۇ ، نالە ـ زار قىلىپ يۈرۈپ ئىشلەيتتى ،پەقەت چوڭ ـ كىچىك مەنسەپدارلار ،كوچا ـ مەھەللە ئاقساقاللىرى ،ئىمام ـ مەزىندىن يۇقىرى دىنىي زاتلار ، ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىلا يۇقىرىقى زۇلۇمدىن مۇستەسنا ئىدى . ئىككى ئاي مابەينىدە سېپىل ئۈستىگە تۈمەن مىڭلاپ تاش ـ كېسەكلەر دۆۋىلىنىپ ، ئۈستى ـ ئۈستىگە چۆرىدەپ تىزىلدى . شەھەر ئىچىدە تاش ـ كېسەك تېپىدىكى نەرسىلەر تۈـ گەپ ، ھەتتا پۇقرالارنىڭ تاملىرى ئۆرۈۋېتىلىپ ، ئاستىغا باسقان تاش ـ كېسەكلەرمۇ ئامان قالمىدى . ئەمەلدارلار ھەددى ـ ھېسابـ سىز سەركوپ[1]باغلاپ سېپىل ئۈستىگە تىزدۇردى . 5000 ئۇستا مەرگەننى سېپىل كۈنگۈرىلىرىگە ئورۇنلاشتۇردى . ئۇلار خەلقنىڭ بىردەم جىم تۇرۇشىغا يول قويمايتتى . پۈتۈن خەلق كاناي بىلەن باشقۇرۇلاتتى ، كاناي قەيەردە چېلىنسا شۇ يەرگە بېرىشقا مەجبۇر ئىدى .

خەزىنىچى ئىمىنبەگ ، زاھىتبەگ ، سادىق پاشاپ ، ۋاھىتـ خان ، مىراپبەگ خوجا نەئمانلار كىچە ـ كۈندۈز خەلقنى سېپىل ئۈستىدە كونترول قىلىپ ، «جان ـ دىل بىلەن خىزمەت قىلغۇچى»

---

① سەركوپ — باش يانجىغۇچى .

دېگەن نام بىلەن شەرەپلىنىپ ۋاڭدىن ئىنئام ئالدى .
ئىمام ئابدۇلھېكىم ئاخۇنۇم ، ئاۋۇت ئاخۇنۇم ۋە باش رىۋىس-تاندىن مۇھەممەتيار «يامانلار »غا ئاگاھ بولۇشقا بەلگىلىنىپ ، كېچە - كۈندۈز شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرەتتى ، ئۇلار تەرىپىدىن نۆۋەتتىكى مەۋجۇت ئەھۋالغا نارازىلىقى سېزىلگەن ئادەم ئۆزىنى يوق دېسە بولاتتى . نىياز ھاجى ، شېرىپ ئاخۇنۇم ۋە يەنە خوجا ئىسمائىل ، ئىبراھىمباي ، ھەسەنباي جاسۇسلۇق ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى ، ئۇلار قولىغا تاياق چاغلىق قورال ئالماي ، بىچارە سىياقىدا خەلق توپلاشقان يەرگە باراتتى ، كېچىلىرى خەلقنى تۇتۇپ باغلاپ ئۇرۇش بىلەن خىزمەت كۆرسىتەتتى . 15 ياغاچچى سېپىل تاقالغاندىن بۇيان ئەلنى قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن كالتەك ياساش بىلەن ھەلەك ئىدى .ناۋادا جېدەل چىقىرىپ غوۋغا پەيدا قىلغۇچىلار بولۇقسا ، شۇ يەردىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلەتتى .بىر قىسىم يالاقچىلار ھەتتا خىزمەت كۆرسىتىش نىيىتىدە بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۇرۇپ ،خەلقنى ئەمەلدارلارغا تىكىلىپ قارىغۇسىز ،گەپ قىلغۇسىز قىلىۋېتەتتى .نەيزە بىلەن قوراللانغان 300 كىشى كېچە - كۈندۈز سېپىلنى چۆرگىلەپ ، يامان ئادەملەرنى چارلاش باھانىسىدە ھەربىر ئادەمنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى ، گەپ - سۆزى ياكى مېڭىش - تۇرۇشى باشقىچە دەپ گۇمان قىلىنغانلارنى شۇئان تۇتۇپ بەگلەرگە تاپشۇراتتى . ئوبدان نەرسە ئۇچراپ قالسا ، ئىگىسىنى قورقۇتۇپ ئەرزان ئېلىۋېلىپ قىممەت ساتاتتى . شەھەردە داۋاملاشقان قەھەتچىلىك تۇپەيلىدىن بەش تەڭگىلىك گۈرۈچ دەسلەپتە 13 تەڭگىگە چىقتى ، كېيىن بولسا ئالتۇنغىمۇ تېپىلمىدى . «پىرىيانە يەكەن» نامىنى ئالغان بۇ شەھەر مىسلى زىندانغا ئايلانغاندى ، ئاچ - زېرىن قېلىپ قىينالغان كىشىلەر ئاللادىن ئۆزلىرىگە ئۆلۈم تىلەيتتى ، شۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدىلا باقىيغا كېتىشنى ئىستەيتتى . شەھەر خەلقىنىڭ خارابلاشقان تۇرمۇشىدىن مەھبۇسلارنىڭ كۈنىنى مىڭ مەرتىۋە ياخشى دېيىشكە بولاتتى . چۈنكى ، مەھبۇسلارغا كۈنلۈكى ئۆلۈپ قالماسلىق ئۈچۈن بېرىلىدىغان بىر ھېجىر

ئۇماچ كەم بولمايتتى، پۇقرالارنىڭ ئۆلۈپ - تىرىلىشى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى.

جاكارچىلار پۇقرالارنى ئارىلاپ يۈرۈپ: «توپىلاڭچىلار بېسىپ كېلىپ قالسا، ھەممە ئادەم ئۆزى تىزغان تاش - كېسەكلىرىنى تاشلاپ مۇداپىئە كۆرىدۇ، چىنەپ ئاتقانلار نان بىلەن مۇكاپاتلىنىپ، بىكار ئاتقانلار جازالىنىدۇ» دەپ، كانىيى يىرتىلغۇدەك توۋلاپ يۈرەتتى. پۇقرالار ئارىسىدا شۇنداق كىشىلەرمۇ بار ئىدىكى، بىر قېتىم تويغۇزۇپ قويۇپ، نېمە قىل دېسە، باش تارتمايدتى، «بۇيرۇق بېجىرىش» ئۈچۈن ئۆز قېرىنداشلىرىغا تاش ئېتىشتىن ئايانمايتتى.

توختى سېپىل ئۈستىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىدىن شەھەر خەلقىنىڭ پاجىئەسىنى مۆلچەرلەپ ئۈلگۈردى. ئۇنىڭ سېپىلگە ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن دولان يۇرتلىرىنى ئىگىلەپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشى ئېزىلگەن خەلققە ئۆز مۇددىئاسىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولسا، پوسكام، قاغىلىق، گۇما قاتارلىق جايلارنى فەتھ قىلىشى قوشۇنىنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىنى زاپاسلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلاتتى. ھەقىقەتتە ھەر ئىككىلا تاكتىكا سېپىلگە ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقى ئىدى. مانا ئەمدىكى گەپ ھۇجۇم تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ، شەھەرگە بۆسۈپ كىرىشتە قالغانىدى. قوشۇندىكىلەرنىڭ غەيرىتى ئۇرغۇپ قوماندا بېرىلىشنى كۈتۈۋاتاتتى.

توختى ياش بولۇشىغا قارىماي مەلۇم بىلىمگە ئىگە ئىدى. ئۇ چاڭ شەنسىڭدىن كىتاب ئوقۇش، خەت يېزىشنىلا ئۆگىنىپ قالماستىن، باشقا تەرەپكە مۇناسىۋەتلىك تەلىماتلارنىمۇ ئالغانىدى. ھازىر قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەزىپىسى تۇمەنلىگەن ئادەمنى زالىملارنىڭ زۇلمىدىن ئازاد قىلىپ، كىشىلىك ئەركىنلىكىنى قولىغا ئېلىپ بېرىش، خاتىرجەم ياشاش مۇھىتى يارىتىش ئىدى. توختى شۇڭا سېپىل ئىچىدىكى خەلقنى ئويلاپ خاتىرجەم بولالمىدى، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىككى ئايغىچە ئۈزۈلۈپ كەتسە خەلق

تۇرمۇشىغا قانداق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئەقىل - ھوشى جايىدا بولغان ئادەم ئوبدان بىلەتتى . توختىنى ئازابلاۋاتقىنىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى . توختى ۋاقىت تاپسىلا قوشۇندىكىلەرنى ئاربلاپ يۈ-رۈپ ، گاھىدا قىزىق چاقچاقلارنى قىلىپ چېقىشىپ قوياتتى ، گا-ھىدا ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇراتتى . مۇۋەپ-پەقىيەتلىك بولغان نەچچە قېتىملىق جەڭلەردىن كېيىن توختىنىڭ ئىلگىرىكى «توختى مانجۇ» دېگەن نامى ئۆزگىرىپ ، توختى پالۋانغا ئايلانغانىدى . بۇ نام يۇرت- يۇرتلارغا پۇر كەتكەنىدى . ھەقىقەتەنمۇ جەڭدە توختىنىڭ ئالدىدىن دۈشمەن تىرىك قۇتۇلالمايتتى ، توختى مانجۇ دېگەن ئىسىم تىلغا ئېلىنسا ، خەۋەر ئامبالمۇ چۆچۈيتتى .

بىر كۈنى خەۋەر ئامبال ئەفرىدۇن ۋاڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ :

— كىشىلەر «توختى مانجۇ» دېسە ، مەن ئۇنى مانجۇلاردىن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمانلاشقان بولسا كېرەك ، دېمەك ئۇنىڭ مۇ-سۇلمان بولۇشى ئىلاجسىزلىقتىن بولغان ، يامان يېرى كەلسە بىز تەرەپكە ئۆتىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم ، ئاڭلىسام ئۇ مانجۇ ئەمەسكەن . شۇنىڭغا ھەيرانمەن ، ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن ئۆز ئادىمىگە «مانجۇ» نامىنى بېرىدۇ ؟— دەپ سورايدۇ .

ئەفرىدۇن ۋاڭ ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە مىرزىبەگ قەستەن جاۋاب بېرىدۇ :

— جانابلىرى ، ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ قوللىنىپ كېلىد-ۋاتقان تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بىر ئادەمنىڭ يۇر-تى ، كەسپى ، بەيئەت قىلغان بەگلىرى ، يەيدىغان ئەڭ ئامراق نەرسىلىرى ياكى قازانغان بىرەر غەلىبىسى ۋە ياكى ھۈنەر - خۇسۇسىيەتلىرىنى خۇددى فامىلىگە ئوخشاش ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ ئاتايدىغان ئادەت بار . ئاڭلىشىمچە ، توختى مانجۇلارغا ئۆچ بولغاچقا ، پاقلان گۆشىگە ئامراقلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «پاق-لان» دېگەن نامنى قوشۇپ ئاتىدىغاندەك ، مانجۇ گۆشىنى يېگۈچى دېگەن مەنىدە ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «مانجۇ» دېگەن نامنى قوشۇپ

ئاتتۇالغانمىش !— دېگەن .

بۇنى ئاڭلىغان خەبەر ئامبالنىڭ تەنلىرى سىرقىراپ كەتكەنلى-كى چىرايىدىن بىلىنگەن .

بىر كەچلىكى توختى ئاكۇپلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ ھەسەن تۆرك-نىڭ قېشىغا كەلدى . قوشۇندىكىلەر ھەسەن تۆركنى «تۆرك» دېگەندىن كۆرە ، پۈتۈن قوشۇننىڭ تۈۋرۈكى بىلىپ ھۆرمەتلەيتتى . بىر قېتىملىق جەڭدە ھەسەن تۆركنىڭ ئالدىغا ئۇدۇلمۇئۇدۇل كې-لىپ قالغان بىر مانجۇ ، ئۇنىڭ چۆچەكلەردىكى دىۋىدەك ھەيۋەتلىك تەقى - تۇرقىنى كۆرۈپلا قورققىنىدىن قىلىچ تېگىپ بولغۇچە ئۆرۈلۈپ كېتىپ ، ئارقىسىدىن كېلىۋاتقانلار چېكىنىپ مالدەك قاچقانلىقى جەڭچىلەر ئارىسىدا خېلى چاغلارغىچە ھېكايە قىلىنىپ كۈلۈشمەك بولغانىدى . ئۇنىڭ يىگىتلىرىمۇ بىر - بىرىدىن قېلىش-مايتتى .

ھەسەن تۆرك يېنىدىكى بىر جەڭچىنىڭ قولىدىكى ئوقيانى ئېلىپ ، سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇلنى قارىغا ئېلىۋاتقاندا ، توختى ئۇنىڭ مۈرىسىنى تۇتتى . ئۇ شۇنداق قاراپلا قولىدىكى ئوقيانى جەڭچىگە بېرىپ ، كۈلگىنىچە دېدى :

— ئاتاي دەپ تۇرغاندا كېلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز-دە !

— جەڭ توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشسەكمىكىن دەيمەن . سىز ئادەم ئەۋەتىڭ ، ئونبېشىدىن يۇقىرىلارنىڭ ھەممىسى ئارقا سەپكە يىغىلسۇن !

توختى گېپىنى تۈگىتىپ ئاكوپنىڭ ئىچى بىلەن يۈرۈپ كەت-تى . ئۇ ئۇچرىغانلىكى جەڭچى بىلەن كۆرۈشۈپ ھال سوراپ ماڭ-دى . مۇداپىئە ئاكوپلىرىدىن تەخمىنەن بىر چاقىرىم يىراقلىقتا بىر دېھقاننىڭ ئۆيى بار بولۇپ ، شەھەرگە قارايدىغان تەرىپى كۆجۈم باغ ئىدى . بۇ يەردىكى قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ قوماندانلىق ئورنىنى دۈشمەن تەرەپ كۆرەلمەيتتى .

توختى جەڭچىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ يېتىپ بارغۇچە چاقىرىل-غانلارنىڭ كۆپىنچىسى بېرىپ بولغانىدى .قالغانلارمۇ ئارقا - ئارقى-

ـدىن ئۆلگۈرۈپ كېلىشتى .
— كۆپچىلىك !— دېدى توختى تەمكىن تەلەپپۇزدا ،— بىز بۇ نۆۋەت بۆلۈنۈپ جەڭ قىلىپ يەكەن يېزا ـ كەنتلىرىدىن باشقا ، دولان يۇرتلىرى بىلەن قوشۇپ پوسكام ، قاغىلىق ، گۇما قاتارلىق جايلارنى ئېلىپ ، نۇرغۇن قورال ـ ياراغ ، تەمىناتلارغا ئىگە بولـدۇق ، ئۇ جايلار ئىلكىمىزگە ئۆتۈپ ، دۈشمەن كونتروللۇقىدىن قۇتۇلدى . هازىرقى ۋەزىپىمىز يەكەن شەھىرىنى ئېلىش . ناۋادا ئۇرۇش سوزۇلۇپ كەتسە ، شەھەر ئىچىدە ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ ، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشىمىز مۇمكىن . شۇڭا ، دەرھال تەدبىر قوللىنىپ ، شەھەرنى ئېلىشىمىز كېرەك ، بىراق سېپىللىرى ئېگىز ، دەرۋازىلىرى مۇستەھكەم ، پۇختا مۇداپىئە كۈچىگە ئىگە بۇنىڭدەك جاينى كۈچلۈك دۈشمەننىڭ قولىدىن تارتىـۋېلىش ئاسان ئەمەس ، شەھەرگە هۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ، دەرۋازىـدىن ھەم سېپىلنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىدىن كىرىپ ، تەرەپ ـ تەرەپتىن چاقماق تېزلىكىدە هۇجۇمغا ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن ، بىزدە باتۇر جەڭچىلەردىن باشقا ، سېپىلگە چىقىدىـغان شوتا ، ئوق ئۆتمەس مۇداپىئە هارۋىلىرى ، ئوت تۇتاشتۇرغۇچى ئوق مەشئىلى ، پارتلاتقۇچ دورا يېتەرلىك تەييارلىنىشى لازىم . ھەرقايسى قىسىملار ئەتراپتىكى دېھقانلاردىن ياغاچ ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىپ ، هازىردىن باشلاپ ئىككى كۈن ئىچىدە تولۇق تەييارـلىق قىلىپ بۇيرۇق كۈتسۇن . قىسىمدىكى هۈنەرۋەنلەرنىڭ ھەممىـسى ئاجرىتىلىپ ، شوتا ، چاقلىق هۇجۇم هارۋىسى ، ئوت تۇتاشتۇرـغۇچى كامالچە ياسالسۇن . كۆپلەپ سەركوپ باغلانسۇن ، ياخشى تەدبىرى بارلار سۆزلىسۇن . بولمىغاندا مۇشۇ مىنۇتتىن باشلاپ تەييارلىق قىلىنسۇن !
— مېنىڭچە ، بىر بۆلەك پالاڭ تەييارلىساقمىكىن دەيمەن ، — دېدى ھەسەن تۇرك ،— تەرەپ ـ تەرەپتىن سېپىل ئۈستىگە شوتا قويۇشتىن باشقا ، شەھەر دەرۋازىلىرىغا پالاڭ دۆۋىلەپ ئوت قويۇـشىمىز كېرەك . دۈشمەننىڭ شەھەرگە بېكىنىۋېلىپ دەرۋازىنى

تاقىۋالغانلىقى بىزدىن ئاجىزلىقىنى ئىسپاتلىدى .شۇنداقتىمۇ خەلق-نى ئالدىغا سېلىۋالغاچقا ، ئېغىر قوراللارنى ئىشلىتىشكە ئەپسىز . شۇڭا ، دەرۋازىغا ھۇجۇم قىلغاندا ئوقياچى قوشۇن ئوق ئۈزۈپ ، دۈشمەننى باش كۆتۈرگۈزمىسۇن . دەرۋازىغا ئوت تۇتاشقان ھامان ئاتلىق ، پىيادە قىسىم تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ ھەر تەرەپتىن ھۇ-جۇمغا ئۆتسۇن .

— شۇنداق بولسۇن !

كۆپچىلىك قوشۇلدى . يىغىن ئاخىرلىشىپ ، ھەممىسى ئۆز ئىشلىرىغا مېڭىشتى .

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## ئوتلۇق قەسەم

ھىجرىيە 1273- يىلى زۇلھەججە (ئەرپات ئېيى)نىڭ 25- كۈنى (مىلادىيە 1857- يىلى قۇربان ھېيتتىن 15 كۈن ئۆتكەندە) ئەتىگەندە، توختى ھەسەن تۇرك بىلەن ئالدىنقى كۈندىكى ئۇرۇش تەييارلىقى توغرىسىدىكى تەدبىرلەر ئۈستىدە سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى،چارلىغۇچى يىگىتلەر كىيىنىشى قەلەندەرلەردەك،تەقى - تۇرقىدىن مىللىتىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان،30 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى ساقال - بۇرۇتسىز بىر ئادەمنى باغلاپ ئېلىپ كىردى.

— دوكىلات!— دېدى چارلىغۇچىلارنىڭ باشلىقى،— يىگىتلىرىمىز تەكشۈرۈشكە چىققانىدى، كېچىدە قوشۇنىمىزدىن ئۈچ ئادەم ئايرىلىپ تېرەكباغنىڭ ئارقىسى بىلەن مېڭىپ سېپىلنىڭ تۈۋىگە بارغاندا، بىرسىنى سېپىلدىن ئارقان تاشلاپ ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ، يەنە بىرسى يەردىن يېرىم كۆتۈرۈلگەندە ئوق تېگىپ ئۆلۈپتۇ، بۇنى بولسا تىرىك تۇتۇپ كەپتۇ.

— ئىسمىڭ نېمە؟— دېدى توختى سوراق قىلىپ.

— سەلمان.

— نېمە ئادەمسەن؟

— تىڭتىڭچى.

— كىمنىڭ؟

— خەبەر ئامبالنىڭ.

— نەگە باردىڭ؟

—...

— سۆزلە !؟— توختى دەس ئورنىدىن تۇردى .
— قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىگىلى كەلگەن .
— ھېلىقى ئىككىسى نېمە ئادەم ؟
— ئۇچىمىز ئوخشاش .
— ئەھۋال ئىگىلەپ نېمە قىلماقچى ؟
— ئاساسلىق يوقىتىش توچكىسىنى ئېنىقلاپ ، ھۇجۇم قىلـ-
ماقچى ئىكەن .
— قاچان ھۇجۇم قىلىدىكەن ؟

سوراق تۈگىمەستىنلا گۇمبۇرلەپ زەمبىرەك ، تەيفو ئېتىـ-
لىشقا باشلىدى ، ئارقىدىن مىلتىق ئاۋازى ۋە چېرىكلەرنىڭ ئۆز
تىللىرى بىلەن بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىراشلىرى ئاڭلاندى .
توختى :

— ئېتىۋەت بۇ مەلئۇننى !— دەپ سەلمانىنى چارلىغۇچىلارنىڭ
باشلىقىغا تاپشۇرۇپ ، جەڭچىلەرنىڭ قېشىغا يۈرۈپ كەتتى .

بۇ چاغدا نۇرغۇن ئادەم تۈنۈگۈنكى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە
ئەتراپتىكى كەنتلەرگە ياغاچ توشۇغىلى كەتكەنىدى . قارىغاندا ، سېـ-
پىلدىن ئارقان تاشلاپ تارتىۋېلىنغان ھېلىقى تىڭتىڭچى مەلۇمات
يەتكۈزۈش بىلەن دۈشمەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ھۇجۇم باشـ-
لىغاندەك قىلاتتى .

قوزغىلاڭچى قوشۇنمۇ دەرھال ئۆزىنى ئوڭلاپ جەڭگە ئاتلانـ-
دى . ئوقياچىلار پىيادە جەڭچىلەرگە يول ئېچىپ نورۇز دۆڭگە
قارىتىپ ئوق ياغدۇردى . تۈنجى ئوق سېپىل ئۈستىدىكى پۇقرالار-
نى جەڭگە دەۋەت قىلىۋاتقان ھاجىنىڭ پېشانىسىگە تېگىپ ، جېنىنى
جەھەننەمگە يوللىدى . ئوقيانىڭ ئوقى كۆپلۈكىدىن نورۇز دۆڭگە
دۆۋىلىنىپ كەتتى . ئەمما ، ئوقنى كىم ئاتقانلىقىنى ، نەدىن كېلىـ-
ۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى . دۈشمەن تەرەپنىڭ ئەندىشىگە
چۈشكىنىنى سېزىپ قالغاندەك قوزغىلاڭچى قوشۇن شىددەت بىلەن
ھۇجۇمغا ئۆتتى . قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرەر دېگەندەك ، سېـ-

پىل ئۇستىدىن زەمبىرەك ، تەيفو ، تۆپەك ئېتىش داۋاملىشىۋاتات-
تى . ھەر ئىككى تەرەپ ئېغىر قۇراللارنى توختاتمىغانىدى . قوزغى-
لاڭچى قوشۇن شۇنداق جەڭ قىلدىكى ، ئوق تېگىپ بىرسى يىقىل-
سا ، ئورنىغا ئۇنى كېلىپ سەپلىنەتتى . نەچچە يۈز كىشى پالاڭ
كۆتۈرۈپ دەرۋازىغا يۈگۈرۈشتى ، دۈشمەن قىسىملىرىمۇ ئوت كۈ-
چىنى كۆپەيتتى . دەرۋازىغا ئوت تۇتىشىپ كەتكەچكە ، جەڭچىلەر
كىرەلمىدى . ھەسەن تۆرك جىددىيلىشىپ قالدى . زەمبىرەك ئوق-
لىرىنىڭ تۇتۇنلىرى ھاۋانى گىرىمسەنلەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى . ئاخىر
بولماي ھەسەن تۆرك جەڭگە ئۆزى ئاتلىق ئاتلىنىپ «دەرۋازەئى
خانىقا»غا قاراپ چاپتى . دۈشمەن تەرەپ قوماندانلىرى ھەيرانلىق
ئىلكىدە كۆردىكى ، ئاتلىق بىر ئادەم ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ ،
گاھى دۈم يېتىپ ، گاھى ئۆرە تۇرۇپ ، گۆرۈي بەدىنىنى گاھى
ئوڭ تەرەپكە ، گاھى سول تەرەپكە تاشلاپ ئوق تەگكۈزمەي ، سول
قولىدا تىزگىن ، ئوڭ قولىدا مىلتىق تۇتقان ھالدا سېپىل ئۇستى-
دىكى چېرىكلەردىن نەچچىنى ئارقا - ئارقىدىن موللاق ئاتتۇردى .
يىراقتىن بۇنىڭغا كۆزى چۈشكەن ئەفرىدۇن ئۆلەر - تىرىلىشىگە
باقماي خەبەر ئامبالنىڭ قېشىغا يۈگۈردى . ھەمساتتا قاپاق دەرۋازى-
سىدىن 500 لەشكەر چىقىرىپ ، ھەسەن تۆرك قوشۇنلىرىغا روبىرو
قىلدى . ھەسەن تۆركنىڭ ئاتلىق قىسىملىرى شىددەت بىلەن قوز-
غىلىپ چېرىكلەرگە ئوت ئاچتى . ھەسەن تۆرك چەبدەسلىك بىلەن
ئېگەرگە قىستۇرۇلغان نەيزىنى ئالدى . چېرىكلەر تۆت تەرەپتىن
قاپسىلىپ ، چېكىنىش يولى ئۈزۈلگەنىدى . قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنى
سۈر - توقاي قىلىپ قوغلاپ جاھانباغ ئالدىدىكى تۈزلەڭگە ئاپىرى-
شىغا شۇنداق دەھشەتلىك جەڭ بولدىكى ،ھەسەن تۆركنىڭ ئالدىغا
ئۇچراپ قالغانلىرىنىڭ غازاڭ تۆكۈلگەندەك ئۆلۈمى چىڭ لەشكەر-
لىرىنىڭ كۆرەش ئىرادىسىنى سۇندۇرۇۋەتتى ،ھەسەن تۆرك ھەر-
بىر نەيزە ئۇرغاندا ، گاھىلىرىنىڭ قانلىرى ئاغزىدىن شاخىنا ئۇلاغ
ساڭقىغاندەك ئېتىلىپ چىقسا ، گاھىلىرى نەيزىنىڭ زەربىدە خېلى
نېرىغا قاڭقىپ چۈشەتتى .ھەسەن تۆرك جەڭدە گويا تانكىدەك يول

ئېچىپ ماڭسا ، جەڭچىلىرى ئۆنىڭغا ئەگىشىپ بوراندەك ئىلگىرى-
لەيتتى . چېرىكلەر قاچقان بىلەنمۇ شەھەرگە كىرەلمەيتتى . دەرۋا-
زىنى ئاچسا ، ئۇلاردىن بالدۇر قوزغىلاڭچى قوشۇن كىرىۋېلىشتىن
ئەنسىرەيتتى . شۇنداق قىلىپ ، چىڭ قىسىملىرىدىن بىرسىمۇ قال-
ماي يەر چىشلىدى . زەمبىرەك ، تەيفو ، تۆپەڭ قاتارلىق ئېغىر
قوراللار سېپىل ئۈستىنى ئوققا تۇتتى . چاڭ - توزان ، ئىس -
تۈتەكلەر يەكەن ئاسمىنىنى قاپلاپ ، قۇياش نۇرىنى توستى . ئوقيا
ئوقىدىن قورقۇپ كەتكەن چېرىكلەر سېپىلدىن باش چىقىرالماي ،
كۆنگۈرىنىڭ دالدىسىدا نىشانغا قارىمايلا قارىسىغا ئوق چىقارماقتا
ئىدى . 1000غا يېقىن لەشكەردىن ئايرىلغان دۈشمەن بۇرغا چېلىپ
چېرىكلىرىنى يىغدى . توختى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار دۈم-
باق چېلىپ غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى . ھەر ئىككى تەرەپ ئېتى-
شىشتىن توختىدى . خەبەر ئامبال بىلەن ئەفرىدۇن ئەتە يەنە ئۇ-
رۇش قىلىشنى ياكى مۇداپىئەدە تۇرۇۋېرىشنى تېخىچە قارار قىلمى-
غانىدى . بۈگۈنكى ئۇرۇشنىڭ چىقىمى خەبەر ئامبالنىڭ ئىچىنى
ئېچىشتۇرۇۋەتتى . زەمبىرەك ، تەيفودىن ئېتىلغان ھەربىر پاي ئوق
گويا ئۆز مۈشتى ئۆز بېشىغا تەگكەندەك تۇيغۇ بېرەتتى . «ئۆزۈمە-
دىن ئۆتكەن ، قولۇمدىن كەتكەن» دېگەندەك ، قوزغىلاڭچى قوشۇن-
نىڭ تەدبىرلىرىگە ئالدىنىپ ، تەيفو - زەمبىرەك ، تۆپەڭ ، مىل-
تىق ، تەمىنات قاتارلىقلارنى قولدىن كەتكۈزگەنىنىڭ تاشايىنىدا
3000 لەشكەرنىڭ جېنىغا زامىن بولمىغان بولسا ، قوزغىلاڭچى
قوشۇنلار بۈگۈنكىدەك كۈچلىنىپ كېتەلمىگەن بولاتتى ، ئۆزىنى
دانا چاغلاپ ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان ئەخمەق سانغۇن ئۆز تىغىنى
ئۆز قولى بىلەن كۆكسىگە ئۇردى . بۇنى ئەفرىدۇن ۋە باشقا بەگلەر-
دىن تارتىپ چېرىكلەرگىچە ئوبدان بىلەتتى . خەبەر ئامبالمۇ دەردى-
نى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر ئىدى .

قوزغىلاڭچى قوشۇن ئېھتىيات يۈزىسىدىن تۇرارگاھىنى تىڭ-
تىڭچىلار كۆرگەن جايدىن ئىككى يول بېشىغا يۆتكىدى . ئاندىن
كېچىنى قولدىن بەرمەي ھەرىكەتكە كېلىپ ئەتىكى جەڭگە تەييارلىق

قىلدى .
قوزغىلاڭچىلارنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن خەبەر ئامبال بولسا دەرۋازىنى ئاچالمىغانلىقىغا ئىچى پۇشۇپ ، توپىلاڭچىلار شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشتىن ۋاز كەچتى بولغاي دەپ پەرەز قىلدى . ئەمما ، ئۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ پۇختا تەييارلىق كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى .
كەچ كىرىش بىلەن ئۇرۇش توختىغاندەك ۋەزىيەت شەكىللەن- گەن بولسىمۇ ،كېچە يەنىلا جىمجىت ئەمەس ئىدى .كۈتۈلمىگەندە ئوقيا ئوقلىرى تەگكەن چېرىكلەرنىڭ «ئەيىۇ» لىشى پات - پات ئاڭلىنىپ تۇراتتى .ئوقنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى ، كىمنىڭ ئات- قانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى . لەشكەرلەر ھازىرلا پېشانىسىگە ئوقيا ئوقى تېگىپ جېنىدىن جۇدا بولىدىغاندەك دەككە - دۈككە ئىچىدە تاڭنى ئاران ئاتقۇزدى . تاڭ يورۇغاندا باش - كۆزلىرى يېرىلغان ، ئوقيا ئوقى سانجىلغان ئۆلۈكلەر مەلەقتەك ياتاتتى ، ئىمجانغا ئايلانغان نەچچە يۈز چېرىك ئىڭرىشاتتى . بۇ ھال سىپىل ئۇستىدىكىلەرنى ئەندىشىگە سېلىپ ، شۇ سائەتتىن باشلاپ ئالدى تەرەپكە شەھەر خەلقىنى ئۆتكۈزدى . چېرىكلەر سىپىل ئۇستىدىكى ئۆلۈكلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا ، شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپىنى قورشاپ نەچچە مىڭلىغان قوراللىق ئادەم يېتىپ كەلدى . ئادەملەرنىڭ كۆپ- لۈكىدىن يەكەن شەھىرى گويا قايناملغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان كېمىگە ئوخشايتتى . «كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق» ياكى «خەسنى سەل چاغلىساڭ كۆزۈڭگە كىرەر» دېگەندەك ، شۇنچە ئېغىر قوراللار قايرىلىپ قېلىپ ، ئوقيا ئوقلىرى ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ بېشىنى ئاي- لاندۇرۇۋەتكەنىدى . چىڭ قوشۇنلىرى ئېسىنى يىغىشقا ئۈلگۈرمەي تۇرغاندا ، قوزغىلاڭچى قوشۇن توپاندەك بېسىپ كەلدى . بىر كەمدە بىر راۋاق پەيدا بولدىكى ، شەكلى مەدرىسەدىكى پەشتاققا ئوخشايد- تى ، ئادەمسىز مېڭىپ دەرۋازا تەرەپكە كېلىۋاتاتتى . بۇنى كۆرگەن دۈشمەن قىسىملىرىنىڭ ھەيرانلىقى ئېشىپ ، كۆرۈۋاتقىنىنىڭ قاند- داق نەرسە ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدى . راۋاق بولسا بارغاند-

سىرى يېقىنلاۋەردى . ئايان بولدىكى ، بۇ پۇتۇنلەي ياغاچتىن ياسال-
غانىكەن . يەنە نۇرغۇن ئۇن ساندۇقى ۋە تاختايلارمۇ بار ئىدى .
قوزغىلاڭچىلار بۇلارنى تۆپى - تۆپىگە تىزىپلا پوتەيگە باراۋەر قىلىپ
قوپۇرۇپ چىقتى . بۇنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ بىمالال ئۇرۇش قىل-
غىلى ۋە سىپىل ئۈستىگە چىققىلى بولاتتى ، ھەتتا ئىچىگە تەيفو
ئورۇنلاشتۇرسىمۇ ئەپلىك ئىدى . ئەفرىدۇن بۇنىڭمۇ ياغاچتىن يا-
سالغانلىقىنى بىلدى . دۇشمەن تەرەپمۇ ئوت قويۇش ئۇچۇن ئوقتىن
مۇداپىئە كۆرىدىغان مۇشابەھەت[1]ياسىغانىدى .
ئەفرىدون ۋاڭ بۇيرۇدى :
— يۇرەكلىك دىلاۋەرلەردىن 500 كىشى مۇشابەھەت بىلەن
دۇشمەننىڭ نەرسىلىرىگە ياغ چېچىپ ئوت قويۇپ كۆيدۇرۇۋەتسۇن !
شۇنداق قىلىپ ، چېرىكلەردىن نەچچە يۈزىنىڭ قوغدىشى بى-
لەن بىرنەچچىسى چاقماق تېزلىكىدە ياغاچ پوتەيگە يېتىپ بېرىپ
ياغ چېچىپ ئوت يېقىۋېتىپ قاچتى . كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە
ئارىلىقتا راۋاق بىلەن ياغاچ پوتەي كۆيۈپ كەتتى . ئاڭغۇچە قوزغى-
لاڭچى قوشۇن تەرەپ - تەرەپتىن شوتىلارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ
سېپىلگە قويدى ، قولىلىرىدا پالتا ، بازغان بارلار «دەرۋازەئى مەس-
خىرە»نى چېقىشقا باشلىدى .
يەنە بىر بۆلۈك قوشۇن سۇتلۇكمازار تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ ،
غەزەپ بىلەن ھۇجۇم باشلىدى . دۇشمەن بۇ يەرگە ئالدىن ئادەم
ئورۇنلاشتۇرغانىدى . قوزغىلاڭچىلار شوتا ئارقىلىق سېپىلگە چى-
قىشقا باشلىغاندا ، ئۈستىدىن تاش - كېسەكلەرنى تاشلاپ زەربە
بەردى . مەسئۇل بەگ نىدا قىلىپ :
— كىمكى شوتىنى تارتىپ سېپىل ئۈستىگە ئالسا ، ھازىرنىڭ
ئۆزىدىلا ئاشلىق ۋە كۈمۈش بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ !— دەپ ئېلان
قىلغانىدى ، پۇلنىڭ قىزىقتۇرۇشىدا بىر دەمنىڭ ئىچىدە نەچچىسى
ئوق تېگىپ ئۆلدى . قوزغىلاڭچىلار ئارقا - ئارقىدىن شوتا كەلتۈر-

[1] مۇشابەھەت — بىر - بىرىگە ئوخشاش ، ئوتتۇرىسىدا ئارىلىق بار نەرسە ، كۆچمە مەنىسى ئىككى تەرىپى توسىملىق ئوت قويۇش قورالى .

گەن بولسمۇ ، ئاش بىلەن پۇلنىڭ قىزىقتۇرۇشى ياكى زورلۇق
ئاستىدا سېپىل ئۈستىدىن تاش - كېسەك ياغدۇرىدىغانلار كۆپەي-
يىپ ، قوشۇننى زادىلا ئىلگىرىلەتمىدى . بىر تۇركۇم چېرىكلەر
گاھ سېپىلدىن چىقىپ ھۇجۇم قىلىپ ، گاھ قېچىپ كېتىپ ،
قوزغىلاڭچىلارنى گاڭگىرىتىپ قويدى . ھەسەن تۆرك غەزەپتىن
يېرىلغۇدەك بولۇپ جەڭگە كىرمەكچى بولدى .

— سىز كىرمەڭ !— توختى ھەسەن تۆركنى توستى ،—
دۈشمەننىڭ گاھ قېچىپ ، گاھ چىقىپ يۈرۈشىدە ئويۇنچۇقلا نەي-
رەڭ بار . بىزنى غەزەپلەندۈرۈپ قوشۇندىن ئايرىپ چىقىپ ،بىر-
بىرلەپ يوقىتىشنى كۆزلەۋاتىدۇ . قوشۇن چېكىنسۇن !

ئەمما ، ھەسەن تۆرك بۇنىڭدەك جەڭدە ئۆزىنى زادىلا تۇتالمايد-
تى . دۈشمەن چېرىكلىرى يەنە سېپىلدىن چىقىپ ئىلگىرىلەۋاتات-
تى . ھەسەن تۆرك تورۇق ئارغىماقنى مىنىپ قوغلاپ يېتىشىپ ،
غەزەپتە چاناشقا باشلىۋىدى ، بىردەمدىلا ئىككى پارە بولغان ،پۇت-
قوللىرى ئۈزۈلگەن چېرىكلەر بىرەر يۈزگە يەتتى ، قالغانلىرى
ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي قېچىشقا باشلىدى . ھەسەن تۆركنىڭ
يىگىتلىرى بولسا ئوڭ - سول تەرەپتىن شىددەت بىلەن ئىلگىرىلە-
ۋاتاتتى . ئەفرىدۇن ئەسلىدە ھەسەن تۆركنى ئايرىپ چىقىش مەق-
ستىدە بۇ تەدبىرنى قوللانغانىدى . ھەسەن تۆركنىڭ يېقىن كېلد-
شىنى كۈتۈپ تۇرغان يۈزبېشى يېنىدىكى چېرىككە ھەسەن تۆركنى
كۆرسىتىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى :

— ئات !

شۇئان ئۈزۈلگەن ئوق تېگىپ ئات يىقىلدى . چېرىكلەر شىد-
دەت بىلەن ئوققا تۇتۇپ تۇردى . يۈزبېشى يەنە ۋارقىرىدى :

— بېشىنى ئېلىپ چىق !

قوزغىلاڭچى قوشۇن جەڭچىلىرى يېتىپ كەلگۈچە دۈشمەنلەر-
دىن نەچچىسى چۈشۈپ ، ھەسەن تۆركنىڭ جەسىتىنى سېپىل ئۈس-
تىگە ئاچىقىپ كەتتى .

— بېشىنى كېسىپ بېرىڭلار !— دېدى ئەفرىدۇن ھېلىقى

يۈز بېشىغا .
— پەتنۇس ئېلىپ كېلىڭلار !
كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا بىر پەتنۇس كەلتۈرۈلدى . ئەفرىدۇن ۋاڭ ھەسەن باتۇرنىڭ بېشىنى پەتنۇسقا ئېلىپ خەبەر ئامبالنىڭ قېشىغا ماڭدى .
بۇ چاغدا خەبەر ئامبال ھەسەن تۆرك ۋە دېھقان قوشۇنلىرىنىڭ باتۇرلۇقىغا ھەيرانۇھەس بولۇپ تۇراتتى ، ئەفرىدۇن :
— جانابلىرى ! جانابلىرى !— دېگىنىچە ھىجىيىپ بېرىپ ، پەتنۇستىكى باشنى ئالدىدا قويدى .
— بۇ كىم ؟— سورىدى خەبەر ئامبال .
— ھەسەن تۆرك دېگەن شۇ !
كاللىنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق بولۇپ ،خۇددى ھايات ۋاقتىدا غەزەپلىنىۋاتقاندەك قورقۇنچلۇق ئىدى .خەبەر ئامبالنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلدى ۋە شۇئان چەتكە قارىۋالدى-دە ،قولىنى شىلتىدى :
— ئاپىرىڭلار !
— جانابلىرى !— دېدى ئەفرىدۇن ،— ئۇنىڭ بېشىنى ئېسىپ قويايلى ، تېنىنى پارچىلاپ جانابلىرىنىڭ ئىتلىرىغا تاشلاپ بېرەيلى . ئالتە شەلىك لومۇدىلارنىڭ ئەدىپىنى شۇنداق بېرىش كېرەك !
ھەسەن تۆركنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە كۈتۈلمىگەن قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى ، سەپ پاتپاراق بولۇپ ، پۈتۈن قوشۇن ھەسەن تۆركنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆلەر-تىرىلىشى بىلەن كارى بولماي دەرۋازىغا قاراپ ئېتىلدى . دۈشمەن سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ بىر - بىرلەپ چەنلەپ ئېتىۋەرگەچكە ، يىگىتلەر ئارقا- ئارقىدىن قۇربان بولدى . توختى دەرھال قوشۇن-نىڭ جەڭدىن چېكىنىپ چىقىشىغا بۇيرۇق بېرىپ ، دۇمباق چال-دۇردى . جەڭ ۋاقتىنچە توختاپ ، ھەسەن تۆركنىڭ يىگىتلىرى كۆزلىرى قىزارغان ھالدا قايتىپ كەلدى . شۇ ئارىلىقتا ھەسەن تۆركنىڭ بېشى سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە بېكىتىلگەن ئېگىز خادىنىڭ ئۇچىغا ئېسىلغان ئىدى . بۇ ھال دۈشمەننىڭ ئىنسان

قېلىپىدىن چىققان رەھىمسىزلىكىنى ئىسپاتلاپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

توختى، كىچىك ئاخۇن قاتارلىقلار جانجىگەر سەپدىشى، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ تۈۋرۈكى — پالۋان ھەسەن تۈرككە چوڭقۇر ماتەم بىلدۈرۈپ كۆز يېشى قىلىشتى. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ئادەم تەشكىللەپ جەڭ مەيدانىدىكى جەسەتلەرنى تېپىپ، تاڭ ئاتقۇچە دەپنە قىلدى، ئاندىن قوشۇننى ئارقىغا چېكىندۈرۈپ، ئىككى يول بېشىغا ئاپاردى، جىددىي يىغىلىش قىلىپ، كېيىنكى جەڭ توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى. پوسكام، قاغىلىق، گۇما، دولان قاتارلىق جايلاردىكى زاپاس قوشۇننى مۇۋاپىق ئىخچاملاپ، قالغانلىرىنى جىددىي ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ماڭدۇردى.

خەبەر ئامبال بىلەن ئەفرىدۇن بولسا، ھەسەن تۈركنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ جەڭدىن رايى ياندى دەپ ئويلىشىۋاتاتتى. قوشۇننىڭ مۇسىبەتنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

توختى ھەسەن تۈركنىڭ پاجىئەسىدىن كېيىن، گەۋدىسىنىڭ يېرىمىدىن ئايرىلغاندەك بولدى، ھەسەن تۈرك چالا ساۋات بولسىمۇ، نۇرغۇن ئىشلاردا تەجرىبىلىك بولۇپ، كۆزقاراشلىرى توختىغا ياقاتتى. ھەسەن تۈركنىڭ قۇربان بولۇشى قوزغىلاڭچى قوشۇن ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولغىنى بىلەن، قوشۇننىڭ دۈشمەنگە بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى كۈچەيتىپ، جەڭگىۋارلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغان ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ مىللىي قەھرىمانى، رەھبىرى، جەڭلەردىكى سەپدىشى ھەسەن تۈركنىڭ سېپىل ئۈستىدىكى خادىغا ئېسىقلىق بېشى گويا ھەممەيلەتنى جەڭگە چاقىرىۋاتقاندەك كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەيتتى. مىڭلىغان پىدائىيلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ تۇرغاندا، توختى باشلىق قوماندانلار قوشۇننى ئارىلاپ، جەڭچىلەرنىڭ كەيپىياتىنى ئىگىلىدى، ئاندىن توختى رەمبىرەكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ مىلتىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ دېدى:

— قېرىنداشلار ! بىز بۈگۈن دۈشمەن قوشۇنلىرىنى زور
چىقىمغا ئۇچرىتىپ ، 1000دىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتقان بولساق-
مۇ ، 1000 ، 10مىڭ ، ھەتتا 100مىڭ ئادەمگە تەڭ قىلغىلى بول-
مايدىغان پالۋانىمىز ھەم يولباشچى رەھبەر ھەسەن باتۇردىن ئايرىل-
دۇق . دۈشمەنلىرىمىز شۇنداق رەھىمسىز ئىكەنكى ، جەسەتلىرى-
مىزدىنمۇ ئۆچ ئېلىپ ، بەدەنلىرىمىزنى پارچىلاپ ئىتقا تاشلاپ
بەرسە ، باشلىرىمىزنى ئېسىپ قويۇپ خەلقئالەم ئالدىدا خورلىدى .
مانا بۇ قىساسنى جەزمەن ئېلىشىمىز ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ۋەسى-
يەت قالدۇرۇشىمىز ، جۈملىدىن دۈشمەننىڭ ياۋۇز خۇي - پەيلى-
دىن قېرىنداشلىرىمىزنى ئەبەدىلئەبەد ئاگاھلاندۇرۇشىمىز لازىم ،
بىز پۈتۈن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ يەكەن شەھىرىنى ئېلىپ ،
ھەسەن باتۇرنىڭ بېشى ئېسىلغان خادىغا ئەفرىدۇن ۋە ئۇنىڭ خوجا-
يىنلىرىنىڭ بېشىنى ئېسىپ ، ئالتۇن تۇپراقلىرىمىزنى ئىپلاس
ئاياغلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇشىمىز كېرەك !…

نەچچە مىڭلىغان قوشۇن بىردەك ئاۋازدا تۇۋلاشتى :

— يوقالسۇن ئەفرىدۇن ۋاڭ !

— يوقالسۇن مىللىي زۇلۇم !

— دۈشمەندىن ئىنتىقام ئالايلى !

— ياشىسۇن مىللىي ئازادلىق كۈرەش !

شوئارلار ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈردى . ھەرقايسى قىسىم-
لارنىڭ جەڭچىلىرى پانساتلارنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ :

— ھەسەن پانساتنىڭ بېشىنى قايتۇرۇپ كەلمىگۈچە تاماق
يېمەيمىز ،بىزگە رۇخسەت قىلىڭ ،ھازىرلا جەڭگە چىقىمىز !—
دەپ خىجىل قىلىشاتتى .

جەڭچىلەر مۇشۇنداق روھىي كەيپىيات ئىچىدە تۇرغاندا ، چار-
لىغۇچىلار گۇرۇپپىسىنىڭ تىڭتىڭچىلىرى ئاتلىرىنى ئۇچقاندەك
چاپتۇرۇپ توختىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ :

— مۇھىم خەۋەر !— دېدى .

توختى ئۇلارنى بىر چەتكە ئاپىرىپ ، باشلىقىغا ئېيتتى :

— ئەمدى سۆزلەڭ !

— دۈشمەن ياردەمچى قوشۇنلىرى ئاقسۇغا يېتىپ كەپتۇ . ۋەلىخان تۆرە 15 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئاقسۇ دەرياسىنىڭ «خانكۆۋرۈك» دېگەن يېرىدە دېھقانلار-نى بۇلاپ - تالاپ ، ئاشلىق ، كىيىم - كېچەك ، يوتقان - كۆرپىلىرى-گىچە قويماي يىغىپ يۈرگەندە ، قالماق ، مانجۇ ۋە باشقا مىللەتلەر-دىن تەشكىللەنگەن زور قوشۇننىڭ ئىلى تەرەپتىن يەكەنگە ياردەم بەرگىلى كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى تارقىلىپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان يەرلىك خەلق ۋەلىخان تۆرە قىسىملىرىغا قارشى چىقىشقا باشلاپتۇ . ۋەلى-خان تۆرە ئىلى قوشۇنلىرىنىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان-لىقىنى ئاڭلاپ ، دېھقانلاردىن ئۆچ ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قەش-قەرگە قاراپ قېچىپتۇ . دۈشمەن قوشۇنلىرى بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقۇدەك...

— ھەسەن پانساتىنىڭ دېگىنىدەك بوپتۇ !— دېدى توختى ۋەلى-خان تۆرىدىن نەپرەتلىنىپ ، ئاندىن سەل خىيال سۈرۈپ تۇرۇۋېلىپ داۋام قىلدى ،— ۋەلىخان تۆرە بۇ كەمگە قەشقەردە بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتقاندۇ ياكى بۇلايدىغاننى بۇلاپ ئەنجانغا تىكىۋەتكەندۇ . ھەسە-نىكام ماڭا ، ئۇنىڭ يەتتە خوجا توپىلىڭىدىمۇ ، ئۆزلىرىنى پەيغەم-بەر ئەۋلادى دەپ ، خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ يۈرگەن يەتتە قاراقچىنىڭ مانجۇلار ئاقسۇغا كەپتىمىش دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپلا ، توپلىغان مال - دۇنياسىنى ئېلىپ قاچقانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن-دى ، شۇڭا خوجىلارنىڭ گېپى چىقسىلا رەھمەتلىكنىڭ ئەرۋاھى ئۇچاتتى . يەنە نېمە ئىنكاس بار ؟

— ئاڭلىشىمىزچە ،— دېدى تىڭتىڭچىلار باشلىقى توختىنىڭ سوئالىغا جاۋابەن ،— ئۇ تەرەپتىكى پۇقرالار بىزنىمۇ ۋەلىخان تۆ-رىنىڭ قاراقچىلىرى دەيدىكەن .

— بۇ بىر ئۇقۇشماسلىق ،— توختى يېنىدا تۇرغانلارغا چۈ-شەندۈرمەكچى بولغاندەك تەكشى قاراپ چىقىپ دېدى ،— دەسلەپكى سەۋەنلىكىمىز بۇنىڭغا سەۋەبچى بولغان ، ئەينى چاغدا بۈزرۈكخان

خوجىنىڭ نامىدىن پايدىلىنىپ ئاممىنى قوزغىۋىلىش پىلانىمىز توغرا ئىدى. چۈنكى، بىزدە ئۇ چاغدا قارا مىلتىقتىن باشقا نەرسە يوق ئىدى، قارا مىلتىقمۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ئەپسۇس-كى، تەجرىبىسىزلىك ۋە ئېھتىياتسىزلىقىمىزدىن ۋەلىخان تۆرى-نىڭ ئالدىمىغا چۈشتۇق. تېخىمۇ يامان يېرى بىز ئېسىمىزنى تېپىپ بولغۇچە ھەممە ئادەم ئالدىنىپ، ئۇنىڭ ئىتائىتىگە كىرىپ قالدى، «ئۆزىمىزدىن ئۆتكەن، قولىمىزدىن كەتكەن» دەپ بىز گىد-مۇ ئامال بولمىدى. ۋەلىخانىنىڭ بىزنى يەكەنگە ماڭدۇرۇپ، ھېچ-قانداق ياردەم بەرمەي يېتىۋالغانلىقىمۇ يوقىلىشىمىزنى ئارزۇ قىلى-دىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ بىزنىڭ يەكەندىكى زور قوشۇننى توسۇپ تۇرۇشىمىزنى كۆزلىدى. بىزمۇ ئۇنىڭ يېڭىسارنىڭ يېڭى شەھەردىكى مانجۇ قىسىملىرىنى باش چىقارتماي توسۇپ تۇرۇشى-دىن پايدىلاندۇق. ئۇنداق قىلمىساق ھەر ئىككى تەرەپ مەۋ-جۇت بولۇپ تۇرالمايتتۇق. ۋەلىخانىنىڭ مەقسىتى — بايلىق توپ-لاش. بىزنىڭچۇ؟ ئەركىنلىكنى ئىزدەش. ۋەلىخان تۆرە خەلقنى قاقشاتتى. بىزچۇ؟ قاقشىغانلارنى قۇتقۇزدۇق. ۋەلىخان تۆرە دەس-لەپتىلا ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئالىي ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغانلىقى ئۈچۈنلا بىزنىڭ نامىمىز ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ، نەپرەتلىك نامغا ئورتاقلىشىپ قال-دۇق. بۇ بىر ئۇقۇشماسلىق، خەلق كەلگۈسىدە جەزمەن پەرق ئېتىۋالىدۇ. ئەھۋال مانا شۇنداق، قانداق دېدىم؟

— ئەلھەق راست! — دېدى كىچىك ئاخۇن، — بۇ چاتاقنى تاپقان ئادەم دەل مەن. ۋەلىخان تۆرىنىڭ مەقسەتلىك قۇرغان قاپقى-نىغا دەسسەپ، ئۇنى خاتا تونۇپ قاپتىمەن، ئۇنىڭ ئەپت - بەشىرى-سى ئاشكارىلاندى. بىلمىگەنلەر بىزنى ۋەلىخان تۆرىنىڭ نامى بى-لەن ئاتاپ، ھەق- ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىشى مۇمكىن. بىز خەلقنىڭ ئازادلىقى، ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىكى ئۈچۈن كۆ-رەش قىلغۇچىلار، ئۇلار (ۋەلىخان تۆرە) ئەكسىيەتچى بۇلاڭچىلار، بىزنىڭ ئادالەت ئۈچۈن تۆككەن پاك قانلىرىمىزنى خەلق دۈشمىنى

ۋەلىخان تۆرىنىڭ ئىپلاس نامى بىلەن بۇلغىنىۋەتسە ئادالەتسىزلىك بولىدۇ . تارىخنىڭ بۇنى جەزمەن پەرقلەندۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن . بىزنىڭ ئەركىنلىك يولىدا تۆككەن قانلىرىمىزنى قارىلاپ ، ۋەلىخان تۆرە نامى بىلەن دېھقانلارنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىگە تۆھمەت قىلغۇچىلار تارىخنى بۇرمىلىغۇچىلاردۇر .

— بولدى ، بۇ پاراڭ شۇ يەرگىچە بولسۇن ، ئەمدى بىز بىر بۆلەك قوشۇننى بۇ يەردە قالدۇرۇپ ، ئاساسىي قوشۇن مانجۇ قىسىملىرىنىڭ يولىنى توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن مارالبېشىغا يۈرۈش قىلسۇن . يۈزبېشىدىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر دەرھال يىغىلسۇن !

توختى گەپنى خۇلاسىلەپ ، بارگاھقا قاراپ ماڭدى . كىچىك ئاخۇن ئۇقتۇرۇش قىلىشقا ئادەم تەيىنلەپ بولۇپ ، توختىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى .

شۇنداق قىلىپ ، 3000 ئادەم يەكەندىن مارالبېشىغا ئاتلىنىدىغان ، يولدا بۆكتۈرمە قىلىنىپ ، ئۇنىڭغا كىچىك ئاخۇن مەسئۇل بولىدىغان بولدى ، توختى 10 مىڭ ئادەمنى ئېلىپ مارالبېشىغا يول ئالدى . يەكەن شەھىرى قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ مۇھاسىرىسىدە بولغاچقا ، خەبەر ئامبال ياردەمچى قوشۇننىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلىسىمۇ ، سىرت بىلەن ئالاقىلىشەلمەيتتى ، ئۇلارنىڭ ئالدى ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى .

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

# قان ئىزدىگۈچىلەر

قەشقەر ۋە يېڭىسارنىڭ كونا شەھىرى ئاتۇش دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىك خەۋىرى يەكەندىكى مانجۇ دېۋىزىيىسىنىڭ ئەمەلدارى خەبەر ئامبالغا يەتكەندىن كېيىن ، شۇئان مەخسۇس كىشى ئارقىلىق مەلۇمات يوللاپ ، خانغا مەلۇم قىلغانىدى . ۋېنزۇڭ خان يەكەندىن بارغان مەلۇماتتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئېرىشكەن ئاغزىدىكى بىر پارچە لوق گۆش قولدىن كېتىۋاتقاندەك ئەندىكتى ، ئاندىن يارلىق چۈشۈرۈپ ئۈرۈمچى ، قاراشەھەر ، تارباغاتاي ۋە لەنجۇ ، گەنجۇ ، سۇجۇ ، ئىلى قاتارلىق شەھەرلەردىن ئاتۇش دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا زور قوشۇن تەشكىللەپ ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى . يارلىقتا يەنە قابىلىيەتلىك ئۇرۇش قوماندانلىرىدىن خەبەر ئامبال جاڭجۈن ، تىدۇ ، زۇڭدۇلار ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىپ بېرىپ ، قوزغىلاڭچىلارنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىش تاپشۇرۇلغانىدى .

يارلىق كەلگەن كۈندىن باشلاپ لەشكىري قىسىملار جەڭگە تەييارلاندى . جايلاردىكى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر خىراجەت ئۈچۈن خەلقتىن تۈمەن - تۈمەن سەرلەپ كۈمۈش يىغىپ تاپشۇردى . بۇ پۇللار چېرىكلەرگە يۇرۇش قىلىشتىن بۇرۇن تارقىتىپ بېرىلدى . پۇلنىڭ كۆپلۈكىدىن كۈمۈشلەر مىس ئورنىدا بولۇپ قالغانىدى . شۇنداق قىلىپ ، باش قوماندان زۇڭدۇ ، تىدۇ ، جاڭجۈنلەرنىڭ باشچىلىقىدا تەيفو - زەمبىرەك ، جىفو ، مىلتىق ، ئوقيا ۋە شەم-

شەر ، خەنجەر ، سىپەرلەر بىلەن قوراللانغان زور قوشۇن ئاتلىق ،
پىيادە بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقتى . زاپاس قورال-
ياراغ ، ئوزۇق- تۈلۈك يۈكلەپ قوشۇننىڭ كەينىدىن ماڭغان تۆگە-
ھارۋىلارمۇ نەچچە مىڭغا يېتەتتى . تۇغ - ئەلەملەرمۇ شۇنچىلىك
كۆپ ئىدىكى ، ھەربىر ئەلەم 1000 ئادەمنى كۆرسىتەتتى . ئەلەم-
ئەلەملەر بويىچە ئارىلىق قالدۇرۇپ ، ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋاتقان
چېرىكلەرنىڭ ئاخىرى قەيەردە ئىكەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن ئە-
مەس ئىدى . ئېنىقكى ، چىڭ سۇلالىسى نامراتلىقنىڭ دەستىدىن
بىر تال دان دوزاخقا چۈشۈپ كەتسە جاندىن كېچىپ ئارقىسىدىن
سەكرىگۈدەك دەرىجىدە تۇرۇۋاتقاچقا ، جەنۇبىي شىنجاڭدەك ئاشلىق
ماكانىنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا ھەرگىز قىيمايتتى . شۇڭا ، گەن-
سۇ ، شىنجاڭدىكى قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى ئىشقا سېلىنغانىدى .
ئىلىدىن قوزغالغان لەشكەرلەر مۇزداۋان بىلەن مېڭىپ ئاقسۇغا
ھەممىدىن بۇرۇن يېتىپ كەلدى . بۇ چاغدا ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىش
ئۈچۈن ئايكۆلنىڭ خانكۆۋرۈك دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلگەن ۋەلى-
خان تۆرە تىڭتىڭچىلاردىن ئىلى قوشۇنلىرىنىڭ ئاقسۇغا كەلگەنلىك
خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ قەشقەرگە قارار
تاپتى ، ئاندىن ئارامۇ ئالماي شەھەردىكى ئاتاقلىق بايلار ، تىجارەت-
چىلەر ، ھۈنەرۋەنلەر ۋە ئالدىغا ئۇچرىغانلا خەلقنىڭ ئۆيلىرىنى
ئاختۇرۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىشنى باشلىۋەتتى . قارشىلىق كۆرسەت-
كەنلەرنى قول ئاستىدىكى نەچچە مىڭ لەشكەرنى ئىشقا سېلىپ
ئۆلتۈردى . يۈزىنى ياپمىغان ، بېشىغا سەللە ئوراپ كۈندە بەش ۋاق
مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇمىغانلارمۇ تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغۇچى-
لار دەپ قارىلىنىپ تىرىك قالمىدى . گۇناھكارلارنىڭ كاللىسىنى
ئۆز قولى بىلەن چېپىش ۋەلىخان تۆرە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان
ئىشلاردىن ئىدى .ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر «ئورۇنسىز» سۆز - ھەرى-
كەت قىلىپ قويغان ، ھەتتا ئاغزىنى ئېچىپ ئەسنەپ سالغان ئادەم-
مۇ چېپىپ ئۆلتۈرۈلەتتى . كېسىلگەن باشلار مۇناردەك دۆۋىلىنىۋې-
تىلگەنىدى . قىزىل دەرياسىنىڭ بويىدا خەنزۇلار ۋە يەرلىك مۇ-

سۇلمانلارنىڭ باشلىرىدىن قوپۇرۇلغان بىر مۇنار خېلى نېرىدىن كۆرۈنەتتى .

ۋەلىخان تۆرە بۈگۈن كېچە قەشقەر شەھىرىدە يەنە بىر قېتىم قىرغىنچىلىق ، بۇلاڭچىلىق ئېلىپ بېرىپ ، توپلىغان مال - دۇنيالىرىنى ئات - ئۇلاغقا ئارتىپ ، بىر تۈركۈم ئەگەشكۈچى قو-شۇنلىرى بىلەن قوقەندكە يولغا سېلىۋەتتى . ئۆزى بىر تۈركۈم ئاتلىق قوشۇنلىرى بىلەن پۇرسەت كۈتۈپ قەشقەردە قالدى . يەكەن شەھىرىدە بولسا خەۋەر ئامبال يارده‌مچى قوشۇننىڭ ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلمىسىمۇ ، توختى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار-نىڭ يەكەننى تاشلاپ كەتكەنلىكىدىن بىرئاز كۆڭلى تىنىدى ، شۇن-داقتىمۇ قاراۋۇللۇقنى بوشاشتۇرمىدى . ئۇ يەرلىك خان ئەفرىدۇن قاتارلىقلار بىلەن بىر - بىرلىرىنى تەبرىكلىشىپ ، مەي - شارابلار ئىچىشەتتى .

بىر كۈنى تاڭ ئېتىپ خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئەفرى-دۇن ۋاڭ ئاخشامقى كەيپچىلىك تەسىرىدىن تېخى ئورنىدىن تۇرمى-غانىدى ، مىرزىبەگ ئىشىكنى چەكتى .

— كىم؟— ئەفرىدۇن ۋاڭ ئۇيقۇسىنى بۇزغۇچىنىڭ قاپ يۈرەكلىكىدىن نارازى بولۇپ چالۋاقىدى .

— مەن مىرزىبەگ ، ئالىيلىرى .

— هە ، نېمە ئىش ؟

— هەسەن تۈركنىڭ كاللىسى يوقاپ كېتىپتۇ .

—نېمە دېدىڭ ! ؟

— ئېسقلىق باش ئالمىشىپ قاپتۇ .

ئەفرىدۇن تېزدىن كىيىنىپ هۇجرىسىدىن قوبۇلخانىغا چىقتى .

— ئەمدى سۆزلە !

— هەسەن تۈركنىڭ كاللىسىنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭ بېشىنى كەسكەن يۈزبېشىنىڭ كاللىسى ئېسقلىق تۇرىدۇ .

— قېنى ؟

— ئىسقلىق جايىدا قالدى .
— كالۋا !— ئەفرىدۇن ۋاڭ چالۋاقىدى ،— خاتا كۆرۈپسەن ، سىپىل ئۈستىدە شۇنچە قاراۋۇل ، ئادەملەر تۇرۇپ ئۇنىڭ بېشى نەگە كېتىدۇ ؟
ئەفرىدۇن شۇنداق دېسىمۇ يۈرىكى پوك - پوك ئىدى . شۇڭا ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن سىپىل ئۈستىگە قاراپ ماڭدى . كۆردىكى ، ھەقىقەتەن باشقا بىر ئادەمنىڭ كاللىسى ئىسقىلىق تۇراتتى . كاللا خان جەمەتى زاھىت خوجامنىڭ ئوغلى ئەخمەت يۈزبېشىنىڭ بولۇپ ، ھەسەن تۆركنى ئاتقانمۇ ، جەسەتلىرىنى پار-چىلاپ ، كاللىسىنى كېسىپ خادىغا ئاسقانمۇ شۇ ئىدى . ئۇنىڭ پۇت- قوللىرى كېسىلىپ ، گەۋدىلىرى پارچىلىنىپ ، ھەسەن تۆرك قانداق پاجىئەگە ئۇچرىغان بولسا ، ئۇمۇ شۇنداق قىلىنغاندى . يېنىدا جەسەتنى قاچىلاپ كەلگەن بىر تاغار تۇراتتى . بۇ ، باشقا جايدا ئۆلتۈرۈلۈپ ، سىپىل ئۈستىگە ئېلىپ چىقىلغانلىقىنى ئىسپاتلايتتى . ئەفرىدۇن ۋەقەنى شەھەر خەلقىدىن كۆرۈپ ، شۇئان خەبەر ئامبالغا مەلۇم قىلدى .
خەبەر ئامبال يېتىپ كېلىشى بىلەن ئەفرىدۇن ۋاڭ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ، خوجايىنىغا ھاللاندى :
— كۆرسىلە ، جانابلىرى ! شەھەر ئىچىدىمۇ ئوغرىلار بار ئىكەن . دەرھال بىرىنىمۇ قويماي تازىلاش كېرەك . ھازىردىن باشلاپ ئۆي - ئۆيىدە ئاختۇرۇشنى بۇيرۇيمەن ، بۇندىغا ئۆزلىرى نېمە دەيلىكىن ؟
— شۇنداق بولسۇن . بۇ ئىشنى يەرلىك قىسىملىرىڭىز بې-جىرسۇن !— دېدى خەبەر ئامبال ، ئاندىن ئارقىغا يېنىپراق بۇرۇ-لۇپ قوشۇپ قويدى ،— بۇ ئادەمنىڭ پارچىلىرىنىمۇ ئىتىمغا ئاپار-غۇزۇپ بېرىڭ !
خەبەر ئامبال ئەفرىدۇننىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا قايتىپ كەتتى . ئۇنىڭ مۇنداق دېيىشىدە مەلۇم مەقسەت بار ئىدى . گەرچە ھەسەن تۆرك ئەشەددىي دۈشمىنى بولسىمۇ ، باشقا مىللەت ئىچىدىن چىققان

بۇ پالۋاننىڭ جەڭدىكى كارامىتىنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن
چاغلار ئېسىدە ئىدى . ئۇنىڭ شەمشەر ئۇرۇشلىرى ، نەيزە بىلەن
چېرىكلەرنىڭ بەدىنىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىپ ، ئاندىن ئېلىپ تاش-
لاشلىرى ، لەشكەرلەرنىڭ هالى دەهشەتلىك بوراننىڭ شىددىتىدىن
يەرگە چاپلاشقان ئۆسۈملۈكتەك بولۇپ ، ئۇنىڭغا يېقىن كېلە-
كەلمەي يۇرىكى قېپىدىن چىقىپ جاندىن ئايرىلىشلىرىنى كۆرۈپ ،
قىسسەلەردىكى جاڭ فېي ، لى كۇيلەرگە سېلىشتۇراتتى . ئەمما ،
ئۇلارنىڭ ئوبرازىمۇ بۇنىڭغا يەتمەيتتى . خەبەر ئامبال ئۆزىنى باش-
قىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان دىلاۋەرلەردىن سانايتتى ، ئاسانلىقچە
قايىل بولمايتتى . دەرۋەقە باتۇرلۇقى بىلەن تونۇلۇپ دېۋىزىيىنىڭ
خەبەر ئامباللىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنىدى . هەسەن تۇرك هۇ-
جۇم قىلىپ كېلىۋاتقاندا تىرىك تۇتۇپ ، ئۆزىگە قايىل قىلىشنى ،
چوڭ مەنسەپ بېرىپ پايدىلىنىشنى ئويلاۋاتقاندا ئەفرىدۇن ئاتتۇرۇ-
ۋەتتى . شۇ چاغدا ، دۇنياغا كەمدىن - كەم كېلىدىغان بىر پالۋاننىڭ
ئۆز ئىچىدىن چىققان كېرەكسىز ، تەمەخور غالچىنىڭ قولىدا ئۆ-
لۈپ كەتكىنىگە ئەپسۇسلانغانىدى . شۇڭا ، ئەفرىدۇننىڭ كۆز ياش-
لىرىدىن پاجىئەگە يولۇققۇچىنىڭ ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن ئىكەن-
لىكىنى پەملەپ ، مازاق قىلىشى ئىدى .

ئەفرىدۇننىڭ بولسا خەبەر ئامبالنىڭ دېگەنلىرىنى بەجا كەل-
تۈرمەي هەددى ئەمەس ئىدى . چۈنكى ، مەنسەپنى شۇلار بەرگەن ،
خالىسا بېرىدۇ ، خالىسا قايتۇرۇۋالىدۇ - دە ! ئۇ پەقەت قول كۆيدۈر-
مەسلىك ئۈچۈن پايدىلىنىۋاتقان كۆسەي ئىدى ، خالاس . يەرلىك
ئەمەلدارلار ئۇلارنىڭ سايىسىدا گىدىيىپ ، كىشىلەرنى كۆزگە ئىل-
ماي كۆرەڭلەپ يۈرگەن بىلەن خوجائاكىلىرىنى كۆرگەندە قۇيرۇق
ئاستىنى ياغلاپ قويغان ئېشەكتەك هاڭرىيالماي ئۇنى ئىچىگە چۈ-
شۈپ كېتەتتى . شۇ سەۋەبتىن ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن ، خەلقنى
بوزەك قىلىشتا ئۇلارنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان تەدبىرلەرنى
كۆرسىتىپ ، خۇشامەت يولىدا هوقۇق قۇدرىتىنى ئۆز خەلقىگىلا
كۆرسىتەتتى .

ئەفرىدۇن خەبەر ئامبالنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن پارچىلانغان جەسەتنى نائىلاج تاغارغا سېلىپ يېڭى شەھەرگە چىقارتتى . بۇ ، «كىشىگە سانىساڭ ئۆزگە ، قاشقا سانىساڭ كۆزگە» دېگەننىڭ ئۆزى ئىدى . ئەمما ، بۇنىڭ دەرد ـ ئەلىمى يۈرەك قېتىدا لاۋۇل-داپ ، خىزمەتكارلار تاغارنى زەمبىلگە سېلىپ ئېلىپ ماڭغاندا كۆز ئالدىدا تۇرغان ئادەمنى پەرق ئېتەلمەيۋاتقاندەك توۋلاپ سالدى :

— باش مىرزىبەگ !

— خوش !

— پەرمان ! چوڭ ـ كىچىك بەگلەر چېرىكلەرگە ماسلىشىپ ، پۈتۈن ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ ، قان ئىزلىرىنى تاپسۇن ، ھەسەن تۇركىنىڭ بېشى...

تۇرۇپلا ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئەفرىدۇن ئەسلىي «ئۆز جايىغا ئېسىلسۇن !» دېمەكچى ئىدى . بىردىنلا ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ بېشى ئېسىلىپ قالىدىغاندەك دەھشەتلىك خىياللار كۆڭ-لىگە كېلىپ :

— بولدى ، ئاختۇرۇش باشلانسۇن !— دەپ سېپىلدىن چۈشۈپ كېتىشكە تەمشىلىۋاتاتتى ، مىرزىبەگ سورىدى :

— بەگلەرنىڭ ئۆيلىرىنىچۇ ؟

— ئوردا ئىچى ، قەسىرلەردىكى ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆي-لىرىدىن باشقىلىرى تۇگەل ئاختۇرۇلسۇن !

بىردەمدىن كېيىن پۈتۈن شەھەردە ئاختۇرۇش باشلاندى . قى-يا- چىيالار ، قارغىش ـ تىللاشلار ھەممە يەرنى قاپلاپ ، خەلقنىڭ يوتقان- كۆرپە ، كىگىز ـ بىساتلىرى كوچىغا تاشلاندى . چېرىكلەر ئەر ـ ئايال دېمەستىن ھەممە ئادەمنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قايرىپ ، قان يۇقىنى ئىزدىمەكتە ئىدى . ئۆزىنى قاچۇرغانلار تەن جازاسىغا ئۇچرايتتى . ئۇلار شۇ تەقلىتتە بىر كۈن ئاختۇرۇپ ھېچقانداق دەلىل- ئىسپات تاپالمىدى . شۇنداقتىمۇ ، شەھەر ئىچىدە دۈشمەن بار دېگەن گۇمان بىلەن كوچىلاردا كۆزەتچىلەرنى كۆپەيت-تى . لېكىن ، ھەرقانچە ئاختۇرسىمۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيتتى ،

ئىنتىقام ئالغۇچىلار ئاللىقاچان شەھەردىن چىقىپ كەتكەنىدى .
ئەفرىدۇن ۋاڭ ئەھۋالنى خەبەر ئامبالغا مەلۇم قىلغاندا ، قىلىچىلىك ھەيرانلىقى قوزغالمىدى . پەقەت ھەسەن تۇرك ئۆلگەن بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ شۇنچە كۆپ قاراۋۇل ، ئادەملەرگە تۇيدۇرماي ئىسقىلىق باشنى ئالماشتۇرۇپ ئېلىپ كەتكەنلىكى خەبەر ئامبالغا ھەسەن تۇركتىنمۇ ئېشىپ چۈشكۈدەك باتۇردىن يەنە بارلىقىنى ھېس قىلدۇرغانىدى .
— ئەمدى بولدى قىلىڭلار !— دېدى خەبەر ئامبال ئەفرىدۇن ۋاڭغا ،— شۇنچە كۆپ قاراۋۇلنى كۆزگە ئىلماي باشنى ئېلىپ كەتكەن ئادەم سىلەرگە تۇتۇق بېرەمدۇ ! ئۆپكەڭلارنى بېسىپ ، ئۆزۈڭلارنىڭ بېشىنى يوقىتىپ قويماي ئوبدان ساقلاڭلار ئەمدى . تىڭتىڭچىلار شەھەردىن چىقىپ ئوغرىلارنىڭ (قوزغىلاڭچى قوشۇننى دېمەكچى ) ھەرىكىتىنى ئىگىلىسۇن . نەتىجىسىنى ماڭا مەلۇم قىلىپ تۇرۇڭ . گۇمانلىق ئادەم بايقالسا ، تەخىرسىز تۇتۇپ سوراق قىلىنسۇن . باشقا ئىشلارنى ئۆزىڭىز بىر تەرەپ قىلىڭ . يەنە گەپ بارمۇ ؟
ئەفرىدۇن خەبەر ئامبالنىڭ تەنە سۆزلىرىدىن خىجىللىق ھېس قىلسىمۇ ، چاندۇرمىدى . خوجايىنىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى قۇللۇق بىلدۈرۈپ قوبۇل قىلىپ ، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى . ئەمما ، ئەفرىدۇننىڭ كاللىسىنى «زادى بۇ ئىشنى كىم قىلدى» دېگەن سوئال زادىلا ئارام تاپتۇرمايتتى . ئەفرىدۇنلا ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن شەھەر خەلقى ئاشۇ سوئال ئۈستىدە ئويلانماقتا ئىدى . ئەمما ، ھېچكىم جاۋاب تاپالمايۋاتاتتى ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا ، سېپىلنىڭ كۆلگە سۇ كىرىدىغان سۇڭگۈچىدىن سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئەر - ئاياللارنىڭ ئىزلىرىنى تىڭتىڭچىلار بايقاپتىمىش ، ئۇلاردىن بىرسى سۇڭگۈچ بىلەن ئۇمىلەپ سېپىلنىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇرۇشىغا ، قاياقتىندۇر كەلگەن ئوقيا ئوقى پېشانىسىگە تېگىپ ئۆلۈپتىمىش . شۇنىڭ بىلەن باشقىلىرى چىقالماي تۇرۇپ قاپتۇمىش ، دېگەندەك مىش - مىش گەپلەر پەيدا بولدى . ئەمما ، مانا مەن كۆردۈم دېگەن

ئادەم يوق ئىدى .
بەزىلەر «قان ئىزدىگۈچى» چىرىكلەر ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىدە-
گە كىرىپ ، خوتۇن - قىزلىرىنىڭ كۆڭلەك - ئىشتانلىرىنى قايە-
رىپ يۈرگەنىكەن ، ئەلەم ئاخۇنۇم «ھۇ بىھايالار !» دەپ ئۇلارغا
ئېتىلىپتۇ . ۋاڭ بېگىمنىڭ «قارشىلىق بىلدۈرگەنلەرنى ئەدەپلەپ
قويۇڭلار» دېگەن تاپشۇرۇقى بويىچە تازا ئۇرۇپ چىقىپ كېتىپتۇ .
ئەلەم ئاخۇنۇم ۋاڭ بېگىمنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ : يۈزى يېپىقلىق
خوتۇن - قىزلىرىمنىڭ كۆڭلەك - تامباللىرىنى قايرىپ قان ئىز-
دەيمىز دەپ ھاقارەتلىدى دەپتىكەن ، ۋاڭ بېگىمنىڭ يېنىدىكى ئەكا-
بىر - ئەشرەپلەر يوتىلىرىنى شاپىلاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتىمىش ،
دېيىشىپ چاقچاقلىشىپ ئايلاندۇرسا ، يەنە بەزىلەر تىلغا ئالغىلى بولمايە-
دىغان تېخىمۇ تېتىقسىز گەپلەرنى توقۇپ ، «قان ئىزدىگۈچى»
لەرنى مازاق قىلىشاتتى .
بۇ گەپ - سۆزلەر ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇدى :
— مەن قاتىلنى ئىزدەڭلار دېسەم ، «قان ئىزدەش» ۋەقەسىنى
كىم پەيدا قىلدى ؟— دەپ چالۋاقىدى .
دېمەك ، ئەفرىدۇن ۋاڭ ئاختۇرۇشتىنمۇ ھېچبىر نەپكە
ئېرىشەلمىدى .

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# ئالماشقان باش

ھەسەن تۈركىنىڭ ئۆلۈمى پۈتۈن قوزغىلاڭچى قوشۇننى چوڭقۇر قايغۇغا چۆمدۈردى. كاللىسى كېسىلىپ سېپىل ئۈستىدىكى خادىغا ئېسىلغانلىقى پۈتكۈل شەھەر خەلقىنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىۋەتتى. ئۇ كۈنى ساۋۇر زۇمرەتخېنىمنىڭ ئىش - كۈشلىرىگە قاراشقىلى كەتكەن بولۇپ، ئابدۇرەھمان سېپىل ئۈستىدە ئىدى. ساۋۇر ھويلىدا ئوتۇن كەسلەۋاتقاندا، ئابدۇرەھمان چىرايى تاتارغان ھالدا ھاپىزبەگنىڭ قەسرىگە كىرىپ كەلدى - دە، چاقىردى:

— ئاكا!

ساۋۇر بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئىنىسىنىڭ ئۆمسە چىرايىدىن بىرەر ھادىسە يۈز بەرگەنلىكىنى سەزدى.

— نېمە ئىش؟

— ئاكا! ئەفرىدۇننىڭ ئادەملىرى ھەسەن باتۇرنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، گەۋدىسىنى پارچىلاپ خەبەر ئامبالنىڭ ئىتىغا ئېلىپ كەتتى. بېشىنى سېپىل ئۈستىگە خادا قاداپ، ئۇچىغا ئېسىپ قويدى.

— كىم پارچىلىدى؟

— ھېلىقى زاھىت خوجامنىڭ ئوغلى ئەخمەت يۈزبېشى.

— كىم ئۆلتۈرۈپتۇ؟

— ھەممىنى شۇ ئەخمەت يۈزبېشى قىپتۇ...

ئۇلار سۆزلىشىپ تۇرغاندا، رەيھان ئۆيدىن چىقتى:

— ئابدۇرەھمان ، كەلدىڭىزمۇ ، نېمىشقا ئۆيگە كىرمەيسىز ؟
— جىددىي خەۋەر !— ئىنىسىنىڭ ئورنىدا ساۋۇر ئىنكاس قايتۇردى .

رەيھان ساۋۇرنىڭ ئەپتىدىن توختىغا بىرەر ئىش يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ ، ۋۇجۇدىنى جىددىيلىك قاپلىغان ھالدا ساۋۇرنىڭ ئالدىغا كەلدى . قىزنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ باشقىچىلا تۇس ئالغانىدى .

— قېنى ، تېز ئېيتىڭ !

— ھەسەن باتۇرنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ ، بېشىنى كېسىپ سېپىل ئۈستىگە ئېسىپ قويۇپتۇ . جەسىتىنى پارچىلاپ يېغىشەردىكى خەبەر ئامبالنىڭ ئىتلىرىغا تاشلاپ بېرىپتۇ .

رەيھان بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ بېشىغا ئاسماندىن تاش يامغۇرى چۈشكەندەك ئەندىكىپ ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى .

— ئىنتىقام ئېلىش كېرەك !— دېدى رەيھان ،— جەزمەن ئىنتىقام ئېلىپ ، ھەسەن باتۇرنىڭ جېنىنى كىم ئالغان بولسا ، بىزمۇ شۇنىڭ جېنىنى ئالايلى ، ئۇلار قانداق قىلغان بولسا ، بىزمۇ شۇنداق قىلايلى .

— ئامال يوق !— ساۋۇر بېشىنى تۆۋەن سالدى .

— ئامال تېپىلىدۇ . كىم ئۆلتۈرۈپتۇ ؟

— ھەممىدىنى زاھىت خوجامنىڭ ئوغلى ئەخمەت يۈزبېشى قىپتۇ .

شۇ چاغدا ئۆيدىن زۇمرەتخېنىم چىقىپ ، ئۇلارنىڭ پارىڭىغا ئارىلاشتى :

— نېمە ۋەجىدىن ئۇ جاللاتنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ قالدىڭلار ؟

— ئۇنىڭ جاللاتلىقىنى قانداق بىلىسىز ، ئانا ؟— رەيھان ئانىسىنىڭ شۇنچە پەس ئاۋازدىكى پاراڭنى ئاڭلاپ قالغانلىقىدىن ھەيران بولۇپ سورىدى .

— مەن نېمىشقا بىلمەيمەن !— زۇمرەتخېنىم غەزەپلىك تەلەپ-

پۈزدا ئېيتتى ،— ئۇ مېنىڭ تاغامنى چاناپ ئۆلتۈرگەن !
— قاچان ؟
— سەن كىچىك چاغدا .
— نېمە سەۋەبتىن ئۆلتۈرگەن ؟
— بىر كۈنى كەچتە ئەخمەت ئاتىسى زاھىت خوجام بىلەن ئوردىدىن چىقىپ ئۆيى تەرەپكە كېتىۋاتقانىكەن ، تاغام ناماز شامغا تەرەت ئېلىشتىن بۇرۇن كىچىك تەرەت قىلىپ تۇتقان چالمىنى تاشلىشقا ئۇلگۇرۇپ ئەخمەت كېلىپ قاپتۇ . چالما دومىلاپ بېرىپ ئەخمەتنىڭ ئالدىغا كەپتۇ . پەسكەش جاللات «مېنى ھاقارەتلىدى» دەپ تاغامنى شۇ يەردىلا چاناپ ئۆلتۈرۈپتۇ .
— شەرىئەتكە بارمىدىڭلارمۇ ؟
— شەرىئەتتە خوجا ئەۋلادىغا ئۆلۈم كەلمەيدىكەن .
— نېمە ئۈچۈن ؟
— پەيغەمبەر ئەۋلادى بولغانلىقى ئۈچۈن .
— ئادالەتسىزلىك بوپتۇ !— رەيھان غەزەپلىنىپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى .
— شۇنداق ، قىزىم ، ئۇنى ئۆلتۈرگىلىمۇ ئادەم چىقىپ قالار .
— بۇ ئىنتىقامنى بۈگۈنلا ئېلىشىمىز لازىم ! قاتىلنىڭ بېشىنى ھەسەن باتۇرنىڭ بېشى بىلەن ئالماشتۇرىمىز .
رەيھاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ساۋۇرنىڭ ۋۇجۇدىغا بىردىنلا كۈچ ـ قۇۋۋەت كىرگەندەك بولدى ـ دە ، دەرھال ئىسپادە بىلدۈردى :
— جەزمەن ئالماشتۇرىمىز ، بۈگۈن كېچىدىن قالمايدۇ !
— قەۋەت ھوشيار بولۇپ ، چاندۇرۇپ قويغۇچى بولماڭلار ، ئۇنىڭ ئۆيى بۇ يەرگە يېقىن ،بىزنىڭ دەرۋازىنىڭ ئالدى بىلەن ماڭىدۇ !—زۇمرەتخېنىم سەل تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ،— ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن شەھەردە قىرغىنچىلىق يۈز بېرىشى مۇمكىن ، ياخشىسى سىلەر توختىنى تېپىپ ئۇنىڭغا يارىلاشساڭلا بولاتتى .

بۇ گەپلەر رەيهان ئۆزاقتىن بۇيان دىيەلمەي كېلىۋاتقان ئارزۇ-
لار ئىدى. گەرچە زۇمرەتخېنىم بۇنى ساۋۇر، ئابدۇرەھمانلارغا
قارىتىپ ئېيتقان بولسىمۇ، رەيهان ئۆزىنىمۇ شۇلار قاتا-
رىدا ھېسابلىدى.
— قانداق قىلىمىز؟— رەيهان ساۋۇردىن سورىدى.
— مەن ھازىرلا بىرىپ ئادەملىرىمىزگە خەۋەر قىلاي، ئۇلار
تەييارلانسۇن. بىز بىرنەچچىمىز مۇشۇ ئەتراپتا يول توسۇپ، ئەخ-
مەت يۈزبېشىنى تۇتايلى...
رەيهان گەپنى بۆلۈپلا ئېيتتى:
— بىخەتەر بولسۇن دېسەك، بىزنىڭ قەسىرگە ئەكىرىپ ئۇ-
جۇقتۇرايلى.
زۇمرەتخېنىم قوشۇلغاندەك تەلەپپۇزدا:
— قانداقلا بولمىسۇن دىققەت قىلىڭلار!— دەپ ھۇجرىسىغا
كىرىپ كەتتى.
— ئەمدىكى ئىش بىزگە قالدى،— دېدى رەيهان ساۋۇرغا،—
سىزچە قانداق قىلىمىز؟
— مېنىڭچە، شەھەر ئىچىدىكى ئادەملىرىمىز 500 دىن ئاشىدۇ،
بىراق بىزدە كالتەك - چوماقتىن باشقا قورال يوق، شۇڭا
شەھەردىن چىقىپ، توختىنىڭ قوشۇنلىرىنى تاپساق دەيمەن. ئۇ-
نىڭ ئۇچۇن دوستلۇقنى يەتكۈزىدىغان پەيت كەلدى.
— توغرا ئېيتتىڭىز،— رەيهان ساۋۇرنىڭ پىكرىدىنى قول-
لىدى،— دوستلۇق، مۇھەببەت دېگەنلەرنى باشقا كۈن كەلگەندە
سىناش كېرەك. قۇم بىلەن ئالتۇن سۇدا ئايرىلغاندەك، پاك مۇ-
ھەببەت، ھەقىقىي دوستلۇق مۇشۇنداق كۈنلەردە سىنىلىدۇ. بىز
ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ ھايات - ماماتتا ھەمنەپەس بولمىساق، ھەر-
گىزمۇ يۈز كېلەلمەيمىز، ناۋادا ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بول-
سام، مەنمۇ كەچۈرمىگەن بولاتتىم.
— سىز دېگەن قىز بالا.
— قىز بالا جەڭ قىلالامدۇ؟ سىز ئوقۇمىغان ئادەم، كۆپ

ئىشلارنى بىلمەيسىز . تارىختا ئۆتكەن قەھرىمانلار ئىچىدە قىزلارمۇ ئاز ئەمەس . ئۇچتۇرپان جىگدە يېغىلىقىدا يەتتە قىز تارىختا ئۆچمەس ئىز قالدۇردىغۇ ! سىزنىڭ نەچچە يۈزلەپ يىگىتلىرىڭىز بولسا ، مېنىڭمۇ نەچچە ئونلاپ قىز دوستلىرىم بار . ئۇلارمۇ تەييار تۇرۇۋاتىدۇ . مەن توختىنى تېپىپ ، ئۇنىڭغا ھەمدەم بولىمەن . ئۇنىڭغا تېگىدىغان ئوقنى پاك گەۋدەم بىلەن توسىمەن !

— توختى ئۆلمەيدۇ ، ئۇ ئۆلسە بولمايدۇ !— ساۋۇر ئىتتىكلا دېۋەتتى .

— شۇنداق !— دېدى رەيھانمۇ قۇۋۋەتلەپ ،— ئۇ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ . ئەمدى بۇگۈنكى گەپكە كېلەيلى ، ئەخمەت يۈزبېشىنى تونۇمسىز ؟

— تونۇيمەن . بىز ئىشنى مۇشۇ جايدا پۈتكۈزەيلى . زۇمرەتخېنىممۇ بىلىپ قالمىسۇن . ئابدۇرەھمان ، سەن بېرىپ ئادەملىردىن مىزگە يەتكۈزگىن ، دۆرىقازا كوچىسى تەرەپتىكى چوڭ كۆلگە سۇ كىرىدىغان سۈڭگۈچ ئەتراپىغا يوشۇرۇنسۇن . يىگىتلەردىن باتۇر بىلەن غالىب دەرھال بۇ يەرگە كەلسۇن . دېگەنلىرىمنى ئورۇندىغاندىن كېيىن ، سىپىل ئۈستىدىكى خەلقلەرگە ئارىلىشىپ ، باش ئېسىلغان جايدىكى ئادەملەرنى كۆزەتكىن .

ئابدۇرەھمان ۋەزىپىنى ئاتقۇرۇش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى . ئۇزاق ئۆتمەيلا ھېلىقى ئىككى يىگىت كىرىپ كەلدى - دە ، ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە قەسىرگە يوشۇرۇنۇپ دالدىلاندى . ئارىدىن ئىككى سائەت ئۆتۈپ ، شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدا ئەخمەت يۈزبېشى غىڭشىپ غەزەل ئوقۇغىنىچە ئوردا تەرەپتىن چىقىپ كەلدى . قەسىر دەرۋازىسىغا روبىرو بولۇشىغا ، كۈتۈپ تۇرغان رەيھان كىچىك ئىشىكتىن چىقىپ :

— خېلىدىن بېرى سىلىنى ساقلاپ تاقىتىم تاق بولدى . ئانام ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشمەن دېگەنىدى ،— دېدى ۋە دەرۋازىنى ئېچىپ ئەخمەتنى تەكلىپ قىلىپ ، ئۆزى ئارقىغا چېكىندى .

ئەخمەتنىڭ كۆڭلىگە «ھاپىزبەگ يوق ، (قورساق توق ، كۆ-

گۈل شوخ› دەپ ، زېرىككەن بولسا كېرەك ، ھاپىزبەگ بولغاندىمۇ قېرىپ قالدى ئەمەسمۇ » دېگەن خىياللار كەچتى . ئۇ زۇمرەتخېنىمنىڭ كىچىك چاغلىرىنى ئوبدان بىلەتتى ، تولىمۇ گۈزەل قىز ئىدى . شۇڭا ، «مانا بۈگۈن قول يەتمىگەن شاپتۇل نېسىپ بولىدىغان بولدى » دەپ ئويلاپ :

بوۋاي كىرىچنى تارتار ئوق ئاتالماس ،
ئەگەر ئۇ ئاتسا ئوقنى چىڭ قادالماس .
ناۋادا ياتسا ياندا نازىنىن قىز ،
كېچە تاڭ ئاتقۇچە ھەزلە قاتالماس .

دېگەن مىسرالارنى ئىچىدە ئوقۇپ ، كۈلۈپ قويدى ۋە رەيھانغا :
—قېنى باشلاڭ !— دەپ دەرۋازىدىن كىرىشىگىلا ، ئىككى تەرەپتە ساقلاپ تۇرغان يىگىتلەر كاپپىدە گېلىدىن بوغۇشىنچە دارقىرىتىپ سۆرەپ ئاقتىخانىغا ئېلىپ كىردى .
بۇ يەردە ھەرقانچە تولغانغان بىلەنمۇ ھېچكىم ئاڭلىمايتتى .
— ئۇنىڭ گېلىنى قويۇپ بېرىڭلار !— دېدى ساۋۇر يىگىتلەرگە ، ئاندىن خىتاب قىلدى ،— ئاڭلاپ تۇر ، مۇناپىق ! شەرىئەتتە خوجا ئەۋلادىغا ئۆلۈم جايىز بولمىغان بىلەن ، خەلقنىڭ قانۇنىدا قاتىلنىڭ كىملىكىدىن قەتئىينەزەر ئوخشاشلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ . سەندىن زۇمرەتخېنىمنىڭ تاغىسى بىلەن ھەسەن باتۇرنىڭ خۇنى ئۈچۈن ھېساب ئالىمىز ، ھەسەن باتۇرنى قانداق پارچىلىغان بولساڭ ، سېنىمۇ شۇنداق پارچىلاپ ، ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئورنىغا سېنىڭ بېشىڭنى ئاسىمىز . قېنى يىگىتلەر ، بۇنى پارچىلاڭلار !
ساۋۇرنىڭ گېپى تۈگىگۈچە قورققىنىدىن يېرىم جېنى چىقىپ بولغان ئەخمەت ئەمدى قانچە تولۇپ قىلسىمۇ كارغا كەلمەيتتى .
يىگىتلەر ئەخمەتنى بوغۇزلاپ بېشىنى كېسىپ بولۇپ ، تېنىنى

پارچىلاپ تاغارغا تىقتى ، كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ ، تاڭ ئې‐ تىشقا ئاز قالغاندا سېپىلگە چىقىدىغان پەلەمپەيگە يېتىپ باردى . قاراۋۇل چېرىك بۇلارنى كۆرۈپ تولۇلىدى :

— كىم ! ؟

— ئاخشام سېپىل ئۈستىدىكىلەرنىڭ كەچلىك تامىقىنى بې‐ رەلمىگەن ئىدۇق ، نان ئېلىپ ماڭدۇق !

يىگىتلەر شۇنداق دەپ ، زەمبىلنى كۆتۈرۈپ ئۈستىگە چىقىپ كەتتى . سېپىل ئۈستىدە بولسا ئادەم بېشىنىڭ ئېسىقلىق تۇرغىنىغا ئىچى ئاغرىپمۇ ياكى قورقۇپ تېنى ئەيمىنگەنلىكتىنمۇ ، ئەيتاۋۇر ، ئادەملەر نېرىراق بېرىپ ئۇخلىشىۋاتاتتى . ساۋۇرلار تاغاردىكى جە‐ سەتنى تاشلاپ قويۇپ ، باشنى ئالماشتۇرۇپ سېپىلدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا ، قاراۋۇل چېرىك ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك ئۇياق‐ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى .تاڭ ئاتقاندا تەكشۈرگەندە ،ئۆزىگە گەپ كې‐ لىپ قېلىشتىن قورقتىمۇ «ھېچكىم كەلمىدى »دەپ تۇرۇۋالدى .

ساۋۇرلار ئەخمەت يۈزبېشىنى پىلان بويىچە بېسىقتۇرۇپ بو‐ لۇپ قايتىپ بارغاندا ، 10نەچچە قىز بىلەن زۇمرەتخېنىم يىغلىشىپ ئولتۇراتتى .

— ئۇكام ساۋۇر !— دېدى زۇمرەتخېنىم ،— سەن بۇ ئامانەت‐ نى ساق ـ سالامەت ئۆز ئىگىسىگە ، يەنى توختىغا تاپشۇر . مەن ئارزۇيۇمنىڭ ئەكسىچە بۇنىڭ ئاتىسىغا چۈشۈپ مەغلۇپ بولغاند‐ دىم . ئەمدى قىزىم بولسىمۇ مۇرادىغا يەتسۇن . مانا بۇ قىزلار ئۇنىڭ دوستلىرى ، پاك ۋىجدانى بىلەن زۇلۇمغا قارشى ئاتلانغان جەڭچىلەر ، ھېچبولمىسا ، ياربدارلارنى بېقىشقا ۋە ئاش ـ غىزا تەييارلاشقا يارايدۇ . تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن چىقىپ كېتىڭلار !

زۇمرەتخېنىم گېپىنى تۈگىتىپ ، تەييارلاپ قويى‐ غان كىيىم ـ كېچەك ، يېمەكلىكلەرنى بەردى . ئانا ـ بالا يىغلاشقى‐ نىچە خوشلاشتى . ئۇلار قاراڭغۇدا دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى . دېدەك قىز سوراپ كەتكەچكە ، زۇمرەتخېنىم كېچىنى يالغۇز ئۆتكۈزدى .

ساۋۇر سۇڭگۇچكە بارغاندا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى ، بىر
ئىسقىرتىش بىلەن يىگىتلەر يوشۇرۇنغان جايلىرىدىن چىقىپ كەلـ
ـدى . ئۇلار بىر ـ بىرلەپ سۇڭگۇچتىن چىقىپ ، سېپىل ئەتراپىدىـ
ـكى تۇزلەڭدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ قوزغىلاڭچى قوشۇنلار كولىغان
خەندەكلەرگە يوشۇرۇندى . توختى قوشۇننى باشلاپ ئىككى يول
بېشىغا كېتىپ قالغانىدى ، ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالمىدى . سېپىلـ
ـنى قورشاپ تۇرۇشقا قالدۇرغان پوسكام قىسىملىرىمۇ كۇندۈزلىـ
ـرى يوشۇرۇنۇپ ، كېچىلىرى ئوق چىقىرىپ دۈشمەننى پاراكەندە
قىلىپ يۈرەتتى . سېپىل ئەتراپىدىكى جەڭ مەيدانلىرىدا يىغىشتۇـ
ـرالمىغان جەسەتلەر ھەممىلا يەردە تۇراتتى . ساۋۇر توختىنى تاپالـ
ـمىغانسېرى تىت ـ تىت بولدى ، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ ئادەملىرى
بىلەن ئۇچرىشالىسىمۇ بىر نۆرى ئىدى . ھازىر ساۋۇرنىڭ يىگىتلىـ
ـرى ئارىسىدا 100دىن ئارتۇق ئوقياچى مەرگەنلەر بار ئىدى . ئۇلار
خەندەكلەر بىلەن يېقىنلاپ بېرىپ سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇللارنى
پاراكەندە قىلىشقا باشلىدى . خەبەر ئامبال قوزغىلاڭچىلارنى قاچتى
دەپ خاتا ئويلىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، سېپىل دەرۋازىسىنى داۋامـ
ـلىق چىڭ تاقىدى . سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇل چېرىكلەرنىڭ
غايىب ئوقتا ئۆلۈپ تۇرغانلىق خەۋىرى تىڭتىڭچىلار ئارقىلىق توخـ
ـتىغا يەتكەندە ، كىمنىڭ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى ، ھەتتا پوسـ
ـكام قوشۇنلىرىمۇ ئويلاپ يېتەلمىگەنىدى . ساۋۇر ئاخىر شەھەرنى
قورشاپ تۇرۇشقا قالدۇرۇلغان پوسكام قوشۇنلىرى بىلەن تونۇـ
ـشۇپ ، بىرلەشتى . بۇنى توختى ، كىچىك ئاخۇنلار تېخىچە بىلمەيتـ
ـتى . ئۇلار تاكى دۈشمەننىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى كەلگەندە ، توخـ
ـتىدىن بۇيرۇق چۈشۈپ «مارالبېشىنىڭ ئاچال ئەتراپىغا يېتىپ
بېرىپ ، زور قوشۇن بىلەن بىرلەشسۇن» دېگەنگە قەدەر دۈشمەننى
ئۈستىلىق بىلەن ئەدەپلەپ ، باش كۆتۈرگۈزمىدى .

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# تۇيۇقسىز زەربە

ۋەلىخان تۆرە ئاقسۇنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىپ خانكۆۋرۈككە كەلگەندە، چىلىك سۇلالىسىنىڭ ئىلى لەشكەرلىرىنىڭ بۇ يەرگە ئايىغى يەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئارقىغا چېكىنىپ قاچتى. ئەمما، ئىلى لەشكەرلىرىنىڭ قەشقەرگە ياكى يەكەنگە باردىغانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇڭا، ئۇلار قايسى تەرەپكە ماڭمىسۇن، ئۆزىنىڭ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆتەڭ - ئۆتەڭدە ئادەم قالدۇرۇپ يول توسۇپ كاشىلا تۇغدۇرۇش ئارقىلىق قەشقەرگە بېسىپ كىرىش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، قېچىش تەييارلىقى ئۈچۈن پۇرسەت چىقارماقچى بولدى.

ئاقسۇ خەلقى بولسا، ۋەلىخان تۆرىنىڭ قەشقەردىكى ياۋۇزلۇقىنى ئاڭلىغانىدى. بۇ نۆۋەت ئاقسۇنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، غەم - ئەندىشىگە چۈشتى. ئويلىمىغاندا ئىلى لەشكەرلىرىنىڭ كېلىشى نىجاتلىق ئاتا قىلىدىغاندەك ياخشىلىق كۆتۈپ، ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى.

ئىلى لەشكەرلىرى ئاقسۇدا توختىمايلا يەكەنگە يول ئالدى. ۋەلىخان تۆرىنىڭ قالدۇق قارشىلىق بىلدۈرگۈچى قىسىملىرى چىلىك لەشكەرلىرىنىڭ قارىسىنى كۆرمەيلا تىكىۋەتتى. نەتىجىدە ئىلى لەشكەرلىرى يۈرۈشنى قارشىلىقسىز داۋاملاشتۇرۇپ مارالبېشىغا كەلگەندە توختى مانجۇنىڭ 10 مىڭ كىشىلىك بۆكتۈرمىسىگە ئۇچرىدى.

ئىلى لەشكەرلىرىنىڭ قەدىمى مارالبېشىغا يەتكەندە ناماز پې-
شىن بولغانىدى . ھاۋادا قوغۇشۇندەك ئېسىلىپ تۇرغان بۇلۇتلار
شەرق تەرەپتىن چىققان شامالنىڭ ھەيدىشى بىلەن مارالبېشى ئاس-
مىنىغا توپلىنىپ ، بىردەمدىلا مۆلدۈر ئارىلاش يامغۇر بولۇپ چۈش-
تى . چىڭ لەشكەرلىرى يامغۇردىن پاناھلىنىش ئۈچۈن توختىشىغى-
لا ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ بۆكتۈرمە قوشۇنلىرى يولنىڭ ئىككى تەرى-
پىدىن ئېتىلىپ چىقتى . مىلتىق ئاۋازىدىن كېيىن بىر توپ ئاتلىق
قوزغىلاڭچىلار يېتىپ كەلدى . ئىلى لەشكەرلىرى ئۆزلىرىنى ئوڭ-
لاشقا ئۈلگۈرمەي نەچچە يۈز ئادىمىدىن ئايرىلدى . ئۇزاق ئۆتمەي
يامغۇرمۇ توختىدى . ئىككى تەرەپنىڭ گىرەلەشمە جېڭى باشلىنىپ
كەتتى . مىلتىق قايرىلىپ قېلىپ ، نەيزە ، قىلىچ ، خەنجەر ئىشلى-
تىلمەكتە ئىدى . ھېرىققان چىڭ لەشكەرلىرى قىرىلىپلا كەتتى ،
تەيفو - زەمبىرەكلىرى كارغا كەلمىدى . نامازشامغىچە داۋاملاشقان
جەڭدە دۈشمەن تەرەپ كۆپ چىقىمغا ئۇچرىدى . ئەمما ، لەشكەرلى-
رىنىڭ تولىلىقىدىن بىرمۇ ئادىمى ئۆلمىگەندەك قىمىرلاپ يۈرۈ-
شەتتى . ئەمەلىيەتتە دۈشمەن تەرەپتىن 2500 ئەتراپىدا ، قوزغى-
لاڭچىلاردىن 500دىن ئارتۇق ئادەم چىقىم بولغان بولۇپ ، قاراڭغۇ
چۈشكەندە ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئادەملىرىنى يىغىۋالدى .

ئىلى جاڭجۈنى بۈگۈنكى كۈتمىگەن مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئې-
لىپ ، تەدبىرىنى ئۆزگەرتتى . قوزغىلاڭچى قوشۇن بۈگۈنكى غەلى-
بىسىدىن خۇشالدەك كۆرۈنسىمۇ ، ئۆلگەن بۇرادەرلىرى ئۈچۈن
ياش تۆكمەكتە ئىدى . رەسمىي تۈن قاراڭغۇسى چۈشكەندە ئەتراپقا
كۆزەتچىلەرنى يېتەرلىك قويۇپ ، قالغانلار مىلتىقلىرىنى قۇچاقلاپ
يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى . كۈندۈزدىكى جەڭدە ھارغان جەڭچىلەر ئۇخ-
لاۋاتقاندا ، بىردىنلا قىيا - چىيا ئاۋاز ئاڭلىنىپ ، ئەتراپنى مىل-
تىق ، تەيفو - زەمبىرەكلەرنىڭ گۈمبۈرلەشلىرى قاپلىدى . چۆچۈپ
ئويغانغان جەڭچىلەر ئېسەنگىرەپ قالدى . تاڭ تېخى سۈزۈلمىگەنى-
دى . قوشۇن قاراڭغۇدا پاتپاراق بولۇپ قالايمىقانلاشتى . ئەمدى
ئېلىشقانمۇ بىكار ئىدى . توختى دەرھال چېكىنىشكە بۇيرۇق چۈ-

شۇرۇشى بىلەن دۇمباق چېلىندى . شۇنداق قىلىپ ، دۈشمەن تە-رەپنىڭ كىچىلىك ھۇجۇمىدا قوزغىلاڭچىلار 3000 ئەتراپىدا ئادەم ۋە قورالدىن ئايرىلىپ ، چېكىنىپ سالجىلىققا كېلىپ توختىدى .

توختى مارالبېشىغا ماڭىدىغان چاغدا ، كىچىك ئاخۇننى يەكەن-دىكى دۈشمەننى سېپىلدىن باش چىقارتماسلىق ئۈچۈن پات - پات ھۇجۇم قىلىپ تۇرۇشقا قالدۇرۇپ كەتكەنىدى . كىچىك ئاخۇن ئىلى لەشكەرلىرىنىڭ ئالامەت كۆپ ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ، پوسكام ، قاغىلىق ، گۇمىدىكى زاپاس قىسىملارغا ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ ، پەقەت پوسكامدىكىلەرلا يېتىپ كېلەلىدى . كىچىك ئاخۇن ئۇلارنى يەكەننى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرۇشقا قالدۇرۇپ ، ئۆز قىسمىنى ئېلىپ توختىنىڭ قىسىملىرىغا ياردەمگە ماڭدى . ياردەمچى قوشۇن سالجىلىققا يېتىپ بارغاندا ، توختىنىڭ مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەن قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ ، ئىككى قوشۇن بىرلەشتى .

توختى بىلەن كىچىك ئاخۇن قوشۇنلىرى ئەمدىلا بىرلىشىپ تۇرۇشىغا ، ئىلى لەشكەرلىرى ئىز بېسىپ قوغلاپ كەلدى . جەڭ شۇنداق شىددەتلىك بولدىكى ، تەيفو - زەمبىرەك ، جىفولار ئۈزۈل-دۈرمەي ئېتىلىپ ، قۇلاق - مېڭىنى يەيتتى . ئاسماننى قويۇق ئىس- تۈتەك قاپلىغانىدى . گۈمبۈرلىگەن دەھشەتلىك ئاۋازلار ، ئادەملەرنىڭ قىيا - چىيالىرى ، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ، ساينىڭ تېشىدەك ياتقان جەسەتلەر ، كۆزدىن ، پۇتتىن ، قولدىن ئايرىلغان-لارنىڭ ئېچىنىشلىق نالە - پەريادلىرى ، قان پاتقىقىغا مىلىنىپ نىمجان ھالەتتە ياتقانلار جەڭ مەيدانىنى قورقۇنچلۇق تۈسكە كىر-گۈزگەنىدى . يەكەندىكى مانجۇ دىۋىزىيىسىنىڭ ئەمەلدارى خەبەر ئامبال تېخىچە ياردەمچى قوشۇننىڭ ئۈچۈرىنى ئالالماي تەقەززالىق ئىلكىدە تۇرغاندا ، سالجىلىقتىكى زەمبىرەك ئاۋازى «قۇلىقى»غا يەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياردەمگە ئادەم ئەمەس ، بەلكى خىسلەتلىك سۇمۇرغ كەلگەندەك خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە پۈتۈن لەشكەر باشلىق-لىرىنى يىغىلىشقا چاقىرتتى .

— يۇرتداشلار !— دېدى خەبەر ئامبال ناھايىتى خۇشال

كەيپىياتتا . ئۇزاقتىن بۇيان ئۇنىڭ بۇگۈنكىدەك خۇشال بولغىنىنى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى ،— بىزگە ئامەت كەلدى . ئەنە تىڭشاڭلار ، ئېتىلىۋاتقان زەمبىرەكلەر ، جەزم قىلىمەنكى ، بىزنىڭ قوشۇندىن باشقىلاردا يوق .

زەمبىرەك ، تەيفوننىڭ كائىناتنى لەرزىگە سالىدىغان ئاۋازى توختىماي كېلىۋاتاتتى . بۇنى يىغىلىشتىكى ھەممەيلەن ئاڭلىدى . خەبەر ئامبال سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— ھازىر سېپىلنى قورشاپ تۇرغان توپىلاڭچىلارمۇ شېرىكلىرىگە ياردەمگە كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ، شۇڭا دەرھال سېپىلدىن چىقىپ ھۇجۇم قىلايلى ، جەڭگە ئاتلىنىڭلار !

خەبەر ئامبالنىڭ پەرىزى توغرا بولۇپ ، سېپىلنى قورشاپ تۇرغانلار ئازلا ئادەم ئىدى . ئۇلار چىڭ لەشكەرلىرىنى كۆرۈپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى . خەبەر ئامبال لەشكەرلىرىگە شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ سالجىلىققا قاراپ كېتىۋاتقاندا ، ئوق ئاۋازى بىردىنلا توختاپ قالدى . دەرۋەقە ، توختىنىڭ قوشۇنلىرى يېڭىلىپ ،بىگىلگە چېكىنگەنىدى . ئىلى لەشكەرلىرى قوغلىماستىن يەكەنگە مېڭىپ ، ئارا يولدا خەبەر ئامبال بىلەن ئۇچراشتى . ئىككى قوشۇن بىرلىشىپ يەكەن شەھىرىگە كىردى .

توختى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن گەرچە ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ، خىل قوراللار بىلەن قوراللانغان ، ئادىمى نەچچە ھەسسە ئارتۇق كېلىدىغان كۈچلۈك دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئاسان ئەمەس ئىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوزغىلاڭچى قوشۇن مارالبېشىدىكى كېچىلىك جەڭدە ئىلى لەشكەرلىرىنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچراپ نۇرغۇن چىقىم تارتقاندىن باشقا ، سالجىلىقتىكى ئۇرۇشمۇ پايدىسىز بولۇپ چىقتى . قوزغىلاڭچىلار بىگىلگە چېكىنگەندە ئەسلىدىكى ئادەملىرىنىڭ يېرىمى قالغانىدى . گۇمالا ، قاغىلىقتىكى قوشۇن تېخىچە يېتىپ كېلەلمىگەچكە ، توختى جىددىيلەشمەكتە ئىدى .

دۈشمەن تەرەپكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ياردەمچى لەشكەرلەر

ئەفرىدۇنغا يېڭىدىن جان كىرگۈزگەندى . ئۇ ۋېنزۇڭ خان ئىنئام
قىلغان كىيىملىرىنى كىيىپ داقا - دۇمباقلىرىنى چالدۇرۇپ شە-
ھەر خەلقىنى باشلاپ ئىلى لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىغا قارشى ئالغىلى
چىقتى .

ئىلى لەشكەرلىرى يېڭىشەھەر بىلەن كونىشەھەرنىڭ ئارىسىغا
چۈشۈپ ، رەتمۇرەت بارگاھ قۇردى . خەبەر ئامبال بىلەن ئىلى
جاڭجۈنى مۇداپىئە ئارقىلىق كېيىنكى لەشكەرلەرنى ساقلاپ تۇر-
دى . شەھەر ئەتراپىدا بىر تۈركۈم قوزغىلاڭچى قوشۇن بولۇپ ،
كۈندۈزلىرى كۆرۈنمەيتتى ، كېچىلىرىلا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ ،
ئىلى لەشكەرلىرىگە ئاراملىق بەرمەيتتى . توختى ، كىچىك ئاخۇن-
لارمۇ بۇنى زادى كىمنىڭ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى . ئەمما ، بۇ
نامەلۇم ئادەملەرنىڭ يەكەندىكى دۈشمەننى پاراكەندە قىلىپ تۇرۇشى
نەتىجىسىدە ، بىگىلگە چېكىنگەن قوزغىلاڭچى قوشۇن قارىقۇمدىكى
تارقاق ئادەملىرى بىلەن جەم بولۇۋالدى . ئەپسۇسكى ، گۇما ، قاغى-
لىقتىكى قوشۇنلار ۋاقتىدا كېلەلمەي ، كۈچنى زورايتىش مۇمكىن
بولمىدى . خەبەر ئامبال توختى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى دولان-
لىقلارنىڭ قارىقۇمدا توپلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ دېۋزىيە بويىچە
لەشكەر تارتىپ ماڭغاندا ، قارشى تەرەپتىن توختىنىڭ قوشۇنلىرى
كېلىپ قالدى ، ئىككى قوشۇن يېڭىباغ دېگەن جايدا ئۇچراشتى .
دۈشمەن تەرەپنىڭ قوراللىرى خىل ، ئادىمىمۇ كۆپ ئىدى . يېرىم
كۈن داۋاملاشقان قاتتىق ئېلىشىشتىن كېيىن توختىنىڭ قوشۇنلى-
رى ھەفرىگە چېكىندى ، ئاندىن بىگىل كۆۋرۈكىنى توستى . بىگىل
كۆۋرۈكى توسۇۋېلىنسا باشقا جايدىن ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئى-
دى . خەبەر ئامبال بۇ نۆۋەت ئۆزىدە بار لەشكەرلەردىن باشقا ، ئىلى
لەشكەرلىرى تەركىبىدىكى موڭغۇل قىسىملىرىنىمۇ ئېلىپ كەلگە-
نىدى ، ئىلى موڭغۇللىرى ئاتلىق سۇدىن ئۆتۈپ ، ھەفرىدىن ئوق
ياغدۇرۇشقا باشلىدى ، ئۇلارنىڭ قوغدىشى بىلەن چېرىكلەر كۆۋ-
رۈكتىن بىخەتەر ئۆتۈۋالدى . قوزغىلاڭچى قوشۇن ئادەم جەھەتتە
نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان ، قوراللىرى خىل لەشكەرلەر بىلەن جان

تىكىپ ئىلىشقان بولسىمۇ ، كۆپ چىقىم تارتىپ چېكىنىشكە مەج-
بۇر بولدى . ئالدىنقى جەڭدە چىڭ قوشۇنلىرىدىن ئولجا ئالغان
ئىككى تەيفو ، بىرقانچە زەمبىرەك ، مىلتىق قاتارلىق قوراللار
دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتكەندىن باشقا ، يەنە بىر قىسىم تەمىنات-
لىرىدىنمۇ ئايرىلدى . شۇنداقتىمۇ قوزغىلاڭچى قوشۇندىكى پىدا-
ئىيلارنىڭ جاسارىتى قىلچە بوشاشمىغانىدى . ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار-
لىقىغا ھەيران قالغان خەبەر ئامبال خاتىرىسىگە مۇنداق يازدى :

ھەيران مەن جەڭلەردە يەپ نەچچە ئەدەپ ،
ئوت ، ئوقتىن قورقماسقا نېمىدۇر سەۋەب .
ئەتيانى مەشئەلدەك كۆيۈپ تۇرسىمۇ ،
ئېتىلىپ رەقىبكە كەلگىنى ئەجەب .

ئىككى تەرەپ كەسكىن جەڭ ئۈستىدە تۇرغاندا ، ئۈرۈمچى ،
ماناس لەشكەرلىرى بىلەن قاراشەھەر تۇرغۇتلىرىنى ئېلىپ شى
دارىن يېتىپ كەلدى . بۇ چاغدا خەبەر ئامبالنىڭ لەشكەرلىرىنى
مەغلۇبىيەت كۇتۇۋاتاتتى ، نەچچە تۈمەن لەشكەرنىڭ قىزىل ۋە سې-
رىق ئەلەملەرنى كۆتۈرۈپ ، تەيفو - زەمبىرەكلەرنى سۆرىشىپ
كېلىشى يېڭىلىش ئالدىدىكى لەشكەرلەرنى جانلاندۇرۇۋەتتى . قوز-
غىلاڭچى قوشۇن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى . ئېتىز - ئېرىق ،
زىرائەتلەر ھەددى - ھېسابسىز لەشكىرىي قوشۇننىڭ ئايىغى ئاستىدا
يانجىلىپ ، بەيگە مەيدانىغا ئوخشاپ قالدى . بىرلەشكەن ئىككى
قوشۇننىڭ لەشكەر سانى 40 مىڭدىن ئاشاتتى .شۇنداقتىمۇ ،قوزغى-
لاڭچى قوشۇن غەلىبە قازىنىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزمىگەنىدى .ئۇلار
چېكىنىپ قارىقۇمغا بارغاندا چىڭ بىرلەشمە لەشكەرلىرى بىلەن
يېرىم كۈن جەڭ قىلدى ، جەڭدە 1000 چە ئادىمىدىن ئايرىلدى .
چىڭ لەشكەرلىرىمۇ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ ، قارىقۇم قىزىل قۇمغا
ئايلانغانىدى . توختى بىلەن كىچىك ئاخۇن ئىككىلىسى يارىلانغاچقا ،
ساغۇچاق دېگەن جاينى ئارامگاھ قىلدى . ئۇ يەرنىڭ ئوت - چۆپلىرى

مول ئىدى . مۇھاپىزەتچىلەر توختىنىڭ يارىسىنى تازىلاپ تېڭىپ تۇرۇشىغا ، ئاتلىق تىڭتىڭچى يىگىتلەر كەلدى . ئۇلارنىڭ باشلىقى توختىدىن ئەھۋال سوراپ ، ئاندىن دوكلات قىلدى :

— مەلۇمات !

— قېنى ، سۆزلەڭ !— توختى ئالدىدا تىك تۇرغان بۇرۇتلۇق تەمبەل يىگىتكە ئىجازەت بەردى .

— تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىزچە ، چىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئاخىر-قى تۇركۇمى «تىدۇ»نىڭ قوماندانلىقىدا ئاقسۇغا كەپتۇ . ئادىمى 30 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەن .

«شى دارېن» قوماندانلىقىدىكى لەشكەرلەر بۇ يەرگە ئاياغ باسقىنىغا 15 كۈن بولغاندا ، «تىدۇ» قوشۇنلىرى كەلگەنىدى . يېڭى كەلگەنلەر ئۇرۇمچى ، ماناس قوشۇنلىرى ۋە قاراشەھەر تۇر-غۇتلىرى بىلەن بىرلىشىدىغان بولسا ، ئۇلارنىڭ تولىلىقىدىن جەڭ قىلىپ يوقىتىش ئەمەس ، بەلكى جىم تۇرۇپ بەرسىمۇ ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىشكە نۇرغۇن ۋاقىت كېتەتتى .

— كىچىك ئاخۇنكا !— توختى جاراھىتىنى تاڭدۇرۇۋېتىپ چاقىردى .

پېشانىسى تېڭىقلىق كىچىك ئاخۇن توختىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى :

— بىز ئىككىگە ئايرىلايلى ،— دېدى توختى ،— بىزدە ھەممى-سى بولۇپ يەنە 8000 ئادەم بار . قاغىلىق ، گۇمىدىكىلەر كەلسە تۆت — بەش مىڭ ئادەم قوشۇلىدۇ . سىز 5000 ئادەم بىلەن دۈشمەننى چۆللۈككە باشلاپ ئاپىرىپ زەربە بېرىپ ، ئاندىن چېكىنى-گەن بولۇپ قەشقەر تەرەپكە مېڭىڭ ، ئۇلار جەزمەن قوغلايدۇ . ۋەلىخان تۆرە كەتمىگەنلا بولسا ، بىزنى قوغداش ئەمەس ،ئۆز جېنى-نى قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇن بولسىمۇ ھەمدەمدە بولۇشى مۇمكىن .مەن 3000 ئادەمنى ئېلىپ ،دولان يۇرتلىرىنى ئارىلاپ مېڭىش جەريانىدا قوشۇننى زورايتىپ مارالبېشى ئاچالغا يېتىپ بېرىپ ، كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرەي . سىز قەشقەردىن چىقىپ

پەيزىۋات بىلەن مارالبېشىغا كېلىڭ ، سىزچە بۇ پىلان بولامدۇ۔
قانداق ؟
— شۇنداق بولسۇن !— كىچىك ئاخۇن دەرھال قوشۇلدى .
شۇنداق قىلىپ ، توختى 3000 ئادەمنى باشلاپ ، تۆيدۇرماي
مارالبېشىغا يۈرۈپ كەتتى . كىچىك ئاخۇن 5000 ئادىمى بىلەن
كۆكرەباتتىن ئۆتۈپ «قىزىل»دا بارگاھ قۇردى . چىڭ بىرلەشمە
چوڭ قوشۇنى ئىز قوغلاپ كۆكرەباتقا كىرىش بىلەن ، بىپايان
دەشتلىك چىڭ چېرىكلىرىگە تولدى . گاھى كۆك ، گاھى قىزىل
بايراقلار زېمىن ئۈستىنى قاپلىغانىدى . ئۇلارنىڭ غوۋغاسىغا تۇ-
رۇپ بولمايتتى . بۇ يەردە «ماياق جىلغىسى» دەپ بىر مەنزىل
بولۇپ ، ئۇلارنىڭ مۇدھىش قەدىمى يېتىش بىلەن «ئاياغ جىلغى-
سى»غا ئايلاندى . لەشكەرلەر قىزىلغا يەتكەندە كىچىك ئاخۇننىڭ
قوشۇنلىرى ئاللىقاچان تاماقلىرىنى يەپ قوزغىلىپ كەتكەنىدى .
قىزىل خەلقىمۇ قوزغىلاڭچى قوشۇنغا قېتىلىپ كەتكەچكە بۇ ئەتراپ
توختاۋسىز چىقىپ تۇرىدىغان قۇيۇننىڭ ماكانىغا ئايلانغانىدى .
كىچىك ئاخۇن قوشۇنلىرى توپلۇقتىمۇ توختىماي «سۆگەتبۇ-
لاق» ئۆتىڭىگە ئۇلاشتى . بۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى
ئىستراتېگىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، يولنىڭ بىر تەرىپىدە
چەش قۇم ، بىر تەرىپىدە تاغ بار ئىدى . بۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتمەكچى
بولغانلار تاغدىكى يول بىلەن يۈرمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى . تاغ
يولى ئىنتايىن تار بولۇپ ، چارۋا مال تىزىلىپ تەستە ئۆتەلەيتتى .
ئادەملەرنىڭ مېڭىشى تېخىمۇ تەس ئىدى . بۇ يولنى توسۇۋالغان
بىر ئادەم 1000 ئادەمگە تېتىيتتى . كىچىك ئاخۇن قوشۇنى چىڭ
لەشكەرلىرىنى نەق مۇشۇ جايغا باشلاپ كەلدى . قوشۇندىكىلەر
ئەپلىك جايغا يوشۇرۇنۇپ دۈشمەننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى .
چىڭ لەشكەرلىرى تەركىبىدىكى نەچچە يۈزلىگەن ئاتلىق چې-
رىكلەر توپلۇققا كەلگەندە پىيادە قىسمىدىن ئايرىلىپ ، قوزغىلاڭ-
چىلارنى قوغلاپ ئالدىدا كەتكەنىدى . ئاتلىقلار يېقىنلاپ كېلىشى
بىلەن كىچىك ئاخۇننىڭ ئادەملىرى ئوقيادىن ئوق ياغدۇردى .

ئاتلىق چېرىكلەر خۇددى پىشقان مېۋىلەردەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى .
ئۆلمىگەنلەر نېمە قىلارىنى بىلمەيلا قېلىشتى . ئاخىر بىر پاي ئوق
چىقىرالماي ، زور قوشۇن يېتىپ كەلگۈچە ھەممىسى ئۆلۈپ
تۈگىدى .

شى دارىن ،خەبەر ئامبال ، ئىلى جاڭجۈنى قوشۇننى باشلاپ
يېتىپ كەلگەندە ئاتلىق چېرىكلەر تۈگەل چېكىنىسگە تاش پاتقان ،
كۆزلىرى يۇمۇلماستىن تىللىرىنى چىشلىگەن ھالدا ياتاتتى .ئۇلار
ئەھۋالنى ئۇقۇپ بولغۇچە تەرەپ - تەرەپتىن يېغىۋاتقان تاش يامغۇ-
رىدا قېلىپ ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا نەچچە يۈز ئادىمى-
دىن ئايرىلدى . قورقۇپ كەتكەن لەشكەرلەر ئۆلۈم نۆۋىتىنىڭ
ئۆزىگە قاچان كېلىشىنى كۈتۈشۈپ تۇرغاندا ، چېكىنىش كانىيى
چېلىندى ، ئاندىن چىڭ لەشكەرلىرى تاغقا قارىتىپ توپ - زەمبى-
رەكتىن شىددەتلىك ئوق ياغدۇردى .

تاغ ئۈستىدە داۋاملىق يوشۇرۇنۇپ تۇرۇش پايدىسىز ئىدى .
كىچىك ئاخۇن قوشۇنلىرىنى باشلاپ جەڭگە ئاتلاندى . ئۆلگەن چې-
رىكلەرنىڭ ئاتلىرى يېنىغا ئادەم كەلتۈرمەي ھەريان پىتراپ يۈرۈ-
شەتتى . قوزغىلاڭچىلار يوشۇرۇنغان جايدىن چىقىپ ئېتى بارلار
ئۆز ئېتىنى ، پىيادىلەر چىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئېتىنى مىنىپ جەڭ-
گە ئاتلاندى . كىچىك ئاخۇن قوشۇنىنىڭ ئالدىدا ئات چاپتۇرۇپ
دۈشمەن لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى . ئۇ ھەر ھۇجۇمغا
ئۆتكەندە مانجۇ ، موڭغۇل ، سولۇت ، چەمپەن چېرىكلىرىدىن يۈز-
لەپ - يۈزلەپ ئۆلتۈرەتتى . جەڭ شۇنداق شىددەتلىك ئېلىپ بېرىل-
دىكى ، قوزغىلاڭچى دېھقانلارنىڭ باش - ئاخىرىغا كۆز يەتمەيدىغان
زور قوشۇننى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۆزىنى جەڭگە ئۇرۇۋاتقانلىقىغا ھەي-
رانلىقى ئاشقان شى دارىن ئۇرۇش خاتىرىسىگە مۇنداق
يازدى :

تەگدى تاش يېرىلدى باش ، كىم ئاتتىكىن كۆرەلمىدۇق ،
ئەنسىرەپ جان ۋەھىمىدىن بىز ئالغا ھېچ يۈرەلمىدۇق .

قولىدا نەيزە ـ قىلىچنى ئوينىتىپ كەلسە دولان ،
زەمبىرەك ، جىغو تۇرۇپمۇ قورقۇتۇپ سورەلمىدۇق .

شۇنداق قىلىپ ،سۆگەتبۇلاقتىكى جەڭ قاراڭغۇ چۈشكۈچە دا-
ۋاملاشتى .ئىككى تەرەپ ئۆز ئادەملىرىنى پەرق ئېتەلمىگۈدەك بول-
غاندا جەڭدىن توختاشتى . بۈگۈنكى جەڭدە دۈشمەن تەرەپ كۆپ
چىقىم تارتقانىدى . ئەمما ، قانچىلىك ئادەم ئۆلگەنلىكىنى بىلگىلى
بولمايتتى . كىچىك ئاخۇن كېچە قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ تاغ
يولى ئارقىلىق يېڭىسارنى يانداپ مېڭىپ خانئېرىققا چىقىپ ،يوپۇر-
غا بىلەن مارالبېشىنى قارارلاپ يۈرۈپ كەتتى .
چىڭ لەشكەرلىرى سۆگەتبۇلاقتىكى تاغ يولىدىن ئىككى كۈندە
ئۆتۈپ بولدى . ئۇلار قوزغىلاڭچى قوشۇننى قەشقەرگە كەتتى دەپ
پەرەز قىلىپ يېڭىسارغا كەلگەندە شەھەردە ئادەم كۆرۈنمەيتتى ،
پەقەت ناھايىتى ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەنلىكىتىن قېرىپ ئىككى مۈرد-
سى بېشى بىلەن تەڭلەشكەن ، تۈگۈلگىنىدىن تىزلىرى قۇلىقىدىن
ئېشىپ كەتكەن ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ئالدى ـ كەينىدىن كۆرد-
دىغان ئەينەكتەك بولۇپ قالغان بىر بوۋاي ئېڭەك سۆڭىكىنى
كۆكرىكىگە تىرەپ ئولتۇراتتى .
چىڭ لەشكەرلىرى يېڭىشەھەر دەرۋازىسىنى ئاچتۇرۇپ ، ئام-
باللار بىلەن كۆرۈشتى ، يېڭىسارنى ئىگىلەپ ئىككى كۈن تۇردى ،
ئاندىن مەسلىھەتلىشىپ ،3ـ كۈنى قەشقەر شەھىرىگە تىڭتىڭچى چې-
رىكتىن ئۈچنى ماڭدۇردى .تىڭتىڭچىلار كۆردىكى ،شەھەر كوچد-
لىرى ئۆلۈكلەر بىلەن تولۇپ ،ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى ،گۈزەللد-
كى ،باياشاتلىقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا داڭقى مەشھۇر گۈزەل
قەشقەر مۇدھىش قەبرىستانلىققا ئايلانغانىدى . تىڭتىڭچىلار
سورىدى :
— بۇ نېمە ئىش ؟
— ۋەلىخان تۆرە ئاقسۇدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر
تۈركۈم ئادەملىرىنى قاياققىدۇر يولغا سېلىۋېتىپ ، ئۆزى يەنە بىر

قىسىم قوشۇنلىرى بىلەن قالغانىدى ،— دېدى تۇرغانلار ئارىسىدىن بىر كىشى جاۋابەن ،— نەچچە كۈنلەر ئىلگىرى چىڭ لەشكەرلىرى يەكەن تەرەپتىن جەڭ قىلغاچ كېلىۋاتقۇدەك دېگەن گەپ تارقالدى . بىر كۈنى ۋەلىخان تۆرە قوشۇنلىرىنى باشلاپ يېڭىسار تەرەپكە مېڭىۋىدى ، ئۇرۇشقىلى بارغۇدەك دەپ ئاڭلىدۇق ، ئۇلار يېڭىسارغا بېرىپ چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قارىسىنى كۆرمەي ئۈركۈپ ، ئالدىغا ئۇچرىغاننى بۇلاپ قايتىپ كەلگەندە قەشقەر خەلقى دەرۋازىنى تاقى- ۋېلىپ شەھەر ئىچىگە كىرگۈزمىدۇق . ۋەلىخان تۆرە ئاچچىقىدا پايلىماي دەرۋازىغا ئوت قويۇپ كىرىپ ، ئۇچرىغانلا ئادەمنى ئۆلتۈ- رۈپ ، ئۆلگەنلەر بېشىدىن ئىككى مۇنار قوپۇرۇپ قويۇپ ، توپلىغان بايلىقىنى ئېلىپ ، ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قېچىپ كەتتى .

دەرۋەقە ، ۋەلىخان تۆرىنىڭ ۋەھشىيلىكى قەشقەر كوچىلىرىنى جەسەت بىلەن تولدۇرۇپ گۆرىستانلىققا ئايلاندۇرغانىدى . كوچا دوقمۇشىغا دۆۋىلەپ قويۇلغان ئادەم باشلىرى يىراقتىن يېرىلغان ئانارلارنى ئۇستى - ئۇستىلەپ تىزىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى .

تىڭتىڭچىلار خەۋەر ئامبالغا ئەھۋالنى دوكلات قىلغاندا ،چوڭ بەگلەردىن ئىككىنى تاللاپ 100چېرىك بىلەن ئالدىدا ماڭدۇردى ، كەينىدىن زور قوشۇن ئاتلاندى .ئۆزىچە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەممى- سىنى قاچۇردۇق دەپ ئويلىغان خەۋەر ئامبال ئۇلارنىڭ مارالبېشىغا يىغىلىپ يول توسۇپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى .



## يىگىرمە بەشىنچى باب

# قانلىق ئېدىر

توختىنىڭ قىسىملىرى مارالبېشى بازىرىدىن چىقىپ ، قەشقەرگە قايرىلىدىغان ئاچالغا يېقىن جايدىكى ئېدىرلىقنى ئۆزىگە ئىستىھكام قىلدى . ئېدىرلىقنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئاستى شېغىللىق بولۇپ ، ئۈستىنى بورانلار قۇمغا باستۇرۇۋەتكەنىدى . قالغان قىسمى ئەسلىدىنلا قۇملۇق بولۇپ ، ئېتىز قىرلىرىسمان قۇم دۆۋىلىرى پايانسىز ئېدىرلىق ھاسىل قىلغانىدى . ھۆل - يېغىن پەسىللىرىدە ياغقان يامغۇرلار تارام - تارام ئېقىنلار بىلەن خالىغان تەرەپكە راۋان بولسا ، بىر قىسىم جاي شۇنچە يامغۇر بىلەنمۇ تەشنالىقى قانماي قاغجىرىغان پېتى تۇراتتى . ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۆسۈملۈكلەر دالدىسىدا دۆۋىلىنىپ قالغان قۇم دۆۋىلىرى ئۇرۇش ۋاقتىدا مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك رولنى ئوينايتتى . بىراق ، بۇ يەردە ئۇزاق تۇرغىلى بولمايتتى . چۈنكى ، سۇ يوق ئىدى ، قۇدۇق كولىغان بىلەنمۇ سۈيى تۇزلۇق چىقاتتى .

توختىنىڭ قوشۇنلىرى بۇ جايدا تۇرۇۋاتقىنىغا ئۈچ كۈن بولغان بولسىمۇ ، كېلىدىغان دۈشمەن تېخىچە كۆرۈنمەيتتى . گۇما ، قاغىلىقتىكى قىسىملارنىڭ كېلىشى بىلەن ئادەم سانى 10 مىڭغا يەتتى ، توختىنىڭ خىيالى بولسا كىچىك ئاخۇندا ئىدى . ئۇنىڭ قوشۇنى ئېلىشىۋاتقان دۈشمەن 30 مىڭدىن ئاشاتتى .توختى ئارقا-ئارقىدىن تىڭتىڭچىلارنى ماڭدۇرغان بولسىمۇ ،تېخىچە خەۋەر يوق ئىدى .5- كۈنى بولغاندا ،ئاقسۇ تەرەپكە كەتكەن تىڭتىڭچىلار قاي-

تىپ كېلىپ ،توختىغا مەلۇمات يەتكۈزدى :
— مەلۇمات !
— سۆزلەڭ .
— «تىدۇ» دېگەن ئامبال 14 مىڭ لەشكەرنى باشلاپ ئاقسۇغا كەلدى . بۇ نۆۋەت كەلگەنلەر لەنجۇ ، گەنجۇ ، سۇجۇ لەشكەرلىرى ئىكەن . ئۇلارنىڭ كەينىدىن يەنە 15 مىڭ لەشكەرنى باشلاپ «زۇڭ-دۇ» دېگەن ئامبال كېلىۋاتقۇدەكمىش . دۈشمەن قوشۇنى ئاتلىقتا 14 مىڭ بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن كۆپ بولسا كېرەك ، ئاقسۇ شەھىرىگە سىغماي قىزىل كۆۋرۈك ئەتىراپىدىكى يەرلەرنى ئىگىلەپ ، يوللارمۇ توسۇلۇپ كېتىپتۇدەك...
— ئۇقتۇم ، ئارام ئېلىڭ !
توختى ئۇنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ بولۇپ ، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتاتتى ، مارالبېشى تەرەپ-تىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى ، ئارقىدىن قىزىل ئەلەملەر كۆرۈن-دى . توختى جەزم قىلدىكى ، بۇلار كىچىك ئاخۇننىڭ قوشۇنى بولۇپ ، هازىر 2000 ئەتراپىدا ئادىمى قالغانىدى . توختى تەقەززا-لىق ئىلكىدە كىچىك ئاخۇننىڭ ئالدىغا باردى . كىچىك ئاخۇنمۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ توختىنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى . كىچىك ئاخۇن ئادەملىرى تەرەپكە بۇرۇ-لۇپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى .
— كۆڭلىڭىزدىكىنى چۈشەندىم ،— توختى كىچىك ئاخۇنغا تەسەللى بېرىپ ئېيتتى ،— شۇنچە كۆپ دۈشمەنگە ئازغىنە ئادەم بىلەن تاقابىل تۇرۇپ هايات قېلىشىنىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە . دۈش-مەن لەشكەرلىرى نەدە قالدى ؟
— سۆگەتبۇلاقتا ئايرىلدۇق . هازىر قەشقەردە بولسا كېرەك .
— ۋەلىخان تۆرىچۇ ؟
— سىزنىڭ پەرىزىڭىز توغرا چىقتى .
— قانداق ؟
— 15 مىڭ ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ قېچىپتۇ .

— نەگە ؟
— قوقەندكە بولماي نەگە بولاتتى !
— قەشقەرنىڭ هازىرقى ئەھۋالىنى ئۇقتىڭىزمۇ ؟
— ئۇقتۇم .
— قانداقكەن ؟
— چىڭ قوشۇنلىرى بېسىپ كىرگەن كۈنى ۋەلىخان تۆرىدىن بىزار بولغان قەشقەر خەلقى چىڭ لەشكەرلىرىدىن ياخشىلىق كۈتۈپ ئالدىغا چىققانىكەن ،چىڭ لەشكەرلىرى شەھەرگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن ،خەلقنىڭ مال - چارۋىلىرى ،ئاشلىق - تۈلۈكلىرى ،ئوت - سامانلىرىنى بۇلاپ - تالاپتۇ . قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارنى ناھايىتى قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئاپتۇ . سەللا گۇمانلىق دەپ قارالغانلارنى قاتتىق قىيناپتۇ . قىيىن - قىستاققا چىدىماي يالغان ئىقرار قىلغان نۇرغۇن بىگۇناھ ئادەملەر جىنايەتچىلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىپتۇ . خەلقنىڭ دەسلەپكى كۆلكىسى ئەمدىلىكتە يىغا - زار ،ھەسرەت- نادامەتلەر بىلەن ئالمىشىپتۇ . ۋەلىخان تۆرە بىلەن كەتكەنلەرمۇ ئامالسىزلىقتىن كېتىپتۇ . كەتمىگەن بولسا ، مۇشۇ قاتاردا بەربىر ئۆلتۈرۈلەر ئىكەن .
— يېڭىسارچۇ ؟
— يېڭىسار خەلقى ۋەلىخان تۆرىنىڭ قىرغىنچىلىقىدا قېچىپ تاغلارغا چىقىپ كەتكەنىكەن . ئېھتىمال بۇ كەمگە ئۇلارنى تاپتۇرۇپ كېلىپ ، قەشقەردە قىلغاننى قىلىۋاتىدىغاندۇ .
توختى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خىيالغا چۆمدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ھەسەن تۇرك پاجىئەسى ، جەڭگىۋار ئوبرازلار بىر - بىرلەپ ئۆتتى ، يەكەن خەلقىنى ئويلىغاندا ۋۇجۇدىنى تىترەك باستى . ساۋۇر ، ئابدۇرەھمان ، سۆيۈملۈك مەھبۇبى رەيھان ۋە زۇمرەتخېنىملارنى ئويلىدى . دۈشمەن قەشقەردە قىلغانلىرىنى يەكەندىمۇ قىلغانمىدۇ ؟ ئۇنداقتا ، ساۋۇر ، رەيھانلار ئائىلىسى قانداق بولغاندۇ ؟ تۇرۇپلا كۆڭلىگە ھەسەن تۇركنىڭ بېشىنىڭ ئالمىشىپ قېلىش ۋەقەسى كەچتى . بۇنى سېپىل ئەتراپىدا دۈشمەنگە زەربە

بىرىپ تۇرۇۋاتقان نامەلۇم قوشۇن ۋەقەسىگە باغلاپ، ساۋۇرنىڭ ئىشى بولسا كېرەك دەپ بىلدى. چۈنكى، ساۋۇر ناھايىتى يۇرەك-لىك يىگىت بولغاچقا، توختى يەكەندىكى تەشكىللەش ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغانىدى.
شۇنداق خىياللار بىلەن بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇرغان توختىنى كىچىك ئاخۇننىڭ:
— ئاۋۇ تەرەپتىن بىر ئاتلىق كېلىۋاتىدۇ!— دېگەن ئاۋازى چۆچۈتىۋەتتى.
— قېنى؟
— ئەنە، ئاچال تەرەپتىن كېلىۋاتىدۇ.
ئىككىسى ئېگىز قۇم دۆۋىسىنىڭ تۈۋىدە ئىدى، توختى ئورنى-دىن تۇرۇپ قاراپ:
— بىزنىڭ تىڭتىڭچى ئىكەن!— دەپ، يول تەرەپكە ماڭدى.
بىر پەستە تىڭتىڭچى يىگىت يېتىپ كەلدى. توختى ئۇنىڭ دوكلاتىغا تەقەززا بولۇپ سورىدى:
— يېڭى خەۋەر بارمۇ؟
—بار.
توختى بىلەن كىچىك ئاخۇن ئۇنى بىر چەتكە تارتتى:
— ئالدىرىماي تەپسىلىي سۆزلەڭ!
— دۈشمەن قوشۇنلىرى داۋزىتاغ ئۆتىڭىگە كېلىپ چۈشكەن ئىكەن، ئاچال تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ. قەشقەرگە بارامدۇ ياكى يەكەنگە بارامدۇ، ھازىرچە بىلەلمىدۇق.
— يەكەنگە بارىدۇ،— دېدى توختى،— ئۇلار قەشقەر بىلەن يېڭىسارنى ۋەلىخان تۆرىنىڭ قولىدا دەپ بىلىدۇ. مېنىڭچە، ۋەلى-خان تۆرىنىڭ قاچقانلىقىنى ئۇقمىسا كېرەك.
— دۈشمەن تەرەپنىڭ تىڭتىڭچىلىرىنى ئۇچراتتىڭلارمۇ؟
— ياق.
— ئادەملىرى كۆپمىكەن؟
—بۇنىڭغا گەپ توغرا كەلمەيدۇ،ئۇۋىسى بۇزۇلغان قارا چۈ-

مۇلىنىڭ ئۆزى ،بېشى نەدە ،ئاخىرى نەدە ،بىلگىلى بولمايدۇ .
— خەۋەرچى !— توۋلىدى توختى .
— بار !— 18 ياش ئەتراپىدىكى ئېگىز بوي بىر يىگىت يۈگۈرۈپ كەلدى .
— ئادەملەر قورساقلىرىنى تويدۇرۇپ جەڭگىۋار ھالەتكە ئۆتسۇن !
— خوپ !
— كىچىك ئاخۇنكا !— ئادەملىرى تەرەپكە كېتىۋاتقان كىچىك ئاخۇن قايتىپ كەلدى ،— يارىڭىز قانداق ؟
— ھېچ ۋەقەسى يوق .
— ئۇنداق بولسا ، سىزنىڭ ئادەملىرىڭىز ھازىرچە ئارام ئېلىپ بۇيرۇق كۈتسۇن ، جەڭگە ئەھۋالغا قاراپ ئاخىرىدا كىرسۇن .
— نېمىشقا ؟
— ھازىرچە ئارام ئېلىپ ، زاپاس تۇرۇپ تۇرسۇن .
يۈزبېشى ، مىڭبېشى ، پانساتلار بىر - بىرلەپ چاقىرتىلىپ ، ئايرىم - ئايرىم ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇرۇلدى .
— بۈگۈن ئايغا نەچچە ؟— توختى كىچىك ئاخۇندىن سورىدى .
— ھىجرىيە يىلى ئۆرۈلگىلى بۈگۈن15كۈن بولدى ،— كىچىك ئاخۇن جاۋابەن چۈشەندۈرۈپ ئېيتتى ،— ھىجرىيە بويىچە ھېسابلىغاندا بۈگۈن 1274 - يىل مۇھەررەم (1 - ئاي )گە 15 ؛ مىلادىيە ھېسابىدا 1857- يىل 7 - ئاي كىردى . بىز قوزغالغىلى ئاي ھېسابىدا تۆت ئاي ، كۈن ھېسابىدا ساق 90 كۈن بولدى .
— توغرا دېدىڭىز ،— توختى كۈلۈپ تەستىقلىدى ،— مىلادىيە 1857- يىل دېگىنىڭىز شيەنفىڭ 7- يىلى بولىدۇ . ئۆتكەن يىل خوجايىنىمدىن سورىسام ،بۇ يىل شيەنفىڭ 6-يىل (ئەجدىھا يىلى ) ، كېلەر يىلى يىلان يىلى كىرىدۇ دېگەنىدى . سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىز توغرا چىقتى .
كىچىك ئاخۇن چاقچاق قىلدى :

— سىز يەنىلا ئۆزىڭىزنىڭ مانجۇ يىلىنى قوللىنىدىكەنسىز-
دە ! ھە ، راست...

كىچىك ئاخۇن گەپ باشلاشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا ، ئاچالنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى تۈپتۈز سايلىقتا سىرىق ، قىزىل ۋە باشقا رەڭلەردىكى بايراقلارنى كۆتۈرۈشكەن چىڭ چېرىكلىرى پەيدا بول-دى . توختىنىڭ بۇيرۇق بېرىشى بىلەن پۈتۈن قوشۇن ئۆزىنى دالدىغا ئالدى . چېرىكلەر ئېدىرلىققا كەلگەندە كەچ پېشىن بولغان-دى . توختى بەلگە ئوقى چىقىرىپ بۇيرۇق بېرىش بىلەن يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پىستىرما قوشۇن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ، ھەش - پەش دېگۈچە دۈشمەننىڭ تۆت — بەش يۈزچە لەشكىرىنى قىرىۋەتتى ، قالغانلىرى ئالاقىزادە بولۇپ ئارقىغا قاچتى . بۇ ئارىلىقتا دۈشمەن تەرەپ ئۆزىنى ئوڭلىۋېلىپ ، رەسمىي ھۇجۇمغا ئۆتتى . ئىككىلا تەرەپنىڭ توپ - زەمبىرەكلىرى بەس - بەستە ئېتىلماقتا ئىدى . تېخى ھېلىلا نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش ئىس - تۈتەكلەر ئارىسىدا غايىب بولدى . قويۇق پۇرۇخ ئىسى جەڭ مەيدانىنى سايىۋەندەك قاپلىدى . گۈمبۈرلەشلەردىن قۇلاقلار پاڭ بولۇپ ، بىراۋنىڭ ئاۋا-زىنى يەنە بىراۋ ئاڭلىغىلى بولمايتتى ، ھازىر ساق ئادەم بىر ئوق بىلەنلا يوق ئىدى . ئات ، ئادەم ئۆلۈكلىرى دەستىدىن دەسسىگۈدەك يەر چىقمايتتى . گويا ئاسماندىن قان يامغۇرى ياغقاندەك ئادەملەر-نىڭ ئۇستىۋاشلىرىمۇ قان ، يەر - زېمىنمۇ قان ئىدى . ئادەملەر توپ ئوقلىرىغا قارىماي نەيزە ، شەمشەرلىرىنى ئوينىتىپ گىرەلەشمە جەڭگە كىرىشىپ كەتكەن ، بوغۇزلانغان كانايلاردىن قان ئوقچۇپ چىقاتتى ، تېنىدىن جۇدا بولغان باشلار تىلىنى توغرا چىشلەپ سەكرەيتتى . دۇنياغا ئادەمزات ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى بۇنىڭدەك ۋەھشىيلىك كۆرۈلمىگەن دېسەك مۇبالىغا بولمايتتى . ئۆچمەنلىك شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى ، تۇتۇشقانلا ئادەم بىر - بىرىنى ئۆل-تۈرمەي قويمايتتى . ئاخىر قوزغىلاڭچى قوشۇنلار گىرەلەشمە جەڭ-دە كۈچلۈك كېلىپ ، دۈشمەن قوشۇنلىرى چېكىندى . توختى ئېھ-تىيات يۈزىسىدىن ئادەملىرىنى قايتۇرۇپ كەلدى . يېرىم كۈن

داۋاملاشقان قاتتىق ئېلىشىشتا قوزغىلاڭچىلار تەرەپتىن 2000 دىن ئارتۇق ئادەم چىقىم بولدى. دۈشمەن قوشۇنىدىن ئۆلگەنلەر 5000 دىن ئاشاتتى.

ئەتىسى سۈبھى يورۇشىغا دۈشمەنلەر يەنە زەمبىرەك ئېتىشقا باشلىدى. ئاخىرىغىچە ئېلىشماي بولمايتتى. قۇياش چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا دۈشمەن تەرەپ ياردەمگە ئەۋەتكەن «زۇڭدۇ» باشچىلىقىدىكى 15 مىڭ چېرىك يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىككى تۇركۈمدىكى لەشكەرلىرى ئالدىدا قوزغىلاڭچى قوشۇن ئازلا ئىدى. چۈشكىچە داۋاملاشقان جەڭدە توختىنىڭ ئادەملىرىدىن كۆپى ئۆلۈپ 2000 ئەتراپىدا قالدى. دۈشمەن تەرەپنى ئالساق «تىدۇ»نىڭ ئادەملىرىدىن نەچچە يۈزىلا قالغانىدى. كىچىك ئاخۇنمۇ قوشۇنىنى باشلاپ جەڭ مەيدانىغا كىرىپ كەتكەنچە قايتىپ چىقمىدى. شۇنداقتىمۇ قاراپ تۇرۇشقا بولمايتتى. ئەمدى جەڭگە توختى ئۆزى ئاتلاندى، ئۇنىڭ يىگىتلىرى ماھىر چەۋەندازلاردىن ئىدى. يىگىتلەر شۇنداق جەڭ قىلدىكى، روبىرو كەلگەن چېرىكلەرنىڭ بىرسىمۇ تىرىك قالمىدى. جەڭ قىيامىغا يەتكەندە مارالبېشى تەرەپتىن 1000 دەك ئادەم چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا چوماق، كالتەك بار ئىدى. ئۇلار كېلىپلا جەڭگە كىرىپ كەتتى. بۇ ساۋۇر تەشكىللىگەن قوشۇن بىلەن پوسكام قوشۇنلىرى ئىدى. توختى ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ساۋۇرنى تونۇدى. توختىنىڭ ئۇستىۋېشى غەرق قان ئىدى، ساۋۇر بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشقۇسى بولسىمۇ، پۇرسەت يوق ئىدى، ساۋۇرنىڭ يىگىتلىرى ئوينىتقان كالتەك-چوماق شۇنداق كارغا كەلدىكى، زەربىسىگە ئۇچرىغان ئادەم ئۆلۈپ ياكى چالا ئۆلۈك بولۇپ يىقىلاتتى، ئاتنىڭ ئايىغىدا دەسسىلىپ كاردىن چىقاتتى. بۇلار توغرىسىدا شۇ كۈنكى بىر خاتىرىگە مۇنداق يېزىلغانىدى:

قولىدا چوماق بار، مىلتىق يوق تۇرۇر،
ۋە لېكىن جەڭلەردە ئۇ قەۋەت باتۇر.

ئات سېلىپ كىرگەندە جەڭ مەيدانىغا ،
زەربىدىن چېرىكلەر مەلەقلەپ ياتۇر .

قوزغىلاڭچى قوشۇن قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ جان پىدا-
لىق بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان بولسىمۇ ، چىڭ چېرىكلىرى ھەددىسىز
كۆپ ئىدى . شۇ سەۋەبتىن ، قوزغىلاڭچىلار جىق چىقىم تارتتى .
توختىمۇ ئېغىر يارىلاندى ، شۇنداقتىمۇ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلى-
ۋاتاتتى . توختىنىڭ يان تەرىپىدە ئوخشاش كىيىنگەن قارا كىيىم-
لىك سەككىز نەپەر ئاتلىق يىگىت پەيدا بولدى ، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا
قىلىچ بار ئىدى ، ئېگەردە قىستۇرۇقلۇق نەيزە ، مۇرىسىدە بولسا
ئوقيا تۇراتتى . ئۇلار بىر - بىرلىرىنى قوغداپ ، دۈشمەننىڭ بىر
توپ پىيادە قىسىملىرىنى ئايرىۋېلىپ چاناشقا باشلىدى . توختى
بۇلارنىڭ يېڭىدىن كېلىپ سەپكە قوشۇلغانلار ئىكەنلىكىنى بىلدى .
ئاجايىپ ئىش ، توختىنىڭ ئالدىغا نەيزىسىنى ئوينىتىپ كېلىۋاتقان
بىر چەۋەنداز چېرىك ئارىلىق نەچچە مېتىر قالغاندا ئۇشتۇمتۇت
ئېتىدىن يىقىلىپ ئۆلدى . ئۇنىڭ دۈمبىسىدە ئوقيا ئوقى قاداقلىق
تۇراتتى . ۋەھشىي چېرىكلەردىن يەنە بىرنەچچىسى توختىغا ئېتى-
لىپ كەلدى . قارا كىيىملىكلەر ھۇجۇمنى كېلىۋاتقان دۈشمەنگە
قارىتىپ ئوقيا بىلەن نەچچىنى موللاق ئاتتۇردى . بۇ چاغدا توختى
قانسىراپ ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى . شۇنداقتىمۇ بەزىسىگە
قىلىچ ئۇرسا ، بەزىسىگە نەيزە سانجىپ جەڭنى داۋاملاشتۇرۇۋا-
تاتتى . كۈتۈلمىگەندە يان تەرىپىدىن بىر توپ لەشكەر ھۇجۇم قىلىپ
كەلدى . بۇنى كۆرگەن قارا كىيىملىكلەردىن بىرسى ئايرىلىپ
چىقىپ دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئوقيا ئاتتى . ئەمدى دۈشمەنلەر
ئارقىغا بۇرۇلۇپ ھېلىقى يىگىتكە ھۇجۇم قىلدى . ئاڭغۇچە ئۇنىڭ
ھەمراھلىرىمۇ يېتىپ كېلىپ ، ئېلىشىش باشلىنىپ كەتتى . دۈش-
مەن تەرەپتىن بىرنەچچىسى ئۆلۈپ ، بىرنەچچىسى چېكىنىدى . توخ-
تى جەڭ قىلغاچ ، ئىچىدە ھېلىقى يىگىتلەرنىڭ جەڭ ماھارىتىگە
ئاپىرىن ئېيتاتتى . ئۇشتۇمتۇت توختىنىڭ كەينىدىن بىر

چىرىدىك ئات چاپتۇرۇپ كەلدى . ھېلىدىقى قارا كىيىم- لىك پالۋان ئاگاھلاندۇرۇپ :

— توختى !— دەپ توۋلىغىنىچە كېلىپ ، ئوقيا بىلەن دۈش- مەننى ھالاك قىلدى . توختى بۇنىڭ رەيھاننىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلدى . دەرۋەقە ئاشۇ پالۋان جەڭچى توختىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇ- زۇپ ، چىراغ ئەتراپىدىكى پەرۋاندەك ئايلىنىپ جەڭ قىلغان باتۇر — رەيھان ئىدى . ئۇ توختىنى ئاللىقاچان تونۇغان- دى . شۇڭا ، جان پىدالىق بىلەن قوغدىدى . توختىنىڭ ئارزۇسى يولىدا جېنىنى ئايىماي بىر سەپتە تۇرۇپ جەڭ قىلدى . توختى يارىسىنى ئۇنتۇپ بىردىنلا كۈچ- قۇۋۋەتكە تولدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆلۈم ئەمەس ، بەلكى پارلاق قۇياش نۇر چېچىپ تۇراتتى . توختى رەيھاننىڭ ئەجدادلىرىمىزدىن چىققان ئايال قەھرىمان تۇما- رىس ، يەتتە قىزلىرىمىنى مىسال قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئەس- لىدى . رەيھان توختى بىلەن يانمۇيان ئات چاپتۇرۇپ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىپ كېتىۋاتقاندا ، توساتتىن ئوق تېگىپ يىقىلدى . دۈش- مەن نەيزىسىنى رەيھانغا تەڭلەپ يۈگۈرۈپ كەلدى . توختى ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ بىر قىلىچ ئۇرۇپلا دۈشمەننىڭ بويىنىنى ئۈزۈۋې- تىپ ، رەيھاننى ئاتنىڭ ئالدىغا تارتىپ ئالدى - دە ، جەڭ مەيدان- دىن چېكىنىپ چىقتى . يول بويىدىكى ئېگىز دۆڭنىڭ تۈۋىگە كەلگەندە ، ئارقا تەرەپتىن كەلگەن ئوق توختىنىڭ دۈمبىسىدىن تېشىپ ئۆتۈپ ، ئاتتىن يىقىلدى ، رەيھان ئاتتىن چۈشۈپ توختىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى . توختى بولسا رەيھاندىن رازى بولۇپ ، جاسارىتىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا تەشنالىق بىلەن باقماقتا ئىدى . رەيھاننىڭ قان - ياشلىرى توختىنىڭ يۈزلىرىگە تامچىدى . توختى ھاياتلىق دۇنياسىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك ، تۇرۇپلا يەرنىڭ ئاستىغا چۈشسە ، تۇرۇپلا پەلەكنىڭ قەرىگە ئۆرلەۋاتقاندەك تۇيغۇدا كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، ئۇيقۇسى كەلگىنىنى سەزدى . ئۇ ماغ- دۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ ، يۈزلىرىگە چۈشۈۋاتقان ئوت- تەك ياشلارنى بىلىپ ياتاتتى .

— يىغلىماڭ !— توختى ئاخىرقى مادارىنى يىغىپ كۈلۈمسى-
رىدى ، ئەمما ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىمۇ ياشقا تولغانىدى ،— ئارمانىم
يوق . سىز مېنىڭ ھەقىقىي تۇمارىسىم ، سىزنى كۆرەلىگىنىمدىن
پەخىرلەندىم . ئەپسۇس ، خەلقىمىزنىڭ ئازادلىق ئالقىشلىرىنى كۆ-
رەلمىدۇق !

توختى رەيھاننىڭ قولىنى تۇتتى ، لەۋلىرى قۇرۇپ ، تىلىنى
مىدىرلاتقىدەكمۇ ھالى قالمىدى . يۈرىكىدە رەيھانغا دەيدىغان نۇر-
غۇن سۆزلىرى بار ئىدى . بىراق ، قانچە ئۇرۇنۇپمۇ ئىپادىلىيەلمى-
دى . ئەتراپىدا ساۋۇر بىلەن بىرقانچە يىگىت ۋە قارا كىيىملىك
قىزلار تۇرغانلىقىنى غۇۋا كۆردى . ئۇلارنىڭ ياش سىرغىۋاتقان
كۆزلىرى بىرنېمىلەرنى دەۋاتقاندەك قىلاتتى . بىراق ،ئاڭلىيالمى-
دى ، تەسەللىمۇ بېرەلمىدى .

رەيھان توختىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ روھى
چىقىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى .ئۇ توختىدىن ئايرىلىپ بىر كۈن
ياشاشنىمۇ خالىمايتتى ،شۇ تاپتا خۇدادىن ئۇنىڭ جېنى بىلەن ئۆز
جېنىنى بىر قاتاردا قەبزى روھ قىلىشنى تىلەۋاتاتتى .

توختى تېخى ھايات ئىدى ، رەيھان ئاستا ··· ئېگىشىپ ئىسسىق
لەۋلىرىنى لەۋلىرىگە قويدى ، توختى كۆزىنى لاپپىدە ئېچىپ رەي-
ھانغا كۈلكە بىلەن تەسەللى بەرمەكچى ئىدى ، ئەمما كۆز ئالدىدا
ئالەم چۆرگىلەپ ، رەيھاننىڭ قۇچىقىدا ياتقان پېتى پەلەكتە پەرۋاز
قىلىپ ، ناھايىتى يىراقلارغا كېتىۋاتقاندەك بولدى . بۇ ئۆلۈم ئالدى-
دىكى ئەڭ ئاخىرقى دەقىقە بولۇپ ، پەقەت رەيھاننىڭ تىنىقلىرى
بىلەنلا نەپەسلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى . ئۇ رەيھاننىڭ قولىنى ئاداققى
قېتىم چىڭ قىستى ، بۇ مەڭگۈلۈك مۇھەببەتنىڭ بېشارىتى ئىدى ،
ئاندىن بىر ئۇمچىيىپلا كۆزى ئوچۇق پېتىچە ئالەمدىن كەتتى .
ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭ جان تەلپىنىپ قىلغاندىكى ئىپادىلىرىدىن ئالەم-
دىن ئۆتكەنلىكىنى بىلىپ يۇم- يۇم ياش ئاقتۇرغىنىچە روھىغا دۇئا
قىلىشتى . رەيھان لەۋلىرىنى تېخىچە ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئالماي خۇدا-
نى يوقاتقىنىچە تۇراتتى ، يەنە بىر توپ چېرىكلەر ۋارقىرىشىپ

كەلدى . ماتەمدارلار ئۆزلىرىنى ئوڭلاپ بولغۇچە بىر پاي ئوق كېلىپ رەيھانغا تەگدى . ئوق دەل يۈرەكنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەندى . رەيھان لەۋلىرىنى توختىنىڭ لەۋلىرىدىن ئاجراتمىغان پېتى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى .

يىگىتلەردىن نەچچىسى جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ، ياۋۇز دۈشمەنگە زەربە بەردى ، ئاندىن قۇربانلارنىڭ نامىزىنى شۇ يەردىلا ئوقۇپ ، ئۆز كىيىملىرى بىلەنلا ئاپىرىپ مارالبېشىغا ماڭىدىغان يولنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى قۇم دۆڭنى كولاپ ، دەپنە قىلدى ، توختىنىڭ ئۆلۈمىنى جەڭ ئۇستىدىكىلەر تېخى ئۇقمىغانىدى .

ساۋۇر قاتارلىقلار توختى بىلەن رەيھاننى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە جەڭگە ئاتلاندى . ئەمدىكى ئېلىشىش قىلىچ ، نەيزە بىلەنلا داۋاملاشماقتا ئىدى . كەچ كىرىپ جەڭ توختىغاندا ، قوزغىلاڭچى قوشۇندىن پەقەت بىرنەچچە يۈزلا ئادەم قالدى . كىچىك ئاخۇن ، يولۋاس ، تۇرسۇن ، كېرەم قاتارلىقلارنىڭ ھېچقايسىسى كۆرۈنمەيتتى . ھايات قالغانلار توختىنىڭ شېھىت بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قايغۇرۇشتى . كېچىسى جەڭ مەيدانىنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ خېلى كۆپ جەڭچىلەرنىڭ جەسىتىنى تاپتى . بۇلارنىڭ ئارىسىدا كىچىك ئاخۇننىڭ جەسىتىمۇ بار ئىدى . جەسەتلەر توختى بىلەن رەيھاننىڭ ئەتراپىغا دەپنە قىلىنىپ ، بېشىغا ئايرىم - ئايرىم شاخ بەلگە قاداپ قويۇلدى ، توختىنىڭ بېشىغا قادىغان خادىغا ئاق لاتا ، رەيھاننىڭكىگە قىزىل لاتا ئەلەم سۈپىتىدە ئېسىپ قويۇلدى ، ئاندىن ئۆلمەي قالغانلار مەسلىھەت بويىچە ئۆز يۇرتلىرىغا تارقاپ كەتتى .

«تىدۇ» بىلەن «زۇڭدۇ» دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ، قالدۇق لەشكەرلىرىنى باشلاپ قەشقەر بىلەن يەكەنگە قاراپ ئىلگىرىلىدى . بۇ خەۋەر يېتىپ كېلىش بىلەن يەكەن شەھىرىنىڭ خېلىدىن بۇيان تاقىلىپ تۇرغان دەرۋازىلىرى ۋە قەشقەر يېڭىشەھەر قورغىنىنىڭ قوۋۇقلىرى ئېچىلىپ ، ئەفرەدۇن ۋاڭنىڭ يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى . ئۇلارنىڭ ئەمدىكى ئىشى دېھقانلارنى تۇتۇپ خالىغانچە قاماپ سوراق قىلىش ئىدى . نۇرغۇن

بىگۇناھ كىشىلەرنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ شېرىكى دەپ قىيىن - قىستاق ئارقىلىق ئىقرار قىلدۇرۇپ ، جاللاتلارغا كاللىسىنى ئالدۇردى . ئەفرىدۇننىڭ قولىدا ئۆلگەنلەر ۋەلىخان تۆرىنىڭ قولىدا ئۆلگەنلەردىن ھەرگىز كەم ئەمەس ئىدى . بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي ، ئۇرۇشتىن كېيىن تارقاپ كەتكەنلەرنىڭ دېرىكىنى قىلىپ ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغىچە قىرىپ تاشلىدى . ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ كېتىپ قۇتۇلۇپ قالغانلار بولسا ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە توختى مانجۇنىڭ زاراتگاھلىقىنى يوقلاپ دۇئا- تەكبىر قىلىشنى تاشلىمىدى .

«ئاتۇش دېھقانلار قوزغىلىڭى»دا ، ئېزىلگەن دېھقانلارنىڭ ئىستىبدات چىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارى ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ زۇلمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى جەڭ قىلىپ تۆككەن قېنى بىلەن بويالغان بۇ ئېدىرلىقنىڭ نامى « توختى مانجۇنىڭ قۇمى» دەپ ئاتالدى ، ئىنقىلابچىلارنىڭ دۈشمەنگە قارشى قانلىق كۈرەشلىرى رىۋايەتكە ئايلاندى . قەھرىمانلار دەپنە قىلىنغان قۇم دۆۋىسى ھېلىغىچە ساقلىنىپ ، ئەجدادىنى ياد ئېتىدىغانلار يەنىلا تۇغ شادىلىرىنى يېڭىلاپ «قەبرە» ئورنىنى يوقاتماي كەلگەن بولسىمۇ ، كونىلارنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن كېيىنكىلەر ئاستا - ئاستا ئۇنتۇپ ، بىرەر دەرۋىش كۆمۈلگەن جاينى «ئۇلۇغ مازار» ئاتاپ ، نەچچە كۈنلۈك يولنى پىيادە بېسىپ كېلىپ تاۋاپ قىلىشقا ئادەتلەنگەن بۇ يۇرتتا ، كەلگۈسى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن قان كېچىپ جەڭ قىلغان مىللىي قەھرىمانلىرىنىڭ باسقان ئىزلىرىنى ئەسلىگىلى ئادەم چىقماسلىقى ئانچە ئەجەبلىنىپ كېتىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى .

يەنە شۇ قېتىمقى جەڭدە قانلىرى ئېدىرلاردا قىيان ياساپ ئېقىپ ،زېمىننىڭ تۇپراق قەۋىتىگىچە قىزىل لاي ھاسىل قىلغان ئۇن نەچچە مىڭ پىدائىي شېھىت كېيەنلەشمۇ نېسىپ بولماي ، تىتما- تالاڭ كىيىم - كېچەكلەر بىلەن جەڭ مەيدانىدا قېلىپ ، ئەتلىرى يىرتقۇچلارغا يەم بولغان ، سۆڭەكلىرى ئېدىرلىقنى ئېپتىد-

دائىي ئورمانلىقتەك قاقشاللىققا ئايلاندۇرغانىدى . يىللار بورىنى بەزىلىرىنى تۇپراققا كۆمۈپ ، بەزىلىرىنى قاياققىدۇر ئۇچۇرۇپ تۈگەتتى .

ساقلىنىپ قالغىنى پەقەت دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئەفرىدۇن ۋاڭ ئۆزىنى «شاھ باھادىرخان» دەپ ئاتاپ ، ئوردا خۇشامەتچىلىرىدىن خەلق دۈشمىنىگە ئايلانغان موللا ئابدۇغاپپار بىلەن موللا ياقۇپ مىكىرۇبىدىغا يازدۇرغان جەڭ خاتىرىسى بولدى ، خالاس .

مەن ھەرقېتىم ئاشۇ ئىبدىرلىقنى بېسىپ زاراتگاھلىقنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ، شېھىت بولغان نەچچە مىڭ قوزغىلاڭچى ھاياتتەك-لا كۆڭۈل كۆزلىرىم ئالدىدا نامايان بولىدۇ ، كېيەنىسىز ئەرۋاھلار ئالدىمنى توسۇپ :

بۇ ئىبدىر باش بىلەن بولغان ئىدى ساي ،  
قىياندەك قان ئېقىپ قۇملار قىزىل لاي ؛  
ئازادلىق يولىدا شۇنچە قان تۆكۈپ ،  
نېمىشقا قالدۇق بىز تىلغا ئېلىنماي ؟

دەپ سوئال قويۇۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن ئەينى چاغدىكى جەڭ خاتىرىلىرى قولۇمغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن ، ئۆز ۋاقتىدىكى ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن ئىنقىلابىچى باش قەھرىمانلارنىڭ ئىسىم ۋە ئىشلىرىدا ياسالمىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن ساقلىنىپ ، ئىنقىلاب جەريانلىرىنى بىرقەدەر ئەينەن سۈرەتلەپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەچكە ، ئەركىنلىك بابىدىكى قانلىق ئىزلارنىڭ دېرەكسىز غايىب بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇ خاتىرىنى يېزىپ قالدۇردۇم .

2001- يىل 12- ئاينىڭ 13- كۈنى يېزىپ پۈتكۈزۈلدى ،  
2002-يىل 2-ئاينىڭ 16-كۈنى تۈزىتىپ تاماملاندى ، ئاۋات .

这部长篇小说主要描写在 19 世纪 50 年代南疆人民反对封建统治者的斗争。

مۇھەررىرى :  تۇردى قۇربان يامغۇر
مەسئۇل مۇھەررىرى : رىزۋانگۇل ئابلىمىت
مەسئۇل كوررېكتورى : ئارزۇگۇل سىدىق

# ناتونۇش يىگىت

ئاپتورى : مۇھەممەت ئوسمان ئەمرى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000 )
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى :1230×880 مم 1/32
باسما تاۋىقى : 10.625 قىستۇرما ۋارىقى :3
2003 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
2009 - يىل 8 - ئاي 2 - نەشرى
2009- يىل 8- ئاي 1- بېسىلىشى
تىرازى :3000 — 1

ISBN 978—7—5373—1838—9
باھاسى :28.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون : 0998 — 2653927